# تۈركىي تىللار

ن. ئا. باسكاكوۋ (سوۋېت ئىتتىپاقى)

تەرجىمە قىلغۇچى: پەرھات جىلان

مىللەتلەر نەشرىياتى

# كىرىش سۆز

«تۈركى تىللار» ناملىق بۇ كىتاپ بارلىق تۈركى تىللارنىڭ ئۆز-ئارا باغلىنىش مۇناسىۋەتلىرىنى سىستېما قىلىدىغان ۋە شۇ ئارقىلىق بىر پۈتۈن گورۇپپىنى ھاسىل قىلىدىغان تۇققان تىللارنىڭ تەرەققىياتى ۋە شەكىللىنىشىنى قىسقىچە تەرىپلەش ئۈستىدىكى دەسلەپكى سىناقتۇر. بۇ كىتاپ ماھىيەتتە، تۈركولوگىيە ساھەسىدىكى تۈركى تىللارغا دائىر تارىخىي سېلىشتۇرما تەتقىقات ئىشىنىڭ دەسلەپكى مەلۇماتلار توپلىمى ياكى قىسقىچە مۇقەددىمىسى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

بۇنىڭدا ئاپتور تۈركى تىللارنىڭ تارىخىي سېلىشتۇرما فونېتىكىسى، گىراماتىكىسى ۋە لېكسىكولوگىيىسىنىڭ ئاساسلىق قىسىملىرىنى يورۇتۇپ بېرىشنى مەقسەت قىلمايدۇ. ئەسەرنىڭ مەزمۇنى ھەممە تۈركى تىللارنىڭ فونېتىكىلىق، گىراماتىكىلىق ۋە لېكسىكولوگىيەلىك مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىنى تاشقى كۆرۈنۈشى جەھەتتىن بىر قۇر بايان قىلىپ ئۆتۈش بىلەن چەكلىنىدۇ. شۇنداقلا بۇ تىللارنىڭ تۈرگە ئايرىلىشىنى شەرھلەيدۇ ھەمدە تۈركى تىللارنىڭ تەرەققىيات جەريانىدىكى مۇھىم تارىخىي دەۋرلىرىنى شۇ تىللاردا سۆزلەشكۈچى خەلقلەرنىڭ تارىخى بىلەن بىرلەشتۈرگەن ھالدا ئېنىقلاپ بېرىدۇ.

بۇ ئەسەر سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى قارىمىغىدىكى تىلشۇناسلىق ئىنىستىتۇتىنىڭ تاپشۇرۇغى ۋە پىلانى بويىچە يېزىلىشقا باشلىغان ئىدى. ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەر مۇھىم بولغانلىغى ھەم پاكىتلىق ماتېرىياللار خىلمۇ-خىل بولغانلىغى ئۈچۈن، بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئاكادېمىيە تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ سەھى-

پىلىرىدە تۈركى تىللارنىڭ تۈرگە ئايرىلىشىنى ئىسخېملىق ئىپادى-
لەشتىن① ۋە تۈركى تىللارنىڭ ئۇلۇغ ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك
ئىنقىلاۋىدىن كېيىنكى دەۋردىكى تەرەققىياتىدىن تارتىپ② تاكى
پۈتۈن ئەسىرنىڭ قىسقىچە كونسپېكتىغىچە كۆپ قېتىم مۇھاكىمە
قىلىنغان ئىدى③.

بۇ كىتاپ مۇشۇ تېمىنىڭ مۇكەممەل ۋە بىرقەدەر تولۇق ئىشلەپ
چىقىلغان نۇسخىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا دەسلەپكى قىسقىچە نەشرلىرىگە
بېرىلگەن ھەممە باھالار ۋە تەنقىدىي پىكىرلەر ھىساپقا ئېلىنىپ
تولۇقلاندۇرۇلدى. كىتاپ، ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەرگە مۇۋاپىق
ھالدا، ئۈچ ئاساسىي قىسىمدىن ۋە تۆت قىسىم قوشۇمچىدىن تەركىپ
تاپتى.

بىرىنچى قىسىم («تۈركى تىللار بويىچە سېلىشتۇرما ۋە تارىخىي
سېلىشتۇرما تەتقىقاتلار ھەققىدە قىسقىچە ئوبزور»)دا روسىيىدىكى،
سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ۋە چەتئەللەردىكى (غەرپ ھەم شەرق
ئەللىرىدىكى) تۈركى تىللار ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تارىخىي سېلىش-
تۇرما ۋە سېلىشتۇرما تەتقىقاتلارغا دائىر يېزىلغان ھەممە مەخسۇس
ئىلمىي ئەسەرلەر ھەققىدە ئومۇمىي ئوبزور بېرىلىدۇ ھەمدە ئاپتور-
نىڭ تۈركى تىللارغا ۋە ئالتاي تىللىرى ئائىلىسىدىكى باشقا تىللارغا
تارىخىي سېلىشتۇرما ئۇسۇلىنى قوللىنىشتىكى ئۆزىگە خاس خۇسۇسى-
يەتلىرىنى كۆرسىتىدىغان بەزى نۇقتىئىنەزەرلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

ئىككىنچى قىسىم («تۈركى تىللارنىڭ تەرەققىياتى ۋە شەكىللى-
نىشى»)دا تۈركى تىللار ئائىلىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھەرقايسى
گۇرۇپپىلارنىڭ شەكىللىنىش تارىخى ئايرىم-ئايرىم دەۋرلەرگە
ئاجرىتىلىدۇ ۋە ھەرقايسى تۈركى خەلقلەر ھەم مىللەتلەر تىللىرىنىڭ

شەكىللىنىش جەريانى ئۇلارنىڭ رىيال تارىخى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن ھالدا بايان قىلىندۇ.

ئەسەرنىڭ ئاخىرقى، ئۈچىنچى قىسمى («تۈركى تىللارنىڭ تەرەققىياتى ۋە شەكىللىنىشىنىڭ تارىخىي دەۋرلەرگە بۆلۈنۈشى بويىچە تۈرگە ئايرىلىشى»)دا ھەممە تۈركى تىللار ۋە شېۋىلەر ئۆزلىرىنىڭ نەسەبلىك مۇناسىۋەتلىرىگە ئاساسەن تۈرگە ئايرىلىدۇ ۋە سىستېمىلاشتۇرۇلىدۇ ھەمدە شۇ تىللار ۋە ئۇلارنىڭ شېۋىلىرى، دىيالېكتلىرى قىسقىچە تونۇشتۇرۇلىدۇ. شۇنداقلا، مۇھىم بولغان مەخسۇس ئەدەبىي ئەسەرلەر ۋە 1959-يىلىدىكى سانلىق مەلۇماتلارغا ئاساسلانغان ئاھالىلەرنىڭ نوپۇسى كۆرسىتىلىدۇ.

ئەسەرگە قوشۇمچە سۈپىتىدە تۆۋەندىكى مەزمۇنلار بېرىلگەن: 1) تۈركى تىللارنىڭ نەسەب بويىچە تۈرگە ئايرىلىشى؛ 2) تۈركى تىللار تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمى ئىسخېمىسى؛ 3) بارلىق تۈركى خەلقلەرنىڭ ناملىرى ۋە بۇ نامىلارنىڭ ھەرقايىسى خەلق ۋە مىللەتلەر بىلەن بولغان ئالاقىسى ۋە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ھالدا ھەممە گوۋورلار ۋە دىيالېكتلارنىڭ ھەرقايىسى خەلق ياكى مىللەت تىللىرى بىلەن بولغان ئالاقىسى ئايرىم-ئايرىم كۆرسىتىلىدىغان سىستېمىلىق تۈزۈلگەن تىزىملىك؛ 4) مەزكۇر ئەسەردە تۈركى تىللاردىكى سوزۇق ۋە ئۈزۈك تاۋۇشلارنى ئىپادىلەشتە ئىشلىتىلگەن ترانسكرىپسىيىلىك بەلگىلەرنىڭ جەدۋىلى*.

* ئەسەرنىڭ ئەسلى نۇسخىسىدا سلاۋيان يېزىغى ئاساسىدىكى ترانسكرىپسىيە ئىشلىتىلگەن. بىز بۇنى لاتىن يېزىغى ئاساسىدىكى ترانسكرىپسىيىگە ئۆزگەرتتۇق. شۇڭا، بۇ 4-قوشۇمچىنىمۇ قالدۇرۇپ قويدۇق.

ھەر بىر باپتىكى ماتېرىيالنى بايان قىلىش جەريانىدا دۇچكېلى-دىغان بارلىق مەسىلىلەرگە ۋە ئايرىم كونكرېت تىللارغا بېرىلگەن ئىزاھاتتا ئاساسلىق ئەدەبىي ئەسەرلەر رويخېتى كۆرسىتىلدى. ئاپتور ئەسەرلەر رويخېتىنى تاللاشتا پەقەت ئەڭ زۆرۈر بولغان ئەسەرلەرنى مىسال كەلتۈرۈش بىلەن چەكلىنىدۇ. بىرەر تىلغا ياكى مەسىلىگە ئائىت بولغان ئەسەرلەرنىڭ تولۇقراق رويخېتىگە قىزىققۇ-چىلارغا مۇشۇ باپنىڭ ئاخىرىدا مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلەرنىڭ ئومۇمى يۈزلۈك رويخېتى كۆرسىتىلدى.

ئاپتور ئۆزىنىڭ كىتاپتىكى بەزى ئاساسلىق نۇقتىئىنەزەرلىرىنىڭ تېخى پۇختا ھۆكۈم بولالمايدىغانلىقىنى، بەزى ئىلمىي پەرەزلەرنىڭ تېخى يېتەرلىك دەرىجىدە ئىسپاتلانمىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ يەنە، بۇ ئىسپاتلانمىغان نۇقتىئىنەزەرلەر ۋە پەرەزلەرنىڭ ئۆز نۆۋىتىدە، تۈركى تىللار ۋە ئۇلارنىڭ راۋاجلىنىش ھەم شەكىللىنىش تارىخىنىڭ تۈرگە ئايرىلىشىنىڭ يەنىمۇ مۇكەممەل ۋە تولۇق ئىشلەپ چىقىشقا ياردىمى بولىدىغان، يەنىمۇ پۇختىراق ئاساسقا ئىگە بولغان، يەنىمۇ ئىشەنچلىكرەك پاكىتلىق ماتېرىياللارغا تايانغان تەنقىدىي پىكىرلەرنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشىگە تۈرتكە بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىت قىلىدۇ.

ئاپتور يەنە، ئايرىم كونكرېت تىللار ھەققىدىكى ماتېرىياللارنى ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتتە بەزەن تەكشى بولمىغان ئەھۋاللارنىمۇ ئېتىراپ قىلىدۇ. لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھەر بىر تىلنى تەرىپ-لەشتە قوشۇمچە كۆرسىتىلگەن ئەسەرلەر رويخېتىنىڭ مۇتەخەسسىس كىتاپخانلارنىڭ زۆرۈر بولغان مەلۇماتلارنى بىۋاستە باش مەنبەلەر-دىن قوبۇل قىلىشىغا ياردىمى بولىدۇ، دەپ ھېساپلايدۇ.

كىتاپقا تۈركى تىللارنىڭ تەتقىق قىلىنىش تارىخى، تۈركى تىللارنىڭ تىپولوگىيىلىك تۈزۈلۈشى ۋە بۇ تىللارنىڭ فونېتىكا، مورفولوگىيە، سىنتاكسىس ھەم لېكسىكولوگىيىسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىدىن ئىبارەت بولغان مۇشۇنىداق مۇھىم قىسىملارمۇ كىرگۈزۈلمىدى. ئاپتور يۇقۇرىدا كۆرسىتىلگەن قىسىملارنى ئاڭلىق ھالدا قالدۇرۇپ قويغان. چۈنكى، بۇ قىسىملارنىڭ ھەرقايىسىسى ئۆز ئالدىغا تامامەن مۇستەقىل بولغان چوڭ تېمىلار بولۇپ، ھەر بىرسىنى ئايرىم-ئايرىم ئىشلەپ چىقىش تەلەپ قىلىنىدۇ.

بۇ كىتاپ ئاپتورنىڭ ئايرىم تۈركى تىللار، ئۇلارنىڭ گۇرۇپپىلىرى ۋە بىر پۈتۈن تۈركى تىللار ئائىلىسىنىڭ تەرەققىيات ئىسخېمىسىنى كۆرسىتىشتە يۈرگۈزۈپ باققان تەتقىقاتى بولۇشى بىلەن بىللە، كەسپىي خادىملار، ئاسپىرانتلار ۋە تۈركولوگ ئوقۇغۇچىلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئەمەلىي تەجرىبىلەردىن مەلۇمات بېرىدىغان قوللانما بولالايدۇ. ۋاھالەنكى، بۇنىڭغا ئوخشايدىغان قوللانمىلار④ ھازىرغا قەدەر كەم ئۇچرايدىغان ۋە ئاسانلىقچە تاپقىلى بولمايدىغان ماتېرىيال بولۇپ تۇرماقتا.

ئاخىردا، ئاپتور بۇ ئەسەرنى مۇزاكىرە قىلىش ۋە ئۇنىڭغا پىكىر بېرىش ئىشىدىكى بارلىق ئىشتىراك قىلغۇچىلارغا ئۇلارنىڭ كىتاپنى قايتىدىن رەتلەش ۋە نەشرگە تەييارلاشتا كۆپ جەھەتتىن ياردىمى بولغان ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك ۋە قىممەتلىك پىكىرلىرى، تولۇقلاشلىرى ھەم تۈزىتىشلىرى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ چوڭقۇر مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

# مۇندەرىجە


كىرىش سۆز ....... 1

تۈركى تىللار بويىچە سېلىشتۇرما ۋە تارىخىي سېلىشتۇرما تەتقىقاتلار ھەققىدە قىسقىچە ئوبزور ....... 1

تۈركى تىللارنىڭ تەرەققىياتى ۋە شەكىللىنىشى ....... 35

مۇقەددىمە ....... 35

ئالتاي دەۋرى ....... 51

ھون دەۋرى (مىلادى V ئەسىرگىچە) ....... 58

قەدىمقى تۈرك دەۋرى (V ـ X ئەسىرلەر) ....... 66

ئوتتۇرا تۈرك دەۋرى ياكى ئاساسلىق تۈركى قەبىلەر تىللىرىنىڭ تەرەققى قىلىش ۋە شەكىللىنىش دەۋرى (X ـ XV ئەسىرلەر) ....... 78

يېڭى تۈرك دەۋرى ياكى خەلقلەر تىللىرىنىڭ راۋاجلىنىش ۋە شەكىللىنىش دەۋرى (XV ـ XX ئەسىرلەر) ....... 104

يېقىنقى زامان دەۋرى ياكى تۈركى تىللارنىڭ ئۇلۇغ ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلاۋىدىن كېيىنكى تەرەققىيات دەۋرى ....... 107

تۈركى تىللارنىڭ تەرەققىياتى ۋە شەكىللىنىشىنىڭ تارىخىي دەۋرلەرگە بۆلۈنۈشى بويىچە تۈرگە ئايرىلىشى ....... 177

A. تۈركى تىللارنىڭ غەربىي ھون تارمىقى ....... 198

1. بۇلغار گۇرۇپپىسى ........................................ 200
قەدىمقى تىللار ........................................ 203
بۇلغار تىلى ........................................ 203
خازار تىلى ........................................ 209
هازىرقى تىل ........................................ 212
چۇۋاش تىلى ........................................ 212
II. ئوغۇز تىللىرى گۇرۇپپىسى ........................................ 218
1. ئوغۇز ـ تۈركمەن تارماق گۇرۇپپىسى ........................................ 225
قەدىمقى تىل ........................................ 227
X ـ XI ئەسىرلەردىكى ئوغۇزلارنىڭ تىلى ........................................ 227
هازىرقى زامان تىللىرى ........................................ 229
تۈركمەن تىلى ........................................ 229
ترۇخمەن تىلى ........................................ 235
2. ئوغۇز ـ بۇلغار تارماق گۇرۇپپىسى ........................................ 236
قەدىمقى تىللار ........................................ 238
پەچەنەك ۋە ئۇزلارنىڭ تىللىرى ........................................ 238
هازىرقى تىللار ........................................ 246
گاگائۇز تىلى ........................................ 246
بالقان تۈركلىرىنىڭ تىلى ........................................ 252
3. ئوغۇز ـ سالجۇق تارماق گۇرۇپپىسى ........................................ 255
قەدىمقى تىللار ........................................ 256
سالجۇق ۋە كونا ئوسمانىيە تىللىرى ........................................ 256
هازىرقى تىللار ........................................ 258
ئەزەربەيجان تىلى ........................................ 258

تۈرك تىلى ............................ 262
III. قىپچاق تىللىرى گۇرۇپپىسى ............ 264
1. قىپچاق ـ پولوۋ تارماق گۇرۇپپىسى ......... 269
قەدىمقى تىل ............................ 271
قىپچاق (كۇمان ياكى پولوۋ) تىلى ........... 271
هازىرقى تىللار ........................... 275
قارايىم تىلى ............................ 275
قۇمىق تىلى ............................. 279
قاراچاي ـ بالقار تىلى ..................... 281
قىرىم تاتار تىلى .......................... 283
2. قىپچاق ـ بۇلغار تارماق گۇرۇپپىسى ........ 286
هازىرقى تىللار ........................... 291
تاتار تىلى .............................. 291
باشقىرت تىلى ............................ 297
3. قىپچاق ـ نوغاي تارماق گۇرۇپپىسى ......... 301
هازىرقى تىللار ........................... 303
نوغاي تىلى .............................. 303
قاراقالپاق تىلى .......................... 305
قازاق تىلى .............................. 308
IV. قارلۇق گۇرۇپپىسى ....................... 312
1. قارلۇق ـ ئۇيغۇر تارماق گۇرۇپپىسى ........ 315
قەدىمقى تىللار ........................... 317
قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تىلى ۋە قاراخانىلاردىن كېيىنكى
دەۋردىكى ئۇيغۇر تىلى ..................... 317

2. قارلۇق ـ خارەزىم تارماق گۇرۇپپىسى ........................ 321
قەدىمقى تىللار ........................................ 324
قارلۇق، خارەزىم، ئالتۇن ئوردا (شەرقىي) ۋە چاغاتاي تىللىرى
........................................................ 324
كونا ئۆزبەك تىلى ........................................ 326
هازىرقى تىللار ........................................ 327
ئۆزبەك تىلى ........................................ 327
يېڭى ئۇيغۇر تىلى ........................................ 331
B. تۈركى تىللارنىڭ شەرقىي هون تارمىغى ........................ 336
I. ئۇيغۇر ـ ئوغۇز گۇرۇپپىسى ........................ 339
1. ئۇيغۇر ـ تۈرك تارماق گۇرۇپپىسى ........................ 341
قەدىمقى تىللار ........................................ 345
قەدىمقى ئوغۇز تىلى ياكى يېنسەي ـ ئورخۇن يېزىقلىرى تىلى
........................................................ 345
قەدىمقى ئۇيغۇر تىلى ........................................ 347
هازىرقى تىللار ........................................ 351
تۇۋا تىلى ........................................ 351
توفالار (قاراغاس) تىلى ........................................ 352
2. ياقۇت تارماق گۇرۇپپىسى ........................ 353
هازىرقى تىل ........................................ 355
ياقۇت تىلى ........................................ 355
3. خاكاس تىللىرى تارماق گۇرۇپپىسى ........................ 358
هازىرقى تىللار ........................................ 360
خاكاس تىلى ........................................ 360

كاماسن تىلى ........................................ 371
شور تىلى.............................................. 372
چۇلىم تاتارلىرى، كۈئەرىك ۋە كىچىكلەرنىڭ تىلى.......... 374
II. قىرغىز ـ قىپچاق تىللىرى گۇرۇپپىسى ..................... 377
قەدىمقى تىل.......................................... 380
قەدىمقى قىرغىز تىلى .................................. 380
هازىرقى تىللار.......................................... 381
قىرغىز تىلى............................................ 381
ئالتاي تىلى ............................................ 386
قوشۇمچىلار............................................ 435
قوشۇمچە: (1) تۈركى تىللارنىڭ نەسەب تۈرلىرى (ئىسخېما)
............................................................ 437
قوشۇمچە: (2) تۈركى تىللار تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمى ئىسخې-
مىسى (چاپلىما بەت)
قوشۇمچە: (3) تۈركى خەلقلەر ۋە تۈركى تىللارنىڭ
تىزىملىگى............................................. 448

# تۈركىي تىللار بويىچە سېلىشتۇرما ۋە تارىخىي سېلىشتۇرما تەتقىقاتلار ھەققىدە قىسقىچە ئوبزور

تۈركىي تىللارنى شۇ تىللاردا سۆزلەشكۈچى خەلقلەرنىڭ تارىخى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەتقىق قىلىش تۈركىي تىلشۇناسلىقىدىكى ئاساسلىق مەسىلىلەرنىڭ بىرىدۇر. بۇ مەسىلىنىڭ مۇۋاپىق قويۇلۇشى ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىك ھەل قىلىنىشى، ئەڭ ئالدى بىلەن، تۈركىي تىللارنىڭ ئىلمىي ئاساسقا ئىگە بولغان تارىخىي سېلىشتۇرما گىرامماتىكىسىنى ھەم تارىخىي سېلىشتۇرما ئېتىمولوگىيىلىك لۇغەتلىرىنى تۈزۈپ چىقىشقا باغلىق.

بۇ مەسىلە، تۈركىي تىللارنى تەتقىق قىلىشنىڭ پۈتكۈل تارىخى داۋامىدا ئالىملار تەرىپىدىن كۆپ قېتىم ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىدى. ئالىملار، ئىلىم-پەندە تەتقىق قىلىنىدىغان شەيئىگە ئىككى خىل ئۇسۇلنى بىرلەشتۈرۈپ قاراشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى قەيت قىلغان. يەنى بىرىنچىسى، يىغىنچاقلاش ئۇسۇلى بولۇپ، بۇنىڭدا ئىنچىكىلەپ بۆلەكلەش ئارقىلىق ئايرىم تۈركىي تىللارنىڭ پاكىتلىرى ۋە ئىپادىلىرى ئۈستىدىن نۇرغۇنلىغان ماتېرىياللار توپلىنىدۇ؛ ئىككىنچىسى، يېشىش ئۇسۇلى بولۇپ، بۇنىڭدا بىرىكتۈرۈش يولى بىلەن تۈركىي تىللارنىڭ تەرەققىياتىدىكى ئومۇمىي يۆنۈلۈش بەلگىلىنىدۇ. ئالىملار

بۆلەكلەش ۋە بىرىكتۈرۈش نەتىجىسىدە چىقىرىلغان خۇلاسىلەرنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ كۆرگەندىن كېيىن، قىسمەن ھاللاردا تىلنىڭ تېخى يېتەرلىك تەكشۈرۈلمىگەنلىكىگە قارىماستىن، ھاسىل قىلىنغان بىلىملەرنى ئومۇملاشتۇراتتى-دە، تەجرىبىچىلىك ئۇسۇلى بويىچە يەنە قايتىدىن ئايرىم شەيئىلەرنى تەكشۈرۈشكە، يېڭى پاكىتلىق ماتېرىياللارنى توپلاشقا باشلايتتى. بۇنداق ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ شەكلى ھەر دائىم سېلىشتۇرما ۋە تارىخىي سېلىشتۇرما لۇغەت ۋە گىراماتىكىلاردىن ئىبارەت بولاتتى، ياكى تۈركىي تىللارنىڭ ئايرىم كونكرېت ئىپادىلىرىگە قارىتىلغان تار دائىرىدىكى مەخسۇس تەتقىقاتلاردىن ئىبارەت بولاتتى.

تۈركىي تىللارنىڭ تەتقىق قىلىنىش تارىخىدا سېلىشتۇرما ئۇسۇلنى ۋە بەزەن ساھەلەردە تارىخىي سېلىشتۇرما ئۇسۇلنى قوللىنىپ سىنتېز قىلىشقا ئىنتىلىش مۇندىن خېلى بۇرۇنلا كۆرۈلگەن ئەھۋال ئىدى.

تۈركىي تىللار ساھەسىدىكى سېلىشتۇرما تەتقىقاتنىڭ پېشۋاسى تۈركىي تىللار دىۋانىنىڭ ئاپتورى بولغان مەھمۇت قەشقەرى ئىدى (XI ئەسىر)[5]. مەھمۇت قەشقەرى سېلىشتۇرما ئاساستا ئۇيغۇر تىلىدىن مىساللارنى كەلتۈرىدۇ. بۇ تىل دىۋاندا تۈركىي تىل ياكى خاقانىيە تۈركلىرىنىڭ تىلى دېگەن ئاتالغۇ بىلەن تەرىپلەنگەن. شۇنداقلا قىپچاق، ئوغۇز تىللىرىدىن ماتېرىياللار كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ تىللار ئۆزئارا يېقىنلاشتۇرۇلىدۇ ۋە ئۇيغۇر تىلىغا قارشى قويۇلۇپ، ئۇيغۇر تىلى بىلەن سېلىشتۇرۇلىدۇ.

دىۋاندا باشقا تۈركىي، تىللار ۋە دىيالېكتلاردىنمۇ مىساللار كەلتۈرۈلىدۇ. ئۇ تۆۋەندىكى قەبىلىلەرنىڭ تىللىرىنى يېقىن تۇققان

تىللار دەپ ھىساپلايدۇ: قىرغىز، قىپچاق، ئوغۇز، توخسى، ياغما، چىگىل، ئۇغراق، چارۇق؛ ئۇلارغا يېقىن بولغانلىرى يەمەك (ئېھتىمال، هازىرقى تاتارلارنىڭ ئېتنىك ئەجداتلىرى بولۇشى مۇمكىن. — ن. ب.) ۋە باشقىرت قەبىلىلىرىنىڭ تىللىرى دەپ ھىساپلايدۇ. ئۇ، بۇلغار ۋە سۇۋار تىللىرىنى ئالدىنقىلاردىن بىر ئاز پەرقلىنىدىغان تۈركى تىللار دەيدۇ. ھەمدە ۋىزانتىيىگە تۇتۇشىدىغان جايلاردا ياشىغۇچى پەچەنەكلەرنىڭ تىلىنىمۇ شۇ تىللارنىڭ قاتارىغا قوشىدۇ. مەھمۇت قەشقەرىنىڭ تەبىرىچە چۇمۇل، قاي، ياباقۇ، تاتار، باسمىل قەبىلىلىرى ئەسلىدە باشقا تىللاردا سۆزلىشىدىغان بولۇپ (ئېھتىمال، موڭغۇل تىلىنىڭ دىيالېكتلىرى بولسا كېرەك. — ن. ب.)، يەنە تۈركى تىللارنىمۇ قوللىناتتى. ئۇ، ئوغۇز تىلىنى ئەڭ يېنىك تىل، تۇخسى ۋە ياغما قەبىلىلىرىنىڭ تىللىرىنى ئەڭ توغرا تىللار (ئەدەبىي تىلغا ئەڭ يېقىن دىمەكچى بولسا كېرەك. — ن. ب.) دەيدۇ. ئۇ زاماندىكى ئەدەبىي تىل ئۇيغۇر تىلى ئىدى، ياكى ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، مەھمۇت قەشقەرىنىڭ تىللار تىزىملىگىدە يېزىلىشىچە، ئۇيغۇر-قارلۇق قەبىلىلىرىدىن ۋە ئۇرۇقلىرىدىن تەركىپ تاپقان خاقانىيە تۈركلىرىنىڭ تىلى ئىدى.

مەھمۇت قەشقەرىنىڭ دىۋانىدا ھەممە سۆزلەر شۇ سۆزلەرنى تەشكىل قىلغان تاۋۇشلار سانىنىڭ كۆپىيىپ بېرىش تەرتىۋى بويىچە تىزىلغان.

دىۋاندا ئىستىملار بىلەن پېئىللار ئايرىپ كۆرسىتىلگەن ھەمدە تۈركى تىللارنىڭ خېلى تەپسىلى ئىشلەنگەن فونېتىكىلىق، مورفولوگىيىلىك خۇسۇسىيەتلىرى بېرىلگەن ۋە بۇ تىللار ھەم تىل ئالاھىدىلىكلىرى، ھەم شۇ تىلدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەرنىڭ جۇغراپىيىۋى

تارقىلىشى بويىنچە تۈرلەرگە ئايرىلغان.

مەھمۇت قەشقەرى تىللارنىڭ خاراكتېرىنى بەلگىلەيدىغان ۋە بۇ تىللارنى بەلگىلىك تۈر-گۇرۇپپىلارغا تەئەللۇق قىلىدىغان ئالامەتلەرنى تۆۋەندىكىچە چۈشەندۈرىدۇ: a) سۆز بېشىدا y~j تاۋۇشلىرىنىڭ نۆۋەتلىشىشى؛ b) سۆز بېشىدا b~mنىڭ نۆۋەتلىشىشى؛ c) سۆز ئاخىرىدا y~nنىڭ نۆۋەتلىشىشى؛ d) سۆز بېشىدا t~d نىڭ نۆۋەتلىشىشى؛ e) سۆز ئوتتۇرىدا y~zنىڭ نۆۋەتلىشىشى. شۇنداقلا، بىر قاتار مورفولوگىيىلىك ئالامەتلەر.

شۇنداق قىلىپ، مەھمۇت قەشقەرىنىڭ دىۋانى ئادەتتىكى چېقىشتۇرۇش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، بەلكى لېكسىكا ۋە گىراماتىكا ساھەلىرىدىمۇ سېلىشتۇرما تەتقىقات ئۇسۇلىنىڭ قوللىنىلغانلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. دىۋاننىڭ ئاپتورى ئەنە شۇنداق سېلىشتۇرۇشقا تايىنىپ، ھەرقايسى تىللارنىڭ ئۆزئارا تۇققانلىق مۇناسىۋەتلىرىنى ئېنىقلايدۇ.

XIII-XV ئەسىرلەردىكى ئەرەپ ئالىملىرىنىڭ بىرنەچچە ئىزاھلىق لۇغەتلىرىمۇ سېلىشتۇرما ئەسەرلەر جۈملىسىدىن بولۇپ، بۇنىڭدا سېلىشتۇرۇش يولى بىلەن دىيالېكت ھەم تىللارنىڭ پەرقلىرى كۆرسىتىلگەن.

بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ قەدىمقىسى، ئەل زەمەخشەرىنىڭ (مىلادى 1143-يىلى ئۆلگەن) «مۇقەددىمەتۇل ئەدەب» ناملىق فىلولوگىيىلىك ئەسىرى XII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا يېزىلغان بولسىمۇ، مىلادى 1305-ۋە 1492-يىللىرىدىكى قوليازمىلاردا ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، ئۇ ئەرەپچە-پارسچە-تۈركچە-موڭغۇلچە لۇغەتتىن ئىبارەت ئىدى[6]. ۋ.ۋ.بارتولدنىڭ[7] تەبىرىچە، بۇ لۇغەت-

نىڭ تۈركى تىللارغا ئائىت قىسمى مىلادى XII ـ XIII ئەسىرلەردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلىرىنىڭ ئەدەبىي تىلىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

گوللاندىيىلىك شەرقشۇناس ت. خوئۇتسىما⑧ تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان، نامەلۇم ئاپتورنىڭ تۈركى ـ موڭغۇل ـ پارس تىللىرى لۇغىتى مىلادى 1245 ـ يىلى مىسىردا تۈزۈلگەن بولۇپ، XIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا تەئەللۇقتۇر. بۇ ئىزاھلىق لۇغەتتىكى تۈركى تىل موڭغۇل ئىستىلاسىدىن كېيىن جەنۇبىي رۇس دالالىرىدىن مىسىرغا كۆچۈپ كەتكەن قىپچاقلارنىڭ (كۇمانلارنىڭ، پولوۋلارنىڭ) تىلىدىن ئىبارەت. بۇ تىل خاراكتېرى جەھەتتىن پولوۋ يادىكارلىقى «Codex Cumanicus»نىڭ تىلىغا يېقىن. بۇ يادىكارلىقتىمۇ قىپچاق تىلىنىڭ تۈرلۈك دىيالېكتلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

ئەرەپ تىلشۇناسى ئەبۇھەييان ئەل غەرناتىنىڭ (ياكى ئەل ئەندەلۇسىنىڭ)⑨ لۇغەت ھەم گىراماتىكىسى XIV ئەسىرنىڭ باشلىرىغا تەئەللۇق بولۇپ (مىلادى 1312 — 1313 ـ يىللىرى)، بۇنىڭدىمۇ قىپچاق تىلىنىڭ (كۇمان ياكى پولوۋ تىلى) ئالاھىدىلىكلىرى ئوغۇز (تۈركمەن) تىلى بىلەن مەلۇم دەرىجىدە سېلىشتۇرۇلغان ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇ ئەسەر قىپچاق تىلىنى ئۆگىنىشنىڭ ئەمەلىي قوللانمىسى بولۇپ كەلگەن ئىدى. ئۇنىڭدىن سىرت، ئاپتور ئايرىم ھاللاردىكى سېلىشتۇرۇشلاردا تاتار، بۇلغار، ئۇيغۇر، توقسابا تىللىرىدىن ۋە باشقا تۈركى تىللاردىن مىساللارنى ئالغان بولسىمۇ، بۇ ئەسەر يەنىلا ئاساسەن قىپچاق ۋە تۈركمەن تىللىرىنىڭ سېلىشتۇرما لۇغىتى ھەم گىراماتىكىسىغا دائىر ماتېرىياللاردىن تەركىب تاپقان.

ئاندىن يەنە جامالىدىن ئىبنى مۇھەننانىڭ ئوغۇز تىللىرىدىن

بىرىنىڭ لۇغىتىگە ۋە گىراماتىكىسىغا ئائىت بولغان «ھىلىيەتۇل لىسان ۋە ھەلبەتۇل بەيان»[10] ناملىق مەشھۇر تىلشۇناسلىق تەتقىقات ئەسىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەك[11]. بۇ ئەسەر شەرقىي تۈركىستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىل ئېلېمېنتلىرى خېلى زور سالماقنى ئىگەللىگەنلىكى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. پ. م. مېلىئورانسكىنىڭ تەخمىن قىلىشىچە، بۇ ئەسەر XIV ئەسىردە غەربىي شىمالىي ئىراندا، يەنى ھازىرقى ئەزەربەيجاندا يېزىلغان ئىكەن، ئىبنى مۇھەننانىڭ بۇ ئەسىردە ئوغۇز تىلى بىلەن باشقا تۈركىي تىللار ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزىگە خاس فونېتىكىلىق پەرقلەر كۆرسىتىلىدۇ. خۇسۇسەن، سۆز بېشىدىكى *b* ۋە m، *t* ۋە *d* ئۈزۈك تاۋۇشلىرىنىڭ ۋە سۆزنىڭ باشقا ئورۇنلىرىدىكى *f* ۋە *p*، *k* ۋە *h* ئۈزۈك تاۋۇشلىرىنىڭ نۆۋەتلىشىپ كېلىشى تەكىتلىنىدۇ. شۇنداقلا، ئىككىلەمچى سوزۇلما تاۋۇشلارنىڭ خۇسۇسىيىتى ۋە كېلىپ چىقىش جەريانى ئېچىپ كۆرسىتىلىدۇ.

XV ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئىشلىنىپ چىققان «بۇلغەتۇل مۇشتاق» ناملىق ئەرەبچە-قىپچاقچە لۇغەتتىن ئىبارەت بولغان قىپچاق ۋە ئوغۇز (تۈركمەن) تىللىرىنى ئۆگىنىش دەرسلىكىمۇ سېلىشتۇرما ئەسەرلەر قاتارىغا كىرىدۇ. بۇ لۇغەتنى ئەرەپ ئالىمى جامالدىن ئەت تۈركىي تۈزۈپ چىققان بولۇپ، پولشا تۈركولوگى ئا.زاياچكوۋىسكى[12] تەرىپىدىن پولەكچە ھەم فرانسۇزچە تەرجىمىسى نەشر قىلىنغان. بۇ دەرسلىك ئەسلىي ساۋاق بېرىشنى مەقسەت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن، يەنە قىپچاق-ئوغۇز تىللىرىغا ئالاقىدار بولغان ئىنتايىن قىزىقارلىق تارىخىي سېلىشتۇرما مەلۇماتلارغىمۇ ئىگە.

تۈركىي تىللارنى، خۇسۇسەن قىپچاق ۋە ئوغۇز تىللىرىنى تەتقىق

قىلىشقا بېغىشلانغان ھەمدە بۇ تىللارنىڭ سېلىشتۇرما ۋە چېقىشتۇرما ئېلېمېنتلىرىنى ۋە ھادىسىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەرەب تىلشۇناسلىرىنىڭ مىسىردا يېزىلغان ئەسەرلىرى قاتارىغا يەنە تۆۋەندىكىلەرمۇ كىرىدۇ: 1) XV ئەسىردىكى ئەرەپ تىلىدا يېزىلغان گىراماتىكىلىق تەتقىقات «القوانين الكليه لضبط اللغة التركيه» (ئەل قەۋائىنۇل كۇللىيەلى زەبتىل لۇغەتىت تۈركىيە) 1928 ـ يىلى ئىستانبۇلدا كىلىسلى رىفئەت تەرىپىدىن تۇنجى قېتىم نەشر قىلىنـ غان، 1937 ـ يىلى ۋېنگرىيىلىك ئالىم س. تېلېگدى⑬ تەرىپىدىن نېمىس تىلىدىكى ئىزاھلىق تەرجىمىسى نەشر قىلىنغان. 2) XV ئەسىردىكى تىل ئىلمىغا دائىر ئەسەر «كتاب التحفة الزكيه فى اللغة التركيه» (كىتابۇت توھفەتىززەكىيە فىل لۇغەتىت تۈركىيە)، 1945 ـ يىلى ئىستانبۇلدا بېسىم ئاتالاي تەرىپىدىن تۈركچە تەرجىـ مىسى نەشر قىلىنغان⑭. بۇ ئىككى ئەسەر، گەرچە ئالدىنقىلاردەك بولالمىسىمۇ، ھەر ھالدا يەنىلا، ئاپتورلار تەكشۈرگەن تىللاردىكى بەزى ھادىسىلەرنى يەنى ئاساسىي جەھەتتىن فونېتىكىلىق ھەم لېكسىكىلىق ھادىسىلەرنى سېلىشتۇرما ئۇسۇل بىلەن تەھلىل قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىنتايىن قىممەتلىك تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

دېمەك، سېلىشتۇرما ئۇسۇل ۋە قىسمەن ھاللاردا تارىخىي سېـ لىشتۇرما ئۇسۇلنىڭ ئېلېمېنتلىرى ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى شەرق تىلشۇناسلىرىغا، بولۇپمۇ ئەرەپ تىلشۇناسلىرىغا يېڭىلىق ئەمەس ئىدى. مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئەسەرلىرىدىن تارتىپ مىسىرلىق ئەرەپ تىلشۇناسلىرىنىڭ ئەسەرلىرىگىچە بولغان ئەمگەكلەردە ھازىرقى زامان ئىلمى ئۈچۈنمۇ ئۆزىنىڭ ئەھمىيىتىنى يوقاتمىغان ئىنتايىن قىزىقارلىق

ماتىرىياللار ھەم يەكۈنلەر ئۇچرايدۇ.

مۇئەييەن بىر تىل گۇرۇپپىسى ياكى بىر تىل ئائىلىسىگە تەئەللۇق بىرنەچچە تۇرلۇك تىلنىڭ ھەر خىل پاكىتلىرى ۋە ھادىسىلىرىنىڭ سېلىشتۇرما ئېلېمېنتلىرىغا ئىگە بولغان ئىككىنچى خىلدىكى تىلشۇناسلىق ۋە بولۇپمۇ لېكسىكوگرافىيىلىك ئەسەرلەر قاتارىغا ئاساسىي جەھەتتىن XVIII ئەسىردىكى ھەم XIX ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدىكى رۇس ۋە غەرپ تىلشۇناسلىرىنىڭ ئەسەرلىرى كىرىدۇ.

XVIII ئەسىردىكى تۇركى تىللارنىڭ سېلىشتۇرما تەتقىقاتچىلىغى ساھەسىدىكى ئەڭ ئاتاقلىق تەتقىقاتچىلارنىڭ بىرى ف. ئى. تاببېرت سترالېنبېرگدۇر. ئۇ، شۋېتسىيىلىك ئەپىتسەر بولۇپ، پولتاۋا جېڭىدە ئەسىرگە چۈشكەن. كېيىن، سىبىرىيىنىڭ ئاتاقلىق تەكشۈرگۈچىسى بولۇپ قالغان. ئۇ، ئۇرال-ئالتاي نەزىرىيىسى دەپ ئاتالغان، ئۇرال تىللىرى (ئۇگۇر-فىن ۋە ساموييېد تىللىرى) بىلەن ئالتاي تىللىرى (تۇركى، موڭغۇل ۋە تۇنگۇس-مانجۇ تىللىرى) نىڭ تۇققانلىغى ھەققىدىكى نەزىرىيىنىڭ ئىجاتكارى بولۇپ، بۇ نەزىرىيە ھازىرغا قەدەر ئۆزىنىڭ تەرەپدارلىرىنى ساقلاپ كەلمەكتە ۋە كەڭ دائىرىلىك ئىلمىي ئەسەرلەرگە ئىگە بولۇپ تۇرماقتا. ف. ئى. تاببېرت سترالېنبېرگ ئۇرال-ئالتاي تىللىرىنى ۋە شۇ قاتاردا تۇركى تىللارنىمۇ دەسلەپكى قەدەمدە تۆرگە ئايرىپ چىققانلارنىڭ بىرىدۇر[15].

ف. ئى. تاببېرت سترالېنبېرگدىن باشقا، ئۇرال-ئالتاي نەزىرىيىسىنىڭ، كېيىنچىرەك، ئۇرال ۋە ئالتاي نەزىرىيىلىرىنىڭ يىرىك تەرەپدارلىرى ۋ.شوت، م.ئا.كاستىرىنلار ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى بىر دەۋردىكى ئالىملار ئو.دوننېر، گ. ۋىنكلېر، ئى. گرېيۇنتسېل، گ. رامستېدت، ئا.ساۋاژو ۋە باشقىلاردۇر[16].

روسىيىدە، سېلىشتۇرما ۋە تارىخىي سېلىشتۇرما ئۇسۇللىرىنى قوللىنىش ئىدىيىسى ئەڭ دەسلەپتە XVIII ئەسىردىكى زور بىر تۈركۈم رۇس ئالىملىرىنىڭ «بارچە تىللار ۋە شىۋىلەرنىڭ سېلىشتۇرما لۇغەتلىرى» دېگەن نام بىلەن تونۇلغان كاتتا توپلىمىدا ئۆز ئىنىڭ رىيال ئىپادىسىنى تاپتى. «... سېلىشتۇرما لۇغەتلەر»نى تۈزۈپ چىقىش ئىشى 1733 ـ يىلى باشلىنىپ، 1787 ـ يىلى تاماملانغان⑰. بۇ «...سېلىشتۇرما لۇغەتلەر» كۆپلىگەن تىللارنىڭ، جۈملىدىن ئاساسلىق تۈركى تىللارنىڭ مول لېكسىكىلىق ماتېرىياللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. لۇغەتنىڭ تۈزۈلۈش تەرتىۋى بويىچە ئۇنىڭدا تۆۋەندىكى تۈركى تىللار تونۇشتۇرۇلغان: تۈرك تىلى، قازان ـ تاتار تىلى، مىشەر تىلى، باشقىرت تىلى، نوغاي تىلى، قازاق تاتارلىرىنىڭ تىلى (يەنى ھازىرقى ئەزەربەيجان تىلى)، توبول، چاتس، چۇلىم، يېنىسەي، كۇزنېتس، بارابىن تاتارلىرىنىڭ تىللىرى، كامچات، تېلەئۇت، بۇخارا، خىۋا، قىرغىز (ھازىرقى قازاق تىلى)، تۈركمەن، ترۇخمەن، ياقۇت ۋە چۇۋاش تىللىرى (ئاخىرقىسى خاتا ھالدا فىن تىللىرىغا قوشۇۋېتىلگەن).

گەرچە لۇغەتتىكى ھەممە لېكسىكىلىق ماتېرىياللار مۇۋاپىق ھالدا پىششىقلاپ ئىشلەنمەي بىرىلگەن بولسىمۇ، شۈبھىسىزكى، بۇ لۇغەت تۈرلۈك تۈركى تىللارغا ۋە قىسمەن ھاللاردا تۇنجى قېتىم ئېنىقلىنىپ چىققان تۈركى تىللار ۋە شىۋىلەرگە ئائىت ماتېرىياللارنىڭ كاتتا توپلاملىرىدىن بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن خېلى زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

ھازىرقى ۋاقىتتا، تۈركى تىللارنىڭ تارىخىي سېلىشتۇرما تەتقىقاتى ئۈچۈن مۇھىم راق بولۇپ تۇرغىنى بۇ لۇغەتنىڭ ئۆزى ئەمەس،

بەلكى ئۇنى تۈزۈشكە جەلپ قىلىنغان نۇرغۇنلىغان خادىملارنىڭ توپلىغان تىلشۇناسلىق ئىلمى ماتېرىياللىرىدۇر. بۇ خادىملارنىڭ قاتارىغا ئەڭ ئالدى بىلەن XVIII ئەسىرنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ئالىملىرىدىن: گ. ل. خ. باكمېيستېر، پ. س. پاللاس، گ. ف. مىللېر، ئى. ئى. فىشېر، ئى. ئا. گيۇلدېنشتېدت، د. س. رۇدنېۋ (باش روھانى داماسكىن)، ئاكا-ئۇكا بېريوزوۋلار، ئى. پ. فالك، م. بېكچۇرىن (بېتسېرىن) ۋە باشقىلار كىرىدۇ[18].

رادلوۋتىن بۇرۇنقى سېلىشتۇرما تۈركولوگىيە تارىخىدا، پروفېسسور ئا. كازىمبېك[19] ۋە ئى. ن. بېريوزىنلارنىڭ[20] بارلىق تۈركى تىللارنىڭ كەڭ كۆلەملىك تارىخىي سېلىشتۇرما تەتقىقاتىغا ئاساس يارىتقان ئىجادىي ئەسەرلىرى ئالاھىدە ئورۇننى ئىگەللەيدۇ.

شۇنداق قىلىپ، ھەممە ماتېرىياللار خۇددى XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا قەدەر بولغان ھەممە تەتقىقاتلارغا ئوخشاشلا ئاساسىي جەھەتتىن سېلىشتۇرما-چېقىشتۇرما خاراكتېرىغا ئىگە ئىدى ۋە پەقەت ئايرىم ھاللاردىلا تارىخىي سېلىشتۇرما ئېلېمېنتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

روسىيىنىڭ ئىلىم-پەن ۋەكىللىرى ئو. بيوتلىنگ ۋە ۋ. ۋ. رادلوۋلار ئىلمىي تۈركولوگىيىنىڭ ئاساسىنى سالغۇچىلاردۇر ھەم تۈركى تىلشۇناسلىقىدىكى تارىخىي سېلىشتۇرما ئۇسۇلىنىڭ ئاتاقلىق ۋەكىللىرىدۇر.

تۈركولوگىيە ساھەسىدىكى تۇنجى مەخسۇس تارىخىي سېلىشتۇرما تەتقىقات ئىشى ئو. بيوتلىنگنىڭ ياقۇت تىلى توغرىسىدا[21] يېزىلغان ئەسىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭدا ياقۇت تىلىنىڭ گىراماتىكىلىق قۇرۇلۇشى ھەم لېكسىكىسى باشقا تۈركى تىللاردىكى شۇنىڭغا ئوخشاش

پاكىتلار ۋە ھادىسىلەر بىلەن سېلىشتۇرۇلغان ھالدا مۇھاكىمە قىلىنغان.

ھەممە تۈركىي تىللارنى دىگۈدەك ئۆز ئىچىگە ئالغان تولۇق ھەجىمدىكى تارىخىي سېلىشتۇرما تەتقىقات ئىشى ۋ. ۋ. رادلوۋنىڭ㉒ پۇختا ئاساسقا ئىگە بولغان ئەسەرلىرىدىن باشلانغان بولۇپ، ئۇ مۇتلەق كۆپچىلىك تۈركىي تىللار ھەم شىۋىلەرنىڭ مول ئەمەلىي ماتىرىيالىنى توپلىغان ھەمدە بۇ ماتىرىيالنى فونېتىكا، گىراماتىكا ۋە لېكسىكا بويىچە مەخسۇس ئىشلەنگەن تەتقىقاتلار بىلەن بىرلەشتۈرگەن.

تۈركىي تىللارنىڭ لېكسىكىسىنى تەتقىق قىلىش جەھەتتە ۋ.ۋ. رادلوۋنىڭ ل. بۇداگوۋ㉓ ۋە گ.ۋامبېرىدەك㉔ ئاساس سېلىپ بەرگۈچىلىرى بولغان بولسىمۇ، لېكىن، تۈركىي تىللارنىڭ فونېتىكىسى ۋە گىراماتىكىسى جەھەتتە، بۇ تىللارنىڭ ئومۇمىي سېلىشتۇرما تەتقىقاتىغا بىرىنچى بولۇپ يول ئاچقان كىشى ۋ.ۋ.رادلوۋدۇر. ئۇنىڭدىن كېيىنكى بارلىق تولۇقلانغان ۋە تەپسىلىي ئىشلەنگەن تارىخىي تەتقىقاتلار ۋ.ۋ.رادلوۋنىڭ ئەسەرلىرىنى چىقىش نۇقتىسى قىلدى㉕.

ن.ف.كاتانوۋنىڭ «ئۇرەنخاي تىلىنى تەتقىق قىلىش تەجرىبىسى»㉖ ناملىق ئەسىرى تۈركىي تىللارنىڭ تارىخىي سېلىشتۇرما تەتقىقاتىغا قوشۇلغان بىر بۈيۈك تۆھپە بولغان بولسىمۇ، لېكىن، ئۇنىڭغا مۇناسىپ تونۇشتا بولالمىغان بەزى رۇس ۋە چەتئەل تۈركولوگلىرىنىڭ نامۇۋاپىق باھاسى㉗ بېرىلىپ قالغان ئىدى.

ن.ف.كاتانوۋنىڭ ئەسىرى بارلىق تۈركىي تىللار ۋە شىۋىلەرنىڭ دىگۈدەك فونېتىكىلىق ۋە گىراماتىكىلىق پاكىتلىرىنى ئۆزئارا چېقىشتۇرۇش ئارقىلىق سىستېمىلىق سېلىشتۇرۇش بىلەن تەپسىلىي

ئىشلەنگەن مەلۇماتتىن ئىبارەتتۇر. بۇنداق مەلۇمات تارىخىي سېلىشـ
تۇرما گىرامماتىكا مەسىلىلىرى بىلەن شۇغۇللانغۇچى ھەرقانداق
تۈركولوگ ئۈچۈن ھازىرمۇ ئېھتىياجلىق قوللانما بولۇپ تۇرماقتا.

ۋ.ۋ. رادلوۋ ۋە ن.ف.كاتانوۋلارنىڭ ئىلمىي پائالىيەتلىرىدىن كېيىن، تۈركى تىللارغا دائىر تارىخىي سېلىشتۇرما تەتقىقاتلار ئۇنداق كەڭ سىنتېتىك خاراكتېر ئالالمىدى. بۇ تەتقىقاتلار، ياكى تۈركىي تىللار گىرامماتىكىسىنىڭ ئايرىم مەسىلىلىرىگە بېغىشلانغان يەككە مەزمۇندىكى ئەسەرلەر[28]، ياكى مەلۇم بىر مەدەنىي يادىكارلىققا بېرىلگەن ئىزاھاتلار[29]، ياكى تۈركى تىللارنىڭ تۇققانلىقىغا ئائىت ئومۇمىي مەسىلىلەرگە قارىتىلغان ئايرىم ماقالىلار[30]، ياكى فونېتىكا، لېكسىكا ۋە گىرامماتىكىنىڭ ئايرىم مەسىلىلىرىدىن[31] ئىبارەت بولۇپ كەلدى.

بۇ جەھەتتە پەقەت بىرنەچچە ئەسەرلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا بولۇپ، تارىخىي سېلىشتۇرما ئۇسۇل نىسبەتەن كەڭرەك دائىرىدە ئىشلىتىلگەن، بۇلار: يېقىندا خېلسىنكىدا (فىنلاندىيە) نەشر قىلىنغان فىنلاندىيىلىك ئالىم م. رەسەنېننىڭ[32] تۈركى تىللارنىڭ تارىخىي فونېتىكىسى ۋە مورفولوگىيىسىگە ئائىت ئەسەرلىرى (تۈركى تىللار-نىڭ فونېتىكىسى ھەم مورفولوگىيىسىگە دائىر توپلانغان ھەممە ماتېرىياللىرىنىڭ شەرھى)، ك.گىريونبېكنىڭ[33] ئۇنىڭدىن بۇرۇنراق نەشر قىلىنغان تۈركى تىللارنىڭ قۇرۇلۇشىغا قارىتىلغان نەزىرىيىۋى تەتقىقاتىدىن ئىبارەت بولغان ئەسىرى ۋە ئىككى نەپەر تۈركىيە ئالىمى ئا.ئەمرى[34]، ئا.جافەر ئوغلۇلارنىڭ[35] ئەسەرلىرى، بىرىنچىـ سىنىڭ، سېلىشتۇرما گىرامماتىكىغا ئائىت تەتقىقاتلار، ئىككىنچىسىنىڭ، تۈركى تىللار تارىخىغا ئائىت تەتقىقاتلار.

ب.يا.ۋلادىمىرتسوۋ[36]، گ.رامستېدت[37] ۋ.ۋ.كوتۋىچلارنىڭ[38] ئەسەرلىرىدە ئومۇمى يۈزلۈك ئالتاي تىللىرىغا ۋە مەخسۇس موڭغۇل تىلىغا بېغىشلانغان تارىخي سېلىشتۇرما خاراكتېرلىق نۇرغۇنلىغان تەتقىقاتلار نامايان قىلىندى.

هازىرقى زامان تىلشۇناسلىق ئىلمى شۇنداق دەپ ھېساپلايدۇكى، تىللارنىڭ تارىخي سېلىشتۇرما تەتقىقاتىنى ئېلىپ بېرىشتا نەزەردە تۇتۇشقا تېگىشلىك بولغان ئاساسلىق قائىدىلەرنىڭ بىرى تىل تارىخىنى شۇ تىلدا سۆزلەشكۈچى خەلقنىڭ تارىخى بىلەن بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەتتۇر. پەقەت تىلنىڭ ئۆز پاكىتلىرىلا ۋە مەزكۇر خەلقنىڭ تارىخىلا شۇ تىلنىڭ ئالدىنقى ئەۋلات تىللار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ۋە مەزكۇر تىل گۇرۇپپىسىدىكى ھۆل تىللار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئېنىقلاپ بېرەلەيدۇ. مەزكۇر تىل بىلەن ئالدىنقى ئەۋلات تىللارنىڭ پاكىتلىرىنى تارىخي سېلىشتۇرما ئۇسۇلدا ئىزچىل چېقىشتۇرما قىلىش بۇ تىللارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تۇققانچىلىق مۇناسىۋەتلەرنى ئەينەن ئېنىقلاپ چىقىش بىلەنلا چەكلەنمەستىن، بەلكى يەنە تەتقىق قىلىنىغۇچى تىللارغا تارىخي جەھەتتىن ھەم تۇققانچىلىق جەھەتتىن يېقىن بولغان باشقا تىللارنىمۇ داۋاملىق سېلىشتۇرۇش دائىرىسىگە ئېلىپ كىرەلەيدۇ ۋە شۇنىڭ بىلەن، بۇ تىللارغا خاس بولغان ئوخشاشلىقنى ھەم بۇ تىللارنىڭ ھەر بىرىنىڭ تەرەققىياتىنىڭ كېيىنكى تارىخي باسقۇچلىرىدا كېلىپ چىققان پەرقلەرنى تېپىشقا ئىمكانىيەت ھازىرلاپ بېرىدۇ.

ئەمما، نەق ھەم ئىشەنچلىك يازما يادىكارلىقلارنىڭ بولماسلىقى بۇنداق ئوخشاشلىق ۋە پەرقلەرنى ئېنىقلاشنى قىيىنلاشتۇرىدۇ. مۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، ۋاستىلىك مەنبەلەرگە، يەنى ئەڭ ئالدى بىلەن

تەتقىق قىلىنغۇچى تىللارنىڭ دىيالېكتلىرىغا مۇراجىئەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. لېكىن، دىيالېكتلارنىڭ دەلىللىرىدىن پايدىلانغاندا تەتقىقاتچى ئىنتايىن ئېھتىيات بىلەن ئىش قىلىشى كېرەك، چۈنكى بىر تىلنىڭ دىيالېكتلىرى ھەممىشە شۇ تىلنىڭ كونىچە ھالىتىنىڭ ساقىندىلىرى بولىۋەرمەيدۇ، شۇڭا، ئۇنداق دىيالېكتلاردىن سېلىشتۇرۇشلاردا پايدىلانغاندا مەزكۇر تىل ياكى دىيالېكتنىڭ تەرەققىيات جەريانى توغرىسىدا ناتوغرا خۇلاسە چىقىپ قېلىش ئېھتىمالى بولىدۇ. ئالايلى، بىز خاكاس تىلىنىڭ ياكى ئالتاي تىلىنىڭ دىيالېكتلىرىنى ئاساسىي جەھەتتىن تۆرلۈك قەبىلىلەر تىللىرىنىڭ ساقىندىلىرى دەپ ئېيتالىساقمۇ، لېكىن باشقا تىللارنىڭ دىيالېكتلىرى، مەسىلەن: قارا قالپاق ياكى قىرغىز تىللىرىنىڭ دىيالېكتلىرى خېلى مۇرەككەپ ئەھۋالنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، چۈنكى، بۇ تىللاردا بىز كونا ساقىندىلاردىن سىرت، يەنە يېڭىچە دىيالېكتلىق ھادىسىلەرنىمۇ ئۇچرىتىمىز، بەزى تۆركى تىللاردا دىيالېكتلارنىڭ كېلىپ چىقىشى بىرنەچچە ئۇرۇق ۋە قەبىلىنىڭ بىرلىشىپ بىر مۇئەييەن قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنى ياكى بىر مۇئەييەن خەلقنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەنلىكىنىڭ نەتىجىسىدىنلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى يەنە، ئۇلارنىڭ پارچىلىنىشى نەتىجىسىدىنمۇ بولغان. مەلۇم بىر ھۆكۈمران دىيالېكتنىڭ ياكى ئەدەبىي تىلنىڭ تەسىر كۆرسىتىشى بىلەن تىل تەرەققىياتىنىڭ مەزكۇر باسقۇچىدىكى دىيالېكتلارنىڭ پەرقلىرى يوقىلىدۇ، شۇندىن كېيىن، ئىچكى (ئىچكى قانۇنىيەتلەر بويىچە) ياكى تاشقى (خوشنا تىللارنىڭ تەسىرى بىلەن) سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، يېڭىچە يەرلىك ئالاھىدىلىكلەر شەكىللىنىپ چىقىدۇ. ئالايلى، قارا قالپاق تىلى ياكى قىرغىز تىلى دىيالېكتلىرى، مۇقەررەركى، قەدىمقى ئۇرۇق ۋە قەبىلە تىللىرىنىڭ

ساقىندىلىرىنى ئاساس قىلغان بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا يەنە شۇنداقلا، ئاساسىي جەھەتتىن تاشقى سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن، يەنى خوشنا تىللارنىڭ تەسىر كۆرسىتىشى تۈپەيلىدىن بارلىققا كەلگەن يېڭى دىيالېكتلارغا ئىگە بولدى.

شۇنداقتىمۇ، تۈركى تىللار ئۆز دىيالېكتلىرىدا قەدىمقى قەبىلەلەر (ئوغۇز، قىپچاق، قارلۇق ۋە باشقا) تىللىرىنىڭ ساقىندىلىرىنى ئوبدان ساقلاپ قالغان بولۇپ، بۇ تىللاردىكى دىيالېكتلارنىڭ شەكىللىنىشىنى ئېنىقلاش ئانچە قىيىن ئەمەس. شۇڭا، دىيالېكتلار تىل تارىخىنى تەتقىق قىلىشنىڭ مەنبەسى بولۇش سۈپىتىدە زور ئەھمىيەتكە ئىگە بولالايدۇ.

تىل تەرەققىياتى جەريانىدا، ھەر بىر تىل نەسەب جەھەتتىن ئالدىنقى ئەۋلات تىلىنىڭ بىر سابىق دىيالېكتى (مەسىلەن: چۇۋاش تىلى بىلەن بۇلغار تىلىنى سېلىشتۇرۇڭ) ياكى ئالدىنقى ئەۋلات تىلىنىڭ بىۋاستە ۋارىسى (مەسىلەن: تۈركمەن تىلى بىلەن X..XI ئەسىرلەردىكى ئوغۇز تىلىنى سېلىشتۇرۇڭ) بولۇش سۈپىتى بىلەن ئاشۇ ئالدىنقى ئەۋلات تىلغا تەۋە بولىدۇ ھەمدە گىراماتىكىلىق قۇرۇلۇشى ۋە لېكسىكا ئاساسىنىڭ ئەڭ تۇراقلىق ئېلېمېنتلىرىنى ساقلاپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مەزكۇر تىل بىلەن ئالدىنقى ئەۋلات تىلى ئوتتۇرىسىدا بۆلۈنۈشلەر ھەم پەرقلەرمۇ پەيدا بولىدۇ. تىلنىڭ تۇراقلىق ئېلېمېنتلىرى ۋە ۋارىس تىلدىكى ئالدىنقى ئەۋلات تىلغا نىسبەتەن پەيدا بولغان ئۆزگىرىشلەر مەزكۇر تىللار گۇرۇپپىسىنىڭ پۈتكۈل تەرەققىيات مۇساپىسىنى خېلى ئېنىق ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا ھەمدە تىللارنىڭ ئايرىم پاكىتلىرى ۋە ھادىسىلىرىگە قاراپ بۇ گۇرۇپپىدىكى ھەممە تىللارنىڭ ئەسلىدىكى بىرلىكىنى

ئىنقىلاپ چىقىشقا ئىمكانىيەت بېرىدۇ.

مەلۇمكى، تىلدا لېكسىكا ھەممىدىن ئاسانراق ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. لېكسىكىدىن قالسا، تىلنىڭ فونېتىكىلىق تۈزۈلۈشىمۇ ئۆزگىرىدۇ. لېكىن، ئۇنىڭ ئۆزگىرىشى خېلىلا ئاز بولىدۇ. گىراماتىكىلىق قۇرۇلۇشنىڭ بەزى ئېلېمېنتلىرىدىمۇ ئىنتايىن ئاجىز بولغان ئۆزگىرىشلەر كۆرۈلۈشى مۇمكىن. تىلنىڭ لۇغەت تەركىۋى ھەم فونېتىكىلىق تۈزۈلۈشنىڭ ئۆزگىرىش دەرىجىسى مۇناسىۋەتلىك تاشقى ۋە ئىچكى ئامىللار تەسىرىنىڭ ئۇزاقلىقى ۋە ئۇنۇمدارلىقىغا قاراپ ھەر خىل بولىدۇ. ئەندى، تىلنىڭ ئاساسىي لۇغەت تەركىۋى ۋە گىراماتىكىلىق قۇرۇلۇشىغا (مورفولوگىيە ۋە سىنتاكسىس) كەلسەك، ئۇلارنىڭ ئۆزگىرىش سۈرئىتى ئىنتايىن ئاستا بولۇپ، ئۆزىنىڭ باشقا تىللار بىلەن بولغان قەدىمقى ئورتاقلىق مۇناسىۋەتلىرىنى ئۇزۇن زامانلارغىچە ساقلاپ قالىدۇ. ئالايلى، تۈركى تىللارنىڭ مورفولوگىيىسى بىلەن سىنتاكسىسىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى تۈركى تىللار گۇرۇپپىسىدىكى ھەممە تىللارغا ئورتاق بولۇپلا قالماستىن، شۇنداقلا، بىر گۇرۇپپىنىڭ سىرتىدىكى تىللار بىلەنمۇ ئورتاقلىقىنى ساقلاپ كەلمەكتە: تۈركى تىللارنىڭ گىراماتىكىلىق قۇرۇلۇشى بىرمۇنچىلىغان ئەملىي خۇسۇسىيەتلىرى جەھەتتىن موڭغۇل تىلى بىلەنلا ئورتاق بولۇپ قالماي، بەلكى يەنە تۇنگۇس-مانجۇ تىلى بىلەنمۇ، تىپولوگىيە جەھەتتىن قارىغاندا، فىن-ئۇگور تىلى، بەزى كاپكاز تىللىرى، قەدىمقى ئاسىيا تىللىرى ۋە يىراق شەرق تىللىرىدىن چاۋشيەن ۋە ياپون تىللىرى بىلەنمۇ ئورتاقلىقى بار.

تىل تەرەققىياتىدىكى ماھىيەتلىك قانۇنىيەتلەرنىڭ بىرى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، گىراماتىكىلىق قۇرۇلۇش ھەم شۇنداقلا ئاساسىي

لۇغەت تەركىۋى ئاستا ۋە كەم ئۆزگىرىدىغان خېلى تۇراقلىق ئېلېمېنتلار بولۇپ، كۆپىنچە ئۆزىنىڭ ئالدىنقى ئەۋلات تىللىرى بىلەن بولغان چېتىشلىق مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ قالىدۇ ۋە ئاساسىي جەھەتتىن تاشقى ئامىللارنىڭ بىۋاستە تەسىرىدىن خالى بولغان ھالدا تەرەققىي قىلىدۇ. لېكسىكا بىلەن فونېتىكىلىق تۈزۈلۈش بولسا، ئاسانراق ۋە تولاراق ئۆزگىرىدىغان ئېلېمېنتلار بولۇپ، كۆپىنچە تاشقى شەرتلەرگە بېقىنىدۇ ھەم شۇنىڭ بىلەن بەزى چاغلاردا ئىنتايىن ماھىيەتلىك ئۆزگىرىشلەرنى ھاسىل قىلىشى مۇمكىن. مىسال ئۈچۈن ئۆزبەك تىلىنى ئالىدىغان بولساق، بۇ تىل تۈركى تىلىنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قالغان ھالدا ئۆزىنىڭ لېكسىكىسىنى ۋە فونېتىكىلىق تۈزۈلۈشىنى ئاساسىي جەھەتتىن تاجىك تىلىنىڭ تەسىر كۆرسىتىشى بىلەن ناھايىتى كۆپ ئۆزگەرتىۋەتتى.

شۇنداق قىلىپ، تاشقى ئامىللارنىڭ تەسىرى تىل تەرەققىياتىنىڭ ئىچكى قانۇنىيەتلىرىدىمۇ ئەكس ئېتىدۇ. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، بەزى ئىچكى قانۇنىيەتلەر مەزكۇر خەلقنىڭ تارىخى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. تۈركى تىللارنىڭ تارىخىدا، كۆپچىلىك كونكرېت تۈركى تىللارغا ماھىيەتلىك تەسىر كۆرسەتكەن كۈچلۈك تاشقى ئامىللار تۆۋەندىكىدەك ۋەقەلەردىن ئىبارەت بولغان، يەنى: تۈركى خەلقلەرنىڭ بىرنەچچە قېتىملىق شەرقىي ياۋروپاغا كۆچۈش دولقۇنى، ئىسلام دىنىنىڭ قوبۇل قىلىنىشى، موڭغۇللارنىڭ ئىستىلاسى.

تارىخىي ۋەقەلەرگە ۋە تارىخىي جەريانىنىڭ ئۇزاقلىقىغا مۇناسىۋەتلىك ھالدا، بەزى تۇغقان تىللار ئالدىنقى ئەۋلات تىل بىلەن بولغان ئوخشاشلىقىنى تولۇق ساقلاپ قالىدۇ. مەسىلەن:

نوغاي، قازاق ۋە قارا قالپاق تىللىرىنى سىلىشتۇرۇڭ. بۇ تىللارنىڭ، قەدىمقى قىپچاق تىلىغا نىسبەتەن پەرقلىرى لېكسىكىدىمۇ، فونېتى-كىدىمۇ ۋە گىراماتىكىلىق قۇرۇلۇشىدىمۇ كۆرۈلىدۇ. لېكىن، بۇ پەرقلەر تىلنىڭ نېگىزلىك بولمىغان، ماھىيەتلىك بولمىغان ئىككىنچى ئورۇندىكى ئايرىم تەرەپلىرىگە ئالاقىدار. يۇقۇرىدا كۆرسىتىلگەن تۆت تىلنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەر، فونېتىكىلىق تۈزۈلۈشى جەھەتتە، ئاساسەن بەزى ئۆزۈك تاۋۇشلارنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى ۋە چۈشۈپ قېلىشىدىكى ھەر خىل شەكىللەردە ئىپادىلىنىدۇ. لۇغەت تەركىۋىدە پەرقلەر بىرقەدەر كۆپرەك بولسىمۇ، لېكىن بۇ پەرقلەر يەنىلا ماھىيەتلىك ئەمەس. بۇ تىللارنىڭ گىراماتىكىلىق قۇرۇلۇشىدا بولسا، پەرقلەر ناھايىتىمۇ ئاز كۆرۈلىدۇ.

بىرقەدەر ئۇزاقراق داۋام قىلغان تارىخىي شارائىتنىڭ تەقەززا-سى بىلەن بۆلۈنۈپ كەتكەن ۋە ئالدىنقى ئەۋلات تىلدىن ئايرىلىپ قالغان تىللاردا ئەھۋال بۇنىڭدىن باشقىچەرەك بولىدۇ. (مەسىلەن: قەدىمقى تۈركى تىل بىلەن ياقۇت تىلىنى ياكى قاراخانىلار دەۋرى-دىكى تۈركى ئەدەبىي تىل بىلەن ھازىرقى زامان ئۆزبەك تىلىنى سىلىشتۇرۇڭ). بۇ تىللار، يۇقۇرىدا تىلغا ئېلىنغان نوغاي، قازاق، قاراقالپاق تىللىرىغا قارىغاندا، ئۆزىنىڭ تەرەققىياتىدا خېلى مۇرەك-كەپ يولنى بېسىپ ئۆتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئالدىنقى ئەۋلات تىللىرىدىن ئايرىلىپ قالغان ئىدى ۋە بۇنىڭدىن سىرت، ئۆزلىرىگە تۇققانلىقى بولمىغان خوشنا تىللار بىلەن ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش-كە قەدەم قويىدى (ياقۇت تىلى تۇنگۇس ۋە موڭغۇل تىللىرى بىلەن، ئۆزبەك تىلى تاجىك تىلى بىلەن).

تىللارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تارىخىي مۇناسىۋەتلەرنى ئېنىقلاشنىڭ

قىينچىلىغى يەنە شۇنىڭدىنمۇ ئىبارەت بولىدىكى، تۇققان تىللارنىڭ
بۆلۈنۈپ كېتىش ياكى بىرلىشىپ جەم بولۇش جەريانى ئاددىغىنا
تۈز سىزىق بويىچە بولمايدۇ. قەبىلىلەر ۋە خەلقلەرنىڭ تىللىرى
ھەم دىيالېكتلىرى ئالدىنقى ئەۋلات تىللار بىلەن كېيىنكى ئەۋلات
تىللارنىڭ ئۆزئارا چېتىشىپ كەتكەن زەنجىرسىمان ھالىتىنى شەكىل-
لەندۈرىدۇ ھەمدە تىللارنىڭ بەزى قەدىمقى خۇسۇسىيەتلىرىنى
ئىزچىل تۈردە ساقلاپ قېلىش بىلەن بىللە، شۇ تىللاردا سۆزلەش-
كۈچى خەلقلەرنىڭ ئۆزئارا يېقىن مۇناسىۋەتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ
ھەر خىل قەبىلىلەر ئىتتىپاقلىرىغا تەۋە بولۇشى سەۋەبىدىن، ئاخىرى
بېرىپ، بۆلۈنۈشنىڭ ئىپادىسى بولغان يېڭى-يېڭى خۇسۇسىيەتلەرگە
ئىگە بولىدۇ.
مەسىلەن: باشقىرت تىلى ھازىرقى ۋاقىتتا قىپچاق گۇرۇپپىسىنىڭ
ئېنىق ئىپادىلەنگەن ئالامەتلىرىگە ۋە بۇلغار تىللىرى گۇرۇپپىسىدىكى
تىللارنىڭ بەزى ئالامەتلىرىگە (ئۆزىگە خاس سوزۇق تاۋۇشلار
سىستېمىسى، لېكسىكا ھەم گىراماتىكا جەھەتلەردىكى بىر قاتار
ئالاھىدىلىكلىرى) ئىگە بولۇپ، سوزۇق تاۋۇش سىستېمىسى جەھەت-
تىكى ئۆزىنىڭ فونېتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن، شۇنداقلا
ئۆزىگە يىراق بولغان تۈركى تىللارنىڭ شەرقىي تارمىغى بىلەنمۇ، يەنى
قەدىمقى تۈركى تىل، ياقۇت، خاكاس تىللىرى بىلەنمۇ چېتىشلىغى
بار. ۋاھالەنكى، بۇ تىللار بىلەن باشقىرت تىلىنىڭ چېتىشلىغى
ئىنتايىن قەدىمقى ۋاقىتلاردا (VII ئەسىردىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردە
بولغان بولۇشى مۇمكىن) بولغان ئىدى. ئالتاي تىلىنى ئالساق، بۇ
تىل ھازىرقى ۋاقىتتا، قىرغىز تىلى بىلەن كۆپ جەھەتتىن ئومۇمىي-
لىقىغا ئىگە، نەسەب جەھەتتىن بولسا، بەزى فونېتىكىلىق، لېكسىكى-

لىق ۋە گىرامماتىكىلىق ھادىسىلەرگە قارىغاندا، شەرقىي تارماقتىكى تىللار بىلەنلا مەھكەم چېتىشلىقى بولۇپ قالماستىن، بەلكى يەنە غەربىي تىللار بىلەنمۇ، خۇسۇسەن قىپچاق ۋە ئوغۇز تىللىرى بىلەنمۇ مەھكەم چېتىشلىقى بار.

دېمەك، تىلنىڭ ئايرىم پاكىتلىرىنى سېلىشتۇرغاندا، نەسەبلىك مۇناسىۋەتلەرنى ئېنىقلاشنىڭ ھەممە قىيىنچىلىقلىرىنى ۋە تۇغقانلىق دەرىجىسىنى ئېنىقلاشنىڭ مۇرەككەپلىكىنى نەزەردە تۇتۇش لازىم ۋە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ھالدا، ھەرقايسى فونېتىكىلىق، لېكسىكىلىق ۋە گىرامماتىكىلىق ھادىسىلەرنىڭ ياكى جەريانلارنىڭ شەكىللەنگەن ۋاقىتلىرىنى سېلىشتۇرۇشتىكى مۇرەككەپلىكىنىمۇ نەزەردە تۇتۇش لازىم. چۈنكى ھەر بىر تۈركى تىلنىڭ باشقا تۈركى تىللار بىلەن بولغان تۇغقانلىق دەرىجىسى ئوخشاشمايدۇ. ئالايلى، تاتار تىلى ئۆزىنىڭ تۈپكى خۇسۇسىيەتلىرىگە ئاساسەن قىپچاق تىلى بولسىمۇ، يەنە ئۆزىنى قەدىمقى تۈركى تىلغا ۋە بۇلغار تىلىغا يېقىنلاشتۇرىدىغان بىر مۇنچە خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە. قەدىمقى تۈركى تىل ھەم قىپچاق تىللىرى، ھەم ئوغۇز تىللىرى، ھەم قارلۇق تىللىرىنىڭ ئالدىنقى ئەۋلات تىلى بولغاچقا، تاتار تىلىنىڭ يالغۇز قىپچاق تىلى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى ئوغۇز ۋە قارلۇق تىللىرى بىلەنمۇ قانداقتۇر تۇغقانلىق مۇناسىۋەتلىرى بار دېيىشكە بولىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، يېقىن تۇغقان تىللارنىڭ پاكىتلىرىنى ھەم ھادىسىلىرىنى سېلىشتۇرۇش ۋە تىللارنىڭ ئۆزئارا تارىخىي مۇناسىۋەتلىرىنى ئېنىقلاش، شۇنداقلا، بۇ مۇناسىۋەتلەرنىڭ شەكىللەنگەن ۋاقىتلىرىنى چىقىشتۇرما قىلىش ئىشى تىللارنىڭ ۋە شۇ تىللاردا سۆزلەشكۈچى خەلقلەرنىڭ تارىخىدىن ئايرىلغان ھالدا ئېلىپ

بىرلىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭدىن سىرت، سېلىشتۇرۇشلاردا تىللار تەرەققىياتىنىڭ خرونولوگىيىلىك ئىزچىللىقىغا رىئايە قىلىنىشى زۆرۈر. تارىخىي جەھەتتىن ۋە نەسەب جەھەتتىن بىر بىرى بىلەن چېتىشلىقى بولمىغان تىللارنىڭ پاكىتلىرىنى سېلىشتۇرۇشقا بولمايدۇ. بۇ خىلدىكى سېلىشتۇرۇشلارنى پەقەت مەلۇم تارىخىي دەۋر ئىچىدىكى سېلىشتۇرۇلغۇچى تىللارنىڭ تارىخ ۋە تىل ئىلمى تەرىپىدىن ئىسپاتلانغان ئۆزئارا تەسىر كۆرسەتكەن پاكىتلىرى تولۇق ئىگەللەنگەن شەرتى بولغاندىلا قوللىنىشقا بولىدۇ.

مۇئەييەن ھادىسىنىڭ مەزكۇر تىللار گۇرۇپپىسى بىلەن ۋە شۇ تىللاردا سۆزلەشكۈچى خەلقلەرنىڭ مەلۇم تارىخىي دەۋرى بىلەن بولغان ئالاقىسىنىڭ ئەنە شۇنداق شەرتى ھازىرلانغان بولسا، تارىخىي سېلىشتۇرما ئۇسۇل بىر پۈتۈن تىللار گۇرۇپپىسى تەرەققىياتى-نىڭ ئۆتمۈش جەريانىنى ئېچىپ كۆرسىتىش بىلەنلا چەكلەنمەستىن، بەلكى يەنە، بۇ تىللارنىڭ كەلگۈسىدىكى تەرەققىيات ئىستىقبالىنىمۇ كۆرسىتىشكە قادىر بولىدۇ. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئۇسۇل يەنە شۇ تىللارنىڭ تەرەققىياتىدىكى بىر پۈتۈن تىللار گۇرۇپپىسىغا ئورتاق بولغان ئىچكى قانۇنىيەتلەرنىمۇ كۆرسىتەلەيدۇ.

دېمەك، مۇئەييەن تىللار گۇرۇپپىسى تەرەققىياتىنىڭ ئاساسلىق قانۇنىيەتلىرىنى بەلگىلەشتە تىلنىڭ پاكىتلىرىنى تارىخىي سېلىشتۇرما يۇسۇندا چېقىشتۇرما قىلىشتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ئۈچۈن، بىرىن-چىدىن، سېلىشتۇرۇلغۇچى تىللار مۇئەييەن بىر ئالدىنقى ئەۋلات تىلدىن كېلىپ چىققان بولۇشى، ئالدىنقى ئەۋلات تىل بولسا، ھۆل تىلدىن كېلىپ چىققان بولۇشى شەرت. ئىككىنچىدىن، تىللارنىڭ پاكىتلىرىنى سېلىشتۇرغاندا، تىللارنىڭ تەرەققىياتىدىكى ۋە

شەكىللىنىشىدىكى تارىخىي ئىزچىللىقىنى ۋە بۇ تىللارنىڭ ھەر خىل ئومۇملۇقلارغا تەۋە بولىدىغانلىقىنى ئىمكان قەدەر ئېنىقلاشقا تىرىشىش لازىم. بۇ تىل تارىخىنى شۇ تىلدا سۆزلەشكۈچى خەلقنىڭ تارىخى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەتقىق قىلىشنىڭ زۆرۈر شەرتلىرىدىن بىرى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، تىلنىڭ پاكىتلىرىنى سېلىشتۇرغاندا خرونولوگىيىلىك تەرتىپكە دىققەت قىلىپ، ئالدى بىلەن تارىخىي جەھەتتىن ئۆزئارا تۇققانلىقى ئەڭ يېقىن بولغان تىللارنى، ئاندىن ئۆزئارا ئەڭ يېقىن بولغان تارماق گۇرۇپپىلارنى، گۇرۇپپىلارنى ۋە شۇ تەرىقىدە باشقىلارنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇش لازىم. ئاخىرىدا، تارىخىي سېلىشتۇرۇشنىڭ ئۈچىنچى زۆرۈر شەرتى، تىللارنىڭ بىر گۇرۇپپىسى ياكى ئائىلىسىنىڭ ماتېرىيالى ئاساسىدا تەكشۈرۈلگەن ۋە ئىسپاتلانغان فونېتىكىلىق ھەم سېمانتىكىلىق - گىراماتىكىلىق قائىدىلەرگە ۋە قانۇنىيەتلەرگە قەتئىي ئەمەل قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. تىل ئۆزىنىڭ ھەممە يەرلىك ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ خىلمۇ - خىللىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا تەتقىق قىلىنىشى لازىم. تىل پاكىتلىرىدىكى ھەممە ئۇششاق تەپسىلاتلار ئۆزئارا ئالدىنئالا سېلىشتۇرۇلۇشى ۋە نىسبەتلەشتۈرۈلۈشى لازىم. تىللارنى سېلىشتۇرغاندا، ئايرىم پاكىتلارنى تۇتماستىن، بەلكى شۇ بىر لېكسىكىلىق ياكى گىراماتىكىلىق كاتېگورىيىنىڭ خىلمۇ - خىل سېمانتىكىلىق ۋە رەسمىي ئىپادىلىرىدىن كېلىپ چىققان ھادىسىلەر يىغىندىسىنى تۇتقا قىلىش زۆرۈر.

ئايرىم تىللارنى، ھەتتا بۇ تىللار بىر ئائىلىگە ياكى بىر گۇرۇپپىغا تەئەللۇق بولغان تەقدىردىمۇ، تەرەققىيات ۋە شەكىللىنىش خرونو- لوگىيىسىگە باغلىماي تۇرۇپ سېلىشتۇرۇشقا بولمايدۇ. ئۇنداق قىلىش

ئۆچۈن، ئۇلارنىڭ تەرەققىيات باسقۇچلىرىنى، بىرقەدەر يەككە ھالەتتىكى تىللاردىن تارتىپ، شۇ تىللارنىڭ بىرقەدەر يىرىك قوشۇلمىلىرىغىچە بولغان خرونولوگىيىلىك ئىزچىل مۇناسىۋەتلەرنى مۇمكىن قەدەر تولۇقراق ئېنىقلاپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، سېلىشتۇرۇش ئىشىدا، ئىزچىل تۇققانلىق دەرىجىلىرى ئېنىقلانغان بولۇشى ۋە ئۆز خرونولوگىيىسىدە ئىزچىل تۇرغان ھۆل تىللار ئۆزئارا چېقىشتۇرۇلغان بولۇشى لازىم.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە، تىللار تەرەققىياتىنىڭ تەكشىسىزلىكىنى، تۇققان تىللارنىڭ باشقا ئائىلىلەردىكى تىللار بىلەن بولغان تارىخىي مۇناسىۋەتلىرىنى ھەمدە تىللارنىڭ ئۆزئارا تەسىرى نەتىجىسىدە شۇ تىللاردا پەيدا بولغان ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلەرنى ھىساپقا ئېلىش لازىم.

ئەگەر بىز قازاق تۈركۈمىنى تۇتۇپ تەكشۈرسەك، قازاق تىلىغا تارىخىي جەھەتتىن ۋە خرونولوگىيىلىك جەھەتتىن ئەڭ يېقىن بولغىنى نوغاي تۈركۈمى بولۇپ، قازاقلار ۋە قازاق تىلى بۇ تۈركۈمدىن پەقەت XV ئەسىردىلا بۆلۈنۈپ چىققان. بۇ نوغاي تۈركۈمى قازاق، قارا قالپاق، نوغايلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى، بىر قىسىم ئۆزبەكلەرنى، ئاز ساندىكى باشقىرتلارنى، تاتارلارنى ۋە باشقا خوشنا خەلقلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىدى ھەمدە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ھالدا شۇ خەلقلەرنىڭ تىللىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىدى.

ئەگەر بىز ھازىرقى زاماندىكى قازاق، قاراقالپاق ۋە نوغاي تىللىرىنى ئېلىپ قارايدىغان بولساق، بۇ تىللار ئۆزئارا ئەڭ يېقىن تۇققان تىللار ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. شۈبھىسىزكى، تۇققانلىق جەھەت-

تىن قاراقالپاق تىلىغا ئەڭ يېقىن بولغىنى هازىرقى زامان نوغاي تىلىدۇر. بۇ نوغاي ئومۇملۇغى نوغاي ئوردىسى دىگەن نام بىلەن تونۇلغان بولۇپ، پەقەت XIV ئەسىردىن باشلاپلا مەۋجۇت بولغان. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇ تېخىمۇ قەدىمقى ۋە تېخىمۇ كەڭ بولغان قىپچاق تۈركۈمىنىڭ تەركىۋىدە ئىدى. بۇ تۈركۈم قىپچاق قەبىلىلىرى ئىتتىپاقى دىگەن نام بىلەن تونۇلغان ۋە دەشتى قىپچاق زىمىنىنى ماكان قىلغان ئىدى.

XIII ئەسىردە قىپچاق قەبىلىلىرى موڭغۇللارغا قارشىلىق كۆرسىتىپ، ئاز سانلىق موڭغۇل قەبىلىلىرىنى ئۆز تەركىۋىگە سىڭدۈرۈپ قوشۇۋالدى. ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ئەسىرلەردە قىپچاقلار كىماكلار بىلەن بىرلىكتە غەربىي تۈرك خانلىغىنىڭ ۋە قىسمەن شەرقىي تۈرك خانلىغىنىڭ ئاساسلىق نوپۇسىنى تەشكىل قىلاتتى (لېكىن يېتەكچى قەبىلىلەردىن بولمىغان). غەربىي ۋە شەرقىي تۈرك خانلىقلىرى ئۆز نۆۋىتىدە تۈرلۈك قەبىلىلەر ۋە قەبىلىلەر ئىتتىپاقلىرىدىن تەركىپ تاپقان هون ئىمپېرىيىسىنىڭ يىمىرىلگەنلىگىنىڭ مەهسۇلى ئىدى. بۇنداق ئومۇملۇقلارنىڭ هەرقايسىسى ئۆزىدىن باشقا قەبىلە ئىتتىپاقلىرى بىلەن (مەسىلەن: قىپچاقلار ئوغۇز، قارلۇق، بۇلغار، ئۇيغۇر ۋە باشقىلار بىلەن) ئۆزئارا زىچ تەسىر كۆرسىتىپ تەرەققى قىلدى.

شۇنداق بولغانلىغى ئۈچۈن، تارىخىي سىلىشتۇرما ئۇسۇلىنى قوللانغاندا تىل ئومۇملۇقلىرىنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى مۇشۇنداق ئىزچىللىقنى هەر دائىم نەزەردە تۇتۇش لازىم، هەمدە تىلنىڭ پاكىتلىرىنى سىلىشتۇرغاندا، ئىتتىپاقلارنىڭ پەيدا بولۇش خرونولوگىيەسىنى ئەستە تۇتۇش كېرەك. قىپچاق تىلىنى ئاساس، بۇ تىل بىلەن

ئوغۇز، بۇلغار، ئۇيغۇر، قارلۇق تىللىرى قاتارلىق تىللارنىڭ ئۆزئارا تەسىرىنى ھېساپقا ئېلىش لازىم.

تۈركىي تىللارنىڭ تارىخىي سېلىشتۇرما گىرامماتىكىسىنى تۈزۈپ چىقىش تارىخىي سېلىشتۇرما ئۇسۇلىنى قوللىنىشتىكى مەقسەتلەرنىڭ بىرىدۇر. بۇ مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش سوۋېت تۈركولوگلىرىنىڭ ئالدىدىكى پىششىق يېتىلگەن غايىسىدۇر. ھالبۇكى، بۇ غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھەممە مۇتەخەسسىسلەرنى جەلپ قىلماي بولمايدۇ. تىللارنى تارىخىي دەۋرلەرگە بۆلۈش ھەمدە يېقىن تۇققان گۇرۇپپىلارغا ۋە ئەڭ يېقىن تۇققانلىقنى ئىپادىلەيدىغان تارماق گۇرۇپپىلارغا ئايرىشتا بارلىق تۈركىي تىللارغا ئەڭ ئورتاق بولغان قانۇنىيەتلەرنى بەلگىلەشكە ئائىت كەڭ كۆلەملىك تەييارلىق ئىشلىرىنى ئېلىپ بارماي بولمايدۇ. تۈركىي تىللارنى تارىخىي دەۋرلەرگە بۆلۈش بىلەن تۈرلەرگە ئايرىش ئىشى ھەممە تۈركىي تىللارغا ئورتاق بولغان تارىخىي سېلىشتۇرما گىرامماتىكىسىنى تۈزۈپ چىقىشنىڭ تەييارلىق ئىشىدىن ئىبارەت بولۇشى لازىم. شۇنداقلا، تۈركىي تىللارنىڭ ئايرىم گۇرۇپپىلىرى ۋە تارماق گۇرۇپپىلىرى بويىچە ئايرىم-ئايرىم سېلىشتۇرما گىرامماتىكىلارنى تۈزۈپ چىقىشنىڭمۇ ۋە ئايرىم-ئايرىم تارىخىي سېلىشتۇرما تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بېرىشنىڭمۇ تەييارلىق ئىشىدىن ئىبارەت بولۇشى لازىم.

بۇ تەتقىقاتنىڭ ئاپتورى تۈركىي تىللار تەرەققىياتىدىكى ئومۇمىي يۈزلۈك تارىخىي دەۋرلەرگە بۆلۈنۈشنىڭ دەسلەپكى ئەسخىمىسىنى ئىشلەپ چىقىش ئارقىلىق، بۇ تىللارنىڭ تەرەققىيات تارىخىغا بېرىلەشتۈرۈلگەن ئومۇمىي يۈزلۈك تۈرگە ئايرىش لايىھەسىنى تۈزۈپ چىقىپ، بۇ لايىھەدىكى مۇئەييەن فونېتىكىلىق، لېكسىكىلىق ۋە

گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلەر بويىچە بىرلەشكەن تىللارنىڭ ئەڭ ئومۇمىي ۋە ئەڭ ئوخشاش گۇرۇپپىلىرىنى، تارماق گۇرۇپپىلىرىنى بۇنىڭدىن كېيىن داۋاملىق تۈردە مۇزاكىرىگە قويۇش ۋە مۇئەييەنلەشتۈرۈشنى كۆزلەيدۇ. مەزكۇر ئەسەردىكى تۈركى تىللارنىڭ تۈرگە ئايرىلىشى بۇ تىللار گۇرۇپپىلىرىنىڭ ۋە تارماق گۇرۇپپىلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدا راۋاجلىنىۋاتقان قانۇنىيەتلەرنى ئېنىقلاش بىلەنمۇ، شۇنداقلا، ئايرىم گۇرۇپپىلارنىڭ، تارماق گۇرۇپپىلارنىڭ كونكرېت تۈركى تىللارنىڭ تەرەققىياتىدىكى ۋە شەكىللىنىشىدىكى خرونولوگىيەلىك ئىزچىللىقنى ئېنىقلاش بىلەنمۇ مۇرەككەپلىشىدۇ.

ئىزاھلار:

① ن. ئا. باسكاكوۋ «تۈركى تىللارنى تۈرگە ئايرىش مەسىلىسىگە دائىر» XI توم، 2 ـ نەشرى، موسكۋا، 1952 ـ يىلى.

② ن. ئا. باسكاكوۋ «سوۋېت خەلقلىرىنىڭ تىل تەرەققىياتى (تۈركى تىللار ئاساسىدا)»، («تىلشۇناسلىق مەسىلىلىرى» 1952، X3).

③ ن. ئا. باسكاكوۋ «تۈركى تىللارنىڭ تارىخىي تەرەققىيات ۋە تارىخىي شەكىللىنىشىگە ئاساسەن تۈرگە ئايرىلىشى» (توپلام «سوۋېت پەنلەر ئاكادېمىيىسى قارىمىغىدىكى تىلشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ تەتقىقاتلىرى» 1 ـ توم، موسكۋا، 1952).

④ تۆۋەندىكى كىتاپلار، مەزمۇن جەھەتتىن خىلمۇ-خىل بولسىمۇ، بۇ ئەسەرنىڭ تۈرىگە كىرىدۇ:

ن. ئى ئىلمىنسكىي «تۈرك ـ تاتار تىلى كۇرسىدىن دەسلەپكى ساۋات» («ئىمپېرىيىلىك قازان داشۆسىنىڭ ئىلمىي خاتىرىلىرى» 1861-يىل، III-IV كىتاپلار؛ پ. ئا. فالېيېۋ «تۈركىي ئەدەبىيات ۋە شۆسىلەرنى تەكشۈرۈشكە كىرىش سۆز»، تاشكەنت، 1922 ـ يىل؛ ئا. يى. كرىمسكىي، «تۈركلەر، ئۇلارنىڭ تىلى ۋە ئەدەبىياتى» 1 ـ توم، «تۈركىي تىللار» 2 ـ باسمىسى،

كىيېۋ، 1930 ـ يىل؛ ۋ. ئا. بوگورودىتىسكىي «تاتار تىلشۇناسلىغىنىڭ باشقا تۈركى تىللار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە كىرىش سۆز»، قازان، 1934 ـ يىل، ئىككىنچى باسمىسى، موسكۋا، 1953 ـ يىل؛

*A. Caferoglu "Türk dili tarihi notlari"*, *I* – III *Istanbul* 1943 — 1947; *M.Räsänen Ein Uber blik über die altesten Denkmalar der türkischen Sprachen* (*STo*, XIII, 1947); *W.K.Mathewis "Languages of the USSR"*, *Cambridge* 1951. *I.Benzing "Ein führung in das Studium der altaischen Philologie und der Turkologen"*, *Wiesbaden*, 1953; *St.Wurm "Turkic peoples of the USSR, their historical baskgroun, their languages and the development of Soviet linguistik poliy"*, *London*, 1954; *R.Loewenthol "The Turkie languages and literatures of Central Asia bibliographiy"*, *S-Grawenhage*, 1957; *"Philologie fundamenta," t.l, Wiesbaden*, 1959.

⑤ محمدبن للىحسين محمدبىن الكاشقەرى كىتاب دىۋان لغات الترك (دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك). بۇ لۇغەت ئەخمەت رىفئەت تەرىپىدىن ئىستامبۇلدا نەشر قىلىنغان 1 ـ 11، ھىجرىيە 1333 ـ يىل (1915)؛ 111 ·، ھىجىرىيە 1335 ـ يىل (1917). قارالسۇن: تۈركچە تەرجىمىسى: *Besim Atalay "Diwanulugat-it-Türk"*, *Tipki basim*, *Ankara*, 1941 (*Endeks, Ankara*, 1943). *C. Brockelman "Mittelturkischer Wortschat nach Mahmud alkasgaris Diwan lugat-at-turk"* (*BOH*, *I*, 1928).

⑥ قارالسۇن: موڭغۇل لۇغىتى «مۇقەددىمەتۇل ئەدەب» 1 ـ 11 قىسىم.

لار، («سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى قارىمىغىدىكى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ ئىلمىي ئەسەرلىرى»، XIV، موسكۋا ــ لېنىنگراد، 1938).

⑦ *W. Barthold "Ein Zamahsari-Handschrift mit alttürkischen Glossaren"* (*"Islamisa" woh*, II, *leipzig*, 1926 — 1927)·

⑧ *Th. Houtsma "Ein türkisch-arabisches Glossar" leiden*, 1894. (تولۇق ئېيتىلىشى: كتاب مجموع ترجمان تركى وعجمى ومغلى وفارس «كىتابى مەجمۇئۇ تەرجۇمان تۈركى ۋە ئەجەمى ۋە موغۇلى ۋە فارسى»).

⑨ ابوحيان اندلسى، كتاب الادراك العان الاتراك («كىتاپ ئەل ــ ئىدراك لى ــ لىسان ئەل ــ ئەتراك»). قارالسۇن: مۇستاپابەي تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان ئەبۇ ھەييانىنىڭ ئەسىرىگە ك. گۇئارتىنىڭ باھاسى *L. Bouwat "Une.* (*JA*,1892, *Ser.* VIII, *t.* XX) *grammarire turque du huitieme sieale del' Hegirele penetration das la langue des Turcs "dAbouHayyan al-Garnati"* (*"Actes du* XIV *congres international des orienualistes Alger,"* 1905, *t.* III, *Paris*, 1907).

بۇ يادىكارلىقنىڭ ئاخىرقى تولۇق باسمىسى: *A. Caferoglu "Abu-Hayyan, kitab al-Idrak li-lisan al-Atrak" Istanbul*, 1931, *V. Izbdak "El-Idrak hasiyesi," Istanbul*, 1936.

⑩ پ. م مېلىئورانسكىي، «ئەرەپ تىلشۇناسى تۈرك تىلى توغرىسىدا»، 1900. ئىبنى مۇھەننانىڭ بۇ ئەسىرى (جمال الدين ابن معنا، حلية السان وحلية البيان) تۇنجى قېتىم كىلىسلى رىفئەت تەرىپىدىن ئىستانبۇلدا، ھىجرىيە 1338 ــ 1340 ــ يىللىرى (مىلادى 1919 ــ 1921 ــ يىللىرى) نەشر

قىلىنغان ئىدى. سىلىشتۇرۇڭ: ئا. باتتال «ئىبنۇ ـ مۇھەننا لۇغەتى»، ئىستامبۇل، 1934.

⑪ س. يې. مالوۋ، «ئىبنى مۇھەننا تۈرك تىلى توغرىسىدا» 111 ـ توم، 2 ـ باسمىسى، 1928.

⑫ *A. Zajaozkowski, "Manuel arabe de la langue des Turcs et des kipîchaks Cepoque de I'Etat Mamelouk) Arabski podreoz nik jezyka Turkow i Kipczakow z epoki Panstwa Mameluckiego (Intioduction, Vocabulaire turcs-polonais-Francais, Texte) Warszawa,* 1938. *A. Zajaczkowski, "Slownik arabsko-kipczacki z okresu Panstwa Mameluckiogo," "Bulghat al-mustag Fi lughat at-Turk wa-I-Qifzaq," Czesc* II, *Verba, Warszawa,* 1954, *A. Zajaczkowski, "Vokabulaire arabe-kiptchak de lepoque de l'e tat Mamelouk," Czesc I, Warszawa,* 1958.

⑬ *Kilisli Rifat, "Al Qawanin al kulliyah lidabt allugat ul-turkiyah". Istanbul,* 1928 *S. Telegdi, Eine turkische Grammatik in arabyscher Sprache aus den* XV *jhdt(kcsA, I, Erganzangsband, H·* 3. 1937).

⑭ *Besim Atalay, "Ettuhfet-üz-zekiyye fil-lugat it-turkiyye" Istanbul,* 1945. *T. Halasi kun "La langue des kiptchaks d' apres un manuscrit arabe d' Istanbul", partie* II, *Budapest,* 1942.

⑮ *Ph. J. Stralenberg, Das noid-und ostliche*

*Theil von Enropa und Asya" Stokkholm*, 1730.

⑯ قارالسۇن: *Th. A.Sebeok, "The meaning of" Ural-al+aic" (Lingua", vol.* II. 2, *Haeilem-Holland*, 1950)· ھەم يەنە: م. رەسەنېن، «تۈركى تىللارنىڭ تارىخىي فونېتىكىسىغا دائىر ماتېرىياللار»، ئا. ئا. يولداشېۋ تەرجىمە قىلغان، ن. ئا. باسكاكوۋ تەھرىرلىگەن، موسكۋا، 1955.

⑰ قارالسۇن: س. ك. بۇلىچ، «روسىيەدىكى تىلشۇناسلىق تارىخىنىڭ ئوچېركى» 1-توم، 1904. 226-بەت.

⑱ س. ك. بۇلىچنىڭ يۇقۇرىدا كۆرسىتىلگەن ئەسىرىنىڭ 416-بېتىدىكى «......سېلىشتۇرما لۇغەتكە بېرىلگەن تۈركى تىللارغا دائىر تىلشۇناسلىق ئىلمىي ماتېرىياللىرىنىڭ ئەسلى نۇسخىلىرىغا ۋە شۇ لۇغەتكە قارالسۇن.

⑲ ئا. كازېمبېك، «تۈرك-تاتار تىلىنىڭ ئومۇمى گىراماتىكىسى»، قازان، 1846.

⑳ *I.Beresin, "Recherches sur les dialectes musulmans", I, Kazan*. 1848. ئى بېر يوزىن، «تۈرك خىرىستوماتىيىسى» 11، قازان، 1857. (سېلىشتۇرۇڭ: ئا. كىرىمىسكىي، «تۈركلەر، ئۇلارنىڭ تىلى ۋە ئەدەبىياتى» 1. «تۈركى تىللار»، 146-بەت.

㉑ *O. Bohtlingk, "Ueber die Sprache der Jakuten"* 1851.

㉒ ۋ. ۋ. رادلوۋ، «تۈركى قەبىلىلەرنىڭ خەلق ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر» 1-X توم، 1868—1904؛ ۋ. ۋ. رادلوۋ، «تۈركى تىللار لۇغىتىنىڭ تەجرىبىسى» 1888—1905، 1893—1911 *W.W. Radloff, "Phonetik der nordlichen Turksprachen" Leipzig*, 1882. *W. W. Radloff, "Einleitende Gedanken zur Darstellung der Morphologie der Turksprachen"*. («ئىمپېرىيىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ خاتىرىلىرى») VII توم، 7 № 1906.

يەنە قارالسۇن: ئى. ئا. بودۇئىندي كۆرتىنە، «ۋ. ۋ. رادلوۋنىڭ *"Einleitende Gedanken zur Darstellungd der Türksp-rachen"* ناملىق ئەسىرىنىڭ ئاق جايلىرىدا قالدۇرۇلغان خاتىرىلەر» («كۆز ئالدىمىزدا سۈرەتلىنىپ تۇرغان ئۆتمۈش زامانلار»، 111 ـ باسمىسى، 1909).

㉓ ل. بۇداگوۋ، «تۈركى ـ تاتار شېۋىلىرىنىڭ سېلىشتۇرما لۇغىتى»، 1 ـ 11، 1868 — 1871.

㉔ *H. Vambery, "Etymologysches Worterbuch der türko-tatarischen Sprachen," Leipzig,* 1878.

㉕ *J. Grunzel, "Die Vokalharmonie der altaischen Sprachen," Wien,* 1889, *J. Grunzel, "Entwuit einem vergleischenden Grammatik der altaischen Sprachen nebst einem vergleischenden Worterbuch," Leipzig,* 1885. *V. Gronbech, "Forstudier til tgrkisk Lydhistorie," Kopenhagen,* 1902. *H. Pedersen, "Turkische Lautgesetze" (ZDMG' L* VII, *H.* 3. 1903); *K. Foy, "Türkische Vokalstudien, besonders das Koktürkische und Osmanische betreffend (MSOSW, Bd,* III. 1900).

㉖ ن. ف. كاتانوۋ، «ئۇرەنخاي تىلىنى تەتقىق قىلىش تەجرىبىسى ۋە بۇ تىلنىڭ باشقا تۈركى تىللار بىلەن بولغان مۇھىم تۇققانلىق مۇناسىۋەتلىرى»، قازان، 1903.

㉗ تەنقىدي باھالار: پ. مېلىئورانسكي *ЗВОРАО* XV توم، 4 ـ باسمىسى، 1904)، م. هارتمان (*OLZ* 1905، 1 №)؛ *B. Munkacsi* (V, 1, 1904). ئاپتور ئەسلىدە، تەنقىتچىلەر تەرىپىدىن ئۇنىڭغا تېڭىلغان

مەسلىلەرنى ھەل قىلىشنى كۆزلىمىگەن، چۈنكى تۈركى تىللارنىڭ ھەقىقى تارىخىي سېلىشتۇرما گىراماتىكىسى بۇندىن كېيىنكى يەنە بىرقانچە ئەۋلات تۈركولوگلارنىڭ ھەل قىلىشىغا قاراشلىق مەسىلە بولۇپ تۇرماقتا.

㉘ ف. يى. كورش، «غەربىي تۈرك تىللىرىدا پېئىللاردىكى ھازىرقى زاماننىڭ ياسىلىشى» («قەدىمقى شەرق»، 111 توم، 1 ـ باسمىسى، م، 1907)؛ *W·Bang, "Studien zur vergleichenden Grammatik der Türksprachen,"* Berlin, 1916. *W. Bang, "Monographien zur turkischen Sprachgeschichte,"* Heidenberg, 1918. *C. Brockelmann, "Zur Grammatik des Osmanisch-Türkischen", (ZDMG, Bd. LXX,* 1916); *C. Brockelmann "Türkologysche Studien"* (1920).

㉙ پ. م. مېلىئورانسكىي، «ئەرەپ تىلشۇناسى تۈرك تىلى توغرىسىدا»، پ. م مېلىئورانسكىي، «كۆل تېگىن مەڭگۈ تېشى» (XII ЗВОРАО توم، 2 ــ 3 ـ باسمىسى، 1899) ۋە باشقىلار. س. يې. مالوۋ، «قەدىمقى تۈركى يېزىق يادىكارلىقلىرى»، م. ل. 1951؛ س. يې. مالوۋ، «تۈركلەرنىڭ يېنىسەي يېزىغى»، م. ـل. 1952؛ س. يې. مالوۋ، «موڭغۇلىيە ۋە قىرغىزىستاندىكى قەدىمقى تۈركى يېزىق يادىكارلىقلىرى». موسكۋا ـ لېنىنگراد. 1951. *C. Brockelmann, "Ali s Qissa-i-Jusuf, der alteste Vorlaufer der osmanischen Literatür" (ABAW. Jahrgang* 1916. *Phil-hist. Klasse,* 1917).

㉚ *J. Deng, "Langues turques, langues mongoles et langues tongouses. Les langues du monde par un groupe de linguistes sous le direction de A. Meillot et M. Cohen", Paris,* 1924. (1952). *A. Sauvageot, "Ural-Altaic languages" ("Encyclopedia Britanica"*

XXII, 1929). E. *Lewy*, "*Die Türksprachen*" (*M. Heepe*, "*Lautzeichen und ihre Anwendung in werschiedenen Sprachgebieten*," *Berlin*, 1928.

㉛ ۋ. بوگورودىتسكىينىڭ «تۈرك ـ تاتار تىلشۇناسلىغىغا كىرىش سۆز».
ھەم شۇنىداقلا «تاتار ۋە تۈرك تىلشۇناسلىغىغا دائىر ئېتيۇدلار» ناملىق
كىتاپلىرىغا كىرگۈزۈلگەن ماقالىلىرى، قازان، 1933. يى. د. پولىۋانوۋنىڭ
ئەسەرلىرى: «ئوموميي تۈرك ئاتا تىلىدىكى سوزۇلما سوزۇق تاۋۇشلار توغرىسىدا» (1927). «ئوموميي تۈرك تىلىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ سوزۇلمىلىغى
ھەققىدىكى مەسىلىگە ئائىت» (ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىك داشۆسىنىڭ ژورنىلى)،
تاشكەنت، 1933، ۋە بەزى چەتئەل ئالىملىرىنىڭ تەتقىقاتلىرى، مەسىلەن: ۋ.
بانگ، يۇ. نەمەت ۋە باشقىلار.

㉜ *M. Rasanen*, "*Materialyen zur Lautgeschichte der türkischen Sprachen*" (*STO*, XV. 1949); *M. Rasanen*, "*Materyalien zur Morphologie der türkischen Sprachen*" (*Sto*, *t*, XXI, 1957).

㉝ *K. Gronbech*, "*Der türkische Sprachbau*," I, *Kopenhagen*, 1936.

㉞ *A.C.* Emre "*Türk lehcelerinin mukayesli grameri*," *I*, *Fonetik*, *Istanbul*, 1949, *A. C.* Emre, "*Türkcenin yapilişi*", *Istanbul*, 1942.

㉟ *A. Caferoglu*, *Türk dili tarihi notlari*," I–II, *Istanbul*, 1943—1947.

㊱ قارالسۇن: ب. يا. ۋلادىمىرتىسوۋ، «موڭغۇل ئەدەبىي تىلى بىلەن خالخاس
شېۋىسىنىڭ سېلىشتۇرما گىراماتىكىسى» لېنىنگراد، 1929.

㊲ *G. J. Ramstedt*, "*Einführung in die altaische*

*Sprachwissenschaft*", *Helsinki*, I – 1957; II – 1952; گ، ئى
رامستېدت، «ئالتاي تىلشۇناسلىغىغا كىرىش سۆز» II، ن. ئا. باسكاكوۋ
مۇھەررىرلىگىدىكى ل.س. سىلونىم تەرجىمىسى، موسكۋا، 1957.

㊳ ۋ. كوتۋىچ، «ئالتاي تىللىرىغا دائىر تەتقىقاتلار» *W. Kotwicz*
(*RO* XVI توم، 1953؛) "*Les phonoms duns les lanques*
*altaiques*", *Krakow*, 1936.

# تۈركى تىللارنىڭ تەرەققىياتى ۋە شەكىللىنىشى

## مۇقەددىمە

تىللارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرىنى تەكشۈرگۈچى تەتقىقاتچىلار-نىڭ ئەسەرلىرىدە تىلنىڭ تەرەققى قىلىشى ۋە مۇكەممەللىشىشى خەلقنىڭ ئىجتىمائى تۇرمۇشىنىڭ تەرەققى قىلىشى ۋە مۇرەككەپلىشىشگە زىچ، بىۋاستە بېقىندىغانلىغى تەكرار تەكىتلەنگەن.

ئىپتىدائى قەبىلىلەرنىڭ لۇغەت تەركىۋى نامرات بولغان ۋە گىراماتىكىلىق قۇرۇلۇشى مۇكەممەللەشمىگەن تىللىرى جەمىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ قەبىلىلەر ئىتتىپاقلىرىنىڭ، خەلقلەرنىڭ، مىللەتلەرنىڭ تىللىرىغا ئايلىنىپ، باي لۇغەت تەركىۋىگە، ئەپچىل ۋە مۇكەممەل گىراماتىكىلىق قۇرۇلۇشقا ئىگە بولغان تىللارنى شەكىللەندۈرۈپ مۇكەممەللىشىدۇ ۋە بېيىيدۇ.

تارىخىي مەنبەلەر ۋە مەدەنى يادىكارلىقلار بىزنى باشلانغۇچ جەمىيەت ۋە ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىدىكى تىللار توغرىسىدا ھېچقانچە ئىشەنچلىك ۋە ئېنىق مەلۇماتلارغا ئىگە قىلمىدى. ئۇ تىللارنىڭ خاراكتېرىنى بىز پەقەت بىرەر قەبىلە ۋە خەلقنىڭ دىيالېكت تىلىرىنى ۋە شىۋىلىرىنى قېتىقىنىپ تەكشۈرۈشتەك ۋاستىلىق يوللار بىلەن تەسە-

ۋۇر قىلىشىمىز مۇمكىن. لېكىن، كېيىنكى دەۋرلەردىكى يىرىك قەبىلىلەرنىڭ ۋە قەبىلىلەر ئىتتىپاقلىرىنىڭ تىللىرى ھەققىدىكى مەلۇماتلار ۋە بۇ تىللارنىڭ مەدىنىي يادىكارلىقلىرى ئىلىم-پەن ساھەسىدە خېلى تولۇق تونۇشتۇرۇلغان. بۇ جەھەتتىن ئېيتقاندا، قەبىلىلەرنىڭ ۋە قەبىلىلەر ئىتتىپاقلىرىنىڭ تىللىرىنى تارىخىي سېلىشتۇرما ئۇسۇلىنى قوللىنىپ تەتقىق قىلىش ئىشىنى تۈركى، موڭغۇل، فىن-ئۇگور تىللىرىنىڭ ۋە بەزى باشقا تىللارنىڭ ماتېرىياللىرىغا ئاساسلىنىپ نەتىجىلىك ھالدا ئېلىپ بېرىشقا بولىدۇ. بۇ يەنە شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئاسان بولىدۇكى، بۇ خەلقلەر جەمئىيىتىنىڭ ئۇرۇق-قەبىلە تۈزۈمىنىڭ قالدۇقلىرى تېخى يېقىنقى بىر زامانلارغىچىلا تارىخ يۈزىدە ساقلىنىپ كەلگەن ئىدى.

مەزكۇر ئەسەردە بىزمۇ خۇددى شۇنداقلا، تارىخنىڭ چېكى دەپ ئاتاشقا بولىدىغان، تۈركى خەلقلەرنىڭ تارىختا مەلۇم بولغان ئۇرۇق-قەبىلە ئىتتىپاقلىرىنىڭ راۋاجلىنىش دەۋرى بىلەن، يەنى تەخمىنەن مىلادى VI ئەسىردىن باشلانغان دەۋر بىلەن چەكلىنىمىز. كونكرېت تىل پاكىتلىرىنىڭ تەتقىقاتى شۇ تىلدا سۆزلەشكۈچى خەلقنىڭ رېيال تارىخىنىڭ تەتقىقاتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن شارائىتتا، تارىخىي سېلىشتۇرما ئۇسۇلىنى دەل مۇشۇ دەۋرگە ئىشلىتىش ئەڭ مۇۋاپىق بولىدۇ.

قەبىلە ئىتتىپاقلىرىنىڭ شەكىللىنىش جەريانى، تۈرلۈك ئۇرۇق ۋە قەبىلىلەرنىڭ قوشۇلۇش، پارچىلىنىش، يىمىرىلىش جەريانلىرى، شۇنداقلا تىللارنىڭ ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش جەريانلىرى قەبىلىلەر تىللىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدا، كېيىنچە خەلقلەر ۋە مىللەتلەر تىللىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدا شېۋىلەر، دىيالېكتلار ۋە گوۋورلارنىڭ

بارلىققا كېلىشكە سەۋەپ بولدى. ھالبۇكى، مۇئەييەن ئۇمۇملۇقتا
(قەبىلە، خەلق ئىتتىپاقلىرىدا) بۇنداق شۇئېلەر دىيالېكىتلار ۋە
گوۋورلار ھەرقايسى قەبىلە، خەلق ياكى مىللەتنىڭ بىرلىككە كەل-
گەن ئۇمۇمى تىلىغا مۇناسىپ ھالدا بويسۇندى ۋە ئاشۇ بىرلىككە
كەلگەن تىل تەرەپپىدىن رەتكە سېلىنىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن
بىللە، يەرلىك دىيالېكىتلار ياكى كەڭرەك رايونلارنىڭ دىيالېكىت-
لىرى تىلنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ نەتىجىسى، ئۇرۇق ۋە قەبىلە
تىللىرىنىڭ بىرلىشىشى ھەم يىمىرىلىشىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۆز
لۇغەت تەركىۋىنىڭ ۋە گىراماتىكىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ ئالاھىدە
خۇسۇسىيەتلىرىنى ساقلاپ قالدۇ. يەرلىك دىيالېكىتلارنىڭ ئەنە
شۇنداق ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلىرى خەلقىنىڭ ياكى مىللەتنىڭ
شەكىللىنىش جەريانىدا خەلق تىلىغا ياكى مىللەت تىلىغا ئاساس
بولۇپ بەردى ۋە باشقا يەرلىك دىيالېكىتلارنى ئۆز تەسىرى ئاستىغا
ئېلىنىشىغا ھەم رەتكە سېلىنىشىغا مۇمكىنچىلىك بەردى.

شۇنداق قىلىپ، قەبىلە، خەلق ۋە مىللەت تىلىنىڭ تەرەققىيات
جەريانى مۇئەييەن تىللار ئۇمۇملۇغىنىڭ ئىزچىل تۈردە بىرلىشىش ۋە
پارچىلىنىش جەريانىدۇر. بۇ جەريان ئۆز نۆۋىتىدە قەبىلە، قەبىلە-
لەر ئىتتىپاقى ۋە خەلقلەرنىڭ بىرلىشىشى ۋە پارچىلىنىشىغا مۇناسى-
ۋەتلىكتۇر، يەنى شۇلارنىڭ تىللىرىنىڭ بىرلىشىش ۋە پارچىلىنىش
جەريانى خەلقنىڭ مىللەت دەرىجىسىگە كۆتىرىلىپ، شۇ تىلنىڭ
بولسا خەلق تىلىدىن مىللەت تىلىغا كۆتىرىلىش جەريانىدۇر. قەبى-
لەر، قەبىلىلەر ئىتتىپاقلىرى ۋە خەلقلەرنىڭ مۇنداق بىرلىشىش ۋە
پارچىلىنىش جەريانىدا مەلۇم بىر دىيالېكىتنىڭ بىراقلا مۇستەقىل
بىر مىللى تىل دەرىجىسىگە كۆتىرىلىشىدەك ئۇدۇل جەريانلارمۇ

بولۇشى مۇمكىن ياكى يەرلىك دىيالېكتلار ئۆز ئالدىغا ئايرىم بولغان باشقا بىر تىلنىڭ شەكىللىنىشىنىڭ باشلىنىشى بولۇپ قالىدىغان ئەكس يۈنىلىشتىكى جەريانلارمۇ بولۇشى مۇمكىن.

قەبىلىلەر تىللىرى ۋە خەلقلەر تىللىرى تەرەققىياتىدىكى بۇنداق ئۇدۇل ۋە ئەكس يۈنىلىشتىكى جەريانلار تۈركى تىللاردىمۇ بولغان. تۈركى تىللارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىگىنىڭ تەرەققىيات جەريانى (مىلادىدىن 3 ئەسىر بۇرۇنقى خەلقلەر توغرىسىدىكى دەسلەپكى مەلۇماتلاردىن تارتىپ مىلادى VI ئەسىردىن تاكى مىلادى XV ـ XVI ئەسىرلەرگىچە بولغان خېلى مۇپەسسەل مەلۇماتلارغىچە) قەبىلىلەر، قەبىلىلەر ئىتتىپاقلىرى ۋە ئاخىرىدا خەلقلەرنىڭ بىرلىشىشى ۋە پارچىلىنىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان.

قەبىلىلەر ۋە قەبىلىلەر ئىتتىپاقلىرىنىڭ، كېيىنچىرەك بولسا، پۈتۈن ـ پۈتۈن خەلقلەرنىڭ تەدرىجى يوسۇندا بىرلىشىش ۋە پارچىلىنىش جەريانلىرى باشقا قەبىلىلەر تىللىرى بىلەن ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش ئامىللىرى تۈپەيلى مۇرەككەپلەشكەنلىكتىن راۋاجلىنىش تەكشى بولمايدۇ. بەزى قەبىلىلەر، قەبىلىلەر ئىتتىپاقلىرى ۋە خەلقلەر ئۆزلىرىنىڭ بىرلىگىنى باشقىلارغا نىسبەتەن ئۇزاقراق ساقلاپ قالدى. تەرەققى قىلىپ ئورنى كۆتىرىلىۋاتقان قەبىلىگە بىۋاستە يېقىن بولغان قەبىلە ۋە ئۇرۇقلارنىڭ تىللىرى شۇ ئۆسۈۋاتقان قەبىلە تىلىغا خېلى زور دەرىجىدە ماسلاشتى. چەت جايلاردىكى يىگانە قەبىلىلەر بولسا، يۈكسىلىپ چىقىۋاتقان قەبىلە تىلىنىڭ تەسىرىگە ئانچە كۆپ يولۇقمىدى.

باشقا تىللاردا سۆزلەشكۈچى خەلقلەر بىلەن بولغان بىۋاستە ۋە يېقىن ئالاقىلارمۇ قەبىلىلەر ۋە خەلقلەر تىللىرى تەرەققىياتىدىكى بىر

مۇھىم ئامىل بولغان ئىدى. شۇنىڭ نەتىجىسىدە بۇ تىللارنىڭ ئوخشاشمىغان دەرىجىدىكى ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىشى ۋۇجۇتقا كەلـ-دى. ئەمما ئۆزئارا تەسىر ۋە چېتىشىش جەريانلىرى، ئادەتتە، بىر تىلنىڭ يەنە بىر تىل تەرىپىدىن يۇتۇۋېلىنىشىدىن ئىبارەت بولغان ئۆزىنىڭ تولۇق ۋە مەنتىقى، تاكامۇللىشىش دەرىجىسىگىچە بېرىپ يېتەلمىدى، بەلكى بەلگىلىك بىر باسقۇچقا بارغاندا، تۈرلۈك ئىقتىسادىي، سىياسى ۋە باشقا سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن ئۈزۈلۈپ قالدى ھەمدە ئۆزئارا چېتىشۋاتقان تىللارنىڭ ھەرقايسىسى ئۆزىنىڭ ئىچكى قانۇنىيەتلىرى بويىچە تەرەققى قىلىشىنى داۋاملاشتۇردى. تىللارنىڭ بىر بىرىگە مۇنداق ۋاقىتلىق تەسىر كۆرسىتىشى تۈركى تىللارنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىمۇ كۆپ ئۇچرايدىغان ھادىسە. مىسال ئۈچۈن بەزى ئالتاي تىللىرىنى ئالساق، بۇ تىللار گەرچە ئۇزۇن زامانلار-غىچە موڭغۇل تىلىنىڭ تەسىرى ئاستىدا تۇرغان بولسىمۇ ۋە بۇ تىللارغا زور مىقداردىكى موڭغۇلچە ئالامەتلەر سىڭگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئۆزىنىڭ تۈركى ئاساسىنى ساقلاپ قالدى.

تۈركى تىللارنىڭ تەرەققىيات جەريانىدىكى مۇشۇنداق ئالاھىدى-لىكلىرى كۆپ ساندىكى ھازىرقى زامان مىللى تىللىرىنىڭ، خەلق-لەر تىللىرىنىڭ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى دىيالېكتلار-نىڭ ۋە گوۋورلارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەپ بولدى. ھازىرقى زاماندىكى تۈركى مىللەتلەرنىڭ ۋە خەلقلەرنىڭ تىللىرى، بىر پۈتۈن تۇققان تىللار گۇرۇپپىسى سۈپىتىدە، قەدىمقى قەبىلە ۋە ئۇرۇقلار-نىڭ تىللىرىدىن كېلىپ چىققان ھازىرقى زاماندىكى تۈركى تىللار تۈرلۈك ئۇرۇق-قەبىلە ئىتتىپاقلىرى ۋە ئومۇملۇقلىرى ئىچىدىكى تىللار تەرەققىياتىنىڭ تارىخي جەريانىنىڭ نەتىجىسىدۇر. ئۇرۇق-

قەبىلە ئىتتىپاقلىرى ۋە ئومۇملۇقلىرى ئىچىدىكى تىللار ئۆزلىرىنىڭ ئالاھىدە ئىزلىرىنى ۋە ئالامەتلىرىنى قالدۇرۇپ، ھازىرقى زاماندىكى ھەرقايسى تىللارنىڭ خاراكتىرلىق پەرقلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

شۇنىڭ بىلەن ھەر بىر قەبىلە ۋە خەلقنىڭ تىلى «پەقەت دىيالېكتىلىرى بىلەنلا پەرقلىنىدىغان ئورتاق تىل سۈپىتىدە (قەبىلىلەرنىڭ. — ن. ب) كېلىپ چىقىش جەھەتتىكى بىرلىكىنىڭ ئىپادىسى ۋە دەلىلى بولدۇ»①.

تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا، بىر ئورتاق تۈركى ھۇل تىلدىن كېلىپ چىققان تۈركى تىللارنىڭ بۇنداق قەدىمقى ئومۇملۇغى لۇغەت تەركىۋىنىڭ ئورتاق بولغان نېگىزلىك يادروسىدا ۋە ئورتاق گىراماتىكىلىق قۇرۇلۇشىدا ئىپادىلىنىدۇ.

بىراق، ئايرىم كونكرېت تۈركى تىللار ئۆز تەرەققىياتى جەريانىدا ھەر خىل قەبىلىلەر ئىتتىپاقلىرىنىڭ تىل ئومۇملۇقلىرىغا كىرىپ، بىر تەرەپتىن، مۇشۇ تىل ئومۇملۇقلىرىدىكى تىللارغا ئورتاق بولغان خۇسۇسىيەتلەرنى كۆرسىتىدىغان ئالامەتلەرنى شەكىللەندۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، مۇشۇ قەبىلە ئىتتىپاقىنىڭ تىلى بىلەن شۇ تەرىقىدە پەيدا بولغان باشقا تىل ئومۇملۇقلىرىدىكى تۈركى تىللار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەرنى شەكىللەندۈردى. دېمەك، ھەر بىر تۈركى تىل ئۆزىنىڭ قەدىمقى ئاساسىغا ئىگە، يەنى ئۆز لېكسىكىسىنىڭ ۋە گىراماتىكىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ ئورتاق خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە، يەنى شۇ تىل ئۆزىنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا ۋە تۈرلۈك قەبىلىلەر ئىتتىپاقلىرىنىڭ تىل ئومۇملۇقلىرىغا كىرىش جەريانىدا ھاسىل قىلغان ئۆزىگە خاس ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە. بۇنداق قەبىلىلەر ئىتتى-

پاقلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدا، ھەر بىر بەلگىلىك قەبىلىلەر ئىتتىپاقىغا ئورتاق بولغان ۋە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان تىللارمۇ ئۆز يولى بىلەن تەرەققى قىلىۋەرگەن. ھەر بىر قەبىلە ياكى قەبىلىلەر ئىتتىپاقىغا ئورتاق بولغان ھەر بىر تىل تارىخىي يوسۇندا پەيدا بولغان ئايرىم ئومۇملۇقلىرىدىكى ئۇرۇق ۋە قەبىلىلەر مۇھىتىدا شەكىللەنگەن ھەمدە ئاشۇ ئومۇملۇقنىڭ تەر-كىۋى قىسمى بولۇپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ باشقا تۈركى تىللار بىلەن بولغان نەسەبلىك مۇناسىۋەتلىرىنى بەلگىلەيدىغان ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغان.

شۇنداق قىلىپ، مۇئەييەن خەلقنىڭ قايسى قەبىلىلەر ئىتتىپاق-لىرىغا تەۋە ئىكەنلىكىنى، بىر تەرەپتىن، ھەر بىر مۇئەييەن خەلقنىڭ ئۇرۇق-قەبىلە تەركىۋىدىكى ئۆز نەسلىگە ۋارىسلىق قىلىش ئەھ-ۋالىدىن بىلگىلى بولىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، شۇ خەلقنىڭ قايسى بىرلەشمىلەرگە قوشۇلۇپ بارغانلىقىنى ئېنىقلاشقا ئىمكان بېرىدىغان بەزى نۇقتىلىق تىل ئالاھىدىلىكلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش ئەھۋالىدىن بىلگىلى بولىدۇ. دېمەك، تىل مۇشۇ ئائىلىدىكى ياكى گۇرۇپپىدىكى باشقا تىللاردىن ئۆزىنى پەرقلەندۈرىدىغان ھەممە ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا ۋە ئۆزىنىڭ تۈرلۈك ئومۇملۇقلارغا كىرىش-تىكى تەپسىلى جەريانىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ھەممە ئالاھىدىلىك-لىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا، مۇشۇ خەلقنىڭ كېلىپ چىقىشىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئەڭ ئاساسلىق ئالامەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. بۇنىڭدىن مۇستەسنا بولىدىغانلار پەقەت ئارىلىشىپ كەتكەن ۋە چېتىشىپ كەتكەن قەبىلە ۋە خەلقلەردىن ئىبارەت. ئۇلار ئۆز تەركىۋىدە باشقا يات ئائىلە، گۇرۇپپا ۋە تارماق گۇرۇپپا

تىللىرىغا تەئەللۇق ئاساسلارغا ئىگە بولۇپ، بىرەر تۈركى تىل تەرە-
پىدىن مەغلۇپ قىلىنغان (مەسىلەن: قاراغاس، تۇۋالارغا ئوخشاش
تۈركى خەلقلەرنى سىڭدۈرۈشتۈرۈڭ).

ھەر بىر كونكرېت قەبىلىلەر ئومۇملۇغىنىڭ ئورتاق تىلى ياكى
ھۆل تىلىنىڭ ماھىيىتى ئەنە شۇنىڭ بىلەن بەلگىلىنىدۇ. ھەر بىر
تۈركى تىلغا ۋە تۈركى تىللارنىڭ ئايرىم كىچىك گۇرۇپپىلىرىغا
نىسبەتەن ئېيتقاندا، ھۆل تىل چۈشەنچىسى نىسبى ئۇقۇمدۇر، چۈن-
كى كونكرېت تۈركى تىللارنىڭ تەرەققىيات يوللىرى بىر بىرىگە
ئوخشىمايدۇ. مەسىلەن: قارا قالپاق تىلىنىڭ ھۆل تىلى، ئەڭ ئالدى
بىلەن، تەخمىنەن XIV ئەسىردىن XVI ئەسىرگىچە مەۋجۇت بولغان
قىپچاق-نوغاي تۈركۈمىنىڭ ياكى تارماق گۇرۇپپىسىنىڭ ئورتاق
تىلى ئىدى. ئەمدى، مۇشۇ تارماق گۇرۇپپىنىڭ ھۆل تىلى بولسا،
تارىخىي جەھەتتىن قارىغاندا، IX-XIII ئەسىرلەردىكى قىپچاقلارنىڭ
ياكى قىپچاق تۈركۈمىنىڭ ئورتاق تىلى ئىدى. قىپچاق تۈركۈمى
ئۆز نۆۋىتىدە تارىخىي جەھەتتىن غەربىي ھونلارنىڭ تەركىۋىگە
كىرەتتى، يەنى ھون تۈركۈمىنىڭ تەركىۋى قىسمى ئىدى. ھالبۇكى،
ھون تۈركۈمى يالغۇز تۈركى قەبىلىلەردىنلا تەركىپ تاپقان بولۇپ
قالماستىن، بەلكى يەنە ئالتاي تۈركۈمىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان
موڭغۇل ۋە تۇنگۇس-مانجۇ قەبىلىلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان دەپ
قارىلىدۇ. ئالتاي تۈركۈمى بولسا، ئەڭ قەدىمقى زامانلاردا ئۇنىڭ-
دىنمۇ كەڭرەك تۈركۈمگە تەۋە ئىدى.

شۇنداق قىلىپ، ھۆل تىل ھەر بىر كونكرېت تۈركى تىل ئۈچۈنلا
نىسپىي ئۇقۇم بولۇپ قالماستىن (تىل تەرەققىياتىنىڭ خېلى
كېيىنكى باسقۇچلىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا)، بەلكى يەنە، مۇئەييەن

گۇرۇپپا ياكى تارماق گۇرۇپپىدىكى تىللارنىڭ تەرەققىياتى جەريانى-
دىكى ھەر بىر تارىخىي دەۋرگە نىسبەتەن ئېيتقاندىمۇ نىسپىي ئۇقۇم-
دۇر. دېمەك، تىلنىڭ قەدىمقى لېكسىكىلىق ۋە گىراماتىكىلىق
پاكىتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەشتە، ئۇ پاكىتلارنىڭ قانداقتۇر ھەم-
مىگە ئورتاق ئاتا تىل بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنى ئەمەس،
بەلكى شۇ پاكىتلارنىڭ ئېنىق ۋاقتىنى ۋە مۇئەييەن تارىخىي دەۋر
بىلەن، مۇئەييەن ئومۇملۇق بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنى ئەستا-
يىدىل ئېنىقلاپ چىقىش زۆرۈر.

ئۇنىڭدىن باشقا، ھازىرقى زاماندىكى ھەر بىر تۈركى تىل ھەر-
قايسى دەۋرلەردە ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئۆزگە تىللارنىڭ تەسىرىگە
يولۇقۇپ كەلگەن بولۇپ، ھەر بىر تۈركى تىل ئاشۇ ئۆزگە تىللار
بىلەن بەلگىلىك قەبىلىلەر ئىتتىپاقىدىكى قەبىلىلەر نىسبىتىنىڭ
ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ۋە مۇشۇ قەبىلە ياكى ئۇرۇقنىڭ باشقا قەبى-
لىلەر ئومۇملۇغىغا ئۆتۈپ كىتىش ئەھۋاللىرىغا ئەگىشىپ، ۋاقتى-
ۋاقتىدا ئۈزۈلۈپ تۇرغان ھەمكارلىقتا بولۇپ كەلگەن ئىدى. مۇئەي-
يەن ئومۇملۇقتا بۇنداق ۋاقىتلىق تەۋەلىك ۋە باشقا تىللار بىلەن
بولغان بۇنداق ۋاقىتلىق ھەمكارلىق قەبىلىنىڭ ئايرىم دىيالېكتى
ياكى تىلنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىگە ئۆزگىرىش كىرگۈزمەسلىكى مۇمكىن
ئەمەس ئىدى. لېكىن، بىر تۈركۈمگە ۋاقىتلىق تەۋە بولۇش ھادى-
سىسى يەنە شۇ تىلدا مۇشۇ قەبىلىلەر تۈركۈمىنىڭ تەركىۋىدىكى
بارلىق تىللارنىڭ خاراكتىرلىق ئىز تامغىسىنى قالدۇردى. شۇنىڭ
بىلەن، مۇشۇ تىلنىڭ ياكى دىيالېكتىنىڭ قايسى تىل تۈركۈمگە كىر-
گەنلىگىنى ئېنىقلاشقا ئىمكان بېرىدىغان ئورتاق خۇسۇسىيەتنى سىڭ-
دۈردى. بۇنداق ئەھۋال تەبىئى ھالدا تىلنىڭ لۇغەت تەركىۋىدە

ۋە گىراماتىكىلىق قۇرۇلۇشىدا ئەكس ئەتتى.

ئايرىم قەبىلىلەر تىللىرىنىڭ ئارىسىدىكى بۇنداق ۋاقىتلىق ھەمكارلىقلار ۋە باغلىنىشلار بىر تەرەپتىن، شۇ تىللارنىڭ تۇرلۇك قەبىلىلەر ئىتتىپاقلىرىغا قوشۇلۇش جەريانىدا ئىگە بولغان ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ قايتىدىن تەرتىپكە سېلىنىشىغا تۇرتكە بولۇپ، بۇ تىللارغا ئورتاق خۇسۇسىيەتلەرنى بەخش ئەتتى، يەنە بىر تەرەپتىن، موشۇ تىل ياكى دىيالېكتىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىچكى قانۇنىيەتلىرى بويىچە تەرەققىي قىلىشى داۋامىدا باشقا تىل ئومۇملۇقلىرى بىلەن بولغان پەرقلەرنى كەلتۇرۇپ چىقارغان ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلەرنىمۇ ۋۇجۇتقا كەلتۇردى. ھەرقايسى تىللار ۋە دىيالېكتلارنىڭ ئارىسىدىكى بۇنداق پەرقلەر ھازىرمۇ مەۋجۇت بولۇپ، بۇ پەرقلەر بىر تىلنىڭ شۇ ئائىلىدىكى باشقا تىللارغا نىسبەتەن ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىگىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە شۇنىڭغا دىققەت قىلىش لازىمكى، تىللار ۋە شېۋىلەرنىڭ كېيىنكى قەبىلىلەر ئىتتىپاقلىرىغا قوشۇلغاندىكى ئورتاق خۇسۇسىيەتلىرى ئىككىنچى، ئۈچىنچى ئورۇنلاردا تۇرىدىغان ۋە ئۇنىڭدىنمۇ كېيىنكى ئورۇنلاردا تۇرىدىغان ئورتاق خۇسۇسىيەتلەر بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. چۈنكى تىللار گۇرۇپپىسىغا ياكى تىللار ئائىلىسىگە يېڭىدىن قوشۇلغان تىللارنىڭ ئەسلىدىكى تۇپكى ئورتاقلىغى شۇ تىللارنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى ئورتاقلىغىدىن قوبۇل قىلىنىپ ئۆزلەشتۇرۇلۇپ بولغان.

يەنە شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش لازىمكى، بەلگىلىك قەبىلىلەر ئىتتىپاقى ياكى خەلقنىڭ تىلىدىكى ئورتاق خۇسۇسىيەتلەرنىڭ شەكىللىنىش تېزلىگى ۋە قايتىدىن تەرتىپكە سېلىنىش دەرىجىسى شۇ قەبىلىلەر ئىتتىپاقى ياكى خەلقنىڭ تۇرمۇشىدىكى ئىگىلىك سىس-

تېمىسىغا بىۋاستە باغلىق بولىدۇ. مەلۇمكى، چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان كۆچمەن تۈركى خەلقلەر ئۆز تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆپرەك دەرىجىدە قايتىدىن تەرتىپكە سالغان. شۇڭا، ئۇلارنىڭ تىلىدىكى دىيالېكتلارنىڭ ئۆزئارا پەرقى كۆپ ئەمەس. ئەمما، بۇنىڭ ئەكسىچە، دىخانچىلىقنى ئاساس قىلىپ ئولتۇراقلاشقان تۈركى خەلقلەر ئۆز دىيالېكتلىرىنىڭ ئىچىدە كۆپرەك دەرىجىدىكى پەرق-لەرنى ساقلاپ كەلگەن ھەم ساقلاپ كەلمەكتە. بۇ پەرقلەرنىڭ قايتىدىن تەرتىپكە سېلىنىشى بىرقەدەر ئاستا سۈرئەتتە ئېلىپ بېرىلماقتا. بۇ جەھەتتە، بىر تەرەپتىن، دىيالېكتلىرىنىڭ ھېچقانچە پەرقى بولمىغان قازاق تىلى، يەنە بىر تەرەپتىن، تا ھازىرقى زامان-غىچە مۇستەھكەم ساقلىنىپ كېلىۋاتقان دىيالېكتلار ئارا كەسكىن پەرقلىرى بىلەن خاراكتېرلىنىدىغان ئۆزبەك ياكى ئۇيغۇر تىللىرى بۇنىڭغا روشەن مىسال بولالايدۇ. بۇ جەھەتتىن سۆز ئاچقاندا، بۇ خەلقلەرنىڭ تەرەققىياتىدىكى ئوخشاشمىغان ئىجتىمائى فورمىلارنى نەزەردە تۇتۇش لازىم ئەلۋەتتە، يەنى قازاقلار تېخى XX ئەسىر-نىڭ باشلىرىغىچىلا ئۇرۇق-قەبىلە تۈزۈمىنى ساقلاپ كەلگەن. ۋاھا-لەنكى، ئۆزبەكلەر ۋە بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىنىڭ قالدۇقلىرىنى ئاللىقاچان تۈگىتىپ، ئۇزاق مۇددەتلىك فېئودالىلىق دەۋرىنى بېسىپ ئۆتكەن. شۇنىڭ نەتىجىسىدە، قازاق، قارا قالپاق، ئالتايلىقلار ۋە باشقا خەلقلەرنىڭ پۇختا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئۇرۇق-قەبىلە مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئەكسىچە، ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ ئۇرۇق ۋە قەبىلە تەۋەلىكىنى ئۇنتۇپ كەتكەن بولۇپ، مەلۇم يۇرت ياكى شەھەرگە قارىتىلغان نام-ئاتالغۇلارنى ئىشلىتىدۇ (مەسىلەن: قەشقەرلىق، تۇرپانلىق، يەركەنلىك ۋاھاكازا دېگەنلەرنى رۇس

تىلىدىكى شۇنىڭغا ئوخشاش بولغان نوۋگورودلىق، رەزانلىق ۋاھاكازا دىگەنلەر بىلەن سېلىشتۇرۇڭ). فېئودالىزىم دەۋرىدە تېرىتورىيىلىك دىيالېكتلارنىڭ بىر بىرىدىن بۇنداق ئايرىلىپ تۇرۇشى ھەممە خەلقلەر ئۈچۈن ئورتاق ھادىسىدۇر.

تىللارنىڭ شەكىللىنىشىدە ۋە ھەرقايسى كونكىرىت تىللارنىڭ ياكى تىللار گۇرۇپپىلىرىنىڭ، ئاساسەن، لېكسىكا ساھەسىدە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرنىڭ پەيدا بولۇشىدا مەدىنىيەت تەسىرى ۋە خۇسۇسەن تۈرلۈك دىنىي سىستېمىلارنىڭمۇ ئالاھىدە رولى بولغان. بۇ جەھەتتە سىبىرىيىدىكى تۈركى خەلقلەرنىڭ تىللىرى پەۋقۇلئاددە ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئۇلار ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماستىن، ئەكسىچە، موڭغۇل مەدىنىيىتىنى قوبۇل قىلدى. بۇ ھال ناھايىتى كۆپ موڭغۇلچە سۆزلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ تىللارنىڭ لۇغەت تەركىۋىدە ئەكس ئەتتى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركى تىللاردا بولسا، موڭغۇلچە سۆزلەر يوق دىيەرلىك بولۇپ، ئەرەپچە ـ پارسچە ئېلېمېنتلار تولۇپ تاشقان.

شۇنداق قىلىپ، تىل تارىخىنى ياكى لۇغەت تەركىۋى ھەم گىراماتىكىلىق قۇرۇلۇشى جەھەتتىن مەلۇم دەرىجىدىكى ئورتاقلىققا ئىگە بولغان تۇققان تىللار گۇرۇپپىسىنى تەتقىق قىلغاندا، بولۇپمۇ تۈركى تىللار گۇرۇپپىسىنى تەتقىق قىلغاندا، بىز ئەڭ ئالدى بىلەن شۇنداق پىكىرنى چىقىش نۇقتىسى قىلىشىمىز لازىمكى، بۇ تىللارنىڭ ياكى تىللار گۇرۇپپىسىنىڭ ئېلېمېنتلىرى ئەڭ قەدىمقى زامانلاردا پەيدا بولغان.

جەمىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ يەنى ئۇرۇق ۋە قەبىلىلەرنىڭ، كېيىنكى ۋاقىتلاردا خەلقلەر ۋە مىللەتلەرنىڭ بارغانسېرى

مۇرەككەپلىشىپ كېتىۋاتقان مۇناسىۋەتلىرىگە ئەگىشىپ، تەبىئىي هالدا، بۇ تىللارمۇ بارغانسېرى مۇرەككەپلىشىپ باردى. گەرچە بۇ تىللار بىر ئومۇمالۇقنىڭ ئىچىدىكى ۋە سىرتىدىكى تۈرلۈك قەبىلىلەر بىلەن ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش ۋە راۋاجلىنىش جەريانىدا بەزى جەهەتلەردە ئۆزگىرىش هاسىل قىلغان بولسىمۇ، يەنىلا لۇغەت فوندى ۋە گىراماتىكىلىق قۇرۇلۇشنى ئۆزلىرىنىڭ ئاساسلىق خۇسۇسىيەتلىرى دائىرىسىدە ساقلاپ كەلدى. شۇنداق بولغانلىغى ئۈچۈنمۇ، ئالتاي ۋە تۈركمەن تىللىرىدەك هەم نەسەب جەهەتتىن، هەم تۇراقلىق جايلىرى جەهەتتىن بىر بىرىگە يىراق بولغان تىللارنىڭ لۇغەت تەركىۋى ۋە گىراماتىكىلىق قۇرۇلۇشى ئورتاق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولۇپ تۇرماقتا. شۇنداقلا، يىراقلىغى ئۇنىڭدىنمۇ چوڭراق بولغان چۇۋاش تىلى بىلەن ياقۇت تىلىنى مىسالغا ئالساق، بۇ تىللارنىڭ بىر بىرىدىن ئايرىلىپ تۇرۇشى زىمىن جەهەتتىنمۇ ۋە ۋاقىت جەهەتتىنمۇ غايەت زور بولغانلىغىغا قارىماستىن، ماهىيەتتە ئورتاق بولغان گىراماتىكىلىق قۇرۇلۇشنى ۋە ئاساسلىق لۇغەت فوندىنى ساقلاپ قالغان. بۇ تىللارنىڭ ئورتاقلىغى يەنە هەممىدىن تولاراق ئۆزگىرىشلەرگە دۇچار بولغان بىر قاتار فونېتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. بۇ پاكىتلار يەنە بىر قېتىم شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، تۈركى خەلقلەرنىڭ تىل بىرلىگى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزئارا تۇققانلىغى يەنىمۇ ئەستايىدىللىق بىلەن قېتىقىنىپ تەتقىق قىلىشنى تەلەپ قىلىدىغان رېياللىقتۇر.

دېمەك، بۇ تىللارنىڭ گىراماتىكىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسى ۋە لۇغەت فوندىنىڭ جەۋهىرى ئورتاقلىقتا ئىگە، چۈنكى بۇ تىللار تارىخىي جەهەتتىن تۇققان بولۇپ، قەبىلىلەر تىللىرىنىڭ ۋە ئۇنىڭ-

دىنمۇ ئىلگىرى، باشلانغۇچ ئۇرۇقداشلىق تۈزۈلمىسى تىللىرىنىڭ ئورتاق ئاساسىغا تەئەللۇق ئىدى. بىراق، بۇ تىللارنىڭ گىرامماتىكىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ ۋە لۇغەت تەركىۋىنىڭ نۇرغۇنلىغان نازۇك تەركىۋى قىسىملىرىدا، تىللارنىڭ شەكىللىنىش داۋامىدىكى ئوخشاشمىغان شارائىتلار تۈپەيلىدىن، شۇنداقلا، باشقا تىللار بىلەن بولغان ئۆزئارا تەسىر تۈپەيلىدىن (ئالتاي تىلى موڭغۇل تىللىرى بىلەن، تۈركمەن تىلى ئىران تىللىرى بىلەن، چۇۋاش تىلى فىن-ئۇگور ۋە سلاۋيان تىللىرى بىلەن، ياقۇت تىلى موڭغۇل ۋە تۇنگۇس-مانجۇ تىللىرى بىلەن)، تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا خېلى چوڭ پەرقلەر ۋە بۆلۈنۈشلەر پەيدا بولدى.

شۇنداق قىلىپ، بىر تەرەپتىن، تۈركى تىللارنىڭ ئورتاق خۇسۇسىيەتلىرى، ۋە پەرقلىنىش خۇسۇسىيەتلىرى، يەنە بىر تەرەپتىن شۇ تىللاردا سۆزلەشكۈچى كونكرىت تۈركى خەلقلەرنىڭ تارىخى بىزنىڭ ھەممە تۈركى تىللارنىڭ ئىزچىل تەرەققىيات جەريانىنى كۆرۈۋېلىشىمىزغا ۋە بۇ تىللارنى تارىخ-تىلشۇناسلىق ئىلمىگە مۇۋاپىق ھالدا تۈرگە ئايرىشىمىزغا ئىمكان بېرىدۇ. بۇنداق تۈرگە ئايرىش ئۆتمۈشتىكىگە ئوخشاش ھەر خىل ۋە نۇرغۇنلىغان ئالامەتلەرنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسىدىن يۇلۇپ ئېلىنغان تاسادىپىي ئالامەتلەرگە ئاساسەن ئېلىپ بېرىلماستىن، بەلكى بۇ تىللار گۇرۇپپىسىنى بىر پۈتۈن تۈركى تىللار گۇرۇپپىسى سۈپىتىدە گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدىغان ئورتاق خۇسۇسىيەتلەرنىڭ (ئوخشاشلىقلارنىڭ) يىغىندىسىغا ئاساسەن ۋە بۇ گۇرۇپپىغا تەۋە بولغان ئايرىم تارماق گۇرۇپپىلارنىڭ ۋە كونكرىت تۈركى تىللارنىڭ تەرەققىيات جەريانىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان پەرقلەرگە (بۆلۈنۈشلەرگە) ئاساسەن ئېلىپ بېرىلىدۇ.

شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈش لازىمكى، تۈركى تىللار گۇرۇپپىسىنىڭ ۋە ئايرىم تۈركى تىللارنىڭ كېلىپ چىقىشىنى خەلقلەر تارىخى بىلەن بىرلەشتۈرۈش مەسىلىسى تېخى يېقىنقى ۋاقىتلارغىچە مەخسۇس تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىنمىغان ئىدى. ۋاھالەنكى، تۈركى تىللارنى ئۇلارنىڭ تەرەققىياتىدىكى تارىخىي جەريانىغا ئانچە-مۇنچە قاراپ قويۇپلا، ئاساسىي جەھەتتىن تىل قائىدىلىرىگە تايىنىپ تۈرگە ئايرىشقا بولغان ئۇرۇنۇشلار ئەمەلىيەتتە XIX ئەسىرنىڭ دەسلىۋىدىلا باشلانغان ئىدى.

ئەمما، بۇ خىلدىكى تۈرگە ئايرىشقا بولغان ئۇرۇنۇشلار، بىر تەرەپتىن، تۈركى تىللارنىڭ يېتەرلىك دەرىجىدە تەكشۈرۈلمىگەنلىكى ۋە كونكرېت ماتېرىياللارنىڭ تولۇق بولماسلىقى تۈپەيلىدىن، يەنە بىر تەرەپتىن، تۈركى خەلقلەرنىڭ تارىخىغا دائىر ئىشەنچلىك مەنبەلەرنىڭ تېپىلمىغانلىقى تۈپەيلىدىن راۋاج تاپالمىغان ئىدى. ھازىرقى زاماندا بۇنداق بوشلۇقلار مەلۇم دەرىجىدە تولۇقلانغانلىقى ئۈچۈن، گەرچە يەنىلا تېخى پىششىقلانمىغان بولسىمۇ، ھەر ھالدا بىرقەدەر ئەتراپلىق ماتېرىياللارغا تايانغان ۋە تىللار تەرەققىياتى بىلەن شۇ تىللاردا سۆزلەشكۈچى خەلقلەرنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى ئوتتۇرىسىدىكى ئورگانىك باغلىنىشنى بەلگىلەيدىغان تارىخ-تىلشۇناسلىق ئۆلچەملىرى ئاساسىدىكى تۈركى تىللارنىڭ تۈرگە ئايرىش ئىسخېمىسىنى سىزىپ چىقىشقا ئىمكانىيەت بار.

تۈركى تىللار ھەققىدىكى ۋە شۇ تىللاردا سۆزلەشكۈچى خەلقلەر ھەققىدىكى تارىخىي مەلۇماتلار، شۇنداقلا، بۇ تىللاردا يېزىلغان قەدىمقى يادىكارلىقلار خەلقلەر تەرەققىياتىدىكى مۇھىم دەۋرلەرنى ئېنىقلاشقا ئىمكان بېرىش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى يەنە، شۇ خەلق-

لەر تىللىرىنىڭ قەدىمقى زامانلاردىن هازىرقى زامانغىچە بولغان ئارىلىقتىكى فونېتىكىلىق تۈزۈلۈشى، گىراماتىكىلىق قۇرۇلۇشى ۋە لۇغەت تەركىۋىنىڭ ئۆزگىرىش جەريانلىرىنى ئومۇمى يۈزلۈك يورۇتۇپ بېرەلەيدۇ.

ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ تارىخىغا دائىر يېزىلغان تارىخىي ئەسەرلەر ۋە تۈركى، موڭغۇل، تۇنگۇس ـ مانجۇ تىللىرىغا دائىر ئېلىپ بېرىلغان تارىخىي سېلىشتۇرما تەتقىقاتلار (كاستىرىن، بارتولد، رادلوۋ، مېلىئورانسكىي مالوۋ، ۋلادىمىرتسوۋ، رامستېدت، كوتۋىچ، گرىيونبېك، جافەرئوغلۇ ۋە باشقىلارنىڭ ئەسەرلىرى) تۈركى تىللارنىڭ ۋە ئاساسلىق تىل تۈركۈملىرىنىڭ تەرەققىياتىدىكى ئەڭ مۇھىم بولغان 6 دەۋرنى بەلگىلەپ چىقتى. تۈركى تىللار ئاددىيغىنا گىراماتىكىلىق قۇرۇلۇشقا ئىگە بولغان قەدىمقى تىللاردىن تارتىپ تاكى بۇ تىللارنىڭ هازىرقى زاماندىكى مۇكەممەللەشكەن هالىتىگىچە بولغان ئۇزاق مۇددەتلىك تەرەققىيات جەريانىدا مۇشۇ 6 دەۋرنى بېسىپ ئۆتكەن، يەنى 1 ـ ئالتاي دەۋرى، 2 ـ هون دەۋرى (مىلادى V ئەسىرگىچە)، 3 ـ قەدىمقى تۈرك دەۋرى (V ـ X ئەسىرلەر)، 4 ـ ئوتتۇرا تۈرك دەۋرى ياكى ئاساسلىق تۈركى قەبىلىلەر تىللىرىنىڭ تەرەققى قىلىش ۋە شەكىللىنىش دەۋرى (X ـ XV ئەسىرلەر)، 5 ـ يېڭى تۈرك دەۋرى ياكى تۈركى خەلقلەر تىللىرىنىڭ تەرەققى قىلىش ۋە شەكىللىنىش دەۋرى (XV ـ XX ئەسىرلەر)، 6 ـ يېقىنقى زامان دەۋرى ياكى تۈركى تىللارنىڭ ئۇلۇغ ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلاۋىدىن كېيىنكى تەرەققىيات دەۋرى.

# ئالتاي دەۋرى

تۈركى تىللار تەرەققىياتىدىكى ئەڭ قەدىمقى دەۋر ئالتاي دەۋرى بولۇپ، بۇ دەۋرنىڭ خرونولوگىيىلىك چەك - چېگرىسى ئىلىم - پەن تەرىپىدىن تا ھازىرغىچە ئېنىقلانمىدى. بۇ ئالتاي تىل تۈركۈمى دەۋرى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. بۇ دەۋردە تۈركى تىللار موڭغۇل تىللىرىدىن، تۈركى - موڭغۇل تىللىرى بولسا، تۇنگۇس - مانجۇ تىللىرىدىن تېخى ئانچە ئېنىق ئايرىلىپ كەتمىگەن ئىدى. ئاكادېمىك ب. يا. ۋلادىمىرتسوۋ مۇنداق دەپ يازغان ئىدى: «...موڭغۇل تىلى، تۈركى ۋە تۇنگۇس تىللىرى بىلەن بىرلىكتە بىر ئۇمۇمى ئەجداتقا ئىگە بولۇپ، بۇ ئەجداتنى شەرتلىك ھالدا ئالتاي تىلى دەپ ئاتاشقا بولىدۇ. ئالتاي تىلى بىزگە مەلۇم ئەمەس، لېكىن، ئۇنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا كېلىپ چىققان ئالتاي تىللىرى يەنى، موڭغۇل، تۈركى، تۇنگۇس تىللىرى بىزگە مەلۇم»②.

دىمەك، شۇنداق دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى، قانداقتۇر ھەممىدىن قەدىمقى بىر تىل ئۆتكەن بولۇپ، بۇ تىلنىڭ فونېتىكىسى، لېكسىكىسى ۋە گىراماتىكىسىنىڭ ئۇمۇمى خۇسۇسىيەتلىرى ھازىرقى زاماندىكى تۈركى، موڭغۇل ۋە تۇنگۇس - مانجۇ تىللىرىدا ساقلىنىپ قالغان③.

بۇ تىللار گۇرۇپپىسىنىڭ تەرەققىياتىدىكى ئالتاي دەۋرىگە ئائىت بولغان ھېچقانداق تارىخىي يادىكارلىقلارمۇ، تىل يادىكارلىقلىرىمۇ ھازىرغا قەدەر تېپىلمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىلىم - پەن ساھەسى بۇ دەۋردىكى خەلقلەر ۋە تىللارنىڭ ئەھۋالى ھەققىدىكى بىرەر ئېنىق

مەلۇماتتىن ۋاقىپ ئەمەس. بۇ دەۋردىكى تىللارنى ۋە ئۇلارنىڭ بەزى خۇسۇسىيەتلىرىنى، كېيىنكى مەزگىللەردىكى ئۆلۈك تىللار ۋە ھازىرقى زاماندىكى جانلىق تىللارنىڭ ئەڭ قەدىمقى ئالامەتلىرىنى تۇتقا قىلىپ، تارىخىي سېلىشتۇرما ئۇسۇل ئارقىلىق پەرەز بىلەن كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرەلەيمىز ۋە شۇنىڭغا ئاساسەن، ھازىرقى زامان تىللىرىنى تۇنگۇس-مانجۇ گۇرۇپپىسى ۋە تۈركى-موڭغۇل گۇرۇپپىسىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ گۇرۇپپىغا ئايرىشقا بولىدۇ④.

بۇ تىللارنىڭ ھازىرقى زاماندىكى ھالىتىدىمۇ كۆرۈلىدىغان ئەڭ قەدىمقى ۋە ئەڭ خاراكتېرلىق بۆلۈنۈش ئالامەتلىرىدىن بىرى ئۆزۈك تاۋۇشلارنىڭ نۆۋەتلىشىشىدۇر. ئالايلى، تۇنگۇس تىلىدىكى t تاۋۇشى ۋە مانجۇ تىلىدىكى s تاۋۇشى سۆزدىكى $i$ تاۋۇشىنىڭ ئالدىدا كەل-گەندە، تۈركى ۋە موڭغۇل تىللىرىدىكى $x\sim q$ ئۆزۈك تاۋۇشلىرى بىلەن نۆۋەتلىشىدۇ⑤. ئالتاي تىللىرى تۈركۈمى بىلەن بولغان قەدىمقى مۇناسىۋەتلىرىنى ساقلاپ كېلىۋاتقان ياقۇت، خاكاس (بۇ تىلنىڭ ساغاي ۋە بەلتىر دىيالېكتلىرى) ۋە باشقىرت تىللىرىدەك بەزى تۈركى تىللاردىكى s تاۋۇشى تۇنگۇس تىلىدىكى $t$ غا ۋە مانجۇ تىلىدىكى s غا توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن: تۇنگۇسچە **gutin** ۋە مانجۇچە **gusin** دېگەن سۆزگە موڭغۇلچە **guqin** (ئوتتۇز) دېگەن سۆز توغرا كېلىدۇ. مانجۇچە **husun** دېگەن سۆز موڭغۇل تىلىدىكى **Küqin** دېگەن سۆزگە ۋە ئالتاي تىلىدىكى (ھازىرقى زامان تىلىدا) **Küq** دېگەن سۆزگە توغرا كېلىدۇ. (سېلىشتۇرۇڭ: خاكاس تىلىدا - **Küs**، ياقۇت تىلىدا - **Küüs**، باشقىرت تىلىدا - **Kos** «كۈچ»). ئاخىرقى مىساللار، ئېھتىمال، ياقۇت، خاكاس ۋە باشقىرت تىللىرىنىڭ قەدىمقى دەۋرلەردىكى **تۇنگۇس-مانجۇ** تىللىرى بىلەن

بولغان نەسەبلىك مۇناسىۋەتلىرىنى كۆرسەتسە كېرەك.

شۇنداقلا، چۇۋاش تىلى بىلەن باشقا تۈركىي تىللارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئەكس يۆنىلىشلىك نۆۋەتلىشىشلەرنى سېلىشتۇرۇپ كۆرەيلى: چۇۋاش تىلىدا *qir* (باشقا تۈركىي تىللاردا تىز، تىزە، دىز، دىزە)، چۇۋاش تىلىدا *qirne* (باشقا تۈركىي تىللاردا تىرناق). بۇ مىساللار كۆپچىلىك تۈركىي تىللارنى تۇنگۇس تىللىرى بىلەن، چۇۋاش تىلىنى بولسا موڭغۇل تىللىرى بىلەن يېقىنلاشتۇرىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، تۈركىي تىللارنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدىكى ئالتاي دەۋرىنى شۇنداق دەپ چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇكى، بۇ دەۋردە، بىرىنچىدىن، كېيىنكى ۋاقىتلاردا بۆلۈنۈپ كەتكەن تۈركلەر، موڭغۇللار ۋە تۇنگۇس-مانجۇلارنىڭ بىر پۈتۈن ئورتاق تىلى بولغان ئىدى، ئىككىنچىدىن، بۇ بىر پۈتۈن تىل ئىككى تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ كەتتى، بۇلار: 1) تۈرك-موڭغۇل تۈركۈمى؛ 2) تۇنگۇس-مانجۇ تۈركۈمى. بۇ ئىككى تۈركۈمنىڭ ھەر بىرى بۆلۈنۈش جەريانىدا ئۆزىگە خاس فونېتىكىلىق، لېكسىكىلىق ۋە گىراممatikilik ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولدى.

يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن فونېتىكىلىق نۆۋەتلىشىشلەر بۇ يەردە ھەممە فونېتىكىلىق، لېكسىكىلىق ۋە گىراماتىكىلىق پەرقلەرنى ئومۇملاشتۇرغۇچى سىمۋول سۈپىتىدە كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، بۇ ئىككى تۈركۈمنىڭ بىرىنچىسىنى، يەنى تۈرك-موڭغۇل تۈركۈمىنى $q \sim x(s)$ تىللار ياكى تۈرك-موڭغۇل تىللىرى گۇرۇپپىسى دەپ ئاتاشقا، ئىككىنچىسىنى، يەنى تۇنگۇس-مانجۇ تۈركۈمىنى $t$ تىللار ياكى تۇنگۇس-مانجۇ تىللىرى گۇرۇپپىسى دەپ ئاتاشقا بولىدۇ.

ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئالتاي دەۋرىدە تۇنگۇس-مانجۇ تىللىرى گۇرۇپپىسىنىڭ بۆلۈنۈپ چىقىشى تۈگەللىنىپلا قالماستىن، بەلكى تۈرك ۋە موڭغۇل تىللىرىنىڭمۇ مۇستەقىل ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈش جەريانى تۈگەللەنگەن.

ھازىرقى زاماندىكى موڭغۇل تىللىرى بىلەن ھەممە تۈركى تىللارنىڭ ئەمەلىي ھالىتىگە قارىغاندا، موڭغۇل تىللىرى بىلەن تۈركى تىللارنى ئايرىپ تۇرىدىغان ئالاھىدە فونېتىكىلىق ئىپادىلەر قاتارىدا تۆۋەندىكىلەرنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ: موڭغۇل تىللىرى $r$ لىق ۋە $l$ لىق تىللاردىن ئىبارەت. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، موڭغۇل تىللىرىدىكى $r$ ۋە $l$ ئۇزۇك تاۋۇشلىرى تۈركى تىللاردىكى $z$ ۋە $x$ بىلەن نۆۋەتلىشىدۇ ھەمىنە، $r$ ۋە $l$ تاۋۇشلىرى پەقەت قەدىمقى بۇلغار تىلى ۋە ھازىرقى زامان چۇۋاش تىلىدەك بەزى قەدىمقى ۋە ھازىرقى زامان تۈركى تىللىرىدا ساقلىنىپ قالغان.

يۇقۇرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، $x \sim q$ ۋە $s \sim t$ ئۇزۇك تاۋۇشلىرىنىڭ نۆۋەتلىشىش ئەھۋالىدا ياقۇت، خاكاس ۋە باشقىرت تىللىرىدىكىدەك ھازىرقى زامان تۈركى تىللىرى $s$ تاۋۇشىنى ساقلاپ قالدى (*Küüs*, *Küs*, *Kəs*)، يەنى تۇنگۇس-مانجۇ تىللىرى بىلەن بولغان قەدىمقى زامانلاردىكى ئورتاق فونېتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى ساقلاپ قالدى. شۇنداقلا، $l \sim r$ ۋە $z \sim x/s$ ئۇزۇك تاۋۇشلىرىنىڭ نۆۋەتلىشىش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، موڭغۇل تىللىرى بىلەن ئورتاق بولغان قەدىمقى تىللاردىكى $r$ ۋ $l$ ئاساسىي جەھەتتىن ھازىرقى زامان تۈركى تىللىرىنىڭ بىرىدە، يەنى چۇۋاش تىلىدا ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، بۇ تىلدىكى $r$ ۋە $l$ ئۇزۇك تاۋۇشلىرى باشقا تۈركى تىللاردىكى $z$ ۋە $x/s$ ئۇزۇك تاۋۇشلىرى بىلەن نۆۋەتلىشىدۇ[6].

مەسلەن:

| چۇۋاش تىلىدا *r* | باشقا تۈركى تىللاردا[7] |
|---|---|
| ۋىرىم | ئۈزۈن |
| ۋىراخ | ئۈزاق |
| يىر | ئىز |
| كىر | كۆز |
| پىر | بۇز (مۇز) |
| تىر | دىز (تىزماق) |
| خىر | قىز |
| خۇر | قاز (غاز) |
| كۇران | قازان |
| چىر | 1) دىز (تىزە) |
| | 2) سىز (سىزماق) |
| سىر- | سۇز- (سۇزمەك) |
| شۇر | ساز (ساسلىق) |
| جىر | يۇز |

| چۇۋاش تىلىدا *l* | باشقا تۈركى تىللاردا *x/s* |
|---|---|
| جۇل | ياش // جاس (يىل، كۆز يېشى) |
| پىلىك | بەش // بېس |
| تىل | تۇش // تۇس (ئورۇن، ۋاقىت، نىشان) |
| تىلىك | تۈش // تۈس (چۈش كۆرمەك) |
| خىل | قىش // قىس |
| چۇل | تاش // تاس |
| شال | تىش // تىس (چىش) |

ئالك        ئشك // ئېسك

ئلت-        ئشت // ئېست (ئاڭلماق)

يەنە شۇنمۇ كۆرستىپ ئۆتۈش لازمكى، $z{\sim}r$ هەم $l{\sim}s/x$ ئۆزۆك تاۋۇشلرىنىڭ نۆۋەتلشىپ كېلىشىنى يالغۇز چۇۋاش تلى بلەن باشقا تۈركى تىللارنىڭ ئوتتۇرسىدا بولىدىغان ئەھۋال دېيىشكە بولمايدۇ. مۇنداق نۆۋەتلشىشنىڭ ئىزلرى باشقا تۈركى تىللارنىڭ لېكسىكىسىدىمۇ ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، بىر بولسا، تارىخىي جەھەتتىن مەنىداش بولغان سۆزلەر سۈپىتىدە، يەنە بىر بولسا، باغلىنىشلىق مۇناسىۋەتلىرىنى ئېنىقلاش قىيىن بولغان، مەنىسى ئۆزگىرىپ كەتكەن ھەر خىل سۆزلەر سۈپىتىدە ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: بىر تەرەپتىن، $z{\sim}r$ ئۆزۆك تاۋۇشلىرى نۆۋەتلىشىپ كېلىدىغان سۆزلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر، يەنە بىر تەرەپتىن، $l{\sim}s/z$ ئۆزۆك تاۋۇشلىرى نۆۋەتلىشىپ كېلىدىغان سۆزلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر ئېنىق ئەمەس. مەسىلەن: بىر خىل ئەھۋالدا، چۇۋاش تىلىدىكى *jul* ئومۇمى تۈرك تىلىدىكى «ياش» 1) يىل، يېشى؛ 2) كۆز يېشى. يەنە بىر خىل ئەھۋالدا، ئومۇمى تۈرك تىلىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى «ياش» (يىل، يېشى) ۋە «يىل» دېگەن سۆزلەرنىڭ نۆۋەتلىشىشى. بىر خىل ئەھۋالدا، چۇۋاش تىلىدىكى *pilek* ئومۇمى تۈرك تىلىدىكى «بەش» ۋە «بىلەك» دېگەن سۆزلەرنىڭ نۆۋەتلىشىشى؛ شۇنداقلا، قەدىمقى تىللاردىكى *Kɵr*، *Kɵz*، *Yert-* ۋە *iz* قاتارلىقلارنىڭ نۆۋەتلىشىشى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، قەدىمقى تىللاردىكى *r* (ھەممە موڭغۇل تىللىرىغا ۋە تۈركى تىللارنىڭ بۇلغار گۇرۇپپىسىغا خاس) ھەم چۇۋاش تىلىدا، ھەم بەزى ھاللاردا باشقا تۈركى تىللاردىمۇ ئومۇمى تۈرك

تىلىدىكى z بىلەنلا نۆۋەتلىشىپ قالماستىن، بەلكى يەنە d ۋە y ئۆزۈك تاۋۇشلىرى بىلەنمۇ نۆۋەتلىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تۈركى تىللاردا r~z/s // d/t // y لارنىڭ نۆۋەتلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇنداق نۆۋەتلىشىشلەر تۈركى تىللارنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتىدا بىرنەچچە مۇستەقىل گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈشتىكى ئىزچىل جەريانىنى كۆرسىتىدىغان ئالامەتلەر بولۇپ قالدى. مەسىلەن: چۇۋاش تىلى بىلەن باشقا تۈركى تىللاردىكى r~y لارنىڭ نۆۋەتلىشىشىنى سېلىشتۇرۇڭ: xar-(-siy~) «سۈيدۈك چىقىرىش»، ura (ayaķ) «پۇت»، vĭran-(-oyan) «ئويغان»، Kiru (Küyev) «كۈيىوغۇل»، sar-(yay) «يايماق»، taran (toy) «تويماق»، terew (tayaw)، شۇنداقلا بۇ سۆزنىڭ تۈركى تىللاردىكى tirək, tirəwix دېگەن ئېتىلىشلىرىنىمۇ سېلىشتۇرۇڭ) «تىرەك»: hur (ķoy) «قويماق»، hurĭn (ķayĭn~) «قېيىن دەرىخى»، ĭrĭ(iygi // eyi~) «ياخشى» ۋاھاكازا. شۇنداقلا r~d/t نۆۋەتلىشىشى، مەسىلەن: arĭķ (etek~) «ئېتەك»، vĭr(at~) «ئاتماق» قاتارلىقلار.

شۇنداق قىلىپ، r~z/s // d/t // y نىڭ نۆۋەتلىشىشى ھەر خىل تىل گۇرۇپپىلىرىدىلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى بىر تىلنىڭ ئۆزىدىكى لېكسىكىنىڭ ھەر خىل خرونولوگىيىلىك قاتلاملىرىدىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن: ayaķ «قاچا، قەدەھ» (باشقا تىللاردا «ئاخىرى، چەك، پۇت» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ) ۋە ádaķ «ئاداققى»، «كەنجە» — ئالتاي تىلىدىكى مەنىلىرى (بۇنىڭدا y~d نۆۋەتلىشىدۇ).

دېمەك، تۈرك-موڭغۇل قەبىلىلىرىنىڭ بۆلۈنۈپ چىقىشى ۋە بۇنىڭدىن يەنە، موڭغۇل قەبىلىلىرىنىڭ تىلىدىكى ئۆزىگە خاس بولغان r~l ئارقىلىق ھەم تۈركى قەبىلىلەرنىڭ تىلىدىكى ئۆزىگە خاس

$z{\sim}s/x$ ئارقىلىق بىر بىرىدىن ئايرىلىپ چىقىشى ئالتاي دەۋرىنىڭ ئۆزىدىلا تۈگەللىنىپ بولغان. جۈملىدىن، ئەينى دەۋردە بىر گەۋدە بولغان تۈرك ـ موڭغۇل قەبىلىلىرىدىن ئوغۇرلار، ساراغۇرلار، قۇتىرغۇرلار ۋە باشقىلار بۆلۈنۈپ چىقىپ، تۈركى قەبىلىلەرنىڭ ئاساسىنى قۇردى (بۇلغارلارنىڭ ۋە كېيىنكى مەزگىللەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇرۇق ـ قەبىلە ناملىرىنى سېلىشتۇرۇڭ). شۇندىن كېيىن، ئالتاي ۋە هون دەۋرلىرىدە بۇلار يەنە ئوغۇز~ئۇيغۇر (بۇ شەكىل موڭغۇل تىللىرىغا ۋە $r$ لىشىش ئالاھىدىلىگىنى ساقلاپ قالغان تۈركى تىل — بۇلغار تىلىغا خاس) ۋە ئوغۇز (بۇ شەكىل مۇتلەق تۈركى تىللارغىلا خاس) دەپ ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتتى. تۈركى تىللار تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمى ئىسخېمىسىدىكى ئالتاي دەۋرىدىكى تىللار تەرەققىياتىنىڭ ئىسخېمىسىغا قارالسۇن.

## هون دەۋرى (مىلادى V ئەسىرگىچە)

ئەنە شۇ تىللارنىڭ تەرەققىياتىدىكى ئىككىنچى دەۋر، ۋاقىت جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئەڭ قەدىمقى بولغان (ئالتاي دەۋرىدىن كېيىنكى) هون دەۋرىدۇر. هون دەۋرى (مىلادىدىن بۇرۇنقى 111 ـ مىلادى IV ئەسىرلەر) هون ئىمپېرىيىسى دەپ ئاتالغان زور ۋە قۇدرەتلىك قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ تەرەققىياتى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. بۇ ئىمپېرىيە مەركىزىي ئاسىيادىن شەرقىي ياۋروپاغىچە بولغان زېمىننى ئىگەللىگەن ۋە نۇرغۇنلىغان تۈرك ـ موڭغۇل، تۇنگۇس ـ مانجۇ ۋە باشقا قەبىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بۇلارنىڭ بىر قىسمى، ئاساسى جەھەتتىن تۈرك ـ موڭغۇل نەسلىدىكى قەبىلەر

مىلادىنىڭ دەسلەپكى ئەسىرلىرىدە شەرقىي ياۋروپاغا سىڭىپ كىرگەن ئىدى⑧.

مىلادى I ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، هون دۆلىتى ئىچكى توقۇنۇشلار ۋە شيەنبىلەرنىڭ هۇجۇم قىلىشلىرى تۈپەيلىدىن، غەربىي هونلار ۋە شەرقىي هونلاردىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ كەتتى. كېيىنرەك غەرپتە ۋە شەرقتە تۈركلەرنىڭ باشچىلىغىدىكى بىرنەچچە قەبىلىلەر ئىتتىپاقلىرى تۈزۈلۈپ چىقتى⑨. ئىككى هون ئىتتىپاقىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە بۇ هالەتنىڭ نىسبەتەن ئۇزاقراق داۋاملاشقانلىغى تۈركى قەبىلىلەرنىڭ ۋە تۈركى تىللارنىڭ تەرەققىياتىغا زور تەسىر كۆرسەتتى. بۇنداق بۆلۈنۈش نەتىجىسىدە، تۈركى تىللار ئۆزىنىڭ بىرلىكىنى ساقلاپ قېلىش بىلەن بىر قاتاردا، يەنە هازىرقى زاماندىكى هەممە تۈركى تىللارنى شەرقىي ۋە غەربىي تارماقلارغا ئايرىپ تۇرىدىغان ئالاهىدە خۇسۇسىيەتلەرنىمۇ كەلتۈرۈپ چىقاردى.

بارتولدنىڭ كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك⑩، مىلادى I — IV ئەسىرلەردىكى شەرقىي ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ تىل جەھەتتىكى ئالاهىدىلىكلىرى مەسىلىسى هازىرغا قەدەر ئېنىقلانمىغان مەسىلە بولۇپ تۇرماقتا، چۈنكى ئىلىم-پەننىڭ بۇ خەلقلەرگە تەئەللۇق بولغان رىيال يادىكارلىقلارنى قىدىرىش ئىشى تېخى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشمىدى. بىزگە جۇڭگو تىرانسكرىپسىدىن مەلۇم بولغان ئايرىم سۆزلەر، خاس ئىسىملار ۋە مەنسەپ-ئۇنۋان ناملىرى قەدىمقى تۈركى خەلقلەرنىڭ تىل ئالاهىدىلىكلىرىنى توغرا بەلگىلەشكە ئىمكان بەرمەيدۇ. ئەگەر پ. پېللىئونىڭ ئېيتقانلىرى⑪ توغرا بولۇپ، جۇڭگونىڭ تارىخىي ئەسەرلىرىدە جۇڭگولۇقلار تەرىپىدىن تۈزۈلگەن بىرنەچچە خىل ئوخشاشمىغان تىللارنىڭ، شۇ قاتاردا شيەنبى تىلىنىڭمۇ لۇغەتلىرى

ھەقىقەتەن مەۋجۇت بولسا، ئۇ چاغدا، ئاشۇ لۇغەتلەر ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن تۈركى تىللارنىڭ ئەڭ قەدىمقى يادىكارلىقلىرى بولۇپ قالىدۇ. پ. پېللىئونىڭ پىكرىچە، ئاشۇ لۇغەتلەرگە ئاساسلانغاندا، شيەنبىلەرنىڭمۇ تۈرك نەسلىدىن بولغانلىقى ئىسپاتلىنىدىكەن.

شۇنداقلا، ۋ. پ. ۋاسىلىيېۋنىڭ⑫ ترانسكرىپسىيىسىدە «سۇجۇتەلەيگەن، پوگۇتوغۇۋدەن» دەپ ئوقۇلىدىغان ۋە ئا. رېمىيۇرنىڭ⑬ ترانسكرىپسىيىسىدە — *Sieoutchi tili kang pou-kou khiu tho-tang* دەپ ئوقۇلىدىغان ھونچە ئىبارىسىمۇ ئانچە ئىشەنچلىك دەپ قاراشقا بولمىسا كېرەك. جۇڭگونىڭ تارىخىي ھۆججەتلىرىدىن قارىغاندا، بۇ ئىبارە مىلادىنىڭ IV ئەسىرىگە تەئەللۇق بولۇپ، خەنزۇ تىلىدىكى تەرجىمىسى «لەشكەر چىقىدۇ، پۇكۇ (رەقىپنىڭ ئىسمى ياكى ئۇنۋانى) قولغا چۈشىدۇ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ⑭.

ۋ. ۋ بارتولد «تۈركى تىللار گۇرۇپپىسىنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرى تېخى مۇقىملاشمىغان بىر دەۋردە»⑮ شەكىللەنگەن چۇۋاش تىلىغا دائىر تەتقىقاتلارغا ئاساسلىنىپ، ھونلارنىڭ تىلى نەسەب جەھەتتىن چۇۋاش تىلى بىلەن بىر بولغان، دېگەن كۆز قاراشقا مايىل بولىدى ۋە بۇنى دەلىللەش يۈزىسىدىن، ۋېنگر تىلىدىكى تۈركى تىللارنىڭ ئېلېمېنتلىرى بىلەن چۇۋاش تىلىنىڭ ئېلېمېنتلىرىنىڭ ئوخشاشلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتتى⑯.

ھازىرقى زاماندىكى تۈرك، موڭغۇل ۋە تۇنگۇس-مانجۇ تىللىرىنىڭ ھەرقايسى گۇرۇپپىلىرىنى تەشكىل قىلغان تۈرلۈك قەبىلىلەر تىللىرىنىڭ ھون دەۋرىدىكى شەكىللىنىش ۋە چېتىشىش ھەركىتىگە خەنزۇ ۋە سانسكرت تىللىرى، شۇنداقلا سلاۋيان تىللىرى ھەمدە شەرقىي ياۋروپادا، ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسيادا ياشىغان نۇرغۇنلە-

غان قەدىمقى ئىران قەبىلىلىرىنىڭ شۆئىلىرىمۇ قاتناشقان. خەنزۇ ۋە سانسكرىت تىللىرىنىڭ تەسىرى كۆپىنچە شەرق تەرەپتىكى تۈركى قەبىلىلەرنىڭ تىللىرىدا ئەكس ئەتتى. قەدىمقى ئىران ۋە سلاۋيان ئېلېمېنتلىرى بولسا، غەرپ تەرەپتىكى تۈركى قەبىلىلەر تىللىرىغا خاس.

تۈركى تىللارنىڭ گىراماتىكىلىق قۇرۇلۇشى ۋە لېكسىكا فوندى ۋۇجۇتقا كەلگەن چاغلاردا ھەم ئۇنىڭدىنمۇ بۇرۇنقى مەزگىللەردە، بۇ تىللارغا خەنزۇ سانسكرىت، قەدىمقى ئىران ۋە سلاۋيان ئېلېمېنتلىرىنىڭ سىڭىپ كىرىشى ئاساسەن لېكسىكا دائىرىسىدە بولدى، بۇ ۋاقىتلاردا تۈركى تىللار لېكسىكا فوندىنىڭ تۈركىلەرگە خوشنا بولغان موڭغۇل ۋە تۇنگۇس-مانجۇ قەبىلە ئىتتىپاقلىرىنىڭ لېكسىكىسى بىلەن بولغان ئورتاقلىقى خېلى كۆپ ئىدى. لېكسىكىنىڭ شۇ تەرىقىدىكى تەرەققىيات جەريانى ۋە ئۇنىڭ ئەڭ قەدىمقى قىسمىنىڭ موڭغۇل، تۇنگۇس-مانجۇ تىللىرى بىلەن بولغان مەلۇم دەرىجىدىكى ئوخشاشلىقى، شۇنداقلا خەنزۇ، سانسكرىت، قەدىمقى ئىران ۋە سلاۋيان تىللىرىنىڭ شۇ دەۋرلەردىلا سىڭىپ كىرگەن ئېلېمېنتلىرى ھازىرقى زامان تىللىرىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ.

تۈرك، موڭغۇل ۋە تۇنگۇس-مانجۇ شۆئىلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئورتاق بولغان لېكسىكىنىڭ ئەڭ قەدىمقى قاتلىمى ھەرقايسى كونكرېت تىللاردا ئىگىلىك ۋە ئىجتىمائى ئادەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئاساسى لۇغەت فوندىنىڭ بىر قاتار ئايرىم سۆزلەر سۈپىتىدە ساقلىنىپ قالغان ئورتاق قاتلىمىدىن ئىبارەتتۇر. مەسىلەن، تۆۋەندىكىلەرنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈڭ:

a) تۈرك، موڭغۇل ۋە تۇنگۇس-مانجۇ تىللىرىغا ئورتاق بولغان

لېكسكا: ئالتاي تىلىدا: بۇغا // بۇقا (بۇقا) ~ موڭغۇل تىلىدا: بۇخا ~ مانجۇ تىلىدا: بۇخا // بۇخۇ (هايۋان، بۇغا)، بۇقا (قوشقار):

ئالتاي تىلىدا: بول (بولماق)، ~ موڭغۇل تىلىدا: بول (بولماق، پىشماق، يېتىلمەك) ~ مانجۇ تىلىدا: بولا (قورۇپ پىشۇرماق)؛

ئالتاي تىلىدا: تالا (تەرەپ)، دەلاڭ (دالا) ~ موڭغۇل تىلىدا: تالا (ۋادا) ~ مانجۇ تىلىدا: تالا (دالا، ۋادا):

b تۈركى ۋە موڭغۇل تىللىرىغا ئورتاق بولغان لېكسكا:

| ئالتاي تىلىدا | موڭغۇل تىلىدا |
|---|---|
| قۇدۇق | خۇداغ ⑰ (قۇدۇق) |
| بۇلۇڭ | بۇلۇن (ڭ) (بۇلۇڭ) |
| دىئىل | جىل (يىل) |
| قادىن | قاتۇن (خوتۇن) |
| قارا | قارا (قارا رەڭ) |
| تانى | تانى (تونىماق) |

تۈرك، موڭغۇل ۋە تۇنگۇس ـ مانجۇ تىللىرىنىڭ گىرامماتىكىلىق قۇرۇلۇشىدىمۇ ئورتاق خۇسۇسىيەتلەر ئاز ئەمەس. مەسىلەن: ئورخون يېزىغى تىلى بىلەن غەربىي موڭغۇل تىلىدىكى چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى ‎-ïq/-ig‎ ـ ئارقىلىق ياسىلىدىغان ئورتاق قۇرۇلمىلارنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈڭ.

تۈرك ۋە موڭغۇل تىللىرىدىكى سۆز ياساش سىستېمىسىنىڭ ئورتاق ئېلېمېنتلىرى تۆۋەندىكى قوشۇمچىلاردىن ئىبارەت:

a) قورال ئىسىملىرى ياكى ھەركەت ۋاستىلىرى قوشۇمچىلىرى:

‎-gür/-qur‎ ؛ ‎-mi‎ (تۈركچە: ‎-mə/-ma‎) ‎-q‎ (تۈركچە:

‎-ik/-ïk‎)؛ ‎-s‎ (تۈركچە: ‎-is/-ïs // -ix/-ïx‎)، بولار

ھەرکەتنامىلىرىنى ياسايدۇ)؛ m - (تۈركچە: $-\ddot{\imath}m/-im/-m$ )؛

b) ھەرکەتنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەردىن سۈپەت ياسايدىغان قوشۇمچىلار: n — (تۈركچە: $-\ddot{\imath}n/-in$ )؛ gir - (تۈركچە: $-q\ddot{\imath}r/-gir$ )؛

c) ئىسىملاردىن ئابستراكت ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە: $-l\ddot{\imath}q/-lig$ (تۈركچە: $-l\ddot{\imath}k/-lik$ )؛

d) كەسىپ قوشۇمچىسى $-qi/-qin$ (تۈركچە: $-x\ddot{\imath}/-xi$ $-q\ddot{\imath}/-qi$ ) ۋە يەنە نۇرغۇن قوشۇمچىلار.

ئۇنىڭدىن باشقا، تۈرك ۋە موڭغۇل تىللىرى ئۆز تەرەققىياتىنىڭ تۈرلۈك دەۋرلىرىدە سانسكرت تىلى، خەنزۇ تىلى ۋە باشقا تىللار-دىن قوبۇل قىلغان سۆزلەرمۇ بۇ تىللار ئۈچۈن ئورتاق بولغان ئىدى ⑱.

ھون دەۋرىدىكى تۈركى تىللار كۆپلىگەن قەبىلىلەر تىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى ھەمدە مۇنداق ئىككى تۈركۈمگە بۆلۈنۈش جەريانىدا تۇرغان ئىدى، يەنى بىر تۈرى، قەدىمقى ئاۋار، سابىر، بۇلغار ۋە ھازىرقى زاماندىكى چۇۋاشلارنىڭ ئەجداتلىرى بولغان ئوغۇر (ئۇغۇر)، ئون ئوغۇر، ساراغۇر (ساراغۇر // سارا ئۇغۇر)، قوتۇرغۇرلار تىللىرى ياكى $r\sim l$ لىق تىللار؛ ئىككىنچى تۈرى، ئوغۇزلارنىڭ (ئۇزلارنىڭ)، قەدىمقى قىرغىزلارنىڭ ۋە ئۇيلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلاتلىرى بولغان ئوغۇز، قىپچاق ھەم قارلۇقلارنىڭ تىللىرى، ياكى $x-z$ لىق تىللار-دىن ئىبارەتتۇر.

بۇنداق تەدرىجى تەرەققىياتنىڭ بەزى ئىپادىلىرى ھازىرقى زاماندىكى ئالتاي تىلىدا ساقلىنىپ قالغان. ئالايلى، ئالتاي تىلىنىڭ فونېتىكىلىق قۇرۇلمىسىدا ھەم لېكسىكىسىدا (ئومۇمەن ئېيتقاندا، بۇ

ھال باشقا تۆركى تىللاردىمۇ كۆرۈلىدۇ) ھون دەۋرىگە خاس بولغان
$r{\sim}s/z$ ۋە $l{\sim}x/j$ نۆۋەتلىشىشنىڭ قالدۇقلىرى ساقلىنىپ قالغان.

$r{\sim}s/z$

*d'as*- (يەشمەك، چۇۋۇماق، بوشاتماق، ئايرىماق)؛ *d'azĭl*-
(يېشىلمەك، چۇۋۇلماق، ئايرىماق) بوشاشماق، ۋە *d'ar*- (شۆلىمەك،
ئايرىماق) يارماق، *d'arĭl*- (شۆلۆنمەك، ئايرىلماق، يېرىلماق)؛
*bas* (1 (ماڭماق، قەدەم تاشلىماق، يۆرمەك)؛ 2) (باسماق، بېسى-
ۋەتمەك) ۋە *bar*- (ماڭماق، بارماق)؛ *køz* (كۆز) ۋە *kør* (كۆرمەك)،
*bos* بوز، كۆلرەڭ)؛ *bozor*- (تاتارماق، كۆلرەڭ تۇسكە كىرمەك)
ۋە *boro* ئاچ-كۆلرەڭ، كۆلرەڭ ). باشقا تۆركى تىللاردىن، مەسى-
لەن، قارا قالپاقچە بىلەن سېلىشتۇرۇڭ: *tüs* (تۇس) ۋە *tür*
(تۆر).

$l{\sim}x/j$

*bex* (بەش) ۋە *bilək* «بىلەك» (چۇۋاشچىغا سېلىشتۇرۇڭ:
*pilek* «بەش»)؛ *bĭx* «ئارىلاشتۇرماق» ۋە *buloqa* «بۇلغىماق»،
*bĭx* «پىشماق، يېتىلمەك، پىشۇرۇلماق، چايقاتماق»؛ *bĭjĭr* «پىشۇر-
ماق» ۋە *bol*- «بولماق» (سېلىشتۇرۇڭ: موڭغۇلچە *bol*- «قايناپ
پىشماق، قورۇلۇپ پىشماق، يېتىل-مەك، بولماق»؛ مانجۇچە *bola*-
«قورۇپ پىشۇرماق»؛ ۋاھاكازا.

ھون دەۋرىدە، ئۇششاق تۆركى قەبىلىلەرنىڭمۇ، جۈملىدىن z~x
تىللاردا سۆزلەشكۈچى قەبىلىلەرنىڭمۇ بۆلۈنۈش ھەم قوشۇلۇش
ھەركەتلىرى باشلىنىپ كەتكەن ئىدى.

مەلۇمكى، مەھمۇت قەشقەرى ئۆزىنىڭ لۇغىتىدە قىپچاقلار بىلەن
ئوغۇزلارنى ئۆزئارا يېقىنلاشتۇرىدۇ ۋە ئۇلارنى بىر قاتار فونېتىكى-

لىق ئالامەتلەرگە ئاساسلىنىپ ئۇيغۇر قەبىلىلىرىگە (تۈركلەرگە) قارشى قويىدۇ ⑲:

a. y ، j (q) نىڭ نۆۋەتلىششى ياكى y نىڭ چۈشۈپ قېلىشى، مەسلەن: ئوغۇزچە، قىپچاقچە qinqü (ئۇيغۇرچە Yinqü ياكى ئوغۇزچە، قىپچاقچە yÏlÏq suw (ئۇيغۇرچە ilig suq)؛

b. b<m نىڭ نۆۋەتلىششى، مەسىلەن: ئوغۇزچە، قىپچاقچە men berdim (ئۇيغۇرچە ben berdim)؛ ۋاھاكازا.

مەھمۇت قەشقەرىنىڭ قىپچاق ۋە ئوغۇز تىللىرىنى ئۇيغۇر تىلىغا قارشى قويۇپ سېلىشتۇرغانلىقى شۇنى كۆرسىتىدۇكى، ئالدىنقى دەۋردە، يەنى ھون دەۋرىدە بۇ تىللار تېخى رەسمىي بۆلۈنۈپ كەتمىگەن ئىدى ۋە بىر پۈتۈن ئوغۇز-قارلۇق-قىپچاق تۈركۈمىنى تەشكىل قىلاتتى. بۇ تۈركۈم كېيىنچە، بىر تەرەپتىن، قارلۇق (ئۇيغۇر) تۈركۈمىگە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئوغۇز-قىپچاق تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ كەتتى. ئاخىرقىسى بولسا، ئۇنىڭدىنمۇ كېيىنكى بىر مەزگىلگە بارغاندا ئوغۇز ۋە قىپچاق دەپ ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتتى.

دېمەك، نەسەب جەھەتتىن ئېيتقاندا شۇنداق دەپ قىياس قىلىشقا بولىدۇكى، ھون دەۋرىدە بارلىق تۈركى تىللار بىر بىرىگە يېقىن بولغان تىللارنىڭ بىرنەچچە گۇرۇپپىلىرىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بۇ تىللار ئاساسىي جەھەتتىن گۇرۇپپىلار بويىچە پەرقلىنەتتى، ھەر بىر گۇرۇپپىنىڭ تەركىۋى قىسمىدىكى پەرقلەر ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، بارلىق تۈركى تىللار ھون ئىتتىپاقىنىڭ غەربىي ۋە شەرقىي ھونلارغا بۆلۈنگەنلىكىگە مۇناسىۋەتلىك ھالدا غەربىي ۋە شەرقىي تارماقلارنى ھاسىل قىلدى.

هون دەۋرىدىكى تۈركى تىللار گۇرۇپپىلىرىنىڭ تەركىۋى تۈركى تىللار تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمى ئىسخېمىسىدا كۆرستىلدى.

## قەدىمقى تۈرك دەۋرى (V-X ئەسىرلەر)

تۈركى تىللار تەرەققىياتىنىڭ ئۈچىنچى دەۋرى قەدىمقى تۈرك دەۋرىدىن ئىبارەت. بۇ دەۋر ئۆز ئىچىدىن يەنە ئۈچ تارماق دەۋرگە بۆلۈنىدۇ: 1) تۈرك دەۋرى (V-VIII ئەسىرلەر)؛ 2) قەدىمقى ئۇيغۇر دەۋرى (VIII-IX ئەسىرلەر)؛ 3) قەدىمقى قىرغىز دەۋرى (IX-X ئەسىرلەر). قەدىمقى تۈرك دەۋرى تۈرك ۋە موڭغۇل تىللىرىنىڭ ئۈزۈل-كېسىل بۆلۈنگەنلىكى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، بۇ دەۋردىكى موڭغۇل تىللىرىنىڭ تەرەققىياتى ئاساسىي جەھەتتىن شەرقىي هون قەبىلىلىرىنىڭ تەركىۋىدىكى قەبىلىلەر بىلەن چېتىشلىق بولىدى. تۈركى تىللار بولسا، ئۇنىڭدىن سىرت، غەرپتە كەڭ تارقالدى. چۈنكى تۈركى قەبىلىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى غەربىي هونلار تەركىۋىگە كىرەتتى.

غەربىي هونلار غەرپكە يۈرۈش قىلىپ، ئۆز يولىدا ئۇچرىغان تۈركى ھەم باشقا قەبىلىلەرنى بويسۇندۇرۇپ، IV ئەسىردە غەربىي ياۋروپاغا يېتىپ باردى ھەمدە كېيىنچە، هون دۆلتى يىمىرىلگەندىن كېيىن، ئەينى دەۋردە شەرقىي ياۋروپا زىمىنىدا تەشكىل تاپقان بۇلغار ۋە خازارلارنىڭ قەبىلىلەر ئىتتىپاقلىرىغا قوشۇلىدى. IV ئەسىردە شەرقىي هونلار جۇرجانلار (ئاۋارلار) نىڭ ھۆكۈمرانلىغى ئاستىغا چۈشۈپ قالدى. ئارىدىن ئىككى ئەسىر ئۆتۈپ، IV ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىسىغا (مىلادى 552-يىلى) كەلگەندە، تۈرك قەبىلىسى

باشچىلىقىدىكى تۈركى قەبىلىلەر باش كۆتۈرۈپ چىقتى ۋە جۇرجانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، تۈرك كۆچمەن ئىمپېرىيىسىنى بەرپا قىلدى. بۇ ئىمپېرىيىنىڭ چېگرىلىرى ئامۇ دەريا، مەرۋ، بەلخ ۋە ھىندىستانغىچە كېڭەيدى. بىراق، قەبىلىلەر ئارا ئىچكى توقۇنۇشلار تۈپەيلىدىن ۋە جۇڭگونىڭ كۈچلىنىپ كەتكەنلىكىدىن، 580 — 584-يىللىرى تۈرك ئىمپېرىيىسى ئىككى دۆلەتكە بۆلۈنۈپ كەتتى؛ بۇلارنىڭ بىرى، يەتتە سۇنى مەركەز قىلغان غەربىي تۈركلەر[20] ۋە يەنە بىرى، موڭغۇلىيىنى مەركەز قىلغان شەرقىي تۈركلەردىن[21] ئىبارەت بولدى.

تۈرك ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەنلىكى ھەمدە ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ۋە جۇڭگونىڭ بارغانسېرى كۈچلىنىپ كەتكەنلىكى بۇ تۈرك دۆلەتلىرىنىڭ گۇمران بولۇشغا ۋە ئۆز مۇستەقىللىغىدىن ئايرىلىپ قېلىشغا سەۋەپ بولدى. شەرقىي تۈرك دۆلىتى VII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا جۇڭگو تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىندى، غەربىي تۈرك دۆلىتىنىڭ جەنۇبىي قىسمى (ھازىرقى زاماندىكى شەرقىي ۋە غەربىي تۈركىستان زېمىنلىرى) ئاۋال (VII ئەسىردە) جۇڭگونىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا چۈشۈپ قالدى، كېيىن (VIII ئەسىردە) يېڭى تاجاۋۇزچىلار — ئەرەبلەرنىڭ ئىشغالىيىتى ئاستىغا ئۆتتى[22]. غەربىي تۈرك دۆلىتىنىڭ يەتتە سۇ زېمىنىدىكى شىمالىي قىسمىدا بولسا، ھاكىمىيەت تۈركلەردىن تۈركەشلەرنىڭ قولىغا ئۆتتى. ئاندىن (VIII ئەسىردە) ئوغۇزلار بىلەن قارلۇقلارنىڭ بېسىم ئىشلىتىشى ئارقىسىدا تۈركەشلەر ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى قارلۇقلارغا ئۆتكۈزۈپ بەردى[23]، شۇنىڭ بىلەن، قارلۇقلار پۈتۈن يەتتە سۇ زېمىنىنى ۋە تۈركەشلەرنىڭ چۇ دەرياسى بويىدىكى خان شەھىرى سۇياپنى ئىشغال

قىلدى. ئوغۇزلار بولسا، يەنىمۇ غەرپكە سىلجىپ، VIII ئەسىرنىڭ ئۆزىدە، سىر دەريانىڭ تۆۋەنكى ئېقىمىدىكى جايلاردا ئۆزلىرىنىڭ دۆلىتىنى قۇردى. بۇ دۆلەتنىڭ چېگرىلىرى قاراقۇم چۆللىرىگىچە كېڭەيدى.

شەرقىي تۈرك قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى يۈكسىلىش دەۋرى 682 ــ 745 ـ يىللارغا تەئەللۇقتۇر. 745 ـ يىلى شەرقىي تۈرك دۆلىتى ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن ئۇزۇل ـ كېسىل بەربات قىلىندى.

گەرچە، VI ئەسىردىن ئىلگىرىكى تۈركى خەلقلەرنىڭ تىللىرى ھەققىدىكى ماتېرىياللار جەھەتتە بىز تېخى بىرەر ئەمەلىي مەلۇماتقا ئىگە بولالمىغان بولساقمۇ، لېكىن، VI ـ VIII ئەسىرلەردىكى تۈرك ئىتتىپاقىغا تەۋە بولغان خەلقلەرنىڭ تۈركى تىللىرى رۇس ئالىملىرى تەرىپىدىن تېپىلغان يېنىسەي ـ ئورخۇن يادىكارلىقلىرىدىن بىزگە ناھايىتىمۇ ياخشى تونۇشلۇق. بۇنىڭ ئىچىدىكى ھەممىدىن قىممەتلىكرەك بولغىنى 1889 ـ يىلى سىبىرىيىنى تەكشۈرگۈچى ئالىم ن. م. يادرىنتسېۋ[24] تەرىپىدىن تېپىلغان ئورخۇن يادىكارلىقلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ يادىكارلىقلارنىڭ جايلاشقان ئورنى موڭغۇلىيىدىكى ئورخۇن دەرياسىنىڭ ۋادىسىدا بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارغا ئورخۇن نامى قويۇلغان. يېنىسەي ـ ئورخۇن يادىكارلىقلىرىدىكى تاش پۈتۈكلەر خېلى بىر ۋاقىتلارغىچە ئالىملار ئۈچۈن سىر بولۇپ كەلگەن ئىدى[25]، كېيىن دانىيە ئالىمى ۋ. تومسېن[26] بىلەن رۇس ئالىمى ۋ. رادلوۋ[27] ئۆز ئارا تەجرىبە ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق بىرلا ۋاقىتتا دېگۈدەك بۇ يېزىقلارنىڭ مەنىسىنى يېشىپ چىقىشتى. بۇ پۈتۈكلەر تۈركى تىللارنىڭ ئەڭ قەدىمقى يادىكارلىقلىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، تۈركولوگىيە ئىلمى ئۈچۈن ئىنتايىن زور ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ

تۇرماقتا. بۇ يادىكارلىقلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ چوڭلىرى تۆۋەندىكىلەر:

1) گۇدۇلۇخان مەڭگۈ تېشى. بۇ «ئۆنگىن تېشى» دەپمۇ ئاتالغان. بۇ تاش چوڭ يادىكارلىقلار ئىچىدىكى ئەڭ قەدىمقىسى بولۇپ، مىلادى 692 — 693 ـ يىللارغا تەئەللۇق[28]؛ 2) كۈل تېگىن ۋە موجىلەن خان (ياكى بىلگە خان) مەڭگۈ تاشلىرى. بۇ يادىكارلىقلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ چوڭلىرى ۋە ئەڭ ياخشى ساقلانغانلىرى بولۇپ، مىلادى 732 ـ يىلىغا تەئەللۇق[29]؛ 3) 1897 ـ يىلى يى. كلېمېنتسېۋ تەرىپىدىن تېپىلغان تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى[30]؛ 4) ۋ. كوتۋىچ تەرىپىدىن تېپىلغان كۇلىچۇر مەڭگۈ تېشى[31]؛ ۋە باشقا تاش پۈتۈكلەر[32].

ئۇيغۇرلارنىڭ قەبىلىلەر ئىتتىپاقى، خۇددى 682 — 745 ـ يىللاردىكى تۈرك ئىمپېرىيىسىگە ئوخشاش، ئىلگىرى تۈرك ئىمپېرىيىسىنىڭ پەقەت شەرقىي قىسمىغىلا تەۋە بولغان قەبىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىدى. غەربىي تۈركلەرنىڭ بۆلۈنۈپ چىقىپ كېتىشى ئۇيغۇر دۆلىتىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويىدى. شۇ سەۋەپتىن، ئۇيغۇرلار 840 ـ يىلى قىرغىزلار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى.

موڭغۇلىيىنى قىتانلار (قارا خىتايلار) بېسىۋالغانغا قەدەر، يەنى مىلادى 840 ـ يىلدىن مىلادى X ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتىكى دەۋر قىرغىزلارنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن دەۋرى ئىدى[33]. قىرغىزلارنىڭ يېنىسەي يېزىغى شۇ دەۋرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىگە تەئەللۇقتۇر[34].

ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى قىرغىزلار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىن، يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ بىرلىكىنى ساقلاپ قالغان ھالدا غەرپ تەرەپكە كۆچۈپ كەتتى ۋە جۇڭغارىيىدە يېڭى

ئۇيغۇر دۆلىتىنى تەشكىل قىلدى. بۇ دۆلەت ئەرەپلەرنىڭ تارىخىي ھۆججەتلىرىدە توققۇز ئوغۇز دۆلىتى دېگەن نام بىلەن ئاتالغان بولۇپ، تاكى موڭغۇل ئىستىلاسىغىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇردى ۋە شەرقىي ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ئەنئەنىلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ بۈيۈك مەدەنىيىتىنى ياراتتى[35].

تۈركلەرنىڭ (كۆك تۈركلەرنىڭ) بىۋاسىتە ۋارىسلىرى بولغان ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىدىن كېيىن كۆپلىگەن تىل يادىكارلىقلىرىنى قالدۇرۇپ كەتتى، بۇ يادىكارلىقلار خرونولوگىيە جەھەتتىن ئىككى دەۋرگە بۆلۈنىدۇ.

بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ قەدىمقىلىرى تاشقا ئويۇلغان بەلگىلەر بولۇپ، ئورخۇن تۈركلىرىنىڭ يېزىقى بىلەن ئوخشاش. بۇلار گ. رامستېدت تەرىپىدىن تېپىلغان ئابىدىلەردىن ئىبارەت[36]: 1) شىنە ئۇسۇ ئەتراپىدىن تېپىلغان يادىكارلىق. بۇ «سېلېنگا تېشى» دەپمۇ ئاتالغان بولۇپ (VIII ئەسىر)، ئۇيغۇرلارنىڭ تۈركلەرنى مەغلۇپ قىلغان دەۋرگە تەئەللۇق؛ 2) سۇجى دېگەن جايدىن تېپىلغان يادىكارلىق. بۇ 840 — 862 ـ يىللارغا، يەنى ئۇيغۇرلارنىڭ مەغلۇپ بولغان ۋاقتىغا تەئەللۇق.

ئىككىنچى دەۋرنىڭ يادىكارلىقلىرى بۇرۇنقىلىرىدىن باشقىچە يېزىق بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. بۇ يېزىقنى ئۇيغۇرلار ئەسلىدە سوغدلاردىن قوبۇل قىلغان. بۇ يېزىقنىڭ سوغدلاردىن قوبۇل قىلىنغانلىقىنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىنىڭ يادىكارلىقىدىن (سېلېنگا تېشى) كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. شۇ قاتاردىكى يادىكارلىقلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىملىرى ئاساسىي جەھەتتىن IX ـ X ئەسىرلەردە يېزىلغان بولۇپ، ئەينى زاماندىكى ئەدەبىي يېزىق تىلىنى[37] ئەكس ئەتتۈرىدىغان

مانى ۋە بۇددا دىنلىرىنىڭ دىنىي ۋە دىنىي-پەلسەپىۋى ئەسەرلىرى، شۇنداقلا ئەدەبىي يېزىق تىلى بىلەن خەلقنىڭ جانلىق تىلى ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىق ھالىتىدە بولغان نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇرچە سىياسىي-قانۇن ھۆججەتلىرىدىن ئىبارەتتۇر. بۇ ھۆججەتلەر تۈرلۈك دەۋرلەرگە — V-VIII ئەسىرلەردىن X ئەسىرگىچە ۋە ئۇنىڭدىنمۇ كېيىنكى مەزگىللەرگە تەئەللۇق[38].

ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقى كېيىنكى دەۋرلەردىكى ئەدەبىي تىللارنىڭ، يەنى ئەڭ ئالدى بىلەن، قاراخانىلار دەۋرىدىكى (X-XII ئەسىرلەر) تىلىنىڭ، ئاندىن ئوغۇز-قىپچاق ئەدەبىي تىلىنىڭ (XII-XIII ئەسىرلەر)، چاغاتاي تىلىنىڭ (XIII-XIV ئەسىرلەر)[39]، ئالتۇن ئوردا ئەدەبىي تىلىنىڭ (XIII-XIV ئەسىرلەر)، كېيىنكى ۋاقىتلاردا كونا ئۆزبەك تىلىنىڭ (XV-XIX ئەسىرلەر)، كونا تۈركمەن تىلىنىڭ (XVII-XIX ئەسىرلەر) ۋە باشقا تىللارنىڭ شەكىللىنىشىگە زور تەسىر كۆرسەتتى. ئۇيغۇر يېزىقى موڭغۇللار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ، تاكى ھازىرقى كۈنلەرگىچە ئىشلىتىلىپ كەلدى[40].

شۇنداق قىلىپ، IX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، بەزى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ۋە قىرغىزلاردىن باشقا كۆپچىلىك تۈركىي قەبىلىلەر خېلى زور دەرىجىدە غەرب تەرەپكە قاراپ ئىلگىرىلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن موڭغۇلىيەدىكى قىرغىز دۆلىتى، جۇڭغارىيەدىكى توققۇز ئوغۇز دۆلىتى ھەم يەتتە سۇدىكى تۇخسى، ئاز ۋە ياغما قەبىلىلىرىنى ئۆزىگە بويسۇندۇرغان قارلۇقلار (چىگىل ياكى جىكىل قەبىلىسى) دۆلىتى تۈركلەرنىڭ ئەڭ شەرقتىكى دۆلەتلىرىدىن بولۇپ قالدى.

ئۇنىڭ نېرىسىدىكى غەرب ۋە جەنۇب تەرەپلەر، يەنى ھەر خىل

تۈركى (تۈرك ۋە تۈركەشلەرنىڭ ئەۋلاتلىرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ۋە ئىرانىلاردىن تەركىپ تاپقان ئارىلاش ئاھالىلىك جەنۇبىي تۈركىستان زىمىنى (بۇخارا، سەمەرقەنت، خارەزىم، فەرغانە، قەشقەر) VIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئەرەپلەر تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىپ، ئاببا-سىلار خەلىپىلىگىنىڭ تەركىۋىگە قوشۇلدى، IX ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا، سامانى دۆلىتىنىڭ تەركىۋىگە قوشۇلدى.

سىر دەريانىڭ تۆۋەنكى ئېقىمى ئەتراپىدىكى جايلاردا ۋە ئۇنىڭ غەرپ تەرىپىدىكى كاسپى دېڭىزىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى جايلاردا، VIII ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئوغۇزلار (توققۇز غۇزلار، غۇزلار ياكى ئۇزلار؛ بۇلار روسىيە يىلنامىلىرىدا تۈرك دەپ ئاتالغان) ئۆزىنىڭ كۆچمەن دۆلىتىنى قۇردى. ئوغۇزلارنىڭ شىمالدىكى يايىق (ئۇرال) ۋە ۋولگا دەريالىرىنىڭ ئارىلىغىدىكى جايلاردا پەچەنەكلەر كۆچمەن بولۇپ يۈرەتتى[41]. پەچەنەكلەرنىڭ شەرقىدىكى ۋە شەرقىي شىمالىدىكى جايلاردا، ئاساسىي جەھەتتىن ئېرتىش دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمى ئەتراپىدىكى جايلاردا كىماكلار كۆچمەنلىك قىلىپ يۈرگەن بولۇپ، ئۇلار قىپچاق ۋە يەمەك قەبىلىلىرىدىن تەركىپ تاپقان ئىدى. يېنىسەي ئەتراپلىرىدا بولسا، قىرغىزلار كۆچمەنلىك قىلاتتى.

غەرپ تەرەپتىكى ۋولگا دەرياسىنىڭ بويلىرىدا ۋە جەنۇبىي رۇس داللىرىدا مۇنۇ قەبىلىلەر ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى: شىمالدا بۇلغارلار، جەنۇپتا بۇلغارلار ۋە خازارلار. بۇلارنىڭ تىللىرى ئۆزئارا يېقىن ئىدى، ئەمما بۇ تىلنى تۈركلەرمۇ، فىنلارمۇ بىلمەيتتى[42].

IX ئەسىردە پەچەنەكلەر، ئېھتىمال ئوغۇزلارنىڭ ۋە غەربىي قىسىم كىماكلارنىڭ (بۇلار كېيىنچە قىپچاقلارنىڭ، يەنى كۇمانلار بىلەن پولوۋلارنىڭ ئۇلىنى تەشكىل قىلغان)[43] بېسىمىغا ئۇچرىغان

بولسا كېرەك، ئىش قىلىپ، غەربىي جەنۇپتىكى جەنۇبىي رۇس داللىرىغا يۇرۇش قىلىپ، ئۇ يەردىن ماجارلار بىلەن بۇلغارلارنى سىقىپ چىقاردى. كۆچمەن پەچەنەكلەرنىڭ بۇ ھەركىتى قۇدرەتلىك خازار دۆلىتىنىڭ تەقدىرىنى ھەل قىلدى. X ئەسىردە خازارلار غەرپ تەرەپتىن سىلاۋيانلارنىڭ زەربىسىگە، شەرق تەرەپتىن پەچەنەكلەرنىڭ ھۇجۇملىرىغا ئۇچراپ، ئۆزىنىڭ كۈچ-قۇدرىتىدىن تامامەن مەھرۇم بولدى. شەرقىي ياۋروپادا ھەل قىلغۇچ سىياسى رول ئوينىغۇچىلار شىمالدا ۋە غەربىي شىمالدا سلاۋيانلار، شەرقىي شىمالدا بۇلغارلار، جەنۇپتا پەچەنەكلەر، شەرقىي جەنۇپتا ۋە شەرقتە كىماكلار ۋە كېيىنكى ۋاقىتلاردا قىپچاقلار ياكى كۇمانلار (پولوۋلار) دېگەن ئورتاق نام بىلەن ئاتالغان بەزى ئوغۇز قەبىلىلىرى[44] بولۇپ قالدى.

تۈرك ۋە ئۇيغۇرلاردىن ئىبارەت شەرقىي تۈرك خەلقلىرى بىزگە زور مىقداردىكى يازما يادىكارلىقلارنى قالدۇردى. بۇنىڭ ئەكسىچە خازار، بۇلغار ۋە پەچەنەكلەردىن ئىبارەت غەربىي تۈرك خەلقلىرىنىڭ VI ئەسىردىن X ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتىكى تىلغا ئائىت يادىكارلىقلىرى بەكمۇ ئاز بولۇپ، بار بولغانلىرى، ئاساسىي جەھەتتىن، جايلارنىڭ جۇغراپىيىلىك ناملىرى ۋە مەشھۇر شەخسلەرنىڭ ئىسىملىرىدىن، يەنى ۋىزانتىيە، يەھۇدى، ئەرمەن ۋە ئەرەپ يازغۇچىلىرىنىڭ تارىخىي ئەسەرلىرىدە تىلغا ئېلىنغان خاس ئىسىملاردىن، قەبرە تاشلىرىغا ۋە ساپال قاچىلارغا يېزىلغان خەتلەردىن ئىبارەت. خازار تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ھازىرغىچە ئۇنتۇلماي ساقلىنىپ كېلىۋاتقان بەزى خازارچە شەھەر ناملىرىدىن، يەنى ئىتىل، سەمەندەر. بەلەنجەر، ساركەل دېگەنلەردىن تەخمىن قىلىشقا

بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە، قەبىلىلەر نامىلىرىدىن ۋە يەھۇدىيلارنىڭ[45]، ئەرەپلەرنىڭ[46] تارىخىي ھۆججەتلىرىدە ئۇچراپ قالىدىغان بەزى ئىزاھلاردىنمۇ تەخمىن قىلىشقا بولىدۇ.

فونېتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى جەھەتتىن ھازىرقى زامان چۇۋاش تىلىغا يېقىنلىشىدىغان بۇلغار تىلىغا دائىر مەلۇماتلارمۇ ناھايىتى ئاز[47]. بۇ تىلنىڭ خېلى كېيىنكى مەزگىللەرگە تەئەللۇق بولغان يادىكارلىقلىرى XIV ئەسىردىكى قەبرە تاشلارنىڭ يېزىقلىرى ۋە سلاۋيانچە-بۇلغارچە سۆزلۈكتىن ئىبارەت، بۇنىڭدا بۇلغارچە سۆزلەر خاتىرىلەنگەن[48].

پەچەنەك تىلىغا دائىر مەلۇماتلار يۇ. نېمېتنىڭ ئۈچ پارچە ئەسىرىدە تونۇشتۇرۇلغان بولۇپ، بۇنىڭدا ئۇرۇق، ئۇنۋان ۋە قەلئەلەرنىڭ پەچەنەك تىلىدىكى خاس ناملىرى گرېك يېزىقى بىلەن ئىپادىلەنگەن ۋە بۇ ناملار باشقا تۈركىي تىللارنىڭ لېكسىكىسى بىلەن سېلىشتۇرۇلغان ھالدا تەھلىل قىلىنغان[49]. شۇنداقلا بۇلغار ۋە پەچەنەك تىللىرىنى تەتقىق قىلىش ئىشىدا ۋېنگرىيىنىڭ بەزى خرونىك ئەسەرلىرى ۋە خەلق ئىچىدىكى رىۋايەتلىرى، گەرچە مەخسۇس قوللانما بولالمىسىمۇ، يەنىلا مۇھىم مەنبە بولۇپ ھېساپلىنىدۇ، چۈنكى بۇلاردا مىلادى X–IX ئەسىرلەرگە تەئەللۇق نۇرغۇنلىغان تۈركچە خاس ئىسىملار ئۇچرايدۇ[50].

شۇنداق قىلىپ، بۇ دەۋردىكى ھەممىدىن بەكرەك قۇدرەتلىك قەبىلىلەر ئىتتىپاقلىرى غەربتە بۇلغارلار، خازارلار ۋە پەچەنەكلەر؛ شەرقتە تۈركلەر (قەدىمقى ئوغۇزلار)، ئۇيغۇرلار ۋە قىرغىزلار ئىدى.

$r\sim t/d\sim s/z>y$ نۆۋەتلىشىشنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تەرەققى

قىلىشى شۇ دەۋردىكى تۈركى تىللارنىڭ فونېتىكىلىق قۇرۇلۇشىغا خاس بولغان خۇسۇسىيەتلەرىنىڭ بىرىدۇر. ئالايلى، مەھمۇت قەشقەرىنىڭ دىۋانىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن تىللار ئىچىدىن *y~s/z* نۆۋەتلىشىشى XI ئەسىرگە كەلگەندە پەقەت چىگىل قەبىلىسىدىلا ساقلىنىپ قالغان. بۇ قەبىلە ئەسلىدە قارلۇقلار ئىتتىپاقىدىكى بىر ئۇرۇق-قەبىلە تۈركۈمى ئىدى. چىگىل تىلىدىن ئېلىنغان مۇنۇ مىساللارنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈڭ: *ḳarÏn toztÏ* (قوساق تويدى)، *azaḳ* (ئاياق) ۋاھاكازا. ئۇنىڭدىنمۇ قەدىمقى دەۋردىكى، يەنى ھون دەۋرىدىن ئىلگىرىكى دەۋرگە خاس بولغان *r* نىڭ نۆۋەتلىشىشى ھازىرقى زامان موڭغۇل تىلىدا ۋە ھازىرقى زامان تۈركى تىللىرىدىن پەقەت بىر چۇۋاش تىلىدىلا ساقلىنىپ قالدى. ھون دەۋرىدە بولسا، *t/d* ۋە *s/z* تەرەققى تاپتى، لېكىن تۈركى تىللارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى *s/z~t/d* نىڭ *y* ئۈزۈك تاۋۇشىغا ئالمىشىشى قەدىمقى تۈرك دەۋرىگە ۋە بولۇپمۇ ئوتتۇرا تۈرك دەۋرىگە خاستۇر. دەل مۇشۇ دەۋرلەردە كۆپچىلىك تۈركى تىللاردىكى قەدىمقى *t/d* ۋە *s/z* ئاستا-ئاستا *y* غا ئۆزگىرىشكە باشلىدى، ھازىرقى زاماندا *t/d* بىلەن *s/z* پەقەت ياقۇت، تۇۋا، قاراغاس، خاكاس ۋە شور تىللىرىدىلا ساقلىنىپ قالدى[51].

قەدىمقى دەۋرلەردىكى $t/d\sim s/z>y$ نىڭ تەدرىجى ئۆزگىرىشى ۋە ئاشۇ ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ بەزى سۆزلەرنىڭ تومۇرلىرىدا ۋە يىلتىزلىرىدا ساقلىنىپ قالغانلىقىنى ھازىرقى زامان ئالتاي تىلىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مەسىلەن، مۇنداق نۆۋەتلىشىپ كېلىشلەرنى سېلىشتۇرۇڭ: 1) *d'as-* «يايماق، يەشمەك، چۇۋۇماق»، (سېلىشتۇرۇڭ: *d'azÏl-* «يېيىلماق، يېشىلمەك، چۇۋۇلماق»)، *d'at-*

«ياتماق، جايلاشماق، ياشماق» ۋە *d'ay*- «يايماق، سالماق، يەشمەك، ئاسماق» بۇنىڭغا سىلىشتۇرۇڭ: *d'ayĭl*- «تاشقىنلىماق، يېيىلماق» (دەريا ھەققىدە)؛ 2) *küy*- «ئالتاي تىلىدا كۆتمەك، كۆتۆپ تۇرماق» دىگەن مەنىلەرنى بىرىدۇ. باشقا تۆركى تىللاردىكى ئۇنىڭدىن قەدىمقىرەك شەكىل: *küt*- «كۆتمەك»، بۇ سۆز ئالتاي تىلىدا «پادا بېقىش، چارۋاماللارنى پەرۋىش قىلىش» دىگەن مەنىلەرنى ئالغان، يەنە شۇ ئۆزۆك تاۋۇشلارنىڭ باشقا تۆركى تىللاردىكى نۆۋەتلىشىپ كېلىشىنى سىلىشتۇرۇڭ، مەسىلەن، قاراقالپاق تىلىدا: *søz* ۋە *søylə* (ئالتاي تىلىدا *søs*- (سۆز) ۋە *søstø* (كېلىشىپ قويماق، نىكا ئىشىنى پۆتۆشۆپ قويماق).

تۆركى تىللارنىڭ ئىچىدىن پەقەت ئالتاي، قىرغىز ۋە ئوغۇز تىللىرىلا *a*-*ə*، *o*-*ø*، *u*-*ü*، *I*-*i* دىن ئىبارەت سەككىز تۆرلۆك قەدىمقى قوش سوزۇق تاۋۇش سىستېمىسىنى ساقلاپ قالدى. ئوغۇز تىللىرى بىلەن ئالتاي، قىرغىز تىللىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق پەقەت شۇنىڭدىنلا ئىبارەتكى، ئالتاي ۋە قىرغىز تىللىرى شەرقتە شەرقىي تۆركى تىللارنىڭ تەركىۋىدە تۇرۇپ ھەمدە موڭغۇل تىللىرى بىلەن يېقىن ئالاقىدا بولۇپ تەرەققى قىلغان بولغاچقا، سوزۇلما سوزۇق تاۋۇشلار سىستېمىسىنى ئۆزلەشتۆرۆۋالدى، بۇ سىستېمىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ئالاھىدىلىكى مۇقەررەر ھالدا ئالتاي ۋە قىرغىز تىللىرىغا (قىسمەن ھاللاردا خاكاس، تۇۋا ۋە ياقۇت تىللىرىغىمۇ) ئورتاقتۇر.

قەدىمقى ئوغۇز (ئورخۇن)، قەدىمقى ئۇيغۇر ۋە قەدىمقى قىرغىز (يېنىسەي) يادىكارلىقلىرىدىن كۆرۆۋېلىشقا بولىدۇكى، قەدىمقى تۆرك دەۋرىدىكى تۆركى تىللارنىڭ ئورتاق خۇسۇسىيەتلىرى *r*~*y*~

s/z نىڭ r~s/z~d/t~y بىلەن نۆۋەتلىشىپ كېلىشىنىڭ ئورنىغا، سۆز ئوتتۇرىسىدا ۋە ئاخىرىدا كۆپىنچە t/d كېلىشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ ھەمدە بۇ تىللارنى بىر بىرىدىن ئايرىپ تۇرىدىغان خۇسۇسىيەتلەر بىلەنمۇ ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: ئورخۇن يادىكارلىقلىرىدا ۋە ئۇيغۇر يېزىقىدا[52] ئۇچرايدىغان n/ŋ~y نۆۋەتلىشىشى: بەزى تىللاردا koŋ- (قوي)[53] ۋە بەزى تىللاردا koy-، بەزى تىللاردا aŋïq- (نەدە)[54]: يەنە بەزى تىللاردا kayda ۋە kanda (يامان، ياۋۇز) ۋە ayïq ۋە يەنە بەزى تىللاردا yəŋ- (يەڭمەك، قوغلىۋەتمەك)[55] yay- // yayï ۋاھاكازا.

ئوغۇز، ئۇيغۇر ۋە قىرغىز تىللىرىنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتى شۇنى كۆرسىتىدۇكى، بۇ تىللار كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۆز ئاساسىنى، يەنى گىراماتىكىلىق قۇرۇلۇشىنى ۋە ئاساسىي لۇغەت فوندىنى ساقلاپ قېلىش بىلەن بىللە، ئۆز لۇغەت تەركىۋىنى ۋە قىسمەن فونېتىكىلىق تۈزۈلۈشىنى خېلىلا ئۆزگەرتىۋەتتى.

قەدىمقى تۈرك دەۋرىدە تۈركى تىللارنىڭ t/d تىللار گۇرۇپپىسىغا، s/z تىللار گۇرۇپپىسىغا ۋە y تىللار گۇرۇپپىسىغا بۆلۈنۈش ھەركىتى داۋاملاشتى. بۇ گۇرۇپپىلار ھون دەۋرىدە بۆلۈنۈپ چىققان r تىللار بىلەن بىرلىكتە ھازىرغا قەدەر تۈركى تىللار ئائىلىسىنىڭ ئاساسلىق تۈرگە ئايرىلىش تارماقلىرىنى تەشكىل قىلىپ تۇرماقتا.

قەدىمقى تىللارنىڭ يادىكارلىقلىرىدىن مەلۇم بولغىنىدەك، تۈرك دەۋرىدە، r تىللار (قەدىمقى ئوغۇزلارنىڭ ئەۋلاتلىرى بولغان بۇلغارلار ۋە خازارلارنىڭ تىللىرى) ۋە d/t~ s/z تىللار (قەدىمقى ئوغۇز، قەدىمقى ئۇيغۇر ۋە قەدىمقى قىرغىز تىللىرى) ھۆكۈمرانلىق ئورۇندا تۇرغان ئىدى. ئەندى، y تىللارغا كەلسەك، بۇ تىللارنىڭ

جانلىق تەرەققىياتى ئوتتۇرا تۈرك دەۋرىـگە، يەنى X ـ XV ئەسىر-لەردىكى دەۋرگە توغرا كېلىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئوتتۇرا تۈرك دەۋرىنىڭ باشلىنىشى بولغان X ئەسىرگە كەلگەندە، قەبىلىلەر تۈركۈملىرىنىڭ ئەڭ چوڭ تىللىرى تۆۋەندىكىلەر ئىدى: *a*) غەرپتە بۇلغار تىلى (خازار تىلى بىلەن بىرلىكتە) ۋە ئالدىنقى ئەۋلادى بىر بولغان قىپچاق، ئوغۇز، قارلۇق-لارنىڭ تىللىرى، يەنى هازىرقى زاماندىكى ھەممە غەربىي تۈركى تىللارنىڭ ھۇل تىللىرى بولغان تۆت چوڭ ئۇرۇق-قەبىلە ئىتتىپا-قىنىڭ تىللىرى؛ *b*) شەرقتە قەدىمقى ئوغۇزلار، ئۇيغۇرلار ۋە قىر-غىزلارنىڭ تىللىرى، يەنى كېيىنكى دەۋرلەردىكى شەرقىي تۈرك تىللىرىنىڭ ئاساسى بولۇپ قالغان ئۈچ چوڭ ئۇرۇق-قەبىلە ئىتتىپا-قىنىڭ تىللىرى. قەدىمقى تۈرك دەۋرىدىكى تىللار تەرەققىياتىنىڭ جەريانى تۈركى تىللار تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمى ئىسخېمىسىدا كۆرسىتىلدى.

## ئوتتۇرا تۈرك دەۋرى ياكى ئاساسلىق تۈركى قەبىلىلەر تىللىرىنىڭ تەرەققى قىلىش ۋە شەكىللىنىش دەۋرى

(X ـ XV ئەسىرلەر)

تۈركى تىللار تەرەققىياتىنىڭ تۆتىنچى دەۋرى ئوتتۇرا تۈرك دەۋرى (X ـ XV ئەسىرلەر) بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. بۇ دەۋر هازىرقى زاماندىكى ھەممە تۈركى تىللارنىڭ شەكىللىنىپ چىقىشى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. بۇ تىللار ئۆزىنىڭ هازىرقى هالىتىنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيەتلىرىنى مىلادى XV ـ XVI ئەسىرلەردە ۋۇجۇتقا كەلتۈر-

گەن ئىدى. ئوتتۇرا تۈرك دەۋرىنى مۇنداق ئىككى تارماق دەۋرگە
ئايرىشقا بولىدۇ: a) قاراخانىلار دەۋرى (X-XII ئەسىرلەر)،
b) موڭغۇل دەۋرى (XIII-XV ئەسىرلەر).

تارىخىي يادىكارلىقلاردىن مەلۇمكى، X ئەسىردە قارلۇق قەبىلىلەر
ئىتتىپاقى قۇدرەت تاپتى ۋە يەتتە سۇدا تۈرك قاراخانى سۇلالىسىنىڭ
ياكى ئىلىك خانلار سۇلالىسىنىڭ باشچىلىقىدىكى قۇدرەتلىك بىر
دۆلەتنى قۇردى. بۇ دۆلەتنىڭ مەركىزى دەسلەپتە بالاساغۇندا
بولغان ئىدى، كېيىن قەشقەرگە يۆتكەلدى. قاراخانىلار ئۆز تەسى-
رىنى پۈتكۈل سىر دەريا ئەتراپىدىكى جايلارغىچە ھەم سامانىلارنىڭ
غەرپتىكى زېمىنلىرى بۇخارا ۋە سەمەرقەنتلەرگىچە كېڭەيتتى. قارا
خانىلار دۆلىتى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇششاق فېئودال بەگلىكلىرىنى ۋە
ئامۇ دەريا بىلەن سىر دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئېكىنزارلىقلارنى ۋە
ئۇ يەرلەردىكى تۈرك ھەم پارسلاردىن تەركىپ تاپقان ئاھالىنى
ئۆزىگە بويسۇندۇرۇپ، X ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئىسلام دىنىنى قوبۇل
قىلىپ ھەممە بويسۇندۇرۇلغان خەلقلەرنىڭ يۈكسەك مەدەنىيىتىنى
ئۆزلەشتۈرۈپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈرك دۆلەتلىرىنىڭ ئىچىدە ئەڭ
مەدەنىيەتلىك دۆلەت بولۇپ قالدى. قاراخانىلار تەرىپىدىن ئوتتۇرا
ئاسىيانىڭ شەرقىدىكى ئۇيغۇرلار بىلەن غەربىدىكى تۈركىي-ئىرانى-
لاردىن ئىبارەت بولغان مەدەنىيەت سەۋىيىسى يۈكسەك دەرىجىدە
تەرەققىي تاپقان ئىككى خەلقنىڭ بىرلەشتۈرۈلگەنلىكى تۈرك ئەدەبىي
تىلىنىڭ خاراكتېرىدىمۇ ئەكس ئەتتى. بۇ ئەدەبىي تىلنىڭ مۇنداق
ئىككى تارقىلىش مەركىزى بولغانلىقى ئېھتىمال: بىرىنچىسى، شەرق-
تىكى بالاساغۇن بىلەن قەشقەردە؛ ئىككىنچىسى، سىر دەريا بويىدا.
قاراخانىلار دۆلىتىدە كەڭ تارقالغان پارس ئەدەبىياتى بۇ تىلنىڭ

تەرەققىياتىغا ئۆز ھەسسىسىنى قوشتى. شەرقتىكى قارلۇق ـ ئۇيغۇر دىيالېكتىنى ئاساس قىلغان ئەدەبىي تىل ۋە غەربتىكى، كېيىنچە خارەزمدە تەرەققى قىلىشقا باشلىغان ئوغۇز ـ قىپچاق دىيالېكتى ئاساسىدىكى ئەدەبىي تىلنىڭ ھەر ئىككىلىسىگە پارس ئەدەبىياتى كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى. بۇ ئەدەبىي تىللارنىڭ ھەر ئىككىسى يۇقۇرى قاتلام فېئودال مەنسەپدارلار ۋە ئاقسۆڭەكلەر تائىپىسى ئىچىدە بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئەرەپ ۋە پارس لېكسىكىسىنى ھەم مورفولوگىيىلىك ۋاستىلىرىنى كەڭ تۈردە قوللىنىش بىلەن خاراك-تېرلىنىدۇ. لېكىن، خەلقنىڭ جانلىق تىلى چەتئەل تىللىرىنىڭ تەسىرىگە ئانچە يولۇقمىدى. ئىمتىيازلىق سىنىپلارنىڭ ئەدەبىي تىلى بىلەن خەلقنىڭ جانلىق تىلى ئوتتۇرىسىدىكى بۇنداق ئايرىمچىلىق ئوتتۇرا ئاسىيادا يېقىنقى بىر ۋاقىتلارغىچىلا داۋاملىشىپ كەلگەن ئىدى.

ئەسلى تۈركى خەلقلەردىن بولغان باغدات ئالىمى مەھمۇت قەشقەرىنىڭ[56] «تۈركى تىللار دىۋانى»دىن ئىبارەت كىلاسسىك ئەسىرى شۇ دەۋرنىڭ ئەڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ئەدەبىي يادىكارلىق ۋە تىل يادىكارلىغى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. بۇ ئەسەر ھىجرىيە 466 ـ يىلى (مىلادى 1073/74 ـ يىللىرى) دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، ئەينى زاماندىكى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئاغزاكى جانلىق تىلىنىڭ يادىكارلىغىدىن ئىبارەت، مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئەسىرى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركى تىللارنىڭ ئىنتايىن قىممەتلىك تارىخىي دىيالېك-تولوگىيە يادىكارلىغىدۇر. ئۇنىڭدا مول تىلشۇناسلىق ماتېرىياللىرىدىن باشقا، يەنە ئەينى زاماندىكى ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغۇچى خەلقلەر ھەققىدىكى ئېتنوگرافىيىلىك مەلۇماتلارمۇ توپلانغان. مەھمۇت قەش-

قەرىنىڭ تەبىرىچە، بارلىق تۈركى خەلقلەر ئىككى تارماققا ــ شىمالىي ۋە جەنۇبىي تارماقلارغا بۆلۈنىدۇ. شىمالىي گۇرۇپپىغا كىرىدىغانلار، ئولتۇراقلاشقان جايلىرىغا ئاساسەن، غەربتىن شەرققە قاراپ سانىغاندا، مۇنۇلار: پەچەنەك، قىپچاق، ئوغۇز، يەمەك، باشقىرت، باسمىل، قاي، ياباقۇ، تاتار ۋە قىرغىز؛ جەنۇبىي تارماقنىڭ تەركىۋىگە كىرىدىغانلار، يەنە شۇ تەرتىپ بويىچە غەربتىن شەرققە قاراپ سانىغاندا: چىگىل، تۇخسى، ياغما، ئوغراق، چارۇق، چۇمۇل، ئۇيغۇر، خىتاي ۋە تاۋغاچلاردىن ئىبارەت. مەھمۇت قەشقەرى بۆلارنىڭ ئىچىدە تىلى جەھەتتىن ساپ تۈركى بولغانلار دەپ قىرغىز، ئوغۇز، قىپچاق، تۇخسى، ياغما، چىگىل، ئوغراق ۋە چارۇقلارنى ئايرىيدۇ. چۇمۇل، باسمىل، قاي، ياباقۇ، تاتار، خىتاي ۋە تاۋغاچلارنى بولسا، باشقا تىللاردا سۆزلەشكۈچى خەلقلەر قاتارىغا قوشىدۇ. مەھمۇت قەشقەرى ئوغۇز ۋە قىپچاق تىللىرىنى مۇنداق دىيالېكتلىق خۇسۇسىيەتلىرى بويىچە تەرىپلەيدۇ: سۆز بېشىدا $d>t$، $m>b$، $y>j$ ئالمىشىشى ۋە سۆزنىڭ باشقا ئورۇنلىرىدا $k>h$ ئالمىشىشى. مەھمۇت قەشقەرىنىڭ تەبىرىچە، ئۇ چاغلاردىكى قىپچاق، تۇخسى ۋە ياغما تىللىرىدا $q$ فونېمىسى يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئورنىغا $x$ تاۋۇشى ئالماشقان. بۇ ھال ھازىرقى زاماندىكى قازاق، قارا قالپاق ۋە نوغاي تىللىرىغا خاس.

شۇنداق قىلىپ، مەھمۇت قەشقەرىنىڭ دىۋانى X ـ XI ئەسىرلەردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ دىيالېكتلىرى ۋە ئاغزاكى جانلىق تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى شەرھلەيدۇ. ئەھۋالدىن قارىغاندا، بۇ خەلقلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى قاراخانىلار دۆلىتىگە تەۋە بولغان بولسا كېرەك.

ئىككىنچى چوڭ يادىكارلىق، ھىجرىيە 462 ـ يىلى، يەنى مىلادى 1069/70 ـ يىللىرى، خاس ھاجىپ يۈسۈپ بالاساغۇنى تەرىپىدىن يېزىلغان «قۇتادغۇبىلىك» بولۇپ، قارلۇق ـ ئۇيغۇر دىيالېكتىنى ئاساس قىلغان شەرقىي تارماق ئەدەبىي تىلغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇ ئەسەر قەدىمقى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلغان بولسىمۇ، پارس پەلسەپىسىنىڭ پەندى ـ نەسىھەتلىرى روھىدا يېزىلغان. ئىلىم ساھەسىدە بۇ ئەسەرنىڭ ئۈچ خىل نۇسخىسى مەلۇم، بۇلار ۋېنا، قاھىرە ۋە پەرغانە ياكى نامانگەن نۇسخىلىرى بولۇپ، بۇلاردىن بىرى قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدا، قالغان ئىككىسى ئەرەپ يېزىقىدا يېزىلغان⑰.

ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردىكى يادىكارلىقلار، XII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى سوفىزىم ئەدەبىياتىدىن خوجا ئەخمەت يەسەۋىنىڭ «دىۋانى ھىكمەت» ناملىق ئەسىرى (ئەخمەت يەسەۋى، مىلادى 1166/67 ـ يىللىرى ئۆلگەن)⑱ ۋە خوجا ئەخمەت يەسەۋىنىڭ شاگىرتى ئەخمەت يۈكنەكىنىڭ (XII ـ XIII) «ئەتەبەتۇلھەقايىق»⑲ ناملىق ئەسىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ئەسەرلەرنىڭ كېلىپ چىقىش ئورنى XI ئەسىردە قاراخانىلارنىڭ تەسىر دائىرىسىگە كىرىپ، كېيىنچە خارەزىم تەۋەلىكىگە ئۆتكەن ۋە ئاساسلىق ئاھالىسى دەسلەپتە ئوغۇزلار، كېيىن قىپچاقلار بولغان سىر دەريا ۋادىسى ئىدى. بۇ ئەسەرلەر ئوغۇز ـ قىپچاق دىيالېكتلىرى ئاساسىدا يېزىلغان بولۇپ، خارەزىم ئەدەبىي تۈركى تىلىنىڭ قائىدىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، قەدىمقى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى قائىدىلىرىنىڭ تەسىرى ئانچە كۆپ ئەمەس.

ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركى ئەدەبىي تىلىنىڭ شەرقىي (قارلۇق ـ

ئۇيغۇر) ۋە غەربىي (ئوغۇز ـ قىپچاق) تارماقلىرىدىن ئىبارەت بولغان بۇ ئىككى ئەنئەنىسى موڭغۇل ئىستىلاسىدىن كېيىنكى XIV ـ XV ئەسىرلەرگىچە، يەنى تاكى كونا ئۆزبەك تىلى پەيدا بولغانغا قەدەر داۋاملاشتى. كونا ئۆزبەك تىلى بولسا، تۆمۈر دۆلىتى دەۋرىدە گۈللىنىشكە قەدەم قويدى. ئالايلى، شەرق (قارلۇق ـ ئۇيغۇر) ئەنئەنىسى نەھشەبىلىك شەيخ ـ قادىي رابغۇزىنىڭ ھىجرىيە 710 ـ يىلى (مىلادى 1310/11 ـ يىللىرى) يېزىلغان (ئەرەپ يېزىقىدا) «قىسسەسۇل ئەنبىيا» ناملىق ئەسىرىدە⑩ ۋە موڭغۇل ئىستىلاسىدىن كېيىنكى دەۋردە يېزىلغان باشقا ئەسەرلەردە ئەكس ئەتتى، غەربىي تارماق بولغان (ئوغۇز ـ قىپچاق) خارەزىم ئەنئەنىسى بولسا، ھىجرىيە 630 ـ يىلغا (مىلادى 1232 ـ يىل) تەئەللۇق بولغان «قىسسەئى يۈسۈف» ناملىق ئېپىك داستاندا ئەكس ئەتتى⑪.

تارىختا قاراخانىلار دۆلىتى دەپ ئاتالغان تۈركۈمدىكى قارلۇق ۋە ئۇيغۇر قەبىلىلىرى، ئارال دېڭىزى بويىدا بولسا، خارەزىمنىڭ ئوغۇز ۋە قىپچاق قەبىلىلىرى موڭغۇل ئىستىلاسىدىن كېيىن، بۇ يەرلەرگە قىپچاقلارنىڭ يېڭى دولقۇنلىرى كېلىشتىن بۇرۇن، ھازىرقى ئۆزبەكىستان، تۈركمەنىستان ۋە خارەزىم ۋادىسىنىڭ ئاساسلىق ئاھالىسىنى تەشكىل قىلغۇچى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئېتنىك قاتلىمىنى شەكىللەندۈرگەن ئىدى.

XI ئەسىردە قاراخانىلار ئىچكى ئۇرۇشلار نەتىجىسىدە ئاجىزلىشىپ ئۆز مۇستەقىللىقىدىن ئايرىلىپ قالدى. بۇ چاقتا كېلىپ كۆچلىنىپ كەتكەن ئوغۇز قەبىلىلىرى ۋە شۇ قاتاردا تۈركمەنلەر قەشقەر خانلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قاراخانىلار دۆلىتىنى مۇنقەرز قىلدى⑫.

يەنە شۇ XI ئەسىردە سالچۇقلارنىڭ ھەركىتى باشلانىدى (سال-
چۇقلارنىڭ نامى ئۇلارنىڭ سەردارى سالچۇقنىڭ ئىسمىغا ئاساسەن
ئاتالغان). بۇلارمۇ ئەسلىدە ئوغۇز قەبىلىلىرى بولۇپ، XII ئەسىرنىڭ
ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە ئۆز تەسىرىنى جەنۇپقا ۋە غەرپكە كېڭەيتىپ
ئەرمەنىستان بىلەن كىچىك ئاسىيادىكى ۋىزانتىيە زېمىنلىرىنى⑥③
ئىشغال قىلدى. كېيىنچە شۇ جايلاردا ئوسمانىيە (تۈركىيە) دۆلىتى
قۇرۇلدى.

سالچۇقلارنىڭ قەبىلە ئىتتىپاقىغا كىرگەن ئوغۇزلارنىڭ ۋە ئوغۇز
ئۇرۇقلىرىنىڭ قەدىمقى تىل يادىكارلىقلىرىدىن، مەھمۇت قەشقەرىنىڭ
دىۋانىدىن باشقا يەنە «كىتابى دەدەم قورقۇد»⑥④ ۋە «ئوغۇزنامە»⑥⑤
ناملىق ئوغۇز ئېپوسلىرى بار.

بۇلارنىڭ بىرىنچىسى ئېپىك ھىكايىلەردىن ئىبارەت بولغان
«كىتابى دەدەم قورقۇد»، بارتولدنىڭ پىكرىچە، موڭغۇل ئىستىلاسى-
دىن بۇرۇنقى دەۋردە تۈزۈلگەن بولۇپ، XV ئەسىردە كاپكازدا
مۇكەممەللەشكەن؛ ئىككىنچىسى «ئوغۇزنامە» بولۇپ، ئۇ VIII ـ X
ئەسىرلەردە سىر دەرياسى بويىدىكى ئوغۇز دۆلىتىنىڭ پەيدا بولغان
دەۋرىگە تەئەللۇق. ئوغۇز تىلى يادىكارلىقلىرىنىڭ قاتارىغا يەنە
شۇنداقلا قەدىمقى تۈركىينىڭ ئەدىبىي ئەسەرلىرى كىرىدۇ: سۇلتان
ۋەلەدنىڭ (1226 ـ 1312)⑥⑥ سالچۇقچە قوشاقلىرى، ئاشىق پاشانىڭ
(1271 ـ 1332)⑥⑦ ئەسەرلىرى، نەسەفىينىڭ قوشاقلىرى (1332)⑥⑧،
بۇرھانىددىن سىۋاسىنىڭ (1345 ـ 1397) دىۋانى⑥⑨، نامەلۇم ئاپتورنىڭ
توپلىمى (1451)⑦⓪. ئېبنى بىبىنىڭ (1421 ـ 1451) قوشاقلىرى⑦① ۋە
ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردىن قالغان باشقا يادىكارلىقلار. بۇ
ئەسەرلەر ئەدىبىي تىل تەرەققىياتىنىڭ ئورخۇن تۈركلىرى، قەدىمقى

ئۇيغۇرلار ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئوغۇزلىرىنىڭ تىللىرىدىن تارتىپ ھازىرقى زامانىدىكى ئەزەربەيجان ۋە تۈركىيە ئەدەبىي تىلىغىچە بولغان جەريانلىرىنى نامايان قىلىدۇ. ئۇنىڭدىنمۇ كېيىنكى دەۋرلەردىكى خارەزمىنىڭ يازما ئەدەبىي يادىكارلىقلىرى بىلەن خەلق قوشاقچىلىرى مەختۇم قۇلى فىراغى (1733 ـ 1782)، شابەندە (1720 ـ 1799) ۋە باشقىلارنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى ھازىرقى زامان تۈركمەن ئەدەبىي تىلىغىچە بولغان تەرەققىياتىنى كۆرسىتىدۇ.

XI ئەسىردە قىپچاقلار (كۇمانلار، پولوۋلار)نىڭ[72] شەرقتىن جەنۇبىي رۇس داللىرىغا يۈرۈش قىلىشى باشلاندى. قىپچاقلار تەرىپىدىن تارمار قىلىنغان پەچەنەكلەرنىڭ بىر قىسمى غەرپ تەرەپكە سۈرۈلدى ۋە ماجارلار (ۋېنگىرلار)غا سىڭىشىپ كەتتى. پەچەنەكلەرنىڭ قالغان قىسمى شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن ئۆزىنىڭ قەبىلىۋى نامىدىن مەھرۇم بولدى. بۇلار روسىيىنىڭ تارىخىي قوليازمىلىرىدا قاراكلوبۇكلار دىگەن نام بىلەن ئاتالغان بولۇپ، شىمال تەرەپكە چىقىپ قالغان ئىدى. ئۇ يەردە ئۇلار باشتا رۇسلار بىلەن بىرلىشىپ قىپچاقلارغا قارشى كۆرەشكە قاتناشتى، كېيىن قىپچاقلار تەرەپكە ئۆتۈپ ۋە ئۇلار بىلەن زىچ ئىتتىپاقلىنىشىپ، قىپچاقلار ئامىسىغا قوشۇلۇپ كەتتى.

قىپچاقلارنىڭ كۆچمەنچىلىك ماكانى ئەرەپ تارىخچىلىرى تەرىپىدىن دەشتى قىپچاق دەپ ئاتالغان بولۇپ، موڭغۇل ئىستىلاسىدىن ئىلگىرى ھازىرقى قازاقىستانىنىڭ غەربىي جەنۇپ قىسمىنى، ۋولگا، دون دەريالىرىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىملىرىنى ۋە قىرىمنىڭ يايلاق رايونلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ زېمىننى ئىگىلىگەن ئىدى.

موڭغۇل دەۋرىدىن بۇرۇنقى قىپچاق تىلى توغرىسىدىكى بىزگە

ئايان بولغان مەلۇماتلار ناھايىتىمۇ كەمچىل. بىۋاستە موڭغۇل ئىستىلاسىدىن بۇرۇنقى دەۋرگە مەنسۇپ بولغان قىپچاق تىلىدىكى يازما ئەدەبىي يادىكارلىقلارنىڭ بار-يوقلۇغى ئىلىم ساھەسىدە ھازىرغا قەدەر مەلۇم ئەمەس.

قىپچاق تىلىنىڭ ھەجىم جەھەتتىن ۋە مەزمۇن جەھەتتىن ئەھمىيەتلىكرەك بولغان ھەممە يازما ئەدەبىي يادىكارلىقلىرى، جانلىق تىل يادىكارلىقلىرى بىزنى پەقەت موڭغۇل ئىستىلاسىدىن كېيىنكى دەۋردىكى تىل توغرىلىق نىسبەتەن تولۇقراق تەسەۋۋۇرغا ئىگە قىلىدۇ. ھالبۇكى، ئىستىلاچىلىقتىن كېلىپ چىققان قەبىلىلەرنىڭ ئارىلىشىپ كېتىشى نەتىجىسىدە بۇ تىل كۆپ ئۆزگىرىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. ئەمدى، قىپچاقلارنىڭ بىۋاستە موڭغۇل ئىستىلاسىدىن بۇرۇنقى دەۋرگە مەنسۇپ بولغان تىلى ھەققىدىكى مەلۇماتلارغا كەلسەك، بۇ مەلۇماتلار تاسادىپى ۋە ئۆزۈندە خاراكتىرىدا بولۇپ، ئاساسىي جەھەتتىن ئايرىم سۆز ۋە ئىبارىلەر، قىسقا مەكتۇپلەر، جۇغراپىيىلىك ناملار ۋە خاس ئىسىملاردىن ئىبارەت.

بۇ خىلدىكى مەلۇماتلاردىن ئەڭ ئالدى بىلەن مەھمۇت قەشقەرىنىڭ دىۋانىدا كەلتۈرۈلگەن XI ئەسىردىكى قىپچاقلار ۋە قىپچاقلارنىڭ تىلى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى ئېلىشقا بولىدۇ، بۇ دىۋاندا باشقا تۈركى تىللار قاتارىدا قىپچاق تىلىغىمۇ ئورۇن بېرىلگەن[73]. باشقا مەنبەلەردە، جۈملىدىن XII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان روسىيىنىڭ يىلنامىلىرىدا[74]، ۋېنگىرىيىنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتىدا ھەم شېئىرىي رىۋايەتلىرىدە[75] ئۇچراپ قالىدىغان خاس ئىسىملار ۋە جۇغراپىيىلىك ناملارمۇ موڭغۇل دەۋرىدىن بۇرۇنقى قىپچاق تىلىغا دائىر بىرمۇنچە ماتېرىياللارنى بېرەلەيدۇ. ۋېنگىرىيىدە ئولتۇراقلىشىپ

قالغان ۋېنگىر پولوۋلىرىنىڭ دۇئا ـ تىلاۋەت تىلىنىمۇ موڭغۇل دەۋرى-
دىن بۇرۇنقى قىپچاق تىلى قاتارىغا قوشقىلى بولسا كېرەك⑯.

شۇنداقلا، موڭغۇل دەۋرىدىن بۇرۇنقى قىپچاقلارنىڭ (پولوۋلار-
نىڭ) تىلىغا ئائىت بولغان ئاز ساندىكى ماتېرىياللارنى رۇس ئەدىبى-
ياتىنىڭ قەدىمقى نەمۇنىلىرىدىن، خۇسۇسەن، «ئىگورپولكى ھەققىدە
قوشاق»تىن تاپقىلى بولىدۇ⑰.

موڭغۇل قەبىلىلىرىنىڭ جانلىنىشى X ئەسىردىنلا باشلانغان ئىدى.
قىتانلار قەبىلىسى ئۆزىنىڭ قەبىلە ئىتتىپاقىنى ۋە گورخانلار باشچى-
لىقىدىكى دۆلىتىنى بەرپا قىلغان تۇنجى موڭغۇل قەبىلىسى (بەزى
ئالىملارنىڭ قىياس قىلىشىچە تۇنغۇس ـ مانجۇ قەبىلىسى) ئىدى.
قىتانلار پۈتۈن شىمالىي جۇڭگونى ئۆز تەسىرى ئاستىغا ئېلىپ،
ئوغۇزلارنى قىستاپ كېلىپ، ئۇلارنى غەرپ تەرەپكە كۆچۈشكە
مەجبۇر قىلدى ۋە يەتتە سۇغا باستۇرۇپ كىردى. شۇنىڭدىن كېيىن،
XII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئوتتۇرا ئاسىيانى ئېلىپ، چۇ دەرياسى
بويىدىكى بالاساغۇن شەھىرىنى مەركەز قىلغان بىر دۆلەتنى بەرپا
قىلدى. بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا، بۇ چاققا كېلىپ قۇدرەت تاپقان
خارەزىم شاھ دۆلىتىنىڭ قىپچاق ۋە ئوغۇز (تۈركمەن) كۆچمەنلىرى-
نىڭ كۆچىدىن پايدىلىنىپ قىتانلار بىلەن ئېلىپ بارغان كەسكىن
جەڭلىرى، يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا، قىتانلار بىلەن موڭغۇللار-
نىڭ باشقا بىر كۈچلۈك قەبىلىسى بولغان نايمان قەبىلىسى ئوتتۇ-
رىسىدىكى دۈشمەنلىك ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنى قىسقا بىر مەزگىل-
گىچە موڭغۇللارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن ئازات قىلدى.

چىڭگىزخان باشچىلىقىدىكى موڭغۇل ئىستىلاسى دەۋرىدىن ئېتى-
ۋارەن، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شەرقىي ياۋروپا خەلقلىرىنىڭ تارىخىدا

يېڭى دەۋر باشلاندى. ۋە بارتولد «موڭغۇلىيىنىڭ غەربىدىكى موڭ-غۇللار قۇرغان دۆلەتلەرنىڭ تىلى ئاستا-ئاستا تۈرك تىلىغا ئايلىنىپ كەتكەن»لىگىنى(78) كۆرسىتىپ كېلىپ مۇنداق دەپ يازغان ئىدى: «موڭغۇل ئىستىلاسى موڭغۇللارنىڭ تەقدىرىدىن كۆرە، تۈركلەرنىڭ تەقدىرىگە تولاراق تەسىر كۆرسەتتى.»(79)

موڭغۇللارنىڭ قول ئاستىدىكى يەرلەرنىڭ تەركىۋىگە كىرگەن ئەڭ شەرق تەرەپتىكى تۈركى خەلقلەرنىڭ بىرى قىرغىزلار ئىدى. ئۇلار موڭغۇللار تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغاندىن كېيىن، تولۇي ئۇلۇسىنىڭ تەركىۋىگە قوشۇلدى(80). XIV-XV ئەسىرلەردە قىر-غىزلار تىيانشانغا كېلىپ، XV ئەسىردە قۇدرەت تاپقان ئويراتلار (قالماقلار) بىلەن ئۇرۇش قىلدى. كېيىن، قىرغىزلارنىڭ بىر قىسمى جۇڭگو تەۋەلىكىگە ئۆتۈپ كەتتى. پەرغانە ۋە ئۇنىڭ شەرقىدىكى جايلاردا بولغان قىرغىزلار دەسلەپتە قوقان خانىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا چۈشۈپ قالدى، ئاندىن روسىيە تەۋەلىكىگە ئۆتتى.

قىرغىزلارنىڭ غەربىدىكى ۋە غەربىي جەنۇبىدىكى تۈرك، موڭ-غۇل ئارىلاش قەبىلىلەر چىڭگىزخانغا ئاز-تولا قارشىلىق كۆرسىتىپ تۇرغان ئىدى. كېيىن ئۇلار موڭغۇللار تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلۇپ، تولۇي ئۇلۇسىغا كىرگۈزۈلدى ۋە غەربىي موڭغۇللار دىگەن نام بىلەن ئاتالدى. XIV-XV ئەسىرلەردىكى موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ پارچى-لىنىپ ئۇششاق بەگلىكلەرگە بۆلۈنگەن دەۋردە غەربىي موڭغۇللار ئويرات ئىتتىپاقىنى تەشكىل قىلدى ۋە جۇڭغارىيە رايونىدىكى موڭغۇل قەبىلىلىرىنى ھەم ئۆز ئەتراپىدىكى تۈركى قەبىلىلەرنى بويسۇن-دۇردى.

يەنە شۇ XV ئەسىردە، ئۇرالنىڭ شەرقىي تەرىپىدە توبولۇ،

ئېرتىش ۋە يېنىسەي دەريالىرى ئەتراپلىرىدىكى كۆچمەنلەرنى بىرلەشتۈرگەن سىبىرىيە خانلىقى پەيدا بولدى. بۇ خانلىق بىلەن ئۇيرات ئىتتىپاقى ئۆز خانلىرىنىڭ بىر سۇلالىدىن بولغانلىقى ئارقىلىق بىر بىرىگە باغلىنىپ تۇراتتى.

XV ۋە XVII ئەسىرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دەۋر موڭغۇل فېئوداللىرىنىڭ ۋە ئايرىم قەبىلىلەرنىڭ ئىچكى توقۇنۇشلىرى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. بۇ دەۋردىكى ھەممىدىن كۈچلۈك دۆلەت جۇڭغارىيە خانلىقى ئىدى. ن. ئارىستوۋنىڭ پىكرىچە، تۈركلەرنىڭ ئەۋلادلىرى (ھازىرقى تېلېلەر)، گاۋگۈيلەرنىڭ ياكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادلىرى (ھازىرقى تېلە-ئۇتلەر ۋە تېلېڭغىتلەر)[81] بولغان ئالتاي قەبىلىلىرى جۇڭغارىيە خانلىقىغا سېلىق تۆلەيتتى. شۇنداقلا، تۈركلىشىپ كەتكەن ساموييېدلارنىڭ ئەۋلادلىرىمۇ (ھازىرقى كۇماندىنلار، چالقانلار، تۇبالار ۋە تۇۋالار) سېلىق تۆلىگەن ئىدى. جۇڭغارىيە خانلىقى تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇلار روسىيە تەۋەلىكىگە ئۆتتى. ئالتاينىڭ ھەم ئالتايلىقلارنىڭ ئۇيرات ئىتتىپاقى ۋە جۇڭغار خانلىقىنىڭ تەركىۋىگە قوشۇلغانلىقى يەنە شۇ پاكىتنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىدۇكى، ئالتاينىڭ يەرلىك ئاھالىسى بولغان ئالتايلىقلار بىر مەزگىل ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى بولغان ئۇيراتلارنىڭ قەبىلە نامى بىلەن ئاتىلىپ قالغان ئىدى[82].

شەرقتىكى تۈركى قەبىلىلەر تىللىرىنىڭ تەرەققىياتى موڭغۇل تىللىرى بىلەن زىچ باغلانغان ھالدا راۋاجلاندى. بۇ ھالنى بۇ تىللارنىڭ لېكسىكا جەھەتتىكى ئۆزئارا قوبۇل قىلىشقان سۆزلىرىدىن، شۇنداقلا بۇ تىللاردا بار بولغان مورفولوگىيىلىك ئىپادىلەرنىڭ ئورتاقلىقىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. موڭغۇل تىللىرى بىلەن زىچ

ئالاقىدا بولۇپ تەرەققى قىلغان بۇنداق شەرقىي تۈرك تىللىرى قاتارىغا، بىر تەرەپتىن، هازىرقى زامان قىرغىز ۋە ئالتاي تىللىرى كىرىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، ئالتاي تىلىنىڭ شىمالىي دىيالېكتلىرى، شور، خاكاس، تۇۋا ۋە ياقۇت تىللىرىمۇ كىرىدۇ. ئەھۋالدىن قارىغاندا، ياقۇت تىلىنىڭ نەسەب جەھەتتىن خاكاس تىلىنىڭ بەزى دىيالېكتلىرى بىلەن (مەسىلەن: ساغاي دىيالېكتىدا خۇددى ياقۇت تىلىدىكىگە ئوخشاشلا $x$ فونېمىسى يوق) ۋە تۇۋا تىلى بىلەن چېتىشلىقى بولغان. بۇنى ئورمانچىلار (تۇۋالار) ۋە ساغايلار (خاكاسلارنىڭ ئۇرۇق ياكى قەبىلىسى) بىلەن ئورتاق بولغان ئۇرمانچاي ساخا دېگەن ياقۇت قەبىلىسىنىڭ نامىدىنمۇ كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئالتايدىكى تۈرك ۋە موڭغۇل قەبىلىلىرىنىڭ ئۆزئارا يېقىن مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەنلىكى موڭغۇل خەلق داستانلىرى بىلەن ئالتايدىكى تۈركى خەلقلەر داستانلىرىنىڭ ئورتاق تەرەققىيات جەريانىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. بۇ داستانلاردىكى جەڭنامىلارنىڭ سيۇژېت قۇرۇلۇشى ۋە بەدىئى تۈزۈلۈشى ئوخشاشتۇر.

شۇنداق قىلىپ، هازىرقى سىبىرىيىدىكى ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغان تۈركى خەلقلەرنىڭ تىلى باشقا تۈركى تىللارغا ئوخشىمايدىغان ئالاهىدە يول بىلەن، يەنى بۇ تىللارنى موڭغۇل تىللىرىغا (ئاساسىي جەھەتتىن لېكسىكىدا) يېقىنلاشتۇرىدىغان يول بىلەن تەرەققى قىلدى.

ئالتاي ۋە شەرقىي سىبىرىيىدىكى تۈركى خەلقلەر تىللىرىنىڭ ۋە قىرغىز تىلىنىڭ بەزى بىر ئىستىمالدىن قالغان ئەڭ قەدىمقى ئالامەتلىرى بۇ تىللارنىڭ ئايرىم دىيالېكتلىرىدا ۋە بۇ خەلقلەرنىڭ باي مەزمۇنغا ئىگە قەھرىمانلىق داستانلىرىدا كۆرۈلىدۇ. قىرغىز

داستانى «ماناس»نىڭ تىلى ھەمدە ئالتايلىقلار، خاكاسلار، تۇۋالار، ياقۇتلارنىڭ جەڭنامىلىرى ۋە باخشىلارنىڭ ئەپسۇنلىرىدىن تارتىپ تاكى دەپنە مۇراسىمىدىكى مەرسىيە-قوشاقلارغىچە ئۆز ئىچىگە ئالغان دىنىي رەسىم-قائىدىلەرگە ئائىت ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تىللىرى تېخى ھازىرغا قەدەر ئۇلارنىڭ تەرەققىيات باسقۇچلىرىنى، لېكسىكىنىڭ قەدىمقى قاتلاملىرىنىڭ تەركىۋىنى، مورفولوگىيە ھەم سىنتاكسىس قۇرۇلمىسىنىڭ قەدىمقى ئىپادىلىرىنى چىقىش نۇقتىسى قىلغان مۇكەممەل تەھلىلدىن ئۆتمىدى. خەلق ئېغىز ئىجادىيىتى ۋە بىۋاستە يازما ئەدەبىي يادىكارلىقلار مەۋجۇت بولمىغان شارائىتتىكى ئايرىم دىيالېكتلارغا دائىر ماتېرىياللار بۇ تىللارنىڭ تەرەققىيات جەريانىنى تەكشۈرۈشنىڭ بىردىن-بىر مەنبەلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۇلارنىڭ غەربىدە ۋە غەربىي جەنۇبىدا، XIII ئەسىردىكى موڭغۇل ئىستىلاسىدىن كېيىن بارلىققا كەلگەن يىرىك دۆلەت — چاغاتاي ۋە چاغاتاي ئەۋلاتلىرىنىڭ دۆلىتى بار ئىدى. كېيىن، XIV ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ، سەمەرقەنتنى مەركەز قىلغان تۆمۈر-لەڭ ئەۋلاتلىرىنىڭ دۆلىتى مەيدانغا كەلدى.

چاغاتاي دۆلىتى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى پارس ۋە تۈركى خەلقلەر ياشاپ كەلگەن ئېكىنزارلىقلارنى ئىگەللەپ، تارقاق فېئودال ئىگىلىك-لىرىنى بىرلىككە كەلتۈردى ۋە ئۆزىنىڭ يېزىق ئەدەبىي تىلىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈپ، يۈكسەك مەدەنىيەتنى بەرپا قىلدى. بۇ ئەدەبىي تىل كېيىنكى ۋاقىتلاردا كونا ئۆزبەك تىلىنىڭ تەرەققىياتىغا ئاساس بولدى ۋە ئەلىشىر ناۋائىينىڭ دەۋرىگە كەلگەندە تولۇق گۈللىنىشكە ئېرىشتى. چاغاتاي تىلى قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئەدەبىي تىلنىڭ ئاساسىغا قۇرۇلدى ۋە شەرقتىكى قارلۇق-ئۇيغۇر تىلى بىلەن

غەرپتىكى خارەزىم تىلىنىڭ ئېلېمېنتلىرىنى بىرلەشتۈردى ھەمدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا ھەممە مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىي يېزىق تىللىرىنىڭ شەكىللىنىشىگە زور تەسىر كۆرسەتتى.

تۆمۈرىلەر دۆلىتى تۆمۈرنىڭ (1370 — 1405) دەۋرىدە ئەڭ زور يۇكسىلىشكە ئېرىشكەن ئىدى. تۆمۈرنىڭ ئاخىرقى ۋارىسى باتۇرخاننىڭ دەۋرىگە كەلگەندە، 1504 - يىلى شەيبانىيخاننىڭ رەھبەرلىكىدىكى ئۆزبەكلەر تەرىپىدىن ئىشغال قىلىندى. كېيىن بۇ دۆلەت سەمەرقەنت ۋە كونا ئۈرگەنچىنى مەركەز قىلغان ئىككى ئۆزبەك دۆلىتىگە بۆلۈندى. ئاندىن ئۆزبەكلەر قارىمىغىدىكى يەرلەردىن ئۈچ خانلىق — بۇخارا، خىۋە ۋە قوقان خانلىقلىرى ئايرىلىپ چىقتى. ئاخىرىدا بۇ ئۈچ خانلىق روسىيىنىڭ ھامىيلىقى ئاستىغا ئۆتتى.

ئۆزبەكلەرنىڭ ئاجىزلىشىپ قېلىشىغا قازاقلار بىلەن بولغان ئۇزاق مۇددەتلىك تىركىشىش سەۋەپ بولدى. قازاقلار XV ئەسىردە ئۆزبەك خانى ئابۇلخەيرىگە قارشى ئىسيان كۆتەردى ۋە ئۆزبەكلەردىن بۆلۈنۈپ چىقتى. قازاقلار ئايرىم قازاق خانلىقىنى قۇردى. ئاندىن، XVII ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا بۇ خانلىق ئۈچ ئوردىغا، يەنى چوڭ (شەرقىي) ئوردا (ئۇلى جۇز)، ئوتتۇرا ئوردا (ئورتا جۇز) ۋە كىچىك (غەربىي) ئوردىلارغا (كىچى جۇزلەرگە) بۆلۈنۈپ كەتتى⑧③.

چاغاتاي دۆلىتىگە ۋە كېيىنچە تۆمۈر دۆلىتىگە تەۋە بولغان تۈركى خەلقلەرنىڭ ئەدەبىي يادىكارلىقلىرىدىن ئېنىق مەلۇم بولغانلىرى ئانچە كۆپ ئەمەس. بۇلار XV ئەسىردىكى شائىرلاردىن دۇربېك، ئاتايى، لۇتفى، سەككاكى ۋە ئەڭ ئاساسلىغى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كىلاسسىك كونا ئۆزبەك تىلىنىڭ ياراتقۇچىسى ئەلىشىر ناۋايىلارنىڭ

ئەسەرلىرىدىن ئىبارەت. ئەلىشىر ناۋايى (مىلادى 1441 — 1501) نۇرغۇنلىغان شېئىرىي ئەسەرلەرنىڭ ۋە «مۇھاكەمەتۇل لۇغەتەيىن»[84] ناملىق تىل تەتقىقات ئەسىرىنىڭ ئاپتورىدۇر. كونا ئۆزبەك تىلىنىڭ ئۇنىڭدىن كېيىنكى يادىكارلىقلىرى تۆۋەندىكىلەر ھېساپلىنىدۇ: بابۇرنىڭ (1530 ـ يىلى ئۆلگەن) شەخسىي تەرجىمىھال ئەسلىمىلىرى «بابۇرنامە»[85]. مۇھەممەت سالىخنىڭ تارىخىي ئەسىرى «شەيبانى نامە» (XVI ئەسىر)، ئۇنىڭدىنمۇ كېيىنكىلىرى خىۋا خانى ئابۇل غازى (1603 — 1664) يازغان «شەجەرەئى تۈرك»ۋە «شەجەرەئى تەرەكەمە» ۋە ئەڭ ئاخىرىدا قوقان خانى ئۆمەرخان (1812 — 1821 ـ يىللىرى ھوقۇق تۇتقان) بىلەن شىرمۇھەممەت مۇنىس خىۋەيىنىڭ (1778 — 1829) ئەسەرلىرى.

موڭغۇل ئىستىلاسىدىن كېيىنكى دەۋردە پەيدا بولغان ئەڭ غەرپتىكى دۆلەت ۋولگا دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمىنى مەركەز قىلىپ، جۇجى ئۇلۇسى قارىمىغىدا بولغان ئالتۇن ئوردا ئىدى. XIII ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئالتۇن ئوردىنىڭ قول ئاستىدا بولغانلار مۇنۇلار ئىدى: روسىيە، بۇلغارلار، دەشتى قىپچاق، قىرىم، شىمالىي كاپكاز ۋە خارەزىم[86]. ئالتۇن ئوردىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرى XIII ـ XIV ئەسىرلەرگە توغرا كېلىدۇ. موڭغۇللار قايتىپ كەتكەندىن كېيىن ۋە كەتمەي قالغان بىر قىسىم موڭغۇللار يايلاق يەرلەرنىڭ ئاساسلىق ئاھالىسى بولغان قىپچاقلارغا ئاسسىمىلاتسىيە بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، ئالتۇن ئوردىنىڭ ئورتاق تىلى تۈركى تىل بولۇپ قالدى. فېئوداللار يۇقۇرى قاتلىمى ئۆزىنىڭ يېزىق ئەدەبىي تىلىنى بارلىققا كەلتۈردى. بۇ تىل دەسلەپتە ئۇيغۇر ۋە ئەرەپ يېزىقلىرىدا بولدى. XIV ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ پەقەت ئەرەپ يېزىغىلا ئىشلە-

تىلىپ، بۇ يېزىقتا مەخسۇس ھۆججەتلەر ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەر يېزىلىشقا باشلىدى

XV ئەسىردە ئالتۇن ئوردا قىرىم خانلىغى (1420 ـ يىلدىن ئىبتىداۋارەن)، قازان خانلىغى (1433 ـ يىلدىن ئىبتىداۋارەن) ۋە ئاستىراخان خانلىغى (1466 ـ يىلدىن ئىبتىداۋارەن)دىن ئىبارەت ئۈچ مۇستەقىل خانلىققا ھەمدە ئۆزبەكلەر ۋە مانغىتلارنىڭ ياكى نوغايلارنىڭ كۆچمەن قەبىلىلەر ئىتتىپاقلىرىغا بۆلۈنۈپ پارچىلاندى. ئۆزبەكلەر شەرق تەرەپتە كۆچمەنلىك قىلدى ۋە سىر دەريا بويىدا ئۆزلىرىنىڭ ئاساسلىق قارارگاھىنى قۇردى، نوغايلار غەرپ تەرەپتە، يەنى قىرىمدا، شىمالىي كاپكازدا ۋە ئاساسىي جەھەتتىن يايىق (ئۇرال) دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ۋە تۆۋەنكى ئېقىملىرىدا كۆچمەنلىك قىلدى. XVII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، تۈرلۈك ئارىلاش تۈركى قەبىلىلەردىن تەركىب تاپقان نوغاي ئوردىسى (قىپچاق، ئوغۇز ۋە باشقىلارنىڭ ئەۋلاتلىرى) ئۆز ئىچىدىن ئۈچ ئوردىغا بۆلۈنۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ بىرى ئارال دېڭىزىغا يېقىن جايلاردىكى يايلاقلارنى ئىگىلىدى. كېيىن ئۇلارنىڭ ئىچىدىن قارا قالپاق دەپ ئاتىلىشقا باشلىغان بىر خەلق بۆلۈنۈپ چىقتى. ئېھتىمال، بۇ نام ئۇلارنىڭ ئىچىدە قارا بۆركلى ناملىق قەبىلە كۆپ سانلىقنى تەشكىل قىلغانلىغىدىن كېلىپ چىققان بولسا كېرەك⑧⑦. نوغايلارنىڭ قالغان قىسمى قىرىم ۋە شىمالىي كاپكازنىڭ يايلاق رايونلىرىغا كۆچۈپ كەتتى. نوغايلار بىلەن بىللە قۇمىقلار، بالقارلار ۋە قاراچايلارمۇ شىمالىي كاپكازدا تۇرۇپ قالدى. بۇلارمۇ خۇددى نوغايلارغا ئوخشاش موڭغۇل دەۋرىدىن بۇرۇنقى قىپچاق ئىتتىپاقىغا ئەزا بولغان قەبىلىلەرنىڭ قالدۇقلىرى ئىدى.

ئالتۇن ئوردىنىڭ خەلق تىلىمۇ، ئەدەبىي تىلىمۇ بىر خىل تىل

ئەمەس ئىدى. شەرقتە، يەنى ئاساسلىق ئاھالىسى ئوغۇز ـ قىپچاق قەبىلىلىرى بولغان خارەزىمدە ئەدەبىي يادىكارلىقلارنىڭ تىلى چاغاتاي ئەدەبىي تىلىنىڭ تەسىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ ۋە ئوغۇزچە سۆزلەرنىڭ كۆپلۈگى، قىپچاقچە سۆزلەرنىڭ ئازلىغى بىلەن خاراكـ. تېرلىنىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە غەربتە، ئالتۇن ئوردا خانلىرىنىڭ مەر- كىزىي قارارگاھىغا يېقىن جايلاردا قىپچاق قەبىلىلىرى (پولوۋلار) ھۆكۈمرانلىق قىلغان بولۇپ، خەلق تىلى ۋە ئەدەبىي تىل ئاساسىي جەھەتتىن قىپچاقچە ئالامەتلەرنى ئەكس ئەتتۈرەتتى. شۇنداقتىمۇ، غەرب تىلىغا ئوغۇز قەبىلىلىرى يەنىلا خېلى سالماقلىق تەسىر كۆر- سىتىپ تۇردى. بۇنىڭدىن سىرت، ئالتۇن ئوردىسىنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي قىسىملىرىدىكى ئەدەبىي تىللارنىڭ شەكىللىنىشىدە خانلار- نىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئايپىلىرىنىڭ مەمۇرىيەتلىرىدە ئىشلىتىلىدىغان مەخسۇس تىلىنىڭمۇ رولى چوڭ بولدى. بۇ تىل ئۇيغۇر كاتىپلىرى ۋە ئەمەلدارلىرى ئىش بېجىرگەنلىكتىن، قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىپادىلىرىنى ۋە مەخسۇس ھۆججەت ھەم يارلىقلارغا بېسىلىدىغان مەمۇرى تامغىلارنى ساقلاپ قېلىش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى ئۇيغۇر يېزىغىنىمۇ ساقلاپ قالغان. ئۇيغۇر يېزىغى ئالتۇن ئوردىدا تاكى XIV ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئىشلىتىلىپ كەلدى⑧⑧.

ئالتۇن ئوردا دۆلىتىنىڭ تەركىۋىدە تارىخىي يوسۇندا شەكىللىنىپ چىققان ئىككى مەدەنىيەت مەركىزى بولغانلىغى ئۈچۈن، بۇ دەۋر- دىكى ھەممە يادىكارلىقلار ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنىدۇ: بىرىنچى گۇرۇپپا شەرقىي يادىكارلىقلاردىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، خارە- زىمگە ۋە ئۇنىڭغا تۇتاش جايلارغا تەئەللۇق؛ ئىككىنچى گۇرۇپپا غەربتىكى ۋولگا ئەتراپلىرىغا، جەنۇبىي رۇس يايلاقلىرىغا، قىرىم

رايونلىرى ۋە ئۇنىڭ غەربىدىكى يەرلەرگە ھەمدە مىسىرغا تەئەللۇق بولغان يادىكارلىقلاردىن ئىبارەت. موڭغۇل ئىستىلاسى مەزگىلىدە كۆپ سانلىق قىپچاقلار جەنۇبىي رۇس يايلاقلىرىدىن مىسىرغا كۆچۈپ كەتكەن ۋە ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن مىسىر سۇلتانلىرىنىڭ سارايلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان ماملۇك قوشۇنىنى تەشكىل قىلغان ئىدى.

ئالتۇن ئوردىنىڭ بىرىنچى گۇرۇپپىغا مەنسۇپ بولغان شەرقىي ئەدەبىي يېزىق تىلىنىڭ يادىكارلىقلىرىدىن «مۇھەببەتنامە» (1353-) خارەزىمدە ئوغۇز-قىپچاق تىلى بىلەن يېزىلغان. شۇنداقلا، جانلىق خەلق تىلىنىڭ يادىكارلىقى بولغان ئىبنى مۇھەننانىڭ «لۇغىتى»مۇ[89] تىلىنىڭ ئورانىغا باقاندا، يەنە شۇ ئورۇنغا (خارەزىمگە) تەئەللۇق بولسا كېرەك. پ. مېلىئورانسكىي ئىبنى مۇھەننانىڭ بۇ لۇغىتىنى XIII ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا يېزىلغان ھەمدە يېزىلغان ئورنى ۋە تىلى جەھەتتىن پېرسىيىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئەزەربەيجانلارغا ئەئەللۇق[90] دەپ ھىساپلىغان ئىدى. كېيىن س. مالوۋ بۇ قولىيازمىنىڭ ئاخىرقى تۈركچە نەشرىنى تەتقىق قىلىپ، بۇنى شەرقىي تۈركىستان ئۇيغۇرلىرىغا تەئەللۇق دەپ ھىساپلىدى[91]. شۇنىڭ بىلەن بىللە، س. مالوۋ بۇ يادىكارلىقنىڭ تىلىدا جەنۇپ تەرەپ تىل ئامىللىرىنىڭمۇ خېلى دەرىجىدە بارلىقىنى رەت قىلمىدى.

ئىككىنچى گۇرۇپپىنى ئالتۇن ئوردىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى يەنى ۋولگا ئەتراپلىرىدىكى جەنۇبىي رۇس يايلاقلىرى ۋە قىرىم قىپچاقلىرىنىڭ ئەدەبىي ۋە جانلىق تىل يادىكارلىقلىرى تەشكىل قىلىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى خېلى كۆپلىرى مىسىردا يېزىلغان.

ئالتۇن ئوردىنىڭ غەربىي قىسمىغا تەئەللۇق يېزىق ئەدەبىي تىل

يادىكارلىقلىرىدىن ھازىر پارىژ دۆلەتلىك كۇتۇپخانىدا ساقلىنىۋاتقان قۇتبەنىڭ «خىسراۋ ۋە شىرىن» (XIII ئەسىر) داستانى[92] بار، بۇ مىسىردا يېزىلغان ياكى كۆچۈرۈلگەن. بۇ داستان تىل جەھەتتىن قىپچاقچە بولسىمۇ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئېلېمېنتلىرى ئارىلاشقان. XIV-XVII ئەسىرلەردىكى بىر قىسىم قىپچاق يازما يادىكارلىقلىرى ئەرمەن يېزىقىدا يېزىلغان ۋە غەربىي قىسىم ئالتۇن ئوردا تىلىنى ساقلاپ قالغان. بۇ يادىكارلىقلار ئاساسىي جەھەتتىن كامېنېتس-پودول ۋە لىۋوۋ ئەتراپلىرىدىكى قىپچاق تىلىنى ئۆزلەشتۈرگەن ئەرمەنلەرنىڭ سىياسىي-قانۇن ھۆججەتلىرىدىن ئىبارەت[93]. بۇ دەۋردىكى قىپچاق-لارنىڭ جانلىق تىلىغا ئائىت ئەڭ دەسلەپكى يادىكارلىقلاردىن بىرى مىلادى 1245-يىلى مىسىردا تۈزۈلگەن تۈركچە-ئەرەبچە لۇغەت بولۇپ، كېيىن ت. خوئۇتسما تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان[94]. بۇ لۇغەت، موڭغۇل ئىستىلاسى دەۋرىدىكى دەشتى قىپچاقنى ماكان قىلغان قىپچاقلارنىڭ تىلىدىن مەلۇمات بېرەلەيدۇ. 1850-يىلى ئاۋال م. ئوبولېنسكىي[95] تەرىپىدىن، كېيىن ۋ. بانگ[96] تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان قىپچاقچە-رۇسچە لۇغەتنىڭ پارچىسىمۇ ئېھتىمال شۇ دەۋرگە، يەنى XIII ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا تەئەللۇق بولسا كېرەك.

لاتىنچە-پارسچە-قىپچاقچە لۇغەتتىن ئىبارەت «*Codex Cumanicu*»[97] XIII ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى قىپچاق تىلىنىڭ ئەڭ يىرىك يادىكارلىقى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. بۇ لۇغەت ۋە بانگنىڭ[98] تەخمىن قىلىشىچە، جەنۇبىي رۇس يايلىغىدىكى مۇقەددەس ئىئوئان ئىبادەتخانىسىدا تۈزۈلگەن بولۇشى مۇمكىن، د. راسوۋىسكىينىڭ[99] تەخمىن قىلىشىچە بولسا، ئىتالىيىگە قاراشلىق ئورۇن — قىرىمنىڭ سولخات شەھىرىدە، ئالتۇن ئوردا نايىبىنىڭ مەھكىمىسىدە يېزىلغان

بولۇشى مۇمكىن.

XIV ئەسىرنىڭ بېشىدا، يەنى مىلادى 1313 ـ يىلى (ھىجرىيە 712 ـ يىلى) ئەبۇھەييان[100] تەرىپىدىن ئەرەپ يېزىقىدا يېزىلغان لۇغەت ئىسپانىيەدىن تېپىلغان. بۇ قىپچاق تىلىنىڭ يەنە بىر يېرىك يادىكارلىقى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. بۇنىڭدىمۇ خۇددى ئالدىنقىلىرىغا ئوخشاش جەنۇبىي ئوغۇز تىلىنىڭ ئىپادىلىرى كۆپ كۆرۈلىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىنكى، XV ئەسىرگە تەئەللۇق بولغان يادىكارلىقلاردىن ئالساق، نەشر قىلىنمىغان ئەرەپچە ـ قىپچاقچە لۇغەت XV ئەسىرنىڭ ئالدىنقى[101] يېرىمىدا ئەرەپ ئاپتور جامالىدىن تۈركى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن ۋە يەنە نامەلۇم ئاپتورنىڭ ئەرەپ تىلىدا يېزىلغان قىپچاق تىلى گىراماتىكىسى 1928 ـ يىلى كىلىسلى رىفئەت تەرىپىدىن ئىستامبۇلدا نەشر قىلىنغان[102].

ئاخىرىدا، قىپچاقلارنىڭ جانلىق تىلىغا دائىر ئەڭ ئاخىرقى يادىكارلىقلاردىن، XVIII ـ XIII ئەسىرلەردىكى رۇس يىلنامىلىرىدىن تېپىلغان قىپچاقچە ۋە تاتارچە سۆزلۈكلەر بار[103].

يۇقۇرىدا كۆرسىتىلگەن قىپچاق تىلىنىڭ يادىكارلىقلىرىدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، خۇددى ئۆز ۋاقتىدا ف. كورش ئېيتىپ ئۆتكەندەك[104]، قىپچاق تىلى تۈرلۈك دىيالېكتلاردىن تەركىپ تاپقان بولۇپ، ئوغۇز قەبىلىلىرىنىڭ تىل ئالاھىدىلىكلىرى خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىپادىلىرى نىسبەتەن ئازراق بىرلۇپ، ئاساسەن يېزىق (ئەدەبىي) تىلىنىڭ يادىكارلىقلىرىدا ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: قۇتبەنىڭ «خىسراۋ ۋە شىرىن» داستانىدا ۋە باشقىلاردا.

ھازىرقى زاماندا قىپچاق تىلىنىڭ قائىدىلىرىنى ھەم ئەنئەنىلىرىنى ئازدۇر ـ كۆپتۇر ساقلاپ قالغانلار ھېساۋىدا، غەرپتىكى قارايىم

تىلىدا سۆزلەشكۈچىلەرنى ۋە شىمالىي كاپكازدىكى نوغاي، قۇمىق قاتارلىقلارنىڭ تىللىرىنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ. بۇلار خېلى كۆپ جەھەتتىن قىپچاقلار بىلەن ئورتاق لېكسىكىنى ۋە فونېتىكىلىق، مورفولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكلىرىنى ساقلاپ كەلمەكتە. بۇ خەلقلەرنىڭ ئۆز ۋاقتىدا قىپچاقلار بىلەن قويۇق تۇققانلىق مۇناسىۋەتلىرى بولغان. ھازىر خېلى كۆپ جەھەتلەردىن قارىغاندا ئۇلارنى قىپچاقلارنىڭ ئەۋلاتلىرى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

ھازىرقى زاماندىكى تۈركى خەلقلەرنىڭ ھەرقايسىسى ئۆز تەرەققىياتىدا ئىنتايىن مۇرەككەپ تارىخىي مۇساپىنى بېسىپ ئۆتكەن بولۇپ، نەسەب جەھەتتىن ئېيتقاندا ھازىرقى ۋە قەدىمقى شەرقىي تۈرك خەلقلىرى بىلەنمۇ، ھازىرقى ۋە قەدىمقى غەربىي تۈرك خەلقلىرى بىلەنمۇ چېتىشلىقى بار، شەرقىي ۋە غەربىي تۈرك خەلقلىرىنىڭ بۇنداق نەسەبلىك باغلىنىشلىرى ھازىر بۇ خەلقلەرنىڭ ئۇرۇق-قەبىلە تەركىبىدىمۇ ۋە ئۇلارنىڭ تىلىنىڭ ئورتاقلىقىدىمۇ كۆرۈلىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، X-XV ئەسىرلەردىكى تۈركى خەلقلەرنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى يەنىمۇ ئۇششاق قەبىلىۋى تۈركۈملەرگە بۆلۈنۈش بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ: *a*) غەربتە قىپچاقلار(قىپچاق-بۇلغار قەبىلىلىرى ۋە كېيىنچە قىپچاق-نوغاي ئىتتىپاقىنى تەشكىل قىلغان قىپچاق-پولوۋ قەبىلىلىرى)، ئوغۇزلار (ئوغۇز-بۇلغار، ئوغۇز-تۈركمەن ۋە ئوغۇز-سالچۇق قەبىلىلىرى)، قارلۇقلار (بۇلارنىڭ قارلۇق-خارەزىم ۋە قارلۇق-ئۇيغۇر تارماقلىرى)؛ *b*) شەرقتە قىرغىز-قىپچاق، خاكاس، ياقۇت، تۇبا(تۇۋا-قاراغاس) ۋە ئالتاي قەبىلىلىرىگە بۆلۈندى.

تۈركى قەبىلىلەرنىڭ تەرەققىياتى بىلەن بىللە تۈركى تىللارنىڭمۇ

داۋاملىق بۆلۈنۈشى بارلىققا كەلدى. قەدىمقى تۈرك دەۋرىدە ئۇستۈنلۈكتە تۇرغان *d/t* تىللارنىڭ ئورنىنى شۇ تىللارنى ئاساس قىلىپ راۋاجلانغان *y* تىللار ئىگىلىدى. *d/t* تىللارنىڭ قالدۇقلىرى هازىر پەقەت ئەڭ شەرقتە ۋە ئەڭ غەرپتىلا ئازدۇر-كۆپتۇر ساقلانماقتا (مەسىلەن: هازىرقى زاماندىكى ياقۇت، تۇۋا، قاراغاس تىللىرى شۇ تىللاردا سۆزلەشكۈچى خەلقلەر باشقا تۈركى قەبىلىلەردىن ئايرىلغان هالدا ئۆز ئالدىغا تەرەققى قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزلىرىنىڭ قەدىمقى ئالاھىدىلىكلىرىنى ساقلاپ قالغان؛ خۇددى شۇنداقلا ئەڭ غەرپتىكى چۇۋاش تىلىمۇ ئۆزىنىڭ قەدىمقى ئالاھىدىلىكلىرىنى ساقلاپ قالغان).

ئوتتۇرا تۈرك دەۋرىدە تۈركى تىللار سوزۇق ۋە ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ دىفتونگ ۋە سوزۇلما سوزۇق تاۋۇشلارغا ئۆزگىرىش ئىپادىسى بويىچە ئىككى چوڭ گۇرۇپپىغا ئايرىلدى: *aɣ>aw>oo // uu*؛ *oɣ>uw // İy*; *əg>əw // iy*; *eg>üy // üü*; *İɣ>uw // İy*; *uɣ>uw>uu>u>İ*; *ig>iy>ii>i*; *üg>üw // üy*.

قەدىمقى *aɣ*، *oɣ*، *əg*، *eg*، *İɣ*، *uɣ*، *ig*، *üg* بىرىكمىلىرىنى ئىستىمالدىن قالدۇرغان ئەڭ خاراكتېرلىق تىللار مۇنۇلار ئىدى: غەرپتە ئاساسىي جەھەتتىن بۇلغار ۋە قىپچاق تىللىرى بۇ بىرىكمىلەرنى ئىستىمالدىن تولۇق قالدۇرغان. قىسمەن ئوغۇز تىللىرىدا بۇ بىرىكمىلەرنىڭ سوزۇلما سوزۇق تاۋۇشلارغا ئۆزگىرىشى ئاساسىي جەھەتتىن *ɣ/g* ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ ئىككى سوزۇق ئارىسىدا كېلىشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. شەرقتە بولسا، بۇ بىرىكمىلەرنى ئىستىمالدىن تولۇق قالدۇرغان تىللار قىرغىز-قىپچاق تارماق گۇرۇپپىسىدىكى تىللار (قىرغىز ۋە ئالتاي تىللىرى)دىن ئىبارەت. ئۇنىڭدىن باشقا ھەممە تىللاردا (قەدىمقى تىللار ئەمەس) ئاساسىي جەھەتتىن

سۆز ئوتتۇرىسىدىكى ئىككى سوزۇق ئارىسىدا ئىستىمالدىن قىسمەن قالدۇرۇلغان.

ھازىرقى زاماندىكى ئاساسلىق تۈركى تىللارنىڭ ئومۇمى خۇسۇسىيەتلىرى ئوتتۇرا تۈرك دەۋرىدە شەكىللەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىنكى يېڭى تۈرك دەۋرىدە، يەنى XV ـ XX ئەسىرلەردە تولۇق مۇقىملاشتى.

تۈركى خەلقلەرنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ تىللىرىنىڭ بۆلۈنۈشى يەنە داۋاملاشتى. غەربتە تۆۋەندىكىدەك يىرىك ئۇرۇق ـ قەبىلە ۋە تىل تۈركۈملىرى بار ئىدى: بۇلغار، خازار، قىپچاق، ئوغۇز، قارلۇقلار؛ شەرقتە ئۇيغۇر، ياقۇت، خاكاس ۋە قىرغىزلار. X ـ XV ئەسىرلەردە قىپچاقلارنىڭ تىل تۈركۈمى ئۆز ئىچىدىن يەنە ئىككى تۈركۈمگە پارچىلاندى: 1) قىپچاق ـ بۇلغار تۈركۈمى. بۇ تۈركۈمدىن XV ئەسىردە تاتار ۋە باشقىرت تىللىرى كېلىپ چىقتى. 2) قىپچاق ـ پولوۋ تۈركۈمى. بۇ تۈركۈم موڭغۇل دەۋرىدە ئىككى تارماق گۇرۇپپا تىلغا بۆلۈندى: *a*) قىپچاق ـ پولوۋ تارماق گۇرۇپپىسى (بۇ تارماق گۇرۇپپا قىپچاق تىلىنى ۋە كېيىنرەك شەكىللەنگەن قارايىم، قۇمىق، قاراچاي ـ بالقار تىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)؛ *b*) قىپچاق ـ نوغاي تارماق گۇرۇپپىسى (بۇ تارماق گۇرۇپپا نوغاي، قازاق، قارا-قالپاق تىللىرىنى ۋە ئۆزبەك تىلىنىڭ قىپچاقچە دىيالېكتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ). ئوغۇز تىللىرى گۇرۇپپىسى XV ئەسىردە ئۈچ تارماقنى شەكىللەندۈرگەن ئىدى: 1) ئوغۇز ـ بۇلغار تارماق گۇرۇپپىسى (كېيىن بۇ تارماق گۇرۇپپىدىن گاگائۇز تىلى ۋە بالقان تۈركلىرىنىڭ تىللىرى ئايرىلىپ چىقتى)؛ 2) ئوغۇز ـ تۈركمەن تارماق گۇرۇپپىسى؛ 3) ئوغۇز ـ سالچۇق تارماق گۇرۇپپىسى. قارلۇق تىللىرى

گۇرۇپپىسى X ـ XIV ئەسىرلەردە قارلۇق ـ خارەزىم ۋە قارلۇق ـ ئۇيغۇر تىللىرىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ بۆلەككە ئايرىلدى.

شەرقتىكى خەلقلەر ۋە تىللارنىڭ ئىچكى ئالاقىلىرى بۇنىڭدىن مۇرەككەپرەك بولدى. ئۇيغۇر ـ تۈرك ۋە ياقۇت تارماق گۇرۇپپىلىرىدىكى تىللار قەدىمقى خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. خاكاس تارماق گۇرۇپپىسى بولسا، ھەم ئۇيغۇر ـ ئوغۇز گۇرۇپپىسى بىلەن، ھەم قىرغىز ـ قىپچاق گۇرۇپپىسى بىلەن نەسەبلىك ئالاقىدا بولۇپ، كېيىنچە ئۆزئارا خېلى كۆپ پەرقلىرى بولغان بىر قاتار تىللار ۋە دىيالېكتلارنى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى. ئەمدى، ھازىرقى زامان تىللىرىدىن قىرغىز ۋە ئالتاي تىللىرىنى (جەنۇبىي دىيالېكتلىرى) ئالساق، بۇ تىللار نەسەپ جەھەتتىن بىۋاستە قەدىمقى قىرغىز تىلىغا باغلانغان، لېكىن ئۆزىنىڭ شەكىللىنىش جەريانىدا، ئۆزلىرى بىلەن يېقىن ئالاقىدا بولغان قىپچاق تىللىرىنىڭ بەزى خۇسۇسىيەتلىرىنىمۇ قوبۇل قىلدى.

بۇنىڭدىن سىرت، ئوتتۇرا تۈرك دەۋرىدە تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا، تۈركى تىللارنىڭ باشقا تىللار بىلەن ئۆزلۈكسىز چېتىنىشىش جەريانى بولۇپ ئۆتتى. غەرپتە بۇ دەۋرنىڭ ئالدىنقى باسقۇچىدا، يەنى قاراخانىلار دەۋرىدە قاراخانىلار تەرىپىدىن ئىسلام دىنىنىڭ قوبۇل قىلىنىشى ۋە كەڭ تۈردە تارقىتىلىشى نەتىجىسىدە، بىر تەرەپتىن، غەربىي تۈرك تىللىرى بىلەن، يەنە بىر تەرەپتىن، ئەرەپ ۋە پارس تىللىرى بىلەن (تاجىك، پارسى، سوغد ۋە باشقا تىللار) بولغان ئۆزئارا ئۆزلۈكسىز تەسىر كۆرسىتىش ھادىسىلىرى راۋاجلاندى. تۈركى تىللار ئۆز ئاساسىنى ساقلاپ قېلىش بىلەن بىللە، ئەرەپ ۋە پارس تىللىرىنىڭ زور دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىـ

شگه يولۇقتى، زور مقداردىكى ئەرەپ ـ پارس لېكسىكىسىنى قوبۇل قىلدى ۋە بۇنىڭ تەسىرى ئاستىدا فونېتىكىلىق تۈزۈلۈشتە ۋە گىراممانىكىلىق قۇرۇلۇشتا بەزى ئۆزگىرىشلەر كېلىپ چىقتى. يەنە شۇ دەۋرنىڭ ئىككىنچى باسقۇچى بولغان موڭغۇل دەۋرىدە سان جەھەتتە كۆپ بولمىغان موڭغۇل قەبىلىلىرى XIII ـ XV ئەسىرلەر داۋامىدا تۈركى قەبىلىلەرگە ئاسسىمىلاتسىيە بولۇپ كەتتى. بۇ دەۋر ـ دىكى موڭغۇل شىۋىلىرىنىڭ غەربىي تۈرك تىللىرىغا كۆرسەتكەن تەسىرى زور بولمىدى.

شەرقىي تۈرك تىللىرىغا كەلسەك، بۇ تىللار ئەرەپ ۋە پارس تىللىرىنىڭ تەسىرىدىن خالى بولۇپ، شەرقتە پۈختا ئاساسقا ئىگە بولغان موڭغۇل تىللىرىنىڭ كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىشىگە دۇچكەلدى. مۇنداق تەسىر بۇ دەۋرنىڭ ئىككىنچى باسقۇچىدا، يەنى موڭغۇل دەۋرىدە ئالاھىدە جانلىق بولدى ۋە تاكى XVII ئەسىرگىچە داۋام ـ لاشتى. بۇ چاغدا خۇسۇسەن تۇۋا ۋە قاراغاس تىللىرى، ھازىرقى خاكاس ۋە شور تىللىرىنىڭ دىيالېكتىلىرى، ئالتاي تىلىنىڭ دىيا ـ لېكتىلىرى ۋە ئۇلاردىن قالسا قىرغىز تىلىمۇ زور مىقداردىكى موڭغۇلچە سۆزلەرنى قوبۇل قىلدى. ھالبۇكى، بۇنداق سۆزلەر غەربىي تىللاردا مەۋجۇت ئەمەس، غەربىي تۈرك تىللىرىدىكى موڭغۇل تىلى بىلەن ئورتاق يىلتىزغا ئىگە سۆزلەرنى ئالساق، بۇ سۆزلەر ئاساسىي جەھەتتىن، ئاساسلىق لۇغەت فوندىنىڭ تۈركى تىللار بىلەن موڭغۇل تىللىرى تېخى بىر بىرىدىن ئاجرىلىپ چىقمىغان ئالتاي دەۋرىدە تارىخىي يوسۇندا شەكىللەنگەن لېكسىكا قاتلىمىغا تەئەللۇقتۇر. شەر ـ قىي تۈرك تىللىرىنىڭ ئاساسلىق لۇغەت فوندىدا بولسا، لېكسىكىنىڭ ئىككى قاتلىمى مەۋجۇت. بۇلارنىڭ بىرى، قەدىمقى قاتلام بولۇپ،

ئالتاي دەۋرىگە مەنسۇپ، يەنە بىرى، يېڭى قاتلام بولۇپ، X ـ XV ئەسىرلەر دەۋرىگە، بولۇپمۇ موڭغۇللار ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرگە يەنى XII ـ XV ئەسىرلەرگە تەئەللۇقتۇر.

تۈركى تىللارنىڭ ئالدىنقى دەۋرلەردىكى ۋە ئوتتۇرا تۈرك دەۋرىدىكى تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمى كۆرۈنۈشى تۈركى تىللار تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمى ئىسخېمىسىدا كۆرستىلدى.

## يېڭى تۈرك دەۋرى ياكى خەلقلەر تىللىرىنىڭ راۋاجلىنىش ۋە شەكىللىنىش دەۋرى

(XV ـ XX ئەسىرلەر)

يېڭى تۈرك دەۋرى ھازىرقى زاماندىكى بارلىق تۈركى خەلقلەرنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ تىللىرىنىڭ تولۇق شەكىللىنىپ چىقىشى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ، يەنى ئۇلارنىڭ كېيىنكى بۆلۈنۈشلىرى ۋە قىسمەن ھاللاردا ئۇرۇق ـ قەبىلە تۈركۈملىرىنىڭ ھەم تىللارنىڭ قوشۇلۇشلىرى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.

بۇ دەۋرگە يەتكەندە، غەربتىكى چۇۋاشلارنىڭ ئۇرۇق ـ قەبىلە تۈركۈملىرى بىر پۈتۈن چۇۋاش خەلقىنى شەكىللەندۈرۈپ ئۇيۇشماقتا ئىدى. قىپچاق ـ بۇلغار قەبىلىلىرى تاتار ۋە باشقىرتلاردىن ئىبارەت ئىككى يىرىك خەلقنى بارلىققا كەلتۈردى. قىپچاق ـ پولوۋ تۈركۈمىدىن تېخى ئالدىنقى دەۋردىلا، بىر تەرەپتىن، قىپچاق ـ نوغاي ئىتتىپاقى ئايرىلىپ چىقتى، بۇ ئىتتىپاق XV ئەسىردە قازاق ۋە نوغاي خەلقلىرىگە بۆلۈندى، ئاخىرقىسى XVI ئەسىردە يەنە نوغاي ۋە قارا قالپاقلارغا بۆلۈندى. يەنە بىر تەرەپتىن، قارايىملار،

قاراچايلار، بالقارلار ۋە قىرىم تاتارلىرى (شىمالدىكىلىرى) ئايرىلىپ چىققان بولۇپ، بۇلارنىڭ تىللىرى يېڭى تۈرك دەۋرىدە ئۆزلىرىنىڭ ھازىرقى خۇسۇسىيەتلىرىنى مۇقىملاشتۇردى. ئوغۇز-بۇلغار خەلقى بولغان گاگائۇزلارنىڭ ۋە ئۇلارغا تۇققان بولغان بالقان تۈركلىرىنىڭ ئۇششاق گۇرۇپپىلىرىنىڭ، ئوغۇز خەلقى بولغان تۈركمەنلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا ئايرىلىپ چىققانلىقىدىن باشقا، بۇ دەۋردە يەنە ئەزەربەيجانلار ۋە تۈركلەر ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل خەلقلەر بولۇپ، كېيىنچە بۇرژۇئا مىللەتلىرى بولۇپ ئۇيۇشتى. XV-XX ئەسىرلەردىكى دەۋردە قارلۇق تۈركۈمىدىن تەدرىجى ھالدا ئۆزبەكلەر ۋە ئۇيغۇرلاردىن (يېڭى ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلەشكۈچىلەر) ئىبارەت ئىككى خەلق شەكىللىنىپ چىقتى، بۇلار يەنە شۇنداقلا نەسەب جەھەتتىن قىپچاقلار، ئوغۇزلار، قەدىمقى ئۇيغۇرلار ۋە باشقىلارغا تەۋە بولغان نۇرغۇنلىغان ئۇرۇق ۋە قەبىلىلەرنى ئۆز ئەتراپىغا جەم قىلدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا شەرقتىكى تۈركى قەبىلىلەر ۋە تىللارنىڭ شەكىللىنىش جەريانى داۋاملاشتى. شەكىللىنىشكە باشلاۋاتقان خەلقلەرنىڭ، يەنى قەدىمقى ئوغۇزلار، ئۇيغۇرلار ۋە قىرغىزلارنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ تىللىرى ئۈچ ئاساسلىق تىل تۈركۈمىنى چۆرىدىگەن ھالدا شەكىللىنىشكە باشلىدى: 1) ئۇيغۇر-تۈرك تۈركۈمى (بۇ تۈركۈم تەركىۋىدىن قەدىمقى ئۇيغۇر ۋە قەدىمقى قىرغىز تىللىرىدىن باشقا، يەنە تۇۋا ۋە قاراغاي تىللىرى بۆلۈنۈپ چىقتى)؛ 2) ياقۇت تۈركۈمى، بۇ پەقەت ياقۇت تىلىدىنلا ئىبارەت؛ 3) خاكاس تۈركۈمى [بۇ تۈركۈم تەركىۋىدىن ھازىرقى زامان خاكاس تىلىنىڭ دىيالېكتىلىرى، شور تىلى، ئالتاي تىلىنىڭ شىمالىي دىيالېكتىلىرى بۆلۈنۈپ چىقتى ۋە يەنە ئۇلاردىن ئۇششاقراق بولغان تىللار، يەنى كاماسىن،

كۇئەرىك، سېرىق ئۇيغۇر ۋە باشقىلارنىڭ تىللىرى بۆلۈنۈپ چىققان بولۇپ، بۇلار بىر بولسا، ئەسلىدە ئوغۇز ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ يىرىك تۈركۈملىرىگە تەۋە بولۇپ، كېيىن ئۆز ئالدىغا يەكلىنىپ، باشقىلاردىن ئايرىلىپ قالغان قەبىلىلەرنىڭ تىللىرى بولۇشى مۇمكىن، يەنە بىر بولسا، ئەسلىدە يات تىللاردا سۆزلەشكۈچى قەبىلىلەر تەرىپىدىن ئۆزلەشتۈرۈۋېلىنغان تىللار بولۇشى مۇمكىن (مەسىلەن: كاماسىن تىلى). قىرغىز ـ قىپچاق تىللىرىنىڭ گۇرۇپپىسى بولسا، قەدىمقى قىرغىز تىلىغا ۋە كېيىنكى مەزگىللەردىكى قىرغىز ھەم ئالتاي تىللىرىغا (ئالتاي تىلىنىڭ جەنۇبىي دىيالېكتلىرى) ۋەكىللىك قىلىدۇ].

يېڭى تۈرك دەۋرىدىكى تۈركى تىللار تەرەققىياتىنىڭ ۋە ھازىرقى زاماندىكى تۈركى خەلقلەر ھەم تۈركى تىللارنىڭ بارلىققا كېلىشىنىڭ خاراكتېرلىق ئالاھىدىلىكى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، تۈركى تىللار بىلەن رۇس تىلى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش بارغانسېرى ئۇلغىيىپ باردى. رۇس تىلى تۈركى تىللارنىڭ تەرەققىياتىغا، يەنى بۇ تىللارنىڭ لېكسىكىسىنىڭ بېيىشىغا، فونېتىكىلىق تۈزۈلمىسىنىڭ ۋە گىراماتىكىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ مۇكەممەللىشىشىگە ئىجابى تەسىر كۆرسەتتى.

رۇس تىلىنىڭ غەرپتىكى تۈركى تىللار بىلەن بولغان ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش جەريانلىرى ئوتتۇرا تۈرك دەۋرىدىلا باشلانغان ئىدى. رۇس تىلى غەربىي تۈرك تىللىرىغا ئەھمىيەتلىك تەسىر كۆرسەتتى، خۇددى شۇنداقلا، نىسبەتەن كېيىنرەك، يەنى تەخمىنەن XVII ئەسىردىن باشلاپ رۇس تىلىنىڭ تەسىرىگە يولۇققان شەرقتىكى تۈركى تىللارغىمۇ ئەھمىيەتلىك تەسىر كۆرسەتتى.

تۈركى تىللارنىڭ يېڭى تۈرك دەۋرىدىكى تەرەققىيات جەريانىنى

تۆركى تىللار تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمى ئىسخېمىسىدىن كۆرۈڭ.

## يېقىنقى زامان دەۋرى ياكى تۆركى تىللارنىڭ ئۇلۇغ ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلاۋىدىن كېيىنكى تەرەققىيات دەۋرى

ئۇلۇغ ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلاۋى سوۋېت خەلقلىرىنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ تىللىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن يېڭى دەۋر ئېچىپ بەردى.

ۋاھالەنكى، سوۋېت خەلقلىرىنىڭ تىل تەرەققىياتىدىكى ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن كېيىن بارلىققا كەلگەن زور يۈكسىلىشلەرنى (كۆپلىگەن يېڭى ئەدەبىي تىللارنىڭ شەكىللىنىشى، ئىلگىرى يېزىغى بولمىغان تىللارنىڭ يېزىقلىرىنىڭ ئىشلەپ چىقىلىشى، شۇنداقلا، ئۇلارنىڭ لۇغەت تەركىۋىنىڭ بېيىشى ۋە گىراماتىكىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ مەلۇم دەرىجىدە مۇكەممەللىشىشىنى) قانداقتۇر يېڭى لۇغەت فوندىغا ۋە يېڭى گىراماتىكىلىق قۇرۇلۇشقا ئىگە بولغان يېڭى تىللارنىڭ پەيدا بولۇشى دەپ قارىماسلىق لازىم، بەلكى مەۋجۇت تىللارنىڭ مۇكەممەللىشىشى، بۇ تىللارنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشى ۋە قەبىلە، خەلقلەر تىللىرىنىڭ راۋاجلىنىپ، ئاتالغۇ ۋە لېكسىكىغا باي بولغان مىللى تىللارغا ئايلانغانلىغى دەپ قاراش لازىم.

بۇ تىللارنىڭ لۇغەت تەركىۋىنىڭ كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە بېيىشى بىلەن لۇغەت تەركىۋىنىڭ ئوتتۇرىسىدا لېكسىكىنىڭ مەلۇم دەرىجىدە قايتىدىن تەقسىملىنىش ھالىتى بارلىققا كەلدى. لۇغەت تەركىۋى ئۆز تەرەققىياتى بويىچە ھەركەتلىنىپ تۇرغان تىلنىڭ گويا ئالدىنقى

شەرتى بولۇپ، بۇ شەرتكە مۇۋاپىق ھالدا بىرقەدەر ئاستا سۈرئەتتە ئاساسلىق لۇغەت فوندىمۇ ھەم يەنىمۇ ئاستاراق سۈرئەتتە تىلنىڭ گىراماتىكىلىق قۇرۇلۇشىمۇ ھەركەتكە كەلدى ۋە ئۆزگىرىش ھاسىل قىلدى.

ئىقتىسات ۋە مەدەنىيەتنىڭ يېڭى سوتسىيالىستىك شەرت-شارائىتلىرى، خەلقنىڭ بىلىم سەۋىيىسىنىڭ يۈكسىلىشى ۋە رۇس تىلىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى باشقا مىللى تىللارغا ئىجابى تەسىر كۆرسىتىشى — مانا مۇشۇنداق ئامىللار مۇقەررەركى تىللار تەرەققىياتىنىڭ تېزلىك بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىشىگە تۈرتكە بولدى. ئوقۇش-ئوقۇتۇش ئىشلىرى، مەتبۇئات ۋە پەننى، ئىجتىمائى-سىياسى ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتى بارغانسېرى تېزلىك بىلەن راۋاجلىنىشقا باشلىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ تىللارنىڭ ئەھمىيىتى ۋە ۋەزىپىسى ئۈزلۈكسىز كېڭەيدى ۋە مۇرەككەپلەشتى.

مىللى جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ ۋە مىللى رايونلارنىڭ قۇرۇلۇشى نەتىجىسىدە ئەدەبىي تىللارنىڭ دىيالېكت ئاساسلىرى ئۆزگىرىش ياسىدى. بۇ تىللار ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ژارگون ئېلېمېنتلىرىدىن تازىلاندى ۋە ئومۇم خەلق تىلىنىڭ قائىدىلىرىگە يەنىمۇ يېقىنلاشتى. شۇنىڭ بىلەن، ھەرقايسى خەلقلەر سوتسىيالىستىك مىللەتلەرنى شەكىللەندۈرۈپ بىرلىككە كەلدى. بۇ جەرياندا مىللى تىللار پەيدا بولدى ۋە تەرەققى تاپتى. ئۇلۇغ ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋى بىلەن قەد كۆتەرگەن خەلقلەر ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەشتەك مىللى ھوقۇقلاردىن بەھرىمەن بولۇپ، مۇستەقىل مىللەتلەرگە ئايلاندى. ئۇلارنىڭ تىللىرى مىللى تىللارغا ئايلاندى ۋە شۇ تىللار ئاساسىدا يېڭى مىللى ئەدەبىياتلار، دەرسلىكلەر، مەتبۇئات، تىياتىر، دۆلەت

ئىشلىرى تەرەققى تاپتى. سانائەت، يېزا ئىگىلىگى، مەدىنىيەت، پەن
ۋە تېخنىكىنىڭ ئۈزلۈكسىز يۇقىرى ئۆرلىشى تىللاردىن يېڭى تولۇقلى-
نىشلارنى ۋە شۇ تىللارنىڭ لۇغەت تەركىۋىنىڭ، ئاتالغۇلىرىنىڭ
تەرەققى قىلىشىنى، ھەرپ شەكىللىرى ۋە ئىملانىڭ تاكامۇللىشىشىنى
تەلەپ قىلدى. تۈرلۈك ئىستىلىلارنىڭ تەرەققىياتى تىللارنىڭ زور
دەرىجىدىكى ئىپادىلەش ئىقتىدارىنىڭ يېتىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ.
شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ھالدا گىراماتىكىلىق قۇرۇلۇشىنىڭمۇ داۋاملىق
تۈردە تەرەققى قىلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مىللى سىياسىتى سابىق روسىيە ئىمپېرىيىسى
تەرىپىدىن قۇللۇق ئورنىغا چۈشۈرۈپ قويۇلغان چوڭ-كىچىك خەلق-
لەرنىڭ مىللى ئاڭ-سېزىمىنىڭ يۈكسىلىشىگە ئىمكان بېرىش بىلەنلا
قالماستىن، بەلكى كاپىتالىزىم شارائىتىدا نەسلى قۇرۇپ كېتىشكە ۋە
ھالاكەتكە مەھكۇم قىلىنغان ئۇششاق قەبىلە ۋە خەلقلەرنىڭمۇ مىللى
ئاڭ-سېزىمىنىڭ يۈكسىلىشىگە ئىمكان بەردى. ئۇلۇغ رۇس خەلقى-
نىڭ ياردىمى بىلەن سان جەھەتتە كۆپ بولمىغان بۇ ئېتنىك گۇرۇپ-
پىلار سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنى ئاساس قىلىپ، ئىقتى-
سادىي تەرەققىياتلارنى قولغا كەلتۈرۈش بىلەن بىر قاتاردا ئۆزلىرى-
نىڭ مىللى مەدىنىيىتىنىمۇ تەرەققى قىلدۇردى. ئەدىبىيات، پەن ۋە
سەنئەت ساھەسىدە زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى.

تۈركى خەلقلەرنىڭ ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋىغىچە مۇستەقىل خەلقلەرگە
ئۇيۇشۇپ يېتىلمىگەن تارماق قەبىلىلەر گۇرۇپپىلىرىغا مىسال قىلىپ،
نوغايلار، خاكاسلار، ئالتايلىقلار، شورلار ۋە باشقا خەلقلەرنى
كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

بۇ ئېتنىك گۇرۇپپىلارنىڭ ئىچىدىكى بىرقەدەر يىرىك بولغان-

لىرى، مەسلەن: خاكاسلار ۋە ئالتايلىقلار سوۋېت دۆلتىنىڭ تەرەق-
قىياتى جەريانىدا مۇستەقىل ئاپتونوم رايونلارنى قۇردى ھەمدە
بۇرژۇئا مىللەتلىرى سۈپىتىدە تەرەققى قىلىش باسقۇچلىرىدىن ھال-
قىپ ئۆتۈپ، مۇستەقىل ھالدا تەڭ ھوقۇقلۇق سوتسىيالىستىك مىللەت-
لەرگە تەرەققى قىلىپ يېتىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى.

بۇ خىلدىكى قايتىدىن ھايات يولىنى تاپقان ۋە ھازىر ئۆزىنىڭ
مىللى مەدەنىيىتىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا راۋاجلاندۇرۇۋاتقان
خەلقلەرنىڭ ئۈلگىلىك مسالى سۈپىتىدە خاكاسلارنى ئېلىشقا بولىدۇ.
خاكاسلار ئۆزلىرىنىڭ مىللى خاكاس ئاپتونوم رايونى دائىرىسىدە
بىرلىشىپ، ر س ف س ر نىڭ* كىراسنويار ئۆلكىسىگە قاراشلىق بىر
مۇستەقىل مەمۇرى بىرلىك بولۇپ تەشكىللەندى.

خاكاس خەلقى سوتسىيالىستىك مىللەت دەرىجىسىگە يېتىلىۋاتقان
بىر پۈتۈن خەلق بولۇپ بىرلەشكەندىن كېيىن، ھازىرقى زامان
خاكاس تىلى خاكاس خەلقىنىڭ تەركىۋىي قىسمىغا كىرگەن قەبىلىۋى
گۇرۇپپىلارغا ماس ھالدا تارىخىي جەھەتتىن تۈرلۈك قەبىلىلەر تىل-
لىرىدىن كېلىپ چىققان بىرنەچچە دىيالېكتلارغا بۆلۈنىدۇ. خاكاس-
لار بىر پۈتۈن خەلق بولۇپ بىرلىككە كېلىشتىن ئىلگىرى، ئۇلارنىڭ
ئەدەبىي تىلى يوق ئىدى، بەلكى ئومۇمەن، بىرلىككە كەلگەن خەلق
تىلىمۇ يوق ئىدى. پەقەت قەبىلىۋى گۇرۇپپىلارنىڭ شېۋىلىرى، يەنى
ساغاي، بەلتىر، كاچىن، قويبال ۋە قىزىل شېۋىلىرى بار ئىدى. بۇ
شېۋىلەر ھازىرقى زاماندا گەرچە قىسمەن ھالدا ئۆزلىرىنىڭ ئالاھە-

---

* ر س ف س ر — روسسىيە سوۋېت ئىتتىپاقداش سوتسىيالىستىك
جۇمھۇرىيىتى.

دىلىكلىرىنى ساقلاپ قالغان بولسىمۇ، ئەدەبىي تىلىنىڭ تەسىرى ئاستىدا ئاستا ـ ئاستا قېلىپلىشىپ، ئەدەبىي تىلىنىڭ قائىدىلىرىگە مۇۋاپىقلاشماقتا.

دېمەك، خاكاس قەبىلىلىرىنىڭ بىر پۈتۈن كوللېكتىپ بولۇپ بىرلىشىشى نەتىجىسىدە، ھازىرقى زاماندىكى خاكاسلارنىڭ ئومۇمى خەلق تىلى مىللى تىل تۈسىنى ئالماقتا ۋە خاكاس ئاپتونوم رايو-نىنىڭ ئاساسلىق ئاھالىسىنىڭ بىرلىككە كەلگەن تىلى بولۇپ شەكىل-لەنمەكتە. خاكاس ئەدەبىي تىلىنىڭ ئاساسى بۇ تىلىنىڭ تەركىۋىگە كىرگەن ھەممە قەبىلىۋى دىيالېكتلاردىن قۇرۇلغان ئەمەس، بەلكى شۇ دىيالېكتلارنىڭ ئىچىدىكى بىر دىيالېكتنى، يەنى ساغاي ـ كاچىن دىيالېكتنى ئاساس قىلغان بولۇپ، ماھىيەتتە بۇ ئىككى دىيالېكتنى بۇنىڭدىن بۇرۇنقى دەۋرلەردىلا بىرلەشتۈرگەن ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ساغاي دىيالېكتنىڭ رولى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدۇ.

خاكاس ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئەدەبىي تىلنىڭ دىيالېكت ئاساسى بەلگىلىنىش بىلەن بىر قاتاردا، خاكاس ئېلىپبەسى ۋە يېزىغىنى ئىشلەپ چىقىش ئىشى باشلاندى. خاكاس يېزىغى دەس-لەپتە رۇس ئېلىپبەسى ئاساسىغا قۇرۇلغان ئىدى (1923 — 1928)، كېيىن لاتىن يېزىغىغا ئۆزگەرتىلدى (1928 — 1938)، ئەڭ ئاخىرىدا يەنە رۇس ئېلىپبەسى بىلەن ئورتاق يېزىق ئەمەلگە قويۇلۇپ، خاكاس تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان تاۋۇشلىرى ئۈچۈن بىرنەچچە ھەرپلەر قوشۇمچە كىرگۈزۈلدى.

شۇنداقلا، ئۇلۇغ ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلاۋىدىن كېيىنكى دەۋردە بارلىققا كەلگەن باشقىرتىستان، قارا قالپاق ئاپتونوم جۇمھۇ-رىيەتلىرى، تاغلىق ـ ئالتاي، تۇۋا ئاپتونوم رايونلىرى ۋە يەنە بەزى

جۇمھۇرىيەتلەر ھەم رايونلاردىكى تارقاق قەبىلىۋى گۇرۇپپىلارنىڭ
بىر پۈتۈن خەلق بولۇپ ئۇيۇشۇش ئەھۋالى ۋە ئومۇمى خەلق مىللى
تىلىنىڭ شەكىللىنىش ئەھۋالىمۇ يۇقۇرىقىدەك جەريانىلارنى بېسىپ
ئۆتتى.

ئالايىلى، بىر پۈتۈن خەلق بولۇپ ئۇيۇشۇپ بولغان ھازىرقى
ئالتايىلىقلار، خۇددى خاكاس خەلقىغە ئوخشاش، بىرنەچچە قەبىلىۋى
گۇرۇپپىلاردىن تەركىپ تاپقان. ئۇلار ھازىر ئۆزىنىڭ مۇستەقىل
ۋە تولۇق ھوقۇقلۇق سوتسىيالىستىك مىللەتكە يېتىلىشتىكى تەرەققى-
يات باسقۇچىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا تۈگەللىمەكتە.

ئۇلۇغ ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلاۋىدىن ئىلگىرىلا، ئالتاي-
لىقلارنىڭ دىن تەرغىباتچىلىرى تەرىپىدىن كەشىپ قىلىنغان يېزىغى
ۋە ئەدەبىي تىلى بار ئىدى. دىن تەرغىباتچىلىرى بۇ يېزىق ۋە ئەدە-
بىي تىلنى ئۆز مۇددىئاسىغا بويسۇندۇرغان ئىدى. ئىنقىلاپتىن كېيىن،
تارقىلىش دائىرىسى چەكلىك بولغان تېلەئۇت دىيالېكتىنى ئاساس
قىلغان كونا ئالتاي ئەدەبىي تىلى ئالتايىلىقلارنىڭ ئومۇمخەلق تىلى-
دىن يىراق ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. شۇنىڭ ئۈچۈن، كۆپ ئۆتمەس-
تىن، بۇ ئەدەبىي تىلنىڭ ئاساسى ئۆزگەرتىلدى ۋە پۈتكۈل ئالتاي
تىلىنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى ھەممىدىن تولۇق ئەكس ئەتتۈرىدىغان،
ھەممىدىن كۆپرەك ئاممىباپ بولغان ئالتاي دىيالېكتىنىڭ ئۆزى
ئەدەبىي تىل ئاساسى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىندى.

ھالبۇكى، ئەدەبىي تىل ئاساسىنى بۇنداق ئۆزگەرتىش كونا
ئەدەبىي تىل پىششىقلىنىش جەريانىدا ئۆزىدىن يىرىك بولغان
تۇققان قەبىلىلەر ۋە خەلقلەر تۈركۈمگە كىرگەن ئايرىم قەبىلە تىلى
بولغان شارائىتتىلا مۇۋاپىق بولىدۇ.

خاكاس ۋە ئالتاي تىللىرىنىڭ تەرەققىيات جەريانى ئۇلار بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرغان باشقا تۈركى تىللارنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشى، جۇمـ ـلىدىن تۇۋا تىلىنىڭ شەكىللىنىشى بىلەنمۇ ئورتاق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە ئىدى.

شۇنداق قىلىپ، ھەر بىر كونكرېت خەلقنىڭ تۈپكى تەرەققىيات سەۋىيىسى ھەر خىل بولسىمۇ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سوتسىيالىستىك مىللەتلىرى سۆزلىشىدىغان مىللى تۈركى تىللار ئومۇمەن سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ھەممە خەلقلەرنىڭ سوتسىيالىستىك ئىقتىسات ۋە مەدىنىيىتىنىڭ يۈكسىلىشىدىن ئىبارەت ئورتاق تارىخىي شارائىتتا ۋۇجۇتقا كەلدى.

بۇنداق دېيىش بىلەن، ھەممە مىللى تىللارنىڭ شەكىللىنىش قانۇنىيەتلىرى مۇتلەق ئورتاقلىققا ئىگە، دىگەن خۇلاسىنى چىقىرىشقا بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. چۈنكى ھەرقانداق تىل ئىقتىسادىي ۋە سىياسى شەرت ـ شارائىتلارغا بىۋاستە بېقىنمايدىغان ئۆزىنىڭ ئىچكى قانۇنىـ يەتلىرى بويىچە تەرەققى قىلىدۇ.

شۇڭا، تىللارنى تەپسىلى ۋە ئۇنۇملۈك تەتقىق قىلىش ۋە سوتسىـ يالىستىك مىللەتلەر تىللىرى تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى ئىنچىكىـ لىك بىلەن تەھلىل قىلىش ئىشى، ھەر بىر كونكرېت تىل ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتىدىكى ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەرگە ئاساسەن، ئايرىم ـ ئايرىم ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بەلگىلىك تىلـ لارنىڭ باشقا ئەدەبىي تىللار بىلەن تېررىتورىيە جەھەتتىكى يېقىنلىـ قىدىن كېلىپ چىققان ئورتاق ئالاھىدىلىكلىرىنىمۇ ھېساپقا ئېلىش لازىم. مەسىلەن: ۋولگا ئەتراپىدىكى تۈركى تىللارنى ئالساق، بۇ تىللارغا تاتار تىلى تەسىر كۆرسىتىپ كەلگەن. شۇڭا، بۇ تىللار بەزى

ئورتاق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە. ئىنقىلاپتىن بۇرۇن ئۆز يېزىقى بول-
مىغان كاپكازدىكى تۈركى تىللارنى ئالساق، بۇ تىللارنىڭ تەرەققىيا-
تىغا ئەزەربەيجان تىلى تەسىر كۆرسىتىپ كەلگەن بولغاچقا، بۇ
تىللارمۇ ئورتاق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە.

شۇنىڭ بىلەن، سوتسىيالىزىمنى دەۋر قىلغان سوۋېت ھۆكۈمىتى
تۈزۈمى ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش شارائىتىدىكى سوۋېت خەلق-
لىرىنىڭ ئەدەبىي تىللىرى تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمى تارىخىي مەنزى-
رىسى بۇ تىللارنىڭ تەرەققىياتىدىكى بەزى ئومۇمى يۆنىلىشلەرنى
بەلگىلەشكىمۇ ئىمكانىيەت بېرىدۇ. بۇ تىللارنىڭ ھەرقايسىسى بۇنداق
تەرەققىيات نەتىجىسىدە ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئۆزىگە خاس خاراك-
تېرلىق ئالاھىدىلىكلەرگىمۇ ئىگە بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيەتلەر ئىتتىپاقىدىكى سوتسىيا-
لىستىك مىللەتلەر تىللىرى تەرەققىياتىنىڭ مۇشۇنداق ئومۇمى تارى-
خىي شارائىتىنى نەزەردە تۇتقاندا، ئۇلۇغ ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك
ئىنقىلاۋىدىن كېيىنكى سوۋېت خەلقلىرى مىللى تەرەققىياتىنىڭ ئاساس-
لىق تارىخىي دەۋرلىرىنى چىقىش قىلىپ، بۇ تىللار تەرەققىياتىنىڭ
مەلۇم دەرىجىدىكى ئىزچىللىقى ۋە دەۋرلەرگە بۆلۈنۈش ئەھۋالىنى
بەلگىلەپ چىقىشقا بولىدۇ. سوۋېت خەلقلىرى ۋە ئۇلارنىڭ تىللىرى-
نىڭ ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن كېيىنكى ئاساسلىق تەرەققىيات دەۋرلى-
رىنى تۆۋەندىكىدەك ئىككى نۇقتىغا بۆلۈپ قاراشقا بولىدۇ:

1) مىللى ئاپتونومىيە ۋە ئۇلارنىڭ ئەدەبىي تىللىرىنىڭ شەكىل-
لىنىش دەۋرى، 1917-يىلدىن 1928-يىلغا قەدەر، يەنى سوتسىيا-
لىستىك قۇرۇلۇش قانات يايدۇرۇلۇشتىن ئىلگىرىكى دەۋر.

2) سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش قانات يايدۇرۇلغان ۋە سوۋېت خەلق-

لىرىنىڭ مىللى مەدەنىيىتى يۈكسەلگەن دەۋر، يەنى 1928 ـ يىلىدىن ھازىرغا قەدەر.

ئاكادېمىك ۋ. ۋىنوگرادوۋ، تىل تەرەققىياتىنىڭ ئىچكى قانۇنىيەتلىرى بىلەن ئىجتىمائى شەرت ـ شارائىتلار تۈپەيلىدىن تىلدا كېلىپ چىقىدىغان ئۆزگىرىشلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پىرىنسىپلىق پەرقلەرنى تەكىتلەپ، مۇنداق دەپ يازىدۇ: "تىل تەرەققىياتىنىڭ ئىجتىمائى شەرت ـ شارائىتلىرى دىگىنىمىز، شۇ تىلنىڭ ئىجتىمائى ئاساسى، شۇ تىلدا سۆزلەشكۈچىلەرنىڭ جەمىيەت تەرەققىياتىنى شەرت قىلغان ئىجتىمائى تۈزۈلمىسىدۇر. قەبىلە تىلى، خەلق تىلى ۋە مىللى تىل ھەجمى ۋە جەمىيەتتىكى ئىشلىتىلىشىنىڭ كۆپ خىللىقى جەھەتتىن، دىيالېكتلارنى تەشكىللەش ۋە بىرلەشتۈرۈش كۈچى جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ. شۇنداق ئىكەن، خۇسۇسەن ئۆزىنىڭ سۆپىتىنى ئىپادىلەيدىغان ئېلېمېنتلىرى جەھەتتىنمۇ پەرقلىنىدۇ. قەبىلە تىلىنىڭ تەرەققىيات ئىمكانىيەتلىرى، ئۇنىڭ خەلق تىلى ۋە مىللى تىل بولۇپ يېتىلىش ئىقتىدارى، قەبىلە تەرەققىياتىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنى ـ تارىخىي شارائىتلىرىنى شەرت قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، تىلنى جەمىيەت تارىخى بىلەن، ھەرقايسى ئىجتىمائى ۋە ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەر دەۋرلىرىنىڭ بىر پۈتۈن خاراكتېرلىق ئورتاقلىقى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ تەتقىق قىلىش لازىم"[105].

ئۇلۇغ ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلاۋىدىن كېيىنكى دەۋردە بارلىققا كەلگەن ئىجتىمائى شەرت ـ شارائىتلار سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ھەممە خەلقلەر تىللىرىدا نىسبەتەن چوڭقۇر ئۆزگىرىشلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇلار ئاساسىي جەھەتتىن مۇنۇلار: *a*) مىللى جۇمھۇرىيەتلەر ۋە رايونلارنىڭ ئاساسلىق تىللىرى بولغان ئەدەبىي تىل-

لارنىڭ ئەھمىيىتىنى كېڭەيتىش، يېزىق تەرەققىياتى، ھەرپ شەكىل-لىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە ئومۇم خەلق ئەدەبىي تىلى بىلەن شۇ تىلنىڭ يەرلىك دىيالېكتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى يېقىنچە مۇناسى-ۋەتلەر؛ b) مىللىي تىللار لۇغەت تەركىۋىنىڭ مىسلىسىز بېيىشى؛ c) تىللارنىڭ تاۋۇش تەركىۋىنىڭ بېيىشىدىن ئىبارەت فونېتىكىلىق تۈزۈلمە ۋە گىراماتىكىلىق قۇرۇلما تەرەققىياتىدىكى بەزى ئىلگىرى-لەشلەر ۋە گىراماتىكىلىق قۇرۇلمىدىكى ئاساسىي جەھەتتىن يېڭىچە جۈملە قۇرۇلمىلىرى بىلەن بېيىپ، بارىدىغان سىنتاكسىس ساھەسىدىكى بەزى ئۆزگىرىشلەر.

بۇنداق ئۆزگىرىشلەر ھەر بىر كونكىرېت تىلغا نىسبەتەن ئايرىم-ئايرىم چوڭقۇر ۋە ھەر تەرەپلىمە تەتقىق قىلىنىشى ۋە ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن كېيىنكى تىل تەرەققىياتىنىڭ ئاساسلىق دەۋرلىرى بويىچە تەپسىلى تەكشۈرۈلۈشى لازىم.

ئەدەبىي يېزىق تىلى تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمى يۆنۈلۈشىدىن سۆز ئاچقاندا، ئەڭ ئالدى بىلەن ئەدەبىي تىللارنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشىدىكى ئومۇمى مەسىلىلەرنى، خۇسۇسەن ئەدەبىي تىل بىلەن دىيالېكتلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت مەسىلىسىنى كۆرۈپ چىقىشىمىز لازىم. ئەدەبىي تىل بىلەن دىيالېكتلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئۆكتە-بىر ئىنقىلاۋىدىن كېيىنكى دەۋردە ئەدەبىي تىللار ئەھمىيىتىنىڭ مىسلىسىز ئۆرلىشى ئارقىسىدا ئىنتايىن كۆپ ئۆزگەردى.

ئومۇمى خەلق تىلىنىڭ ئىجتىمائى ۋەزىپىسى كېڭىيىپ، ئوتتۇرا مەكتەپلەر، ئالى بىلىم يۇرتلىرىنىڭ كۆپىيىشى، شۇ تىللاردىكى مەت-بۇئات ۋە بەدىئى، پەننى، ئىجتىمائى-سىياسى ئەدەبىياتىنىڭ راۋاج-لىنىشى، تىياتىر، رادىيو ئىشلىرىنىڭ تەرەققى قىلىشى ۋاھاكازالار

تىللارنىڭ مىسلىسىز بېيىشىغا تۈرتكە بولىدۇ. بۇنداق بېيىش ھەم شۇ تىللارنىڭ ئىچكى مەنبەلىرى ھېساۋىغا (دىيالېكتلار بىلەن گوۋورلار ھېساۋىغا)، ھەم باشقا خوشنا تىللارنىڭ، بولۇپمۇ بۈيۈك رۇس تىلىنىڭ لېكسىكىسىنى قوبۇل قىلىش ھېساۋىغا بولىدۇ. ئەدەبىي تىللارنىڭ مۇنداق تېز سۈرئەتتە بېيىشىنى بەزى خەلقلەرنىڭ ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن كېيىنكى دەۋردە بارلىققا كەلگەن ئەدەبىي تىللىرىدىن روشەن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەدەبىي تىللارنىڭ يېڭىچە ۋەزىپىلىرى ۋە ئېھتىياجلىرىغا مۇناسىپ ھالدا، بىر بولسا تىلنىڭ دىيالېكت ئاساسى ئۆزگىرىپ بارىدۇ (مەسىلەن: ئالتاي تىلى)، يەنە بىر بولسا، ئەدەبىي تىلنى بېيىتىش ئۈچۈن پايدىلىنىدىغان دىيالېكتلارنىڭ مەركەزلىشىش جەريانى بولۇپ ئۆتىدۇ (مەسىلەن: خاكاس تىلى).

دىيالېكتلارنىڭ بىرلىككە كېلىشى، ئۇلارنىڭ باراۋەر ئورۇنغا ئۆتۈشى ۋە ئۆزگىرىشى شۇ دىيالېكتلارنىڭ بىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە بەزى ھاللاردا تولۇق نەتىجىگە ئېرىشەلىشى، تولۇق قوشۇلۇپ كېتەلىشى، دىيالېكتلىق خۇسۇسىيىتىنى يوقىتالىشى مۇمكىن. مەسىلەن: بۇنداق ھادىسىنى بىز خاكاس تىلىنىڭ ئۆز پەرقلىرىنى يوقاتقان ساغاي ۋە كاچىن دىيالېكتلىرىدىن ياكى بولمىسا ئالتاي تىلىنىڭ تېلەئۇت، تەلەنغىت ۋە ئالتاي دىيالېكتلىرىدىن كۆرۈۋالالايمىز. قازاق تىلىنىڭ دىيالېكتلىرىمۇ خېلى كۆپ دەرىجىدە باراۋەرلەشتى.

ئوخشاشلا، ئۇلۇغ ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلاۋىدىن بۇرۇنلا ئاللىقاچان ئۆز يېزىقى شەكىللەنگەن ۋە كونا ئەدەبىي ئەنئەنىلەرگە ئىگە بولغان تىللاردىمۇ زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. ئۆزبەك ئەدەبىي تىلى بۇنىڭغا ياخشى مىسال بولالايدۇ. بۇ تىل تاكى ئۆكتەبىر

ئىنقىلاۋىغىچە ئۆزىنىڭ ئومۇمى ئىستىمالدىن چىققان كونىچە ئىپادى-
لىرىنى ساقلاپ كەلگەن بولۇپ، XV ئەسىردە شەكىللەنگەن كونا
ئۆزبەك ئەدەبىي تىلىغا باغلىنىپ تۇراتتى. پەقەت ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋى-
دىن كېيىنكى دەۋردىلا ئەدەبىي تىلىنىڭ ئاساسى تۈپتىن ئۆزگىرىش
ياساپ، ئەدەبىي تىل قائىدىلىرى جانلىق تىلنىڭ، ئومۇمى خەلق
ئېغىز تىلىنىڭ قائىدىلىرى بىلەن يېقىنلىشىشقا يۈزلەندى. شۇنىڭ
بىلەن بىللە، ئۆزبەك ئەدەبىي تىلى ئۆزىنىڭ ئىنقىلاپتىن كېيىنكى
تەرەققىياتىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچلىرىدا يېزا-قىشلاقلارنىڭ ئاھاڭ-
داشلىق قانۇنىيىتىگە ئىگە گوۋورلىرىغا يۈلەنگەن ئىدى. پەقەت 30-
يىللارنىڭ باشلىرىغا كەلگەندىلا پۈتۈن ئۆزبەك تىلىنىڭ تەرەققىيات
قانۇنىيەتلىرىنى ھەممىدىن تولۇقراق ئەكس ئەتتۈرىدىغان تاشكەنت-
پەرغانە شەھەر گوۋورلىرى ئۆزبەك ئەدەبىي تىلىنىڭ دىيالېكت
ئاساسى بولۇپ تىكلەندى.

مىللى ئەدەبىي تىلنىڭ دىيالېكت ئاساسىنى تاللاش ئۈچۈن
بولغان كۈرەش سىياسىي كۈرەش بىلەن چىتىلغان ئىدى. مەسىلەن:
ئۆزبەكىستاندىكى بۇرژۇئا-مىللەتچى ئۇنسۇرلار ئۆزبەك تىلىنى سوت-
سىيالىستىك مىللى تىللار تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمى ئېقىمىدىن چەتنە-
تىشكە ئۇرۇنۇپ، خەلققە چۈشىنىشلىك بولمىغان ئەرەپچە-پارسچە
سۆزلەرنى ئىشلىتىشنى كۆزلەپ، كونا كىتاۋى تىل ئاساسىدىكى
سۈنئى ئەدەبىي تىلنى "ياساپ چىقىش"قا ئۇرۇندى. ئەپسۇسكى،
ھازىرقى زامان ئۆزبەك شېئىرىيىتىدىمۇ خەلققە چۈشىنىكسىز
بولغان ئاشۇنداق كىتاۋى ئەرەپچە ۋە پارسچە سۆزلەر خېلى كۆپ
ئۇچرايدۇ. شۇنداقلا، ئۆزبەك تىلىدىكى ھەممە دىيالېكتلارنىڭ
گىراماتىكىلىق قۇرۇلما ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن لۇغەت تەركىۋىنى

سۇنئى ھالدا بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق دىيالېكتلار ئارىلاشمىسى ئاسا-
سىدىكى ئەدەبىي تىلنى "ياساپ چىقىش"قا بولغان ئۇرۇنۇشلارمۇ كۆرۈلدى. ئۆزبەك ئەدەبىي تىلىغا گىراماتىكىلىق شەكىللەرنىڭ مۇشۇنداق سۇنئى ھالدا سىڭدۈرۈلۈشىگە مىسال قىلىپ، كۆپچىلىك ئۆزبەكلەر ياخشى چۈشەنمەيدىغان ياكى پۈتۈنلەي چۈشەنمەيدىغان *ajak*- بىلەن ئاياقلىشىدىغان كەلگۈسى زامان سۈپەتداش شەكلىنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ. بۇ شەكىل ئۆزبەك تىلىنىڭ خارەزىم دىيالېكتىدىن ئېلىنغان.

ئەدەبىي تىللار ئۆز تەرەققىياتىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچلىرىدا مىللەتچىلەر تەرىپىدىن رۇسچە ۋە خەلقاراچە سۆز ئاتالغۇلارنىڭ كىرىپ قىلىنىشىدىن قاتتىق چەكلەندى. بەزى تىللار بۇنداق سۆز ۋە ئاتالغۇ-
لار چىقىرىپ تاشلىنىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىغا يات بولغان ئەرەپچە ۋە پارسچە سۆزلەر بىلەن ئالماشتۇرۇلدى. يەنە بەزى تىللاردا بولسا، ئوخشاشلا خەلققە يات ۋە چۈشىنىكسىز بولغان، سۇنئى ھالدا ياسال-
غان «مىللى» سۆز ۋە ئاتالغۇلار بىلەن ئالماشتۇرۇلدى.

يېقىندىن ۋۇجۇتقا كېلىۋاتقان ئەدەبىي تىللار ئۈچۈن، ئوخشاشلا، كونا يېزىق ئەنئەنىسىگە ئىگە بولغان تىللار ئۈچۈن يېزىق يارىتىش جەھەتتىمۇ كەسكىن كۈرەشلەر بولۇپ ئۆتتى. بۇرژۇئا مىللەتچىلىرى كونا يېزىقنى، يەنى تۈركى تىللارغا پۈتۈنلەي مۇۋاپىق بولمىغان ئەرەپ يېزىقىغا جىنىنىڭ بىرىچە يېپىشتى. ئەرەپ يېزىقى تەرەپدار-
لىرى شۇ چاغلاردا ئەدەبىي تىلنىڭ يېزىق ئاساسىدا ئەرەپچە ھەرپلەر قوللىنىلغان ھەممە تۈركى تىللاردا كونا ئەرەپ يېزىقىنىڭ ئەنئەنىۋى پىرىنسىپلىرىنى ساقلاپ قېلىشقا ھەرىكەت قىلدى. لېكىن، ئۇزۇن ئۆتمەي، يېزىقتىكى ئەدەبىي تىللارنىڭ جانلىق ئېغىز ئومۇمى

خەلق تىللىرى بىلەن يېقىنلىششقا بولغان ئومۇمى يۈزلۈك ئىنتىلىشى تۈپەيلىدىن، ئۇلار خەلق ئاممىسىنىڭ بېسىمى ئاستىدا ئەرەپ يېزىقىنى «ئىسلاھ» قىلىش يولىنى تۇتۇشقا مەجبۇر بولدى ۋە ئاشۇنداق چالا تەدبىرلەر بىلەن ئۇنى ساقلاپ قالماقچى بولۇشتى. ئەرەپ يېزىقىنىڭ ئىسلاھ قىلىنغان تۈرلۈك ۋارىيانتلىرى پەيدا بولدى. ئەرەپ يېزىقى ئىسلاھ قىلىنىپ، ئاھاڭداشلىق تىللارغا (مەسىلەن: قازاق تىلىنىڭ يېزىق ۋارىيانتى بىلەن ئۇنىڭ پۈتۈن سۆزدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنى قايتىدىن تەرتىپكە سالغان ئۇنىۋېرسال سىمۋولى «داياقشى») ۋە ئاھاڭداشلىق قانۇنىيەتلىرىنى ئۆزگەرتىش، بۇزۇش بىلەن خاراكتېرلىنىدىغان تىللارغا (مەسىلەن؛ تاتار، ئۆزبەك، ئەزەربەيجان تىللىرىنىڭ يېزىق ۋارىيانتلىرى) ماسلاشتۇرۇلدى. ئەدىبىي تىللارنىڭ ئىقتىسات ۋە مەدەنىيەتنىڭ يۈكسىلىشىگە ئەگىشىپ ئوتتۇرىغا چىققان يېڭى ۋەزىپىلىرى يېزىقنىڭ كونىچە ئۇسۇللىرى ئۈستىدىن غەلىبە قازىنىشقا يول ئاچتى. شۇنىڭ بىلەن، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى بارلىق تۈركى تىللارنىڭ زور كۆپچىلىكى ئالدى بىلەن لاتىن يېزىقىغا، ئاندىن رۇسچە ھەرپلەر ئاساسىغا كۆچتى.

سوۋېت خەلقلىرىنىڭ تىللىرىدىكى ھەجمى جەھەتتىن ئېيتقاندا ئاساسلىق ۋە پەۋقۇلئاددە بولغان ئۆزگىرىشلەر ئۇلارنىڭ لۇغەت تەركىۋىدە يۈز بەردى.

لېكسىكىنىڭ تەرەققىيات جەريانى سۆز مەنىسىنىڭ ئۆزگىرىشى، بەزى كونا سۆزلەرنىڭ تەدرىجى ھالدا ھاياتىي كۈچىنى يوقىتىشى ۋە ئىستېمالدىن قېلىشى، لۇغەتنىڭ يەنىمۇ كۆپ مىقداردىكى يېڭى سۆزلەر بىلەن تولۇقلىنىپ بېرىشىدىن ئىبارەت بولىدۇ. لۇغەت تەركىۋىنىڭ بۇنداق تولۇقلىنىشى شۇ تىلنىڭ ئۆزىنىڭ مەنبەلىرى ھىسا-

ۋىغىمۇ بولىدۇ ۋە لۇغەت تەركىۋى نىسبەتەن باي بولغان رۇس تىلىدىن ئېلىنغان سۆزلەر ھساۋىغىمۇ بولىدۇ. تەكىتلەپ ئۆتۈش لازىمكى، لۇغەت تەركىۋىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرگە چېتىلىدىغان قىسمى ھەممىدىن كۆپرەك تەرەققىياتتا ئېرىشتى. ئىنسان بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋەتلىرىگە چېتىلىدىغان لېكسىكىدا ئانچە كۆپ ئۆزگىرىش بولمىدى.

1917 ـ يىلدىن كېيىن، سوۋېت خەلقلىرىنىڭ ھەممە تىللىرى ئۆزلىرىنىڭ خاس خۇسۇسىيەتلىرىنى ساقلاپ قالغان ھالدا، ئورتاق تەرەققىيات يولىنى بېسىپ ئۆتمەكتە. بۇ تىللار لۇغەت تەركىۋىنىڭ تەرەققىياتىدىمۇ بەزى ئورتاق قانۇنىيەتلەرنى ھاسىل قىلماقتا. ئالدى بىلەن شۇنى كۆرستىپ ئۆتۈش لازىمكى، سۆزلەرنىڭ ئۆزگىرىش خاراكتېرى، كونا سۆزلەرنىڭ يوقلىشى، ئىستېمالدىن قېلىشى ۋە يېڭى سۆزلەر بىلەن تولۇقلىنىشىدەك جەھەتلەردە تۈركى تىللارنىڭ ئايرىم گۇرۇپپىلىرىنىڭ بىر قاتار يەرلىك ئالاھىدىلىكلىرى ساقلىنىپ قالدى. مەسلەن: سىبىرىيىدىكى تۈركى خەلقلەرنىڭ تىللىرى ئۆزلىرىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ ئورتاق خۇسۇسىيەتلىرى ۋە تۇرمۇش ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن، شۇنداقلا سۆز قوبۇل قىلىش مەنبەلىرىنىڭ (موڭغۇل، تۇنگۇس، فىن ـ ئۇگۇر تىللىرى، شۇنداقلا خەنزۇ، سانسكرىت تىللىرى ۋە باشقا تىللار) ئورتاقلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدىغان بولۇپ، بۇ تىللاردىكى ئۇزۇن ۋاقىتلار داۋامىدا ئىشلەپ چىققان ئورتاق لېكسىكىلىق ھادىسىلەر ھازىرمۇ ساقلانماقتا. يەنە ئۆز ئالاھىدىلىكلىرى ۋە سۆز قوبۇل قىلىشنىڭ ئۆزگىچە مەنبەلىرى بولغان ۋولگا ئەتراپى، كاپكاز، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركى تىللاردىمۇ ئەھۋال خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش.

شۇنىڭ بىلەن، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى بارلىق خەلقلەر ئىگىلىگەنىنىڭ ئورتاق سوتسىيالىستىك خاراكتېرى ۋە ئورتاق سوتسىيالىستىك مەزمۇنغا ئىگە مەدىنىيەت سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى بىر قاتار خەلقلەر تىللىرىنىڭ لۇغەت تەركىۋىدە زور ھەجىمدىكى ئورتاق سۆز قاتلىمىنىڭ پەيدا بولۇشىغا تۈرتكە بولدى. بۇ ئورتاق سۆز قاتلىمى، ئاساسى جەھەتتىن، ئىجتىمائى-سىياسى، پەننى ۋە كەسپىي ئاتالغۇلاردىن، يەنى سۆزلەرنىڭ ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن كېيىنكى دەۋرگە تەئەللۇق بولغان قىسمىدىن ئىبارەت.

ئاشۇنداق ئورتاق قانۇنىيەتلەر سۆزلەر ئۆزگىرىشىنىڭ ئاساسلىق جەريانلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىنى، يەنى كونا سۆزلەرنىڭ يوقىلىشى ۋە لۇغەتنىڭ يېڭى سۆزلەر بىلەن تولۇقلىنىشىنى بەلگىلەيدۇ. ئالايلى، سىبىرىيەدىكى تۈركى تىللاردا يېڭى، سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ ۋە يېڭى، سوتسىيالىستىك مەدىنىيەتنىڭ يۈكسىلىشىگە ئەگىشىپ، كونا ئىجتىمائى-ئىقتىسادىي تۈزۈمگە، كونا ئىدىئولوگىيە ۋە كونا مەدىنىيەتكە باغلانغان لېكسىكا تەدرىجى ھالدا ئىستىمالدىن قالدى. مەسىلەن: ئالتاي تىلىدىكى قالاق ناتۇرال ئىگىلىك، كونا تۇرمۇش ئادەتلىرى ۋە دىنىي ئەقىدىلەرگە مۇناسىۋەتلىك ئاتالغۇلار ھازىرقى ئەۋلات ئالتاي تىلىنىڭ ئاساسلىق لۇغەت تەركىۋىدىن تەدرىجى ھالدا چۈشۈپ قالدى. ئالتاي تىلىدىن مىسال كەلتۈرسەك، مۇنداق ئاتالغۇلار ئىستىمالدىن قالدى: ئابىل «كەتمەنگە ئوخشايدىغان بىر خىل سايمان»، ئاندازىن «ئىپتىدائى تۆستىكى سايمان»، جايزاڭ «زايسان» (ئاقساقال، فېئوداللىق مەرتىۋە)، ئالبان «ئالۋاڭ»، سەلبىك «ئاقساقالغا بېرىلىدىغان سېلىق»، سۈنە، سۈر، ئۈزۈت، كۈت «دىل، جان» (ئالتايلىقلارنىڭ ئۆتمۈشتىكى شامان

دىنىنىڭ خۇراپاتلىرىدا «جان» دېگەن سۆزنىڭ ھەر خىل تۈرلىرى ۋە ئۆزگىرىشلىرى)، كۆرمۆس «ئەرۋاھ» ۋاھاكازا.

ئىنقىلاپتىن ئىلگىرىكى ئىگىلىك تەرەققىياتىنى، ئىجتىمائى مۇناسىۋەتلەرنى ۋە مەدەنىيەتنىڭ بىرقەدەر يۇقۇرى باسقۇچىدا تۇرغان خەلقلەرنىڭ تىللىرىدا كونا ئۇقۇملارنى ئىپادىلىگەن ئايرىم سۆزلەر شاللىۋېتىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا مەنىسى شۇنىڭغا يېقىن، ئەمما يېڭى ئۇقۇملارنى بىلدۈرىدىغان يېڭى سۆزلەر كىرگۈزۈلدى. مەسىلەن، ئۆزبەك تىلىدا: دارىلفۇنۇن، بۇ سۆزنىڭ بۇرۇنقى مەنىسى «ئالى مەكتەپ» (سۆز مەنىسى: بىلىم ئىشىگى) بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا يېڭى مەنىگە ئىگە بولغان «ئۇنىۋېرسىتېت» دېگەن سۆز كىرگۈزۈلدى. قاراقالپاق تىلىدا: مۇستەقىللىق دېگەن سۆز لۇغەتتىن چىقىرىلىپ، «ئاپتونومىيە» دېگەن يېڭى سۆز كىرگۈزۈلدى، ئايدارىسپاق دېگەن سۆزنىڭ ئورنىغا «رېۋولىيۇتسىيە» دېگەن سۆز ئىلىندى ۋاھاكازا. يەنە شۇ قاراقالپاق تىلىدىكى بولىس (ۋولوست ئاقساقىلى)*؛ پىرىستاپ (ساقچى باشلىغى) دېگەندەك، بۇرۇن رۇس تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرمۇ ئارخايىزىم ۋە كونا سۆزلەر قاتارىغا ئۆتۈپ قالدى.

كونا سۆز ۋە ئىبارىلەرنىڭ لۇغەت تەركىبىدىن چىقىرىلىشى ۋە چۈشۈپ قېلىشى ئۈشتۈمتۇتلا بولۇپ قالمايدۇ، بەلكى ئۇلارنىڭ تەدرىجى ھالدا ئالدى بىلەن لېكسىكىنىڭ ئاساسلىق قىسمىدىن ئادەتتىكى قىسمىغا، كۆپ ئىستىمال قىلىنىدىغان قىسمىدىن ئاز ئىستىمال قىلىنىدىغان قىسمىغا، شۇندىن كېيىن كام ئۇچرايدىغان سۆزلەر،

---

* ۋولوست — مەمۇرى بىرلىك.

يەنى ئارخايىزىم قاتارىغا چىقىرىش يولى بىلەن بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇنداق سۆزلەر ئاخىرى لۇغەت تەركىۋىدىن پۈتۈنلەي چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن: رۇس تىلىدىكى Комбед (كەمبەغەل دېخانلار كومىتېتى)، продналог (يېمەك-ئىچمەك سېلىقى)، ликбез (ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش) دېگەن سۆزلەر ۋە شۇ سۆزلەرنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى باشقا خەلقلەر تىللىرىدىكى ئېيتىلىشلىرى ئۆتمۈشتىكى لېكسىكا قاتارىغا ئۆتۈپ قالدى.

سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى خەلقلەر تىللىرىنىڭ لۇغەت تەركىۋىدىكى تولۇقلىنىش جەريانىنىڭ ھەجمى جەھەتتىن كەڭ. ئۇسۇللىرىنىڭ كۆپ خىللىقى جەھەتتىن مۇرەككەپ بولۇشى، ئاساسەن، ئاتالغۇلار لېكسىكىسى ساھەسىدە كۆرۈلىدۇ.

سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى خەلقلەر تىللىرىنىڭ لۇغەت تەركىۋىنىڭ ئاساسلىق تولۇقلىنىش مەنبەلىرى مۇنۇلار: 1) ئۆز ئانا تىلىنىڭ سۆز بايلىقى؛ 2) رۇس تىلىنىڭ لېكسىكىسى ۋە ئاتالغۇلار.

كونكرېت تىللار لۇغەت تەركىۋىنىڭ ئەڭ كەڭ ۋە ئەڭ باي بولغان تولۇقلىنىش مەنبەسى شۇ تىلنىڭ يىلتىز يادروسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاساسلىق لۇغەت فوندىدىن ئىبارەت. ھەرقانداق تىلنىڭ سۆز ياساش ئىمكانىيەتلىرى چەكسىزدۇر. «يېڭى سۆزلەرنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبلىرى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئۆزگىرىشلىرىدىن، ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىدىن ۋە ئىنسانلار پائالىيىتىنىڭ باشقا ساھەلىرىدىن كېلىپ چىقىدۇ. ئەگەر سۆزلەر مۇئەييەن تىلنىڭ ماددىي بايلىقلىرىدىن ياسالغان بولسا، بۇنداق سۆزلەرنىڭ ياسىلىشى تىل تەرەققىياتىنىڭ ئىچكى قانۇنىيەتلىرى بىلەن بەلگىلىنىدۇ»[106].

ئانا تىلنىڭ سۆز بايلىقلىرىدىن يېڭى سۆز ياساش ئۇسۇللىرى دەپ، تۆۋەندىكىلەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن يېڭى ئۇقۇملارنىڭ ئىپادىلىنىشىنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ: 1)تەقلىت قىلىش ئۇسۇلى؛ 2) كونا سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى تارايتىش ياكى كېڭەيتىش يولى بىلەن يېڭى مەنە چىقىرىش؛ 3) قوشما سۆز ۋە بىرىككەن سۆزلەرنى ياساش؛ 4) ياسالما سۆزلەرنى ياساش؛ 5) قىسقارتىلغان سۆزلەرنى ياساش.

كۆرسىتىلگەن ئۇسۇللاردىن ئەڭ ئۈنۈملۈك بولىدىغىنى، كونا سۆزلەرنىڭ يېڭى مەنە ئېلىشى ۋە ئۇلارنى تىلدا پەيدا بولىدىغان يېڭى ئۇقۇملارغا مۇۋاپىقلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت.

يېڭى ئۇقۇمنى ئىپادىلەش ئۈچۈن بۇرۇندىن بار بولغان تەييار سۆزلەرنى ئىشلەتكەندە، تىل بۇ سۆزگە كەڭرەك ياكى تارراق بولغان يېڭى مەنە بېرىش بىلەن شۇ ئۇقۇمنى ئۆزلەشتۈرىدۇ.

مەنىنىڭ تارىيىشىغا تۆۋەندىكىدەك سۆزلەر مىسال بولالايدۇ: ئالتاي تىلىدا — قىزالاڭ // قىستالاڭ «كرىزىس» (بۇرۇنقى مەنىسى — قىستاش، قىستالماق، قىيىن ئەھۋال)، مۆرۆي «مۇسابىقە» (بۇرۇنقى مەنىسى — نىشان، مۇسابىقە مۇكاپاتى) ۋاھاكازا؛ قازاق تىلىدا — باي «باي»[107]، بۇرۇنقى مەنىسى: 1) باي ئادەم، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى؛ 2) تەۋەلىك قوشۇمچىسى بىلەن كەلگەندە، مەسىلەن: بايىم «ئېرىم»؛ 3) باي.

مەنىنىڭ كېڭەيتىلىشىگە مىسال قىلىپ تۆۋەندىكىدەك سۆزلەرنى ئېلىشقا بولىدۇ: ئالتاي تىلىدا — سوغۇش «جەڭ» (شۇنداقلا توقۇنۇش، ئۇرۇشۇش)، تېبۇ «سۈرئەت» (شۇنداقلا زەربە، تېپىسك)، ئىچكىرىلىي «ئىچكىرىلىمەك» (شۇنداقلا ئالغا باسماق)، ئاغارۇ «مۇقەددەس» (شۇنداقلا ئەۋلىيا)؛ قاراقالپاق تىلىدا — سايلاۋ «سايلام»

(شۇنداقلا تاللىماق، خىللىماق)، ئورىنباسار «ئىزباسار» (مەسىلەن: پىئونېرلېر — كومسومولدىڭ ئورىنباسارى «پىئونېرلار — كومسومولنىڭ ئىزباسارى»، (شۇنداقلا، مۇۋەققەت باشلىق، مۇئاۋىن) ۋاھاكازا؛ تۈركمەن تىلىدا — قۇۋۋەت «قۇۋۋەت» (شۇنداقلا كۈچ، قۇدرەت) گورانما «مۇداپىئە» (شۇنداقلا توسما، توسۇق)، ماددا «ماددا» (شۇنداقلا ماتېرىيال) ۋە باشقىلار.

تەقلىت قىلىپ سۆز ياساشمۇ ئىنتايىن ئۈنۈملۈك ئۇسۇللارنىڭ بىرىدۇر. مەسىلەن: كۆپچىلىك تۈركى تىللاردا — بەش يىللىق ياكى بېسجىللىق، «بەش يىللىق پىلان» (بۇ سۆز بىش ياكى بېس دېگەن سۆز بىلەن يىل ياكى جىل دېگەن سۆزنىڭ ۋە ئومۇمى قوشۇمچىسى «لىق»نىڭ بىرىكمىسىدىن تەركىپ تاپقان)، تۈركمەن تىلىدا — ئۈچبۇرچلۇق «ئۈچبۇلۇڭ» (ئۈچ «ئۈچ»+بۇرچ «بۇلۇڭ» +لىق قوشۇمچىسى)، خەلقارا «خەلقارا» (خەلق، ئارا دېگەن سۆزلەردىن تۈزۈلگەن)؛ تاتار تىلىدا — كۈچمە قىزىل بايراق؛ قاراقالپاق تىلىدا — جامىيېتلىك جۇمىش «جەمىيەت ئىشى»، جوقارى ئوقۇۋ ئورنى «ئالى بىلىم يۇرتى»، ئۆزى ئوقۇتقىش «ئۆزلۈگىدىن ئۆگەنگۈچى» ۋاھاكازا.

لۇغەت تەركىۋىنى بېيىتىش ئۈچۈن، يەنە بىرىككەن سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرى ياساش ئۇسۇلى، جۈپ سۆز ياساش ئۇسۇلىمۇ كەڭ قوللىنىلىدۇ. بەزى ھاللاردا قىسقارتىلغان قوشما سۆز ياساش ئۇسۇلىمۇ قوللىنىلىدۇ. بۇ خىلدىكى سۆز ۋە ئاتالغۇلار تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ.

1) ئىككى ياكى بىرنەچچە سۆزدىن تۈزۈلۈپ، بىر ئۇقۇمنى بىلدۈرىدىغان سۆز بىرىكمىلىرى: ئالتاي تىلىدا — ئىشكۈچىلى جاتقان «ئەمگەكچى» (ئۇدۇل مەنىسى: ئۆزىنىڭ ئەمگەك كۈچىگە تايىنىپ

ياشىغۇچى)، تۆرۆل ئۇچۇن جۇئۇ «ۋەتەن ئۇرۇشى» (ئۇدۇل مەنىسى: ۋەتەن ئۈچۈن ئۇرۇش)، ماقتۇلۇ دوسكو «ھۆرمەت تاختىسى» (ئۇدۇل مەنسى: ماختاش تاختىسى)؛ قاراقالپاق تىلىدا — ھاۋادا ئۇشۇ «ھاۋا قاتناش» (ئۇدۇل مەنىسى: ھاۋادا ئۇچماق)، سۇۋ ئايرىتپاسى «سۇ بۆلگۈچ» (ئۇدۇل مەنىسى: سۇنى ئايرىغۇچى)؛ تاتار تىلىدا — ئۇيلاپ تابۇچى «ئىجاتكار»، ئۆزيۆرىشلى كومبايىن «ئۆزى ھەركەتلىنىدىغان كومبايىن»؛ تۈركمەن تىلىدا — ئۆنۈمچىلىك كاپىتالى «ئىشلەپچىقىرىش كاپىتالى»، دىل بىلىمى «تىل بىلىمى» ۋاھاكازا.

2) جۇپ سۆزلەر: ئالتاي تىلىدا — ئەپ-سۆمە «ئۇسۇل» (ئەپ «ئەپچىل»، سۆمە «ئۆيلاپ چىقارماق» دىگەن سۆزلەردىن تۈزۈلگەن)، ئامىر-ئەنچۈ «تىپچلىق»، ئاش-قۇرساق «يىمەك-ئىچمەك» ۋاھاكازا.

3) پۈتۈن ياكى قىسقارتىلغان سۆزلەردىن ياسالغان بىرىككەن سۆزلەر. مەسىلەن: ئالتاي تىلىدا — قولچابىش «ئالقىش» (ئۇدۇل مەنىسى: چاۋاك چالماق)، جۇرت — خوزيەستۋو «يىزا ئىگىلىك»، پولىتىشچى «سىياسى خادىم»؛ تاتار تىلىدا — كۈپىستانوكچى «كۆپ ستانوكلىق»، رايباشقارما «رايونلۇق باشقارما» ۋە باشقىلار؛ تۈركمەن تىلىدا — تۈركمەندولەتنەشر «تۈركمەنىستان دۆلەت نەشرىياتى» ۋە باشقا سۆزلەر.

قوشۇمچىلارنى قوشۇپ ياكى ياردەمچى سۆز ۋە ياردەمچى پېئىللاردىن پايدىلىنىپ سۆز ياساشمۇ خېلى ئۈنۈملۈك ئۇسۇل. بۇنىڭدا تۈپ سۆز كۆپىنچە ئۆزگە تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەردىن ئىبارەت بولىدۇ. مەسىلەن: ئالتاي تىلىدا — رېمونتتو «رېمونت قىلماق» (رېمونت+ئىسىمدىن پېئىل ياسىغۇچى قوشۇمچە-تو<تا

<لا)، كولخوزچى (كولخوز+كەسپ قوشۇمچىسى-چى)؛ شۇنىداقلا،
موبىلىزوۋات ئەبىرگى «سەپەرۋەر قىلماق» (رۇس تىلىدىكى ئىپنىق-
سىز پېئىل شەكلى ۋە ياردەمچى پېئىل ئەت-نىڭ قوشۇلۇشىدىن
ياسالغان) ۋاھاكازا؛ قاراقالپاق تىلىدا — كولۇنىيالىق «مۇستەملىكىچى-
لىك» (كولۇنىيا+سۇپەت قوشۇمچىسى — لىق، -لىك)، كونۋېيېيىرلى
(كونۋېيېير+بارلىق قوشۇمچىسى-لى)، شۇنداقلا، كوماندىرووۋكائېت
«خىزمەت بىلەن سىرتقا چىقماق» (بۇنىڭدا ئېت-ياردەمچى پېئىل)؛
تۈركمەن تىلىدا — لېنىنچى، پارتىيالى، ئاگېنتلىك، پاسپورتلاشدىرما
«پاسپورتنى رەسمىلەشتۈرۈش»، ئانالىزلەمە «ئانالىز قىلىش» ۋە باشقا
سۆزلەر.

مىللى تىللارنىڭ 1917-يىلدىن تەخمىنەن 1928-يىلغا قەدەر
بولغان تەرەققىيات دەۋرىدە بەزى تىللاردا يېڭى ئۇقۇملارنى ئىپادى-
لەش جەھەتتە كونىچە كىتاۋى تىللارنىڭ ئەرەپ-پارس ئاتالغۇل-
رىنى زومۇ-زو كىرگۈزۈشكە ئۇرۇنۇشتەك بۇرژۇئا — مىللەتچىلىك
خاھىشلىرى گەۋدىلىك كۆرۈلدى.

بۇ خىلدىكى پىكىر ئېقىملىرى خۇسۇسەن ئوتتۇرا ئاسىيا تىللىرىدا
ئالاھىدە روشەن ئىپادىلەندى. مەسىلەن، بۇرۇن ئىشلىتىلگەن مۇنۇ
سۆزلەر ئاتالغۇلارنى سېلىشتۇرۇڭ: ئۆزبەك تىلىدا — ئىنقىلاپ «رېۋول-
يۇتسىيە»، جۇمھۇرىيەت «رېسپۇبلىكا»، فىرقە «پارتىيە» ۋاھاكازا؛
تۈركمەن تىلىدا — دارىلئىلىم «ئاكادېمىيە»، سەرمايادار «كاپىتالىست»،
زەررە «مالېكۇلا» ۋاھاكازا؛ قاراقالپاق تىلىدا — ۋەزىر «مىنىستىر»،
جەمىيەتشىلىك «سوتسىيالىزم» ۋاھاكازا.

شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش لازىمكى، كۆپلىگەن ئەرەپچە ۋە پارسچە
سۆزلەر يۇقۇرىقى تىللارنىڭ لۇغەت تەركىۋىدىلا ئەمەس، بەلكى

ئاساسلىق لۇغەت فوندىدىنمۇ مۇستەھكەم ئورۇن ئالىدۇ. ھەمدە ھازىرقى زامان تىللىرىدا سىرتتىن قوبۇل قىلىنمىغان سۆزلەر بىلەن بىرقاتاردا مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىشلىتىلىۋاتىدۇ.

ئەرەپچە ۋە پارسچە ئاتالغۇلار، تارىخىي جەھەتتىن ئىسلام دىنىنىڭ ۋە ئىران، ئەرەبىستان خەلقلىرى مەدەنىيىتىنىڭ تەسىر دائىرىسىگە كىرمىگەن سىبىرىيىدىكى تۈركى خەلقلەر تىللىرىدىن باشقا ھەممە تۈركى تىللاردا ئوخشاشمىغان دەرىجىدە ئۇچرايدۇ. سىبىرىيىدىكى تۈركى تىللاردا ئەرەپچە-پارسچە سۆزلەر يوق بولۇپ، موڭغۇلچە سۆزلەر كۆپ. ۋاھالەنكى، موڭغۇلچە سۆزلەر ۋولگا ئەتراپى، كاپكاز ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركى تىللاردا كۆپ ئۇچرىمايدۇ. ئەسكەرتىپ ئۆتۈش لازىمكى، ئاغزاكى تىللاردا ئەرەپچە ۋە پارسچە سۆزلەرنىڭ سانى كىتاۋى تىللاردىكىدىن خېلىلا ئاز ئىدى.

ئەرەپ-پارس تىللىرىدىن كىرگەن سۆزلەرنىڭ خاراكتېرلىق ئالاھىدىلىكى شۇكى، بۇنداق سۆزلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئىسىملار ۋە ئاز قىسمى سۈپەتلەردىن ئىبارەت. باشقا سۆز تۈركۈملىرى ۋە ئەرەپچە، پارسچە پېئىللارغا كەلسەك، ئۇنداق سۆزلەر تۈركى تىللارغا ئەسلا ئۆزلەشمىگەن. ئۆزلەشكىنى پەقەت، ئىسىم ۋە ياردەمچى پېئىللاردىن تەركىب تاپقان ياسالما پېئىللاردىن بولۇپ، بۇنداق سۆزلەرنىڭ ئىسىمدىن ئىبارەت قىسمى سىرتتىن كىرگەن سۆز بىلەنمۇ ئىپادىلىنەلەيدۇ.

ھازىرقى زامان تىللىرىدا ساقلىنىپ قالغان ئەرەپچە ۋە پارسچە سۆزلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى شۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسىدىن ئالغاندا ئاساسىي جەھەتتىن، دىن ۋە پەنگە مۇناسىۋەتلىك ئۇقۇملارغا تەئەللۇق، شۇنداقلا ئىجتىمائى-سىياسى لېكسىكا ۋە باشقا لېكسىكى-

لارنىڭ مەلۇم بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ.

ھەر بىر تىلنىڭ سۆز ياساشتىكى ئاساسلىق لۇغەت فوندىنىڭ ئىچكى ئىمكانىيەتلىرى ئىنتايىن زور. ئەمما، يۇقۇرىدا سۆزلەنگىنىدەك، تارىخىي شەرت-شارائىتلارنىڭ ئورتاق بولغانلىقى سوۋېت خەلقلىرىنىڭ ھازىرقى زامان تىللىرىغا كۆپلىگەن رۇسچە سۆز ۋە ئاتالغۇلارنىڭ كىرىشىگە سەۋەپ بولىدى.

رۇس تىلىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى خەلقلەر تىللىرىنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسىتىشى ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن بۇرۇنقى دەۋردىلا باشلانغان ئىدى. لېكىن، ئۇ چاغلاردىكى رۇس تىلىدىن ئېلىنغان سۆزلەر ئاساسىي جەھەتتىن تۇرمۇشقا ئائىت لېكسىكا ياكى دېخانچىلىق، سودا مۇناسىۋەتلىرى، مەمۇرى ئىدارە قىلىش ئىشلىرى ۋە قىسمەن مەدىنىيەتكە تەئەللۇق ئاتالغۇلاردىن ئىبارەت ئىدى.

شۇ دەۋردە رۇس تىلىدىن كىرگەن سۆزلەرگە تۆۋەندىكىدەك سۆزلەر مىسال بولالايدۇ: قاراقالپاق تىلىدا — كېڭسىي «канцелярия» (ئىشخانا)، بادىراق «батрак» (مەدىكار)، شىركېۋ «церковь» (چېركو)، پاراخوت «пароход» (پاراخوت)، ماس «масть» (ياكىيۇ قىيمىسى)، ساموۋرىن «самовар» (ساماۋار) «каточная ۋە باشقىلار؛ ئالتاي تىلىدا — سېرىپ «серп» (ئوغاق)، سالام «солома» (سامان)، سۇسېك «сусек» (خامان)، سىمېتتېن «сметана» (قايماق)، ساكون «закон» (قانۇن)، پۇنت، مىنتا «фунт» (قاداق) ۋە باشقىلار؛ تۈركمەن تىلىدا — بېدرې «ведро» (چېلەك)، پىرىستاۋ «пристав» (ساقچى باشلىقى)، سۇت، سوت «суд» (سوت) ۋە باشقىلار.

رۇسچە سۆزلەر ۋە رۇس تىلى ئارقىلىق كىرگەن خەلقاراچە سۆز-

لەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى تۈركى تىللارغا ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن كېيىنكى دەۋردە كىرگەن.

مىللى جۇمھۇرىيەتلەر ۋە رايونلار تەرەققىياتىنىڭ بىرىنچى دەۋ-رى، رۇسچە ۋە خەلقارا سۆزلەرگە قارىتا، تىلنىڭ ساپلىغىنى بۇزماس-لىق پىكىر ئېقىمى بىلەن خاراكتىرلىنىدۇ، بۇنداق رۇسچە ۋە خەلقاراچە سۆزلەرنى 1928-يىلغا قەدەر بىر بولسا، سۇنئى ھالدا ئانا تىلغا تەرجىمە قىلىش، يەنە بىر بولسا، ئۇنىڭ ئورنىغا ئەرەپچە، پارسچە ئاتالغۇلارنى ئېلىش بىر ئادەتكە ئايلانغان ئىدى. مەسىلەن، قاراقالپاق تىلىدا: ئاۋدارىسپاق «ئىنقىلاپ» (ئۇدۇل تەرجىمىسى: ئاغدۇرماق)، سىلتېۋشلىك «يولىورۇق» (ئۇدۇل تەرجىمىسى: يۆنىلىش)، شايتان ئاربا «ۋېلىسپىت»، ئوت ئاربا «پاراۋوز، پويىز» ۋاھاكازا.

مىللى جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ كەڭ قانات يايغان سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش دەۋرىدە ئىقتىسات ۋە مەدىنىيەت تەرەققىياتىدىكى غايەت زور ئۆلگىرىلەشلەر، دەسلەپتە لاتىن ھەرپلىرى، كېيىن رۇس ھەرپ-لىرىدىن ئىبارەت يېڭى يېزىققا كۆچۈش، ساۋاتلىقلار نىسبىتىنىڭ ئۆرلىشى، سوۋېت خەلقلىرى ئەدەبىياتىنىڭ مۇستەھكەملىنىشى ۋە تەرەققى قىلىشى سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى خەلقلەر تىللىرى لۇغەت تەركىۋىنىڭ تەرەققىياتىدىمۇ زور دەرىجىدە ئىپادىلەندى. بۇرژۇئا مىللەتچىلىك كەيپىياتىدىكى ئۇنسۇرلارنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىشىگە قارىماي ھەرقايسى تىللارغا رۇسچە ۋە خەلقارا سۆزلەر سىڭىپ كىرىپ، سۇنئى ھالدا كىرگۈزۈۋېلىنغان ھەمدە ئامما تەرىپىدىن ئىگىلەنمىگەن ئەرەپچە-پارسچە سۆز ۋە ئاتالغۇلارنى سىقىپ چىقى-رىشقا باشلىدى.

سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى خەلقلەر تىللىرى لۇغەت تەركىۋىنىڭ

تەرەققىياتى ئۈچۈن يېزىقنى رۇسچە ھەرپلەرگە كۆچۈرۈشنىڭ پايدىسى كۆپ بولدى. بۇنىڭ بىلەن، رۇسچە سۆزلەرنىڭ ئېقىپ كىرىشى يەنىمۇ ئۇلغايدى. رۇسچە ۋە خەلقاراچە ئاتالغۇلار ئادەت بويىچە رۇسچە ئىملا شەكلى بىلەن ئۆزلىشىشكە باشلىدى. بۇنىڭ رۇس تىلىنى ئاسانراق ئۆزلەشتۈرۈشكىمۇ ياردىمى كۆپ بولدى.

ئىقتىسات، مەدەنىيەت، پەن ۋە ئەدەبىياتنىڭ ئۈزلۈكسىز يۈكسە-لىشى ئىشلەپچىقىرىش ۋە مەدەنىيەتنىڭ ھەممە ساھەلىرىدىكى لېكسى-كا ۋە ئاتالغۇلارنىڭ يەنىمۇ بېيىشىغا تۈرتكە بولدى. رۇسچە ۋە خەلقاراچە سۆزلەرنىڭ، ئاساسىي جەھەتتىن، ئىجتىمائى-سىياسى ۋە پەن-تېخنىكا ئاتالغۇلىرىنىڭ كىرىشى يىلدىن يىلغا كۆپىيىپ باردى. ھازىر شۇ خىلدىكى ئاتالغۇلارنىڭ نىسبىتى بەزى تىللاردىكى ئەسلىدىن بار بولغان سۆزلەرنىڭ ئاتالغۇلار جۇغلانمىسىدىن ئېشىپ كەتتى.

رۇس تىلى ئارقىلىق كىرگەن سۆز ۋە ئاتالغۇلار سوۋېت خەلق-لىرى تىللىرىدىكى سۆزلەرنىڭ ھەممە ئاساسلىق تارماقلىرىنى، ئاتال-غۇلارنىڭ ھەممە مەخسۇس ساھەلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ سۆزلەر سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ھەممە تىللارغا ئورتاق بولغان سۆزلەر فوندىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ سۆزلەر فوندى مۇشۇ تىللارنىڭ ئۆك-تەبىر ئىنقىلاۋىدىن كېيىنكى تەرەققىياتىنىڭ ئورتاق ئىجتىمائى شەرت-شارائىتلىرى بىلەن ئىشلەپ چىقىلغان.

سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ھەممە خەلقلەر ئۈچۈن ئورتاق بولغان بۇ سۆزلەر ۋە ئاتالغۇلار فوندىغا سىياسى-ئىقتىسات، پەن-تېخنىكا ۋە مەدەنىيەت-تۇرمۇش ئاتالغۇلىرى كىرىدۇ. مەسىلەن: رېۋولىيۇتسىيە، پرولېتارىيات، رېسپۇبلىكا، پارتىيە، كوممۇنىزم، سوتسىيالىزم، دې-

موكراتىيە، كولخوز، فابرىكا، كومبايىن، تراكتور، فىلوسوفىيە، ماتېماتىكا، خىمىيە، بىئولوگىيە، ئاتوم، ئامپېر، ۋولت، كۇلتۇرا، ژورنال، تىياتىر، مۇزېي، سپورت، تېلېفون، رادىئو ۋاھاكازالار.

رۇس تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر تەركىۋىدە شەكلى ۋە مەنىسى جەھەتتىن خەلقاراچە سۆزلەر بولغانلىرىدىن باشقا يەنە شۇنداق بىر تۈركۈم سۆزلەرمۇ باركى، بۇ سۆزلەر ئۆز مەنىسى جەھەتتىن رۇسچە ئاتالغۇلارغىلا خاس ۋە ئۇلارنىڭ رۇسچە ئاتالغۇلار بىلەنلا ئورتاقلىغى بار. مەسىلەن: پرومىشلېننوبست، گاسۇدارستۋو، ۋۇز، زاۋۇد، ئىسكۇستۋو، تۋور چېستۋو، گۇدوك، ماروژېنويې دىگەندەك سۆزلەر.

رۇس تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر خۇددى يېڭى ئۇقۇملارنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن ئەسلىدىكى سۆزلەرگە ئوخشاشلا ئۆز مەنىسىنى تارايتالايدۇ ۋە كېڭەيتەلەيدۇ. سېلىشتۇرۇڭ: قاراقالپاق تىلىدا — بولىس (رۇسچە волость دىگەن سۆزدىن) «ۋولوست ئاقساقىلى» دىگەن مەنىدە، مەمېنت (رۇسچە момент) «ۋاقىت» مەنىسىدە؛ ياقۇت تىلىدا — باكۇئوي (رۇسچە покой) «بىكارچىلىق» دىگەن مەنىدە، بىئەچەر (رۇسچە вечер) «كەچكى ئولتۇرۇش» مەنىسىدە، كۇرۇباي (رۇسچە грубый) «ئۇرۇشقاق» مەنىسىدە ۋاھاكازا.

قىسمەن ھاللاردا رۇسچە سۆزلەر ئۆزلىرىنىڭ رۇس ئەدەبىي تىلىدىكى مەنىسىگە توغرا كەلمەيدىغان مەنىدە ئىشلىتىلگەن. مەسىلەن: قاراقالپاق تىلىدا — پېرۋوي (رۇسچە первый بىرىنچى») «ئەڭ ياخشى» دىگەن مەنىدە؛ ياقۇت تىلىدا — كىرىلئەس (رۇسچە крыльцо «پېشايۋان») «پەلەمپەي» مەنىسىدە، موھوئوخ (رۇسچە

мешок «تاغار») «يۇز سوم» مەنىسىدە، بىئەتەس (رۇسچە ветошь «ئەسكى-تۇسكى نەرسىلەر») «ئەستەر» مەنىسىدە ۋاھاكازا.

گىراماتىكىلىق جەھەتتىن ئېيتقاندا، رۇس تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى تۇرداش ئىسىملار، ئاز قىسمى سۇپەتلەردىن ئىبارەت. قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر ئىچىدە، ئاز ساندىكىلىرىنى ھىساپقا ئالمىغاندا، باشقا سۆز تۇركۇملىرى ئۇچرىمايدۇ. ئالايلى ياقۇت تىلىدا رۇس تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان بەزى پېئىل شەكىللىرى ئىسىم تەرىقىسىدە ئۆزلەشتۇرۇلگەن. سېلىشتۇرۇڭ: مەھەي (رۇسچە мешай «دەخلى يەتكۈز») «پۇتلىكاشاڭ» مەنىسىدە، بۇدۇئۇس (رۇسچە возись «ئاۋارە بول») «جاپا» مەنىسىدە، كودۇئۇس (رۇسچە годись «يارامىلىق بول») «پايدا» مەنىسىدە ۋاھاكازا.

بەزى ھاللاردا رۇس تىلىدىكى مۇستەقىل مەنىگە ئىگە سۆزلەر سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى خەلقلەر تىللىرىدا پەقەت ياردەمچىلىك مەنىدىلا ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: ياقۇت تىلىدا — مۇئورا (رۇسچە море «دېڭىز») «ناھايىتى كۆپ» مەنىسىدە: كىھى مۇئورا ئەلبىخ «كىشىلەر ناھايىتى كۆپ»؛ خائار مۇئورا تۇستە «قار ناھايىتى كۆپ ياغدى» ۋاھاكازا.

ئەمما، قوبۇل قىلىنغان سۆز تومۇرلىرىنىڭ مەنىسىنىڭ گىراماتىكىلىق جەھەتتىكى بىر خىللىقى، يەنى ئاساسەن ئۇلارنىڭ ئىسىم مەنىسى قوبۇل قىلغۇچى تىلدا سۆز ياساش ۋاستىلىرى ئارقىلىق بىتەرەپلىشىدۇ.

تىلدا سۆز ياساش ۋاستىلىرى ئىنتايىن كۆپ بولغانلىقتىن، بىر

مۇنچە قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر «گىراماتىكىنىڭ باشقۇرۇشىغا» ئۆتۈپ، نۇرغۇنلىغان ياسالما شەكىللەرنى ھاسىل قىلىدۇ. بۇنداق ياسالما شەكىللەر ئۆزىنىڭ گىراماتىكىلىق مەنىسىگە ئاساسەن، تۈرلۈك سۆز تۈركۈملىرىگە تەقسىملىنىدۇ. تۈركى تىللاردىكى قوبۇل قىلىنغان سۆز تومۇرلىرىدىن سۆز ياسايدىغان قوشۇمچىلار ئىچىدە ئەڭ ئۈنۈملۈك بولغانلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت ئىدى:

1) ئىسىمدىن پېئىل ياسىغۇچى قوشۇمچە -لا/ -لە قوبۇل قىلىنغان سۆز بىلەن بىرىككەندە پېئىل تومۇرىنىڭ مەنىسى كېلىپ چىقىدۇ. مەسىلەن: قاراقالپاق تىلىدا! — كولخوز «كولخوز» كولخوزلا «كولخوزچىسىغا ئىش قىلماق»، كولخوزلاس - «كوللېكتىپلەشمەك»، كولخوزلاستىر - «كوللېكتىپلەشتۈرمەك»، كولخوزلاسىۋ «كوللېكتىپلىشىش»، كولخوزلاسىۋشى «كوللېكتىپلەشكۈچى»، كولخوزلاسقان «كوللېكتىپلەشكەن» ۋاھاكازا.

2) بارلىق قوشۇمچىسى *li* - /*lI*- رۇس تىلىدىكى سۈپەتكە توغرا كېلىدىغان شەكىلنى ياسايدۇ. مەسىلەن: قاراقالپاق تىلىدا — تراكتورلى «تراكتورلىق».

3) بىر نەرسىنىڭ يوقلۇغىنى بىلدۈرىدىغان تۇرغۇن سۆزلەرنىڭ يوقلۇق قوشۇمچىسى *siz* - /*sIz* - . مەسىلەن: قاراقالپاق تىلىدا — تراكتورسىز «تراكتورسىز».

4) ھازىرقى زامان تىلىدا نىسپى سۈپەتلەرنى ياسىغۇچى قوشۇمچە -لىق/ -لىك. مەسىلەن: قاراقالپاق تىلىدا — دېموكراتىيالىق «دېموكراتىيىلىك»، كولخوزلىق «كولخوزلۇق».

5) ھازىرقى زامان تىلىدا ئوخشىتىش سۈپەتلىرىنى ياسىغۇچى قوشۇمچە -داي/ -دەي. مەسىلەن: قارالپاق تىلىدا — موتورداي

«موتوردەك».

6) هازىرقى زامان تىلىدا رەۋىش ياسىغۇچى قوشۇمچە-شا/-شە. مەسىلەن: قاراقالپاق تىلىدا — دېموكراتشا «دېموكراتچە».

7) كەسىپ نامىنى بىلدۈرىدىغان تۈرداش ئىسىملارنىڭ ئېنىقلىغۇچىلىق شەكلىنى ياسايدىغان $xi$-/$xI$-قوشۇمچىسى. مەسىلەن: قاراقالپاق تىلىدا — تراكتورشى «تراكتورچى».

ھەرقايسى تىللارنىڭ لۇغەت تەركىۋىدىكى قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر ئەسلىدە بار بولغان سۆزلەر بىلەن ئورتاق سۆز ياساش ۋە تۈرلىنىش سىستېمىسىغا ئىگە بولۇپ، گىراماتىكىلىق سۆز ياساشنىڭ بارلىق تۈركى تىللارغا ئورتاق بولغان ئاساسلىق ئىككى خىل ۋەزىپىدىكى شەكلىنى ھاسىل قىلىدۇ: $a$) ئىسىم خاراكتېرىدىكى سۆزلەر؛ b) سۈپەت خاراكتېرىدىكى شەكىللەر (بۇ شەكىل ئېنىقلىغۇچى ۋە ھالەتتىن ئىبارەت ئىككى خىل ياسىلىشتا ئەمەلىيلىشىدۇ)، شۇنداقلا، لېكسىكىلىق سۆز ياساشنىڭ بارلىق تۈركى تىللارغا ئورتاق بولغان ئاساسلىق ئىككى خىل لېكسىكىلىق-گىراماتىكىلىق شەكلى: $a$) پېئىللاشتۇرۇلمىغان، b) پېئىللاشتۇرۇلغان شەكىللەر (مەسىلەن: قاراقالپاق تىلىدا).

پېئىللاشتۇرۇلمىغان شەكىللەر خاراكتېرىدا بولغانلىرى:

1) ئىسىم: كولخوز، دېموكرات.

2) سۈپەت خاراكتېرىدا بولغانلىرى: $a$) ئېنىقلىغۇچىلار: كولخوزشى، كولخوزلى، كولخوزسىز، كولخوزلىق، دېموكراتلىق؛ b) ھالەتلەر: كولخوزشا، دېموكراتشا.

پېئىللاشتۇرۇلغان شەكىللەر:

1) ئىسىم خاراكتېرىدا بولغانلىرى (ھەركەت ناملىرى): كولخوز-

لاسىۋ، دېموكراتلاسىۋ قاتارلىقلار.

2) سۈپەت خاراكتېرىدا بولغانلىرى: a) ئېنىقلىغۇچىلار (سۈپەتداشلار): كولخوزلاشقان، دېموكراتلاشقان؛ b) ھالەتلەر (رەۋىشداشلار): كولخوزلاشىپ، دېموكراتلاشىپ قاتارلىقلار.

شۇنداق قىلىپ، قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنىڭ ھەممىسى تىل سىستېمىسىغا ئورتاق ئاساستا كىرىدۇ ۋە ئەسلىدە بار بولغان سۆزلەر بىلەن ئورتاق بولغان سۆز ياساش ۋە تۈرلىنىش سىستېمىسىغا ئىگە بولىدۇ، يەنى تىل تەرەققىياتىنىڭ ئىچكى قانۇنىيەتلىرىگە بويسۇنىدۇ.

ئىملا جەھەتتە، رۇس تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر قوبۇل قىلىنغان تۈرلۈك دەۋرلەردە تۈرلۈك شەكىللەرنى ئالغان. ئىنقىلاپتىن كېيىنكى دەسلەپكى يىللاردا، رۇس تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر ئادەتتە ئۇلارنىڭ ئاھاڭ شەكلى بويىچە ۋە قوبۇل قىلغۇچى تىلنىڭ فونېتىكىلىق ئىمكانىيەتلىرىنى نەزەردە تۇتقان ھالدا ئۆزلەشتۈرۈلگەن ئىدى. مەسىلەن، ئالتاي تىلىدىكى بۇرۇن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر: سالكوباي (целковый) «تەڭگە»، ئوستولمو/ ستولمو (столб) «تۈۋرۈك»، پىك (пух) «ماموق»، بوگروپ (погреб) «گەمە»، ئوستول (стол) «ئۈستەل، شىرە» قاتارلىقلار؛ قاراقالپاق تىلىدا: a) بۇرۇن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر: پورۇم (форма) «شەكىل»، ئىسكىلات (склад) «ئىسكىلات» قاتارلىقلار؛ b) ئەدەبىي تىل تەرەققىياتىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە يېڭىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر: كوللېكتىپ (коллектив) «كوللېكتىپ»، كەمۇنېس (коммунист) «كوممۇنىست»، لەپكۆز (ликбез) «ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش»، باگون (вагон) «ۋاگون»، پېرما (ферма) «فېرما» قاتارلىقلار. تۈركمەن تىلىدا: a) بۇرۇن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر:

ئەپشگە (окошко) «دېرېزە»، ئاسانسيا (станция) «ئستانسيە»، ماگوْن (вагон) «ۋاگون» قاتارلق؛ b) ئەدبىي تل تەرەققياتـ-نڭ دەسلەپكى دەۋردە يېڭىدن قوبۇل قلنغان سۆزلەر: تېلېپون (телефон) «تېلېفون»، كاپېراتل (кооператив) «كوپېراتپ»، ئونېبرسال (универсал) «ئۇنۋېرسال» قاتار-لقلار .

پەرقلەندۈرگۈچى ئۈزۈك تاۋۇش فونېملرى يېتەرلك بولمغان تللاردكى قوبۇل قلنغان سۆزلەر ھەممدن كۆپرەك ئۆزگرشكە دۇچكەلدى. خاكاس، تۇۋا، ياقۇت تللرى ئەنە شۇنداق تللار جۈملسدندۇر. مەسلەن، ياقۇت تلدكى رۇس تلدن قوبۇل قلنغان سۆزلەرنڭ شەكللرنى سېلشتۇرۇڭ: مۆھۆئۆخ (رۇسچە мешок). بۇنڭدا سۆزنڭ لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلرى ئاھاڭـ-داشلق قانۇنيەتلردن برى بولغان لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش o نڭ ئەكس تەسردن كېلپ چققان. ئككنچى بوغۇمدكى قوش ɵɵ بولسا، ئۇرغۇنڭ ئككنچى بوغۇمغا چۈشدىغانلىغنى كۆرستدۇ. ه<ش نڭ ئالماشقانلغى شۇ چاغدكى ياقۇت تلدا «ش» ئۈزۈك تاۋۇشنڭ بولمغانلغدن كېلپ چققان. ئۇ چاغلاردا «ش» ئورنغا ئادەتتە «س» ئالمشاتتى، لېكن ئكىكى سوزۇق تاۋۇشنڭ ئوتتۇرسدا كەلگەندە فونېتكلق قائدلەرگە ئاساەن «ھ»گە ئۆزگىردۇ. شۇڭا، رۇسچە мешок دىگەن سۆز ياقۇت تلدا «مۆھۆئۆخ» بولۇپ قالغان. رۇسچە грубый دىگەن سۆزنڭ kurubay ياكى hurubay بولۇپ قېلشنى فونېتكا جەھەتتن مۇنداق چۈشەندۈرۈشكە بولدۇ: a) ياقۇت تلدا سۆز بېشدا جاراڭلق g تاۋۇشي بولمايدۇ؛ b) باش بوغۇمدا rp گە ئوخشاش

ئىككى ئۇزۇك تاۋۇش قاتار كەلمەيدۇ ۋە بۇ گۇرۇپپا (rp) سوزۇق
تاۋۇش بىلەن بۆلۈنگەن ku ياكى hu بوغۇمىغا ئالمىشىدۇ؛ c)
سوزۇلما سوزۇقنىڭ كېلىشى ئۇرغۇنى ئىپادىلەيدۇ ۋاھاكازا.

رۇسچە سۆزلەر بارا-بارا يەنىمۇ كەڭ دائىرىدە قوبۇل قىلىنىشقا
باشلىدى ۋە ئۆتمۈشتە يېزىقى بولمىغان خەلقلەرنىڭ يېزىق ئەنئەنى-
لىرى زور دەرىجىدە مۇستەھكەملەندى. مىللى تىللارغا كۆپلىگەن
يېڭى سۆز ۋە ئاتالغۇلارنىڭ كىرىشى بىلەن يېڭى تاۋۇشلارمۇ ئۆزلى-
شىشكە باشلىدى. رۇس تىلىنىڭ ئەھمىيىتى ئۆسۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقى-
دىكى بارلىق خەلقلەرنىڭ ئىككىنچى ئانا تىلى بولۇپ قالدى. شۇنىڭ
نەتىجىسىدە مىللى تىللاردىكى قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنىڭ ئىملاسى
رۇس تىلىنىڭ ئىملا قائىدىلىرىگە يېقىنلاشتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە،
قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنىڭ ئىملاسىدا، بولۇپمۇ سۆز تومۇرلىرى
بىلەن قوشۇمچىلارنىڭ چېكىنى بەلگىلەش جەھەتتە، شۇنداقلا سۆز
ياساش ۋاسىتىلىرى جەھەتتە مۇئەييەن مىللى تىلنىڭ ئىچكى تەرەق-
قىيات قانۇنىيەتلىرى ۋە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىگىمۇ ئەھمى-
يەت بېرىلدى. ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋى مابەينىدە سوۋېت خەلقلىرىنىڭ
تىللىرى ئۆزىنىڭ لۇغەت تەركىۋىنى بېيىتىش بىلەنلا قالماي،
ئاساسلىق لۇغەت فوندىنىمۇ مەلۇم دەرىجىدە كېڭەيتتى. لېكىنكىنىڭ
مىسلىسىز بېيىشىغا ئەگىشىپ، لۇغەت تەركىۋىدىكى بەزى سۆزلەرنىڭ
ئورۇن ئالمىشىشى كېلىپ چىقتى. ئايرىم ھاللاردا بۇ تىللارنىڭ
گىراماتىكىلىق قۇرۇلۇشىدىمۇ ئۆزگىرىش بولدى، لېكىن ماھىيەتى-
لىك مەسىلىلەردە گىراماتىكىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ ئۆز تۈزۈلمىسى
ساقلاپ قېلىندى. شۇنداقلا، بەلگىلىك فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەرمۇ
كۆرۈلدى.

لۇغەت تەركىۋىنىڭ بېيىشى ۋە رۇس تىلىدىن نۇرغۇن سۆزلەرنىڭ قوبۇل قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، تۈركىي تىللارنىڭ فونېتىكا سىستېمىسىغا يېڭى سوزۇق ۋە ئۈزۈك تاۋۇشلار قوشۇلدى. ئالايلى، قازاق، قاراقالپاق، نوغاي تىللىرىنىڭ تاۋۇش تۈزۈلمىسىدە رۇس تىلىدىكى تولۇق تەلەپپۇز قىلىنىدىغان *i* ۋە *u* تار سوزۇق تاۋۇشلىرى يوق ئىدى. كېيىن، بۇ تىللار رۇس تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر بىلەن بىرلىكتە شۇ تاۋۇشلارنىمۇ ئۆزلەشتۈردى. تاتار ۋە باشقىرت تىللىرى رۇس تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر بىلەن بىرلىكتە، بۇرۇن ئۆزلىرىنىڭ فونېتىكا سىستېمىسىدا بولمىغان *e* ۋە *o* سوزۇق تاۋۇشلىرىنى ئۆزلەشتۈردى.

ئۈزۈك تاۋۇشلار تەركىۋىدە ئۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك ئۆزگىرىش بولدى. تۈركىي ئەدەبىي تىللارنىڭ كۆپ قىسمى ئۆزلىرىدە بولمىغان *f*، *xx*(щ)، *c*، *w* ئۈزۈك تاۋۇشلىرىنى ئۆزلەشتۈردى. قازاق، قاراقالپاق تىللىرى ۋە يەنە بەزى باشقا تۈركىي تىللار بۇ ئۈزۈك تاۋۇشلاردىن سىرت، يەنە ئۆزلىرىدە بولمىغان *q* ئۈزۈك تاۋۇشنىمۇ قوبۇل قىلدى. خاكاس تىلى *f*، *w*، *c*، *xx*، *x*، *ȥ* لارنى، ياقۇت تىلى *f*، *w*، *c*، *xx*، *x*، *ȥ*، *ẓ* لارنى قوبۇل قىلدى.

هازىرقى تۈركىي تىللاردىكى تاۋۇش تەركىۋىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن، شۇ تىللارغا خاس فونېتىكىلىق قانۇنىيەتلەرمۇ تەدرىجى هالدا ئۆزگەرمەكتە. سۆزنىڭ ئىزچىل ئاهاڭداشلىقىنى ساقلاپ قالغان تىللار قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرگە كەلگەندە بۇنداق ئاهاڭداشلىقتىن ئايرىلىدۇ. بەزى تىللاردا، مەسىلەن، قىرغىز تىلىدا قوبۇل قىلىنغان سۆزلەردىكى ئالدىنقى ۋە ئاخىرقى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئۆزگە يانداش سوزۇق ۋە ئۈزۈك تاۋۇشلارغا تەسىر كۆرسىتىشى

بىر بوغۇم دائىرىسىدە چەكلىنىدۇ. قوبۇل قىلىنغان سۆزلەردىكى ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئاسسىمىلاتسىيە قانۇنىيەتلىرى ۋە باشقا قانۇنىيەتلەردىمۇ ئۆزگىرىش بولدى. تۈركى تىللارنىڭ بوغۇم سىستېمىسى ئالتە خىل بوغۇم تۈرى بىلەنلا چەكلىنەتتى (a-، ba-، bab-، barb-، arb-). كېيىن يېڭىچە بوغۇم تۈرلىرى: bra-، brab-، brarb-، قاتارلىقلار بارلىققا كەلدى. قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنىڭ بوغۇم تۈزۈلمىسى ۋە فونېتىكىلىق قانۇنىيەتلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى نەپەسلىك ئۈرغۇنىڭ چۈشۈش ئورنىنىمۇ ئۆزگەرتتى. ئىلگىرى ئۈرغۇنىڭ ئورنى قاتتىق چەكلەنگەن بولسا، ئەمدى هازىرقى زامان تىللىرىدىكى قوبۇل قىلىنغان سۆزلەردە نەپەسلىك ئۈرغۇ هەركەتچان خاراكتېرغا ئىگە بولدى.

سوۋېت خەلقلىرىنىڭ هازىرقى زامان تىللىرى ئۆز لۇغەت تەركىۋىدە زور ئۆزگىرىش ياسىغان ئەدەبىي تىللار سۈپىتىدە تەرەققى قىلىپ ۋە تاكامۇللىشىپ، تەبىئى هالدا ئۆزلىرىنىڭ گىراماتىكىلىق قۇرۇلۇشىنى مۇكەممەللەشتۈردى، سۆزلەرنىڭ تۈرلىنىش قائىدىلىرىنى مۇقىملاشتۇردى ۋە ئۆز سىنتاكسىسىنى بېيىتىش جەهەتتە ئۆزىنىڭ ئىچكى ئىمكانىيەتلىرىنى جارى قىلدۇردى.

هازىرقى تۈركى تىللاردا سۈپەتلەرنىڭ تولۇق مۇستەقىل سۆز تۈركۈمى بولۇپ بۆلۈنۈپ چىقىشى ۋە راۋاجلىنىشى گەۋدىلىك بولماقتا. سۈپەتلەر تېخى يېقىنقى ۋاقىتلارغىچە رەۋىشلەر بىلەن ئىسىملاردىن ناهايىتى ئاز پەرقلەندۈرۈلەتتى. هازىرقى زامان تىللىرىدا سۈپەتلەر سۆز تۈركۈملىرى سىستېمىسىدىن مۇستەقىل ئورۇن ئالدى ۋە ئۆزىنىڭ سۆز ياساش سىستېمىسىنى تەرەققى قىلدۇردى. ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچىلار: -lĭ/-li (ۋارىيانتلىرى

بىلەن)؛ -لىق/-لىك (ۋارىيانتلىرى بىلەن)، -sIz/-siz، -غى/-گى ۋە يەنە بەزى قوشۇمچىلار ئىلگىرى باشقىچەرەك مەنىنى بىلدۈرەتتى. ھازىر بۇلار سۇپەت ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ مەنىسىنىمۇ بىلدۈرىدىغان بولدى. بەزى تىللار، مەسىلەن، ئالتاي، خاكاس تىللىرى رۇس تىلىدىكى سۇپەت ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنى قوبۇل قىلدى ھەمدە بۇ قوشۇمچىلارنىڭ گىراماتىكىلىق سىيغا ۋە سانغا قارىتا بىتەرەپ بولغان بىرلا شەكلىنى ئۆزلەشتۈردى: ئالتاي تىلىدا ئەرچە سىيغىسىنى ئىپادىلەيدىغان شەكىل «-نىي»، «-سكىي» ئايالچە سىيغىدا كېلىدىغان ئىنقىلىغۇچىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ (مەسىلەن: سوتسىئالىنىي نائۇكالار «ئىجتىمائى پەنلەر»، كوممۇنىستىچېسكىي پارتىيا «كوممۇنىستىك پارتىيە»...)؛ خاكاس تىلىدا «-ناي»، «-سكاي»دىن ئىبارەت ئالاھىدە بىر خىل شەكىل بولۇپ، بۇمۇ سىيغا ۋە سانغا قارىتا بىتەرەپ (مەسىلەن: ئازىسكىزسكاي رايون «ئازسكىز رايونى»، ۋىرخوۋناي سوۋېت «ئالى سوۋېت»...).

قوشما جۈملە قۇرۇلمىلىرىنىڭ تەرەققى قىلىشىغا ئەگىشىپ، تۈرلۈك ياردەمچى سۆزلەرنىڭ، جۈملىدىن بۇرۇن ئاز بولغان باغلىغۇچىلارنىڭ سانى كۆپەيدى. جۈملىدىكى سۆزلەرنىڭ تەرتىۋىدىمۇ ئۆزگىرىش بولدى. بۇنداق ھادىسە بولۇپمۇ ئىبغىز تىلىدا كۆپ ئۇچرايدۇ. ئايرىم كونكرېت ئەھۋاللاردا بەزى پېئىللارنىڭ كېلىشلەرنى باشقۇرۇشى بەنىمۇ كۆپ تەرەپلىمىلىككە ئىگە بولدى. ئالايلى، ھازىرقى تۈركى تىللاردا «مىن-» (مىنمەك) دىگەن پېئىل بېرىش كېلىش ۋە چۇشۇم كېلىشلەرنى، «پايدالان-» (پايدىلانماق) دىگەن پېئىل چىقىش كېلىش ۋە چۇشۇم كېلىشلەرنى باشقۇرالايدىغان بولدى.

بەزى جۈملە قۇرۇلمىلىرىنىڭ گىراماتىكىلىق باغلىنىشلىرى تەدرىجى هالدا ئۆز تۈسىنى ئۆزگەرتمەكتە. مەسلەن، قاراقالپاق ۋە بەزى باشقا تىللارنىڭ مۇنۇ قۇرۇلمىلىرىدىكى لوگىكىلىق سۈبىكت شەكىللىرىنىڭ ئۆزگىرىشى: بۇرۇنقى "بىزدىڭ ئاۋىلغا بارىيمىز كېرەك" دېگەن شەكىل كېيىن "بىز ئاۋىلغا بارىيمىز كېرەك" بولۇپ ئۆزگەردى.

سوۋېت خەلقلىرىنىڭ تىللىرى ئۇلۇغ ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلاۋىدىن كېيىنكى دەۋردە زور تەرەققىيات مۇساپىسىنى بېسىپ ئۆتتى (بۇلارنىڭ بەزىلىرى بىرلىككە كەلمىگەن قەبىلە گۇرۇپپىلىرى تىللىرىدىن سوتسىيالىستىك مىللەتلەر تىللىرىغا تەرەققى قىلدى). باشقىچە شارائىتلاردا بەك ئۇزۇن بولىدىغان بۇ مۇساپە ئىنتايىن قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بېسىپ ئۆتۈلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، تەبىئى هالدا بۇ تىللارنىڭ لۇغەت تەركىۋى بېيىدى، گىراماتىكىلىق قۇرۇلۇشى مۇكەممەللەشتى ۋە سىلىقلاشتى. لېكىن، بۇ ئۆزگىرىشلەر ئەسىرلەر داۋامىدا شەكىللەنگەن تىل ئاساسىغا قىلچىمۇ تەسىر يەتكۈزمىدى.

سوتسىيالىستىك مىللەتلەرنىڭ تەرەققى قىلىش ۋە شەكىللىنىش دەۋرىدىكى سوۋېت خەلقلىرى تىللىرىنىڭ تەرەققى قىلىشى، مۇكەممەللىشىشى ۋە بېيىشى ئۇلۇغ ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلاۋىدىن ئىلگىرىكى ئەدەبىي تىللارنىڭ ئاشۇنداق شەكىللىنىش جەريانلىرىغا تۈپتىن ئوخشىمايدۇ.

سوۋېت خەلقلىرىنىڭ شەكلى مىللى، مەزمۇنى سوتسىيالىستىك بولغان مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتى، مەكتەپلەرنىڭ كۆپىيىشى، مىللى تىياتىرلار ۋە باشقا مەدەنىيەت ئورۇنلىرىنىڭ تەشكىللىنىشى، ئەدەبى-

ياتنڭ مسلسز يۈكسلشى، دەرسلكلەرنڭ تۈزۈلۈشى، پەنني
ۋە ئجتمائى-سياسى ئەسەرلەرنڭ تەرجمە قلننشى — مانا
شۇلارنڭ ھەممسى ئەدبي تللارنڭ تەشكللك، پلانلق
ئشلەپ چقلش زۆرۆريتنى كەلتۈرۈپ چقاردى. ئەدبي
تللارنى بۇنداق ئشلەپ چقش مەسلسى ئلمي ئاساسقا، ھەر
بر كونكرت تلنڭ ئچكى تەرەققيات قانۇنيەتلرنى تۇتقا قلپ،
ئنچكلەپ تەتقق قلشقا تايىندۇ.

ئەدبي تللار مەسللرنى پلانلق ۋە تەشكللك ئشلەپ
چقش، ئاساسي جەھەتتن، يېڭىدن راۋاجلنۋاتقان ئەدبي
تللارنى قېلپلاشتۇرۇشنڭ ئەملي مەسللرگە، بۇ تللارنڭ
دىالېكت ئاساسى ۋە گراماتكلق قائدلرنى بەلگلەشكە،
يېزق ۋە ئملانى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە، زۆرۆر بولغان نۇرغۇنلغان
يېڭى ئاتالغۇلارنى تەرتپكە سېلشتەك ئشلارغا بېرىپ تاقلدۇ.

مللى ئەدبي تللارنى قېلپلاشتۇرۇشنڭ مۇھم مەسللردن
برى تلنڭ دىيالېكت ئاساسنى توغرا تاللاش مەسلسدن
ئبارەت. تاللانغان دىيالېكتنڭ گراماتكلق قۇرۇلۇشى ۋە
لۇغەت فوندى تەرەققى قلۋاتقان مللى ئەدبي تلنڭ ئاساسى
بولۇشى كېرەك.

مللى جۇمھۇريەتلەر ۋە رايونلار بۇ مەسلنى ئاساسي جەھەت-
تن توغرا بر تەرەپ قلدى. لېكن بەزى ھاللاردا بۇ جەھەتتە
چقرلغان يەكۈنلەر توغرا بولمدى. شۇنڭغا ئەگشپ بۇ مەسلە-
نڭ ئەمليەتتكى ئشلنشمۇ توغرا بولمدى.

سوۋېت ئتتپاقدكى خەلقلەر تللردن يېزقتا ۋە ئۆز
ئەدبي تلنى تەرەققى قلدۇرۇش ئمكانيتگە تۇنجى قېتم

ئىگە بولغانلىرىدىن بەزىلىرىنىڭ دىيالېكتلىرى ئىنتايىن خىلمۇ-خىل
بولسىمۇ، يەنىلا پۈتكۈل ئومۇمى خەلق تىلىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيەت-
لىرىنى ئەڭ تولۇق ئەكىس ئەتتۈرىدىغان بىر دىيالېكتنى ئاساس
قىلىدۇ. لېكىن بەزى تىللار تارىخىي سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن ئالاھىدە
بىر خىل تەرەققىيات تۈسىنى ئالغان بولۇپ، ئىككى ياكى بىرنەچچە
دىيالېكتنى ئاساس قىلغان. مەسلەن: ھازىرقى زامان ئەدەبىي تىل-
لىرىدىن كومى-زىرەن. كومى-پېرمياتىس، ئەرزە، موكشا موردوۋا
ياكى تاغلىق ۋە يايلاق مارى تىللىرى ئەنە شۇ خىلدىكى
تىللاردۇر. بۇ تىللار ھازىرغا قەدەر بىر بىرىدىن ئايرىلغان ھالدا
تەرەققى قىلماقتا. شۇڭا، ئۇلارنىڭ بىرلىككە كەلگەن مىللى ئەدەبىي
تىللىرى يوق. تۈركى تىللاردىن چۇۋاش تىلىمۇ تېخى يېقىنقى بىر
ۋاقىتلارغىچە خۇددى شۇنداق ئەھۋالدا ئىدى. بۇ تىلنىڭ دىيالېكت-
لىرى ئۆتكەن ئەسىردىلا مۇنۇ ئىككى دىيالېكت ياكى شېۋىنى
ئاساس قىلىپ بىرلەشكەن ئىدى، بۇلار: ئاناترى ياكى تۆۋەنكى
شېۋە ۋە ۋىرىيال ياكى ئۈستۈنكى شېۋە. ھازىر بۇ شېۋىلەر بىرلىككە
كەلگەن مىللى ئەدەبىي تىل بىلەن بىرلەشتۈرۈلدى. بۇ مىللى
ئەدەبىي تىل تۆۋەنكى شېۋىنى ئاساس قىلىپ، يەنە بىر دىيالېك-
تىنىڭمۇ سۆز بايلىقىدىن پايدىلانغان.

ئايرىم تۈركى تىللاردا (ئۆزبەك، تۈركمەن تىللىرى ۋە يەنە
بەزى تىللار) ئەدەبىي تىل ۋە ئېغىز تىلى قائىدىلىرى ھازىرغا
قەدەر بىر-بىرىدىن مەلۇم دەرىجىدە ئايرىلىپ تۇرماقتا. بۇ تىللار-
نىڭ دىيالېكت ئاساسى ئېنىق ئەمەس. ئالايلى، ھازىرقى زامان
ئۆزبەك ئەدەبىي تىلى ئاھاڭداشلىقى بولمىغان شەھەر گوۋورلىرىنى
ئاساس قىلغان بولۇپ، ئومۇمى خەلق تىلىنىڭ بىرمۇنچە دىيالېكت-

لىرىدىن ئايرىلىپ تۇرىدۇ. ئەدەبىي تىلنىڭ مۇنداق ئايرىمچىلىغىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان يەنە بىر سەۋەپ شۇكى، بۇ تىلغا يات ۋە خەلققە چۈشىنىكسىز بولغان نۇرغۇنلىغان ئەرەپچە-پارسچە ۋە قەدىمىقى ئۆزبەكچە لېكسىكىلىق ئېلېمېنتلار ئارىلىشىپ كەتكەن. ئۆزبەك ئەدەبىي تىلى بىلەن يەرلىك دىيالېكتلار ۋە سىنىپىي ژارگونلارنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسىنىڭ تولۇق ھەل قىلىنمىغانلىغىنى شۇنىڭدىنمۇ كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ھازىرقى شائىر ۋە يازغۇچىلار بىرمۇنچە ھاللاردا ئۆز ئەسەرلىرىنى قىسقىچە ئىزاھ سۆزلۈكلىرى بىلەن تەمىنلەپ، ئەدەبىي تىلدىكى بەزى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈرىدۇ.

بۇنداق ئەھۋاللار تاتار ۋە تۈركمەن تىللىرىدىمۇ كۆرۈلىدۇ. بۇ بىر قىسىم يازغۇچىلارنىڭ قەدىمقى ئەدەبىيات ئۆلگىلىرىگە بولغان ئەقىدىچىلىكىدىن كېلىپ چىققان.

تۈركى تىللار ئىچىدە دىيالېكتلىق ئالاھىدىلىكلىرى ئانچە ئىپادىلەنمەيدىغان تىللارمۇ بار. بۇنىڭغا قازاق تىلى مىسال بولالايدۇ. قازاق تىلى گوۋورلىرىنىڭ فونېتىكىلىق تۈزۈلمىسى، لېكسىكىسى ۋە گراممانىكىسى گەرچە ئۆز ئالاھىدىلىكلىرىگە ئىگە بولسىمۇ، كەسكىن پەرقلەنمەيدۇ. بەزى قازاق تىلشۇناسلىرى قازاق تىلىنىڭ مۇشۇنداق يەرلىك ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسلىنىپ، قازاقچە گوۋورلارنى تۈرگە ئايرىشقا ھەرىكەت قىلغان ئىدى. بۇنداق تۈرگە ئايرىش ئىشى قازاق خەلقىنىڭ ئۆتمۈشتىكى ئۈچ جۈزگە، چوڭ، ئوتتۇرا ۋە كىچىك جۈزلەرگە (ئوردىلارغا) بۆلۈنۈش ئەھۋالىغا تايانغان. ھالبۇكى، قازاق تىلىنىڭ پاكىتلىرى قازاقچە گوۋورلارنىڭ مۇنداق ئۈچ جۈزگە بۆلۈنگەن دىيالېكت ئىسخىمىسىغا دەلىل بولالمايدۇ. ھەر ھالدا، قازاق

تىلىدا دىيالېكتلارنىڭ بار-يوقلۇغىنى، يەنى يەرلىك فونېتىكىلىق، لېكسىكىلىق، گىراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بولۇشى بىلەن خاراكتېرلىنىدىغان ۋە مۇئەييەن سىستېمىنى تەشكىل قىلىپ، بەلگىلىك تېرىتورىيىگە تارقالغان دىيالېكتلارنىڭ بار-يوقلۇغى مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن، مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى تەل قىلىش لازىم. بۇ ماتېرىياللار ئۆزبەك، قىرغىز، تۈركمەن ۋە باشقىلار بىلەن ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردىكى قازاق تىلىنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىكلىرى زادى دىيالېكت ياكى گوۋوردىن بىشارەت بېرىدىغان فونېتىكىلىق، لېكسىكىلىق، گىراماتىكىلىق ئالامەتلەرنىڭ مۇئەييەن سىستېمىسىنى تەشكىل قىلامدۇ ياكى چېگرا بويىدىكى كىچىك تېرىتورىيىلەرنىڭ ئۇششاق ئۆتكۈنچى ھادىسىلىرى بولامدۇ، دېگەن مەسىلىگە جاۋاپ تېپىشتا ئىمكان بېرىدۇ.

ئەدەبىي تىللارنىڭ قەدىمقى ئەنئەنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قائىدىلىرىنى بەلگىلەشتە، تارىختىن قېلىپ قالغان كونا سىنىپىي ژارگونلارنىڭ ئەدەبىي تىلغا كىرىپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ۋە بۇرژۇئا مىللەتچىلىرىنىڭ ئومۇمىي خەلق ئېغىز تىلىغا يات قائىدىلەرنى تېڭىشتا ئۇرۇنغان ھەركەتلىرىگە قارشى كۈرەش قىلىش كېرەك. بۇنداق خاھىشلار بىر بولسا، قاراقالپاق تىلىدىكى ئاۋدارىسپاق «ئىنقىلاپ» (ئۇدۇل مەنىسى: «ئاغدۇرماق») دېگەندەك قۇرۇلمىلاردا، يەنە بىر بولسا، ئەرەپچە-پارسچە سۆزلەرنى كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىشتە ئىپادىلىنىدۇ. كېيىنچە، لاتىن يېزىقى قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن بۇرژۇئا مىللەتچى ئۇنسۇرلار ئومۇمىي خەلق ئېغىز تىلىغا ئۆزلۈگىدىن سىڭىپ كىردۋاتقان رۇسچە ئاتالغۇلار ۋە رۇس

تىلى ئارقىلىق كەلگەن خەلقاراچە ئاتالغۇلارنى «چەكلەش» ھەم «ياۋروپاچە تۇس ئالغان» شەكىللەرنى قوبۇل قىلىشقا قارشى تۇرۇش كويىدا بولدى. «ياۋروپاچە» شەكىللەر دەپ ئاتالغىنى تاتار تىلىدىكى ۋە بەزى باشقا تىللاردىكى سوتسىيالىستىك، پوپۇليار «ئاممىباپ» دىگەندەك سۆزلەردىن ئىباردت.

ئەدەبىي تىل قائىدىلىرىنى بەلگىلەشتە ئەدەبىي تىل بىلەن ئومۇمى خەلق ئېغىز تىلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا چوڭ بوشلۇق قالدۇرۇشقا بولمايدۇ. ئۆز تىلىنىڭ ۋاستىلىرى بىلەن سۆز ياساش ئىمكانىيەتلىرى بولغان شارائىتتا يېڭى سۆزلەرنى قوبۇل قىلىشقا ئارتۇقچە بېرىلىپ كېتىشتىن ساقلىنىش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مىللى تىللارنىڭ ئالدىغا سۈنئى توسۇقلارنى پەيدا قىلىپ، ئومۇمى خەلق ئېغىز تىلىدا كەڭ ئىستىمال قىلىنىدىغان رۇسچە سۆزلەرنىڭ ۋە مەكتەپلەردە رۇس تىلىنى ئۆگىنىش بىلەن ئۆزلىشىۋاتقان كەسپىي ئاتالغۇلارنىڭ يازما ئەدەبىي تىلغا كىرىشىنى چەكلەشكىمۇ بولمايدۇ.

رۇس تىلى سوۋېت خەلقلىرىنىڭ ئالاقە ۋاستىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇ جەھەتتە ئالاھىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. رۇس تىلى دۇنيادىكى ئەڭ يىرىك ۋە ئەڭ تەرەققى قىلغان تىللارنىڭ بىرى بولۇپ، سوۋېت خەلقلىرىنىڭ رۇس مەدىنىيىتىگە قوشۇلۇش ۋاستىسى تەرىقىسىدە مۇھىم رول ئوينىدى ۋە ھېلىمۇ شۇنداق رول ئويناماقتا. شۇڭا، سوۋېت خەلقلىرى تەبىئى ھالدا رۇس تىلىنى ئۆگىنىشكە ۋە ئۆزلەشتۈرۈشكە، شۇنىڭ بىلەن، ئۆز ئانا تىللىرىنىڭ سۆزلىرىنى بېيىتىش ئۈچۈن رۇس تىلىنىڭ سۆز ۋاستىلىرىنى قوبۇل قىلىشقا ئىنتىلىدۇ.

سوۋېت خەلقلىرى تىللىرىنىڭ بۈيۈك رۇس تىلى بىلەن بولغان

بۇنداق يېقىنلىششى سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى بارلىق خەلقلەرنىڭ شەكلى مىللى، مەزمۇنى سوتسىيالىستىك مەدىنىيەتلىرىنىڭ يېقىنلىشىۋاتقانلىقىنى ۋە بارلىق خەلقلەرنىڭ بۈيۈك رۇس خەلقى ئەتراپىغا ئۇيۇشۇۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان روشەن ئالامەتلەرنىڭ بىرىدۇر.

سوۋېت خەلقلىرى مىللى ئەدەبىي تىللىرىنىڭ قائىدىلىرىنى ئىشلەپ چىقىشتا تۆۋەندىكىدەك ئاساسىي نىزاملارغا ئەمەل قىلىش كېرەك.

سوۋېت خەلقلىرىنىڭ ھەرقايسى مىللى ئەدەبىي تىللىرى پۈتۈن تىلنىڭ تەرەققىياتىدىكى ئومۇمى قانۇنىيەتلەرنى ئەڭ تولۇق ئەكس ئەتتۈرىدىغان، ئاساسلىق لۇغەت فوندى، لۇغەت تەركىۋى ۋە گىراماتىكىلىق قۇرۇلۇشى جەھەتتە ئەڭ باي بولغان ئامىباپ دىيالېكتقا تايىنىشى لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئەدەبىي تىل ئومۇمى خەلق تىلىدىن ئايرىلىپ قالماسلىقى، باشقا دىيالېكت ۋە گوۋورلاردا سۆزلەشكۈچىلەرگە چۈشىنىكسىز بولۇپ قالماسلىقى لازىم. ئەدەبىي تىل سىنىپى ژارگونلار، قەدىمقى يېزىقتىكى (كىتاۋىي) تىللاردىن، شۇنداقلا خەلققە چۈشىنىكسىز بولغان، سۈنئى ھالدا قوبۇل قىلىنغان سۆزلەردىن (كۆپلىگەن ئەرەپچە-پارسچە سۆز ۋە ئاتالغۇلار، «ياۋروپالاشقان» ياسالما سۆز شەكىللىرى قاتارلىقلاردىن) تازىلىنىشى كېرەك.

بۇندىن كېيىنكى، سوۋېت خەلقلىرى ئەدەبىي تىللىرىنى قائىدىگە سېلىش ئىشىدىكى بىر مۇھىم مەسىلە ئىجتىمائى-سىياسى ۋە پەن-تېخنىكا ئاتالغۇلىرىنى ئىشلەپ چىقىشنىڭ توغرا، ئىلمىي پىرىنسىپلىرىنى بەلگىلەشتىن ئىبارەت. مەلۇمكى، تىللارنىڭ تەرەققىياتى ۋە

بېيىشى ئەڭ ئاۋال يېڭى سۆزلەر بىلەن تولۇقلىنىشتا ئىپادىلىنىدۇ. پەيداق تولۇقلىنىش خۇددى ئەدەبىي تىللارنى قائىدىگە سېلىشنىڭ باشقا جەريانلىرىغا ئوخشاشلا تەرتىپكە سېلىنىشى لازىم. ھەر بىر كونكرېت تىلغا نىسبەتەن ئاتالغۇلارنى تەرتىپكە سېلىش پىرىنسىپلىرى ئايرىم ئىشلىنىشى كېرەك، لېكىن بۇ جەھەتتە يەنە بەزى ئورتاقلىقلار بولۇشىمۇ مۇمكىن.

ئاتالغۇ مەنبەلىرىنى بەلگىلەش ۋە ئۇلاردىن توغرا پايدىلىنىشنى سوۋېت ئىنتىپاقىدىكى بارلىق خەلقلەر تىللىرى ئۈچۈن ئاتالغۇلارنى ئىشلەپ چىقىش ۋە قائىدىگە سېلىشتىكى تۈپ مەسىلىلەرنىڭ بىرى دېيىشكە بولىدۇ. ئاتالغۇلارنىڭ ئاساسلىق مەنبەسى، ئالدى بىلەن، كونكرېت تىللارنىڭ پۈتۈن لۇغەت تەركىۋى ۋە ئۇلارنىڭ دىيالېكتلىرىدىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك. تىلنىڭ لۇغەت تەركىۋى لېكسىكىلىق باغلىنىشلارنىڭ مۇرەككەپ سېمانتىكىلىق سىستېمىسىنى ھاسىل قىلىدۇ ھەمدە ھەر بىر يېڭى ئۇقۇم ئۆزىنىڭ بىر ئاساسلىق بەلگىسى ئارقىلىق باشقا ئۇقۇملار بىلەن پېقىنلىشىپ، ئۆزىنىڭ سۆز شەكلىنىڭ ئىپادىسىنى تاپىدۇ. لۇغەت تەركىۋىنىڭ بېيىشى، شۇنداقلا ئۆزگە تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر ھېساۋىغىمۇ بولىدۇ. سوۋېت خەلقلىرىنىڭ تىللىرى ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن كېيىنكى پۈتۈن بىر دەۋر جەريانىدا رۇس تىلىنىڭ باي ئاتالغۇلىرىنى ئىشلەتتى ۋە ئىشلەتمەكتە ھەمدە رۇس تىلى ئارقىلىق خەلقارا ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلدى.

بۇ ئەنئەنە بۇندىن كېيىنمۇ داۋاملىشىشى كېرەك. ئاتالغۇلارنى تولۇقلاشنىڭ يۇقۇرىدا كۆرسىتىلگەن ھەر ئىككى ۋاستىسىدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش زۆرۈر. لېكىن، ھەر بىر كونكرېت تىلنىڭ ئۆز ۋاستىلىرىغا

ۋە ئاتالغۇ قوبۇل قىلىشنىڭ ئاساسلىق مەنبەسى بولغان رۇس تىلىغا نىسبەتەن، ئوخشاشلا، بەلگىلىك چەك قويۇلۇشى كېرەك. سوۋېت خەلقلىرى تىللىرىدا ئۆزىنىڭ سۆز ياساش ۋاستىلىرى بىلەن يېڭى ئاتالغۇ ياساش ئىمكانىيىتى بولغان شارائىتتا ئاتالغۇلار تەركىۋىگە سىرتتىن قوبۇل قىلىنىدىغان سۆزلەرنى ئارتۇقچە سىغداپ كىرگۈزۈشكە بولمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، خەلق ئاممىسىغا رۇسچە شەكلى بىلەن چۈشىنىشلىك بولغان ئاتالغۇلارنى سۈنئى ھالدا ئۆز ئانا تىلىغا تەرجىمە قىلىش خاھىشلىرىغا قارشى قەتئى كۈرەش قىلىش كېرەك.

مىللى ئەدەبىي تىللارنىڭ دەسلەپكى تەرەققىيات باسقۇچىدا قوبۇل قىلىنغان ھەمدە ئومۇمى خەلق ئېغىز تىلىغا چۈشىنىكسىز ۋە يات بولغان ئەرەبچە-پارسچە سۆز-ئاتالغۇلارغا كەلسەك، بۇنداق سۆز ۋە ئاتالغۇلارنى قوللىنىشنى ئەقىلغە مۇۋاپىق دەپ ئېتىراپ قىلىشقا بولمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن، كونكرېت تىللارنىڭ لۇغەت تەركىۋى ھەم ئاساسلىق لۇغەت فوندىنىڭ ئورگانىك قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن ئەرەبچە-پارسچە سۆزلەرنى ھەرقايسى تىللاردىن تازىلاپ چىقىرىشقا ئارتۇقچە بېرىلىپ كەتمەسلىك لازىم.

سوۋېت خەلقلىرىنىڭ ھازىرقى زامان تىللىرىنىڭ ئاتالغۇلىرىنى ئىشلەپچىقىشتىكى ئاساسلىق پىرىنسىپلار ئەنە شۇلاردىن ئىبارەت. بۇ پىرىنسىپلار ھازىر كۆپچىلىك جۇمھۇرىيەت ۋە رايونلاردا ئاساسىي جەھەتتىن ئەمەلگە ئاشۇرۇلماقتا.

ئۇلۇغ ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلاۋى بىلەن قەد كۆتەرگەن سوۋېت خەلقلىرىنىڭ مەدەنىيەت ساھەسىدىكى مۇھىم ئۇتۇقلىرىدىن بىرى بۇ خەلقلەر تىللىرىنىڭ رۇس ھەرپلىرى ئاساسىدىكى ئېلىپبە

ۋە يېزىقلىرىنىڭ ئىشلەپ چىقىلىشىدىن ئىبارەت بولدى.

بەزى خەلقلەر ئىشلەتكەن ئەرەپ يېزىغى ۋە كېيىنكى ۋاقىتتا ئىشلىتىلگەن لاتىن يېزىغى روسىيىدىكى ئۆتمۈشتە ئارقىدا قالغان خەلقلەرنىڭ مىللىي تىللىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تولۇق تەمىن ئېتەلمىدى.

كۆپچىلىك تىللارنىڭ رۇس يېزىغىغا كۆچۈشى سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ھەممە تىللارنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى سوۋېت ئىتتىپاقى مىللەتلىرىنىڭ رۇس تىلى ۋە مەدەنىيىتىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆزلەشتۈرۈشكە زور ياردەم كۆرسەتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئانا تىلى ۋە رۇس تىلىدىن ئىبارەت ئىككى تىلدا ساۋاتلىق بولۇشنىڭ بىرلىككە كەلگەن ئومۇمىي ئاساسىنى ياراتتى.

كۆپچىلىك مىللىي جۇمھۇرىيەت ۋە رايونلار رۇس ھەرپلىرى ئاساسىدا ئېلىپبە ۋە يېزىق تۈزۈش ئىشىنى ئۆزئارا تەجرىبە ئالماشتۇرۇش، يەرلىك ۋە مەركىزىي پەن تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ يوليورۇقلىرىنى ئېتىۋارغا ئېلىش بىلەن ئەمەلگە ئاشۇردى. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، رۇسچە ھەرپلەر ئاساسىغا قۇرۇلغان ھازىرقى ئېلىپبەلەر تىللارنىڭ فونېما تەركىۋىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈردى، مەكتەپلەردە ئانا تىللارنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆزلەشتۈرۈشكە ئىمكان بەردى. بۇنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى مىللەتلەرنىڭ رۇس تىلىنى ئۆزلەشتۈرۈشىگىمۇ زور ياردىمى بولماقتا.

يېڭى ئېلىپبەنىڭ بۇنداق پەۋقۇلئاددە ئەھمىيىتى ئۇنى ئىشلىتىشتە ئالاھىدە دىققەت قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. مىللىي تىللار ۋە رۇس تىلىدا بىرلىكتە ساۋات چىقىرىش مەسىلىسى ھەرپلەر مەنىسىنى

ئەڭ زور دەرىجىدە بىرلىككە كەلتۈرگەندىلا ھەل بولىدۇ. ھەر بىر كونكىرىت مىللىي تىلنىڭ رۇس يېزىغى ئاساسىدىكى ئېلىپبەسىدە مىللىي تىللار تاۋۇشلىرىغا ئىشلىتىلىدىغان ۋە شۇ تىل بىلەن رۇس تىلىغا ئورتاق بولغان بەلگە ياكى ھەرپلەر بىلەن پەقەت چەتتىن كىرگەن سۆزلەر ئۈچۈنلا ئىشلىتىلىدىغان ھەرپلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىمكان قەدەر ئايرىمچىلىق بولماسلىقى كېرەك. ھالبۇكى، رۇس ئېلىپبەسىدە يوق بولۇپ، پەقەت كونكىرىت تىلنىڭ ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى سۆزلىرىگە ئىشلەيدىغان ئۆزگە خاس ھەرپ شەكىللىرى بۇ قاراشنىڭ سىرتىدا، ئەلۋەتتە.

ئېلىپبەلەر كونكىرىت تىلنىڭ ھەممە فونېمىلىرىنى مۇمكىن قەدەر تولۇق ئىپادىلەيدىغان شەرتلىك بەلگىلەر، يەنى ھەرپلەر سىستېمىسى بولۇپ، بىر تەرەپتىن، ئەڭ زور دەرىجىدە ئاددىيلاشتۇرۇلغان بولۇشى، يەنە بىر تەرەپتىن، يېزىقتا سېمانتىكىلىق پەرقلىنىدىغان سۆزلەرنى پەرقلىق ئەكس ئەتتۈرىدىغان بولۇشى لازىم.

بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، رۇس يېزىغى ئاساسىدىكى مەۋجۇت ئېلىپبەلەرنى يەنە تۈزىتىش ۋە توغرىلاش تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇ بىزنىڭ پەن تەتقىقات ئورۇنلىرىمىزنىڭ يېقىن كەلگۈسىدىكى ۋەزىپىلىرىدىن بىرى بولۇپ تۇرماقتا.

ئېلىپبەنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى مۇكەممەللەشتۈرۈلۈش ئىشى، بىرىنچىدىن، ھەر بىر بەلگىنىڭ مىنىمۇم مەنىسىنى بەلگىلەش يولىدا، ئىككىنچىدىن، مەكتەپلەردە ئانا تىلى بىلەن رۇس تىلىنى ئۆزلەشتۈرۈشنى يېنىكلىتىش مەقسىدىدە كونكىرىت تىلنىڭ ئېلىپبەسىدىكى ھەر بىر بەلگىنىڭ مەنىسىنى رۇس ئېلىپبەسى بىلەن ماسلاشتۇرۇش ۋە بىرلىككە كەلتۈرۈش يولىدا مېڭىش كېرەك. شۇڭا، ئالدى بىلەن

سوزۇق تاۋۇشلارنى ئىپادىلەشكە مۇناسىۋەتلىك تۆۋەندىكى مەسىلەلەرنى مۇھاكىمىگە قويۇشقا بولىدۇ:

a) ئۆزبەك ئېلىپبەسىدىكى *a* ۋە *ə* تاۋۇشلىرىنى پەرقلىق ئىپادىلەش.

b) تاتار تىلىدىكى *e* تاۋۇشى بىلەن تاتار ئېلىپبەسىدىكى رۇس تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنىڭ *e* تاۋۇشى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق.

c) قازاق تىلىدىكى *i* خىلىغا كىرىدىغان سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن *Iy*، *iy* قوشما سوزۇقلارنىڭ يېزىقتىكى پەرقى.

d) قازاق ئېلىپبەسىدە I، *i* ۋە *ü*، *u* تاۋۇشلىرىغا ئوخشاش ياسىلىشى جەھەتتە ئۆزئارا يېقىن بولغان سوزۇق تاۋۇشلارنى ئىپادىلەشنى يېقىنلاشتۇرۇشنىڭ مۇمكىنچىلىكى، ھەتتا زۆرۈرلۈكى.

ھازىرقى زاماندىكى تۈركى ئېلىپبەلەرنىڭ ئۈزۈك تاۋۇشلارنى ئىپادىلىشى خېلى مۇۋاپىق ئىشلەنگەن، لېكىن بۇمۇ بەزى يېتەرسىزلىكلەردىن خالىي ئەمەس. بۇنداق يېتەرسىزلىكلەرنى تۈزىتىش ئۈچۈن، ئېلىپبە مەسىلىلىرىنى تۆۋەندىكىدەك بىرنەچچە ئاساسلىق يۆنىلىشلەر بويىچە ئىشلەپ چىقىشقا دىققەت قىلىش لازىم.

بىرىنچىدىن، بىر تاۋۇشنى بىرقانچە ھەرپلەر بىلەن ئىپادىلەشتىن ئىمكان قەدەر ساقلىنىش كېرەك. بۇنداق ئەھۋال بىر ئېلىپبەنىڭ ئىچىدە (مەسىلەن: تاتار ۋە باشقىرت تىللىرىدا «ۋ» ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ ئۈچ خىل شەكلى بار: в، ў،y)، شۇنداقلا تۈرلۈك ئېلىپبەلەردە (مەسىلەن: «ج» ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ ئالتە خىل ئۇسۇل بىلەن ئىپادىلىنىشى: дж، дь، Җ، ж، ч، ц) كۆرۈلىدۇ.

ئىككىنچىدىن، شەرتلىك ئىملا قائىدىلىرى بىلەن ئىپادىلەشكە

بولىدىغان ئارتۇقچە ھەرپلەرنى ئېلىپبەگە كىرگۈزۈشتىن ئىمكان قەدەر ساقلىنىش كېرەك. ئالايلى، ئاھاڭداشلىق قانۇنىيەتلىرىنى ساقلاپ قالغان تىللاردىكى *ķ* ۋە *ǫ* دىن ئىبارەت ئارتۇقچە بەلگىلەر. قۇمىق، نوغاي، قازاق، قاراقالپاق، باشقىرت تىللىرىدا *k* ۋە *ķ*، *g* ۋە *ǫ* لار سۆزلەردىكى تىل ئارقا ياكى تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلىرىغا قاراپ پەرقلىق تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن، قاراقالپاق تىلىدا؛ *kol* (*ķol*) «قول»، *køl* (*køl*) «كۆل»، *sogïw* (*soǫïw*) «سوقۇش»، *søgiw* (*søgiw*) «تىللاش» قاتارلىقلار. *k* ۋە *ķ*، *g* ۋە *ǫ* ئۆزلۈك تاۋۇشلىرى ئۆزبەك، ئۇيغۇر تىللىرى ۋە بەزى باشقا تىللارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، كۆپچىلىك تۈركى تىللاردا خۇددى *л* ۋە *л'* تاۋۇشلىرىغا ئوخشاشلا مەنە جەھەتتىن پەرقلىنىدىغان تاۋۇشلار ئەمەس. بۇ تاۋۇشلار ئەرەپ يېزىغىنى ئىشلىتىش ئەنئەنىلىرى بىلەن باغلانغان. ئەرەپ يېزىغىدا بۇ تاۋۇشلار («ق» ۋە «ك»، «غ» ۋە «گ») ئايرىم-ئايرىم ھەرپلىك بەلگىلەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

بۇنداق ئارتۇقچە بەلگىلەرنى قىسقارتىشنىڭ (مەسىلەن: تاتار، قىرغىز، تۈركمەن ۋە ئالتاي تىللىرىدىكى «ق» ۋە «غ»نى قىسقارتىش ئەمەلىيىتى ئىسپاتلىغاندەك) ئىملا قائىدىلىرىنى ئاددىيلاشتۇرۇشقا ياردىمى بولىدۇ. شۇنداق بولغاندا، ئانا تىل مەكتەپلىرىدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىملا خاتالىقلىرىنى ئازايتىشقا بولىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، ئېلىپبەدىكى ئايرىم ھەرپلەرنىڭ پەرقى چوڭ مەنىلەرنى ئىپادىلەپ، كۆپ مەنىلىك بولۇپ قېلىشىدىن ئىمكان قەدەر ساقلىنىش كېرەك. مەسىلەن: قازاق ئېلىپبەسىدە *y* ھەرپى سوزۇق تاۋۇش *y*، ئۆزلۈك تاۋۇش *y* ۋە دىفتونگ *yy*، *Yy* لەردىن ئىبارەت تۆرلۈك تاۋۇشلارنى ئىپادىلەيدۇ.

تۆتىنچىدىن، مىللى ئېلىپبەلەرنىڭ يېزىق ۋە ئىملاسىنى رۇس تىلىنىڭ يېزىق ۋە ئىملاسى بىلەن ئەڭ زور دەرىجىدە يېقىنلاشتۇرۇش، بۇ مەسىلىدىكى زىددىيەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىش لازىم.

تۈركى تىللىق جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ ئېلىپبەلىرىنى ئىشلەپ چىقىش، بۇ ئېلىپبەلەرنىڭ ئاساسلىق يېتەرسىزلىكلىرى، ئۇلارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلىنىش ۋە مۇكەممەللىشىش يوللىرى ھەم ۋەزىپىلىرىنىڭ يەكۈنى يۇقۇرىقىلاردىن ئىبارەت.

سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى مىللى ئەدەبىي تىللارنى تەرتىپكە سېلىش ساھەسىدىكى كاتتا ئەمەلىي مەسىلىلەردىن بىرى مەۋجۇت ئىملا قائىدىلىرىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش مەسىلىسىدىن ئىبارەت.

ئىملا قائىدىلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئاددىيلاشتۇرۇش ۋە مەۋجۇت ئېغىز ئەدەبىي تىل قائىدىلىرىگە يېقىنلاشتۇرۇش ئىشىدا ھەر بىر كونكرېت تىلنىڭ ئۆزىگە خاس قانۇنىيەتلىرىنى چىقىش قىلىش كېرەك. يېقىندا تىل توغرىسىدىكى «يېڭى تەلىمات» دەپ ئاتالغان بىر ئېقىمنىڭ ۋەكىللىرى ھەممە تۈركى تىللارغا خاراكتېرلىق بولغان ئاھاڭداشلىق قانۇنىيەتلىرىگە باھا بېرىپ، بۇنى شۇ تىللارنىڭ تەرەققىياتىغا، تەلەپپۇز ۋە ئىملا قائىدىلىرىنىڭ مۇكەممەللىشىشىگە توسقۇنلۇق قىلىدىغان ئەكسىيەتچى قانۇنىيەت، دېگەن دەۋانى كۆتىرىپ چىقتى. ھالبۇكى، تۈركى تىللارنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكى توغرا تەلەپپۇز قىلىشنىڭ ۋە ئىملانىڭ ئىنتايىن ئېنىق قائىدىلىرىنى بەلگىلەشكە زور دەرىجىدە ياردەم قىلىدۇ.

ھازىرقى زاماندىكى بىرمۇنچە تۈركى تىللارنىڭ ئىملا قائىدىلىرى سۆزدىكى فونېملارنى يېزىقتا تولۇق ئەكس ئەتتۈرمەيدۇ، يېزىقتا تار سوزۇقلارنى چۈشۈرۈپ قويىدۇ (خاكاس ۋە بەزى باشقا تىللاردا)

ياكى سوزۇلـما سوزۇقـلارنى ئىزچىل ئەكـس ئەتتۈرمەيـدۇ، بەزى ھالللاردا ھەتتا پۈتۈنلەي ئىپادىلىمەيدۇ (تۈركمەن، ئالتاي قاتارلىق تىللاردا).

كۆپچـىلىك تۈركى تىلـلارنىڭ ھازىرقى ئىمـلا قائىدىلىرىدىـكى ئاساسلىق يېتەرسىزلىكلەردىـن بىرى سـۆزلەرنى قوشۇپ ۋە ئايـرىپ يېزىشنىڭ قائىدىلىرى بولمىغانلىقىدا كۆرۈلىدۇ. بىزنىڭ قارىشىمىزچە، تۈركى تىللار يېپىشقاق تىللاردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ تىللارنىڭ خاراكتېرى ۋە ئالاھىدىلىـكى سۆزلەرنى ئايـرىپ يېزىشـنىڭ ئەڭ يۇقىرى پىرىنسىپىنى قولـلىنىشنى تەلەپ قىلىـدۇ. پەقەت فونېـتىكا جەھەتتىن ئۆزئارا بىرىـكىپ كەتـكەن قوشـما سۆزلەرگىلا قوشۇپ يېزىش پىرىنسىپىنى قوللىنىشقا بولىدۇ.

قوشۇمـچىلار ئىمـلاسى ۋە تۈپ سۆز بىلەن شەكىـل ياسىغۇچى تەركىپنىڭ چېگرىسىدا بارلىققا كېلىدىغان فونېتىكىلىق ھادىسىلەرنى يېزىقتا ئىپادىلەش مەسىلىسىمۇ بىر مۇرەككەپ مەسـىلە بولۇپ تۇر-ماقتا. دەل مۇشۇ نۇقتىدا سوزۇق تاۋۇشـلار بىلەن ئۈزۈك تاۋۇشلار-نىڭ تۈرلۈك ئاسسىمىلاتـسىيە ۋە دىـسسىمىلاتـسىيە قانۇنىيەتـلىرى كۆرۈلىدۇ. بۇ جەھەتتە تېگىشلىك ئىملا قائىدىلىرى بېرىلىشى كېرەك. بۇنىڭدا بولۇپمۇ چەتـتىن كىرگەن سۆزلەر چوڭ قىيىنـچىلىقنى كەلـ-تۈرۈپ چىقىرىدۇ، چۈنكى بۇنـداق سۆزلەردىـكى سوزۇق ۋە ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ قوشۇلۇشى كۆپچىلىك تۈركى تىلـلارنىڭ خۇسۇسىيەتـ-لىرىگە ماس كەلمەيدۇ. چەتتىن كىرگەن سۆزلەر مۇئەيـيەن تىلنىڭ قانۇنىيەتلىرىگە بويـسۇنـدۇرۇلـدۇ. شۇنىڭ بىلەن، بۇ سۆزلەرنىڭ توغرا تەلەپپۇز قىلىنىشىغا ئۇيغۇنلاشمايدىغان يېزىـلىش شەكىلـلىرى كېلىپ چىقىدۇ.

ئىملا قائىدىلىرىنى تاكامۇللاشتۇرۇشتا رۇس تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆز ۋە ئاتالغۇلارنى، شۇنداقلا سوۋېت خەلقلىرى تىللىرىنىڭ فونېتىكىلىق تۈزۈلمىسىنى بېيىتقان يېڭى تاۋۇشلارنى ھېساپقا ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ. يېڭى تاۋۇشلارنىڭ قوبۇل قىلىنىشى سۆزلەرنىڭ يېزىقتا ئىپادىلىنىش رامكىلىرىنى ۋە ئىمكانىيەتلىرىنى كېڭەيتىدۇ ۋە چەتتىن كىرگەن سۆزلەرنىڭ ئورتاق ئىملا قائىدىلىرىنى بەلگىلەشكە ئىمكان بېرىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى كۆپچىلىك خەلقلەرنىڭ تىللىرىدا رۇس تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنى يېزىقتا ئىپادىلەش جەھەتتە بەلگىلىك ئەنئەنىلەر شەكىللەندى. بۇ ئەنئەنىگە ئاساسەن، ئۆتمۈشتە قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر ھەرقايسى مىللى تىللارنىڭ فونېتىكىلىق قائىدىلىرىگە مۇۋاپىق تەلەپپۇزى بويىچە يېزىلىدۇ. ئۇلۇغ ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلاۋىدىن كېيىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر بولسا، بۇ دەۋردە قوبۇل قىلىنغان بارلىق سۆزلەرنىڭ ئىملا شەكىللىرىنى ئۆزگەرتىشكە يىقىنلاشتۇرغان ھالدا ۋە بولۇپمۇ مەخسۇس ئاتالغۇلار بىلەن خاس ئىسىملارنىڭ رۇسچە يېزىلىشىنى كۆزدە تۇتقان ھالدا يېزىلىدۇ.

قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنى يېزىشتىكى ئورنىتىلغان بۇ ئەنئەنىلەرگە خىلاپلىق قىلىنىدىغان بولسا، ئەمەلدىكى ئىملا بۇزۇلىدۇ ۋە سوۋېت خەلقلىرى تىللىرى شۇ خەلقلەرنىڭ ئېغىز تىللىرىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ.

بۇنىڭ يەنە بىر زەرەرلىك تەرىپى بار، ئەگەر رۇسچە سۆزلەر بىلەن يەنە يېڭى فونېمىلارنىڭ قوبۇل قىلىنىدىغانلىغىنى ھېساپقا ئالمىغاندا، سوۋېت خەلقلىرى تىللىرىنىڭ رۇس تىلىدىن ئايرىلىپ قېلىش ئەھۋالى كېلىپ چىقىدۇ. بۇ ئەڭ ئالدى بىلەن مىللى مەك-

تەپلەردە رۇس تىلىنى ئۆزلەشتۈرۈشكە ئەكس تەسىر كۆرسىتىدۇ.

شۇنداقتىمۇ، قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنى يېزىشقا قارىتا ھەممە تىللارغا ئورتاق ۋە ئومۇمى يۈزلۈك قائىدىلەرنى بەلگىلەشكە بولمايدۇ. بىر تەرەپتىن، تىللار تەرەققىياتىنىڭ ئەمەلدىكى ئىچكى قانۇنىيەتلىرى، يەنە بىر تەرەپتىن، رۇسچە سۆزلەرنى ئۆزلەشتۈرۈشنىڭ كۆپ يىللىق ئەنئەنىلىرى ھەرقايسى تىللاردىكى قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنى يېزىشتا ئوخشاشمىغان قائىدىلەرنى بەلگىلەشنى تەلەپ قىلىدۇ.

رۇس يېزىقى ئاساسىدىكى ئېلىپبەنى قوللىنىدىغان تىللارنىڭ ئىملا قائىدىلىرىنى بەلگىلەشتە بۇ قائىدىلەر مىللى تىللارنىڭ فونېتىكىلىق تۈزۈلمىسى ۋە گىراماتىكىلىق قۇرۇلۇشىنى چىقىش قىلىشى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇ قائىدىلەر رۇس تىلى ئىملاسىنىڭ ئەمەلدىكى شەرتلىرىدىن كەسكىن پەرقلىنىپ كەتمەسلىكى كېرەك. بۇنداق ئىملانىڭ ئەمەلگە قويۇلۇشى مىللى مەكتەپلەردە رۇس تىلىدىن دەرس ئۆتۈشتە كۆرۈلگەن ۋە بۇ تىللاردىكى ئورتاق ھەرپلەر تېگىشلىك پىرىنسىپلار بەلگىلەنمەستىنلا ئىشلىتىلىۋەرسە يەنە كۆرۈلىدىغان قىيىنچىلىقلارنى زور دەرىجىدە يېنىكلىتىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەسلىدىكى ۋە چەتتىن كىرگەن سۆزلەرنىڭ ئىملاسىدىكى بارلىق مەسىلىلەر ئورتاق پىرىنسىپلارنى چىقىش قىلغان ئاساستا ھەمدە كونكرېت تىللارنىڭ فونېتىكىلىق ۋە لېكسىكا ـ گىراماتىكىلىق ئۆلچەملىرىنى، مىللى مەكتەپلەردە ئانا تىلىدىن ۋە رۇس تىلىدىن دەرس ئۆتۈش مېتودىنىڭ ئېھتىياجى بىلەن تەلەپلىرىنى نەزەردە تۇتۇپ كونكرېت بىر تەرەپ قىلىنىشى لازىم.

## ئىزاھلار؛

① ف.ئېنگېلس «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى» (ك.ماركس، ف.ئېنگېلس، ئىككى توملۇق تاللانغان ئەسەرلەر، II توم، موسكۋا، 1955).

② ب.ۋلادىمىرتسوۋ «موڭغۇل يېزىق تىلىنىڭ ۋە خالخاس شىۋىسىنىڭ سېلىشتۇرما گراماتىكىسى»، لېنىنگراد، 1929.

③ شۇ ئەسەر، 47-بەت، 3-جەدۋەل: «ئالتاي تىللىرى ئائىلىسى ۋە موڭغۇل تىلى»؛ *J. Nemeth «Über den Ursprung des Wortes šaman und einige Bemerkungen zur türkisch-mongolischen Lautgeschichte»* (*Ksz*, XIV, 1913); *W. Pröhle «Studien zur Vergleichung des japanischen mit den uralischen und altaischen Sprachen»* (*KSz*, XVII, 1916).

④ *L. Ligeti «A kinai-a tira sos barbar, nyelvi glosszak, kerdese» (Nyelvtu-domanyi közlemenyek» Budapest*, 1914.

⑤ گ.سانژېيېۋ «مانجۇ-موڭغۇل تىللىرىدىكى ئوخشاشلىقلار»، ئىجتىمائىي پەنلەر قىسمى، 1930، 8-9-سانلار.

⑥ *J. Nemeth «Die langen vokalen in Jakutischen»* (*KSz*, XV, 1914).

⑦ مىساللار ئالتاي، قارا قالپاق، قىرغىز ۋە باشقا تىللاردىن ئېلىندى.

⑧ ئى. بىچۇرىن «قەدىمقى زامانلاردا ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغان خەلقلەر ھەققىدىكى مەلۇماتلار توپلىمى»، СПБ، 1851؛ ۋ.ۋاسىلىيېۋ «شەرقىي قىسىم ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ X-XIII ئەسىرلەرگە ئائىت تارىخى ۋە يادىكارلىقلىرى»، СПБ، 1859؛ ك.ئىنوسترانسېۋ «ھون دۆلىتى ۋە ياۋروپادىكى ھونلار»، ЛИЖВЯ قارىمىغىدىكى تۈركشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ ئەسەرلىرى، لېنىنگراد،

1926؛ ۋ.ۋ.بارتولد «تۈرك ـ موڭغۇل خەلقلىرىنىڭ تارىخى»، تاشكەنت، 1928؛
*M· Deguignes «Histore generale des Huns, des Turcs, des Mogols»,* Paris ,1756; *O· Farrer «Stratification des langues et des peuples dans le proche Orient prehistorique»* (*JA,* 1930); *O· Maenchen-Helfen «Huns and Hiung-nu»* (*«Byzantion», American Series, vol·* XVII, 1944-1945, *New York,* 1945); *O· Maenechen-Helfen «The legend of the origin of the Huns»* (*ibid*); *K·Shiratori «Sur l'origine des Hiong-nou»* (*JA,* 1923, *t·* 202); *O·Franke «Beiträge aus chinesischen Quellen zur Kenntnis der Türkvölker und Skythen Zentralasiens», Berlin,* 1904; *A·Caferoglu «Türk dili tarihi notlari», Istanbul,* 1947; *F·Hirth «Hunnenforschungen»* (*KSz,* 1901); *G·Moravcsik «Zur Geschichte der Onoguren»* (*UJ, X,* 1930)·

⑨ *M·De Groot «Chinesische Urkunden zur Geschichte Asiens», t· I, «Die Hunnen der vorchristlichen Zeit», Berlin,* 1921; *E· von Zach «Einige Verbesserungen zu de Groot, Die Hunnen der vorchristlichen Zeit»* (*AM,* 1924); *L·Ligeti «Die Ahnentafel Attilas und die hunnischen Tan-Hu-Namen»* (*ibid,* II, 1925); *R·Grousset «L'empire des Steppes Attila, Gengiskhan, Tamerlan», paris,* 1939·

⑩ ۋ.ۋ. بارتولد «تۈرك ـ موڭغۇل خەلقلىرىنىڭ تارىخى»، 5 ـ بەت.
⑪ شۇ ئەسەر.
⑫ ۋ.پ.ۋاسىلىيېۋ «خەنزۇ تىلىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا تىللىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەققىدە»، 1872، 115 ـ 116 ـ بەتلەر.

⑬ *Ab. Remusat «Nouveaux melanges asiatiques»*, *t.* II, *Paris*, 1829.

⑭ ن.ئارىستوۋ «تۈركى قەبىلىلەرنىڭ ئېتنىك تەركىۋىگە دائىر خاتىرىلەر ۋە ئۇلارنىڭ سانلىق مەلۇماتلىرى» («كۆز ئالدىمىزدىكى ئۆتمۈش»، 1896، 292 ـ بەت).

⑮ ۋ.ۋ. بارتولد «تۈرك ـ موڭغۇل خەلقلىرىنىڭ تارىخى»، 5 ـ بەت.

⑯ *K·Shiratori «Über die Sprache der Hiungnu und der Tunghu-Stämme»*, *Tokio*, 1900; ك.شىراتورى «جۇڭگونىڭ تارىخىي ھۆججەتلىرىدە يېزىلغان تۈركى خەلقلەرنىڭ تارىخىغا دائىر قوشۇمچە مەلۇماتلار»، «ھيۇنگۇس ۋە تۇنگۇس يىلتىزىدىن كېلىپ چىققان تىل توغرىسىدا» («ئىمپېرىيىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ خەۋەرلىرى»، XVII توم، СПБ، 1902)؛ *K·Shiratori «Sur l'origine des Hiong-nou»* (*JA*, 1923); *A·von Gabain «Hun-Türk münasebetleri*, *Ikinci Türk Kongresi»*, *Istanbul*, 1943; *G·Haloun «Zur üe-tši Frage»* (*ZDMG*, 1937); *B·von Arnim «Bemerkungen zum Hunnischen» ZfSPh*, 1936); *A·Sauvageot «Recherches sur le vocabulaire des langues ouralo-altaiques»*, *Paris*, 1930; *J·Nemeth «A honfogllao magyarsag kialakulasa»*, *Budapest*, 1930; *J·Nemeth «A hunok nyelve*, *Attila es hunjai»*, *Budapest*, 1940; *G·Moravcsic «Byzantinoturcica*, II ,*Sprachreste der*

*Türkvolker in den byzantinischen Quellen»*, *Budapest*, 1943; *G·Moravcsic «Hunnische Sprachdenkmäler in Unga-rischen»* (*KSz*, 1901); *L·Bazin «Un texte proto-turc du* IV *siecle: le distique Hiong-nou du Tsin-chou* [*«Oriens»* (*Leiden*), 1948]; *A· von Gabain* [*«Islam»* (*Berlin-Leipzig*), 1950]·

⑰ ئا.رنچىنە «قىسقىچە موڭغۇلچە ـ رۇسچە لۇغەت»، موسكۋا، 1947.

⑱ ن.ئا.باسكاكوۋ، ت.م. توششاكوۋا «ئويراتچە ـ رۇسچە لۇغەت»، موسكۋا، 1947، 233 ـ 235 ـ بەتلەر («ئويرات تىلى گىراماتىكىسىدىن ئوچېرك»، ن.ئا.باسكاكوۋ تەرىپىدىن تۈزۈلگەن).

⑲ مىساللار مەھمۇت قەشقەرى لۇغىتىنىڭ تۈركچە تەرجىمە نۇسخىسىدىن ئېلىندى.

⑳ *E·Chavannes «Documents sur les Tou-Kioue (Turcs) occidentaux»* ـ (توپلام «ئورخۇن ئېكىسپېدىتسىيىسىنىڭ ئەسەرلىرى»، СПЬ، 1903)؛ ۋ.ۋ. بارتولد «يەتتە سۇنىڭ تارىخى ئوچېركى»، فرۇنزې، 1943، 16 ـ بەت.

㉑ پ.م.مېلىورانسكىي «كۆل تېگىن مەڭگۈ تېشى» (ЗВОРАО، XII توم، 1899).

㉒ ۋ.ۋ.بارتولد «تۈركىستاننىڭ مەدەنى تۇرمۇش تارىخى»، لېنىنگراد، 1927، 9 ـ 10 ـ بەتلەر.

㉓ ۋ.ۋ. بارتولد «تۈرك ـ موڭغۇل خەلقلىرىنىڭ تارىخى»، 8 ـ بەت.

㉔ ن.م يادرىنتسېۋ «موڭغۇلىيە ۋە ئورخۇن ئېگىزلىكىگە قىلىنغان سەپەردىن ھېساۋات» (ИВСОРГО، XX توم، 1899).

㉕ «رۇنىك يېزىقى»نىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدىكى ئەسەرلەر: *O·Donner «Sur l'origine de l'aphabet turc du Nord*

*de l'Asie»* JSFOu XIV. 1896); *W·Radloff «Die vorislamitischen Schriftarten der Türken und ihr Verhältniss zu der Sprache derselben»* СПБ, 1908; *A·C·Emre «Sur l'origine de l'alphabet vieux-turc», Istanbul,* 1938; *A·von Gabain «Alttürkisches Schrifttum»* (SBAW, *phil-hist· Kl; Berlin,* 1950); *J·Nemeth «Zur Erklärung der Orchoninschriften» («West des Islams», Bd·* XXIII, *Berlin,* 1941).

㉖ *V·Thomsen «Dechiffrement des inseriptions de l'orkhon et de l'Jenissei· Notice preliminaire» («Bulletin de l'Academie royale des sciences et des lettres de Danemark»,* 1893, *Copenhague,* 1894).

㉗ *W·Radloff «Die alttürkischen Inschriften der Mongolei»,* I, СПБ, 1894.

㉘ *W·Radloff «Die alttürkischen Inschriften der Mongolei»,* III СПБ, 1895.

㉙ ۋ.ۋ.رادلوۋ، پ.م.مېلىورانسكىي «كوشو سايدامـدىكى قەدىمقى تۈرك يادىكارلىقلىرى» (توپلام «ئورخۇن ئېكسپېدىتسىيىسىنىڭ ئەسەرلىرى»، 1897)؛ پ. م.مېلىورانسكىي «كۈل تېگىن مەڭگۈ تېشى».

㉚ *W·Radloff «Eine neue aufgefudene alttürkische Inschrift»,* СПБ, 1898; *W·Radolff «Die Inschrift des Tonjukuk, Die alttürkischen Inschriften der Mongolei, Zweite Folge»,* СПБ, 1899; *V·Thomsen «Alttürkische inschriften aus der Mongolei* (ZDMG,

*Bd*. 78, 1924).

㉛ *W. Kotwicz, A. Samoilowitch* «*Le monument tucr d'Ikhe-khuchotu en Mongolie centrale*» (*RO*, *t*. IV, 1928).

㉜ س.ي.مالوۋ «قەدىمقى تۈركى يېزىق يادىكارلىقلىرى»؛ س.ي.مالوۋ «تۈركلەرنىڭ يېنسەي يېزىقى». *A. von Gabain* «*Alttürkische Grammatik*», *Leipzig*, 1941; *H. N. Orkun* «*Eski türki yazitlari*», I, *Istanbul*, 1936; II–1939; III–1940; IV — 1941.

㉝ ۋ.ۋ. بارتولد «تۈرك ـ موڭغۇل خەلقلىرىنىڭ تارىخى»، 9 ـ بەت؛ ۋ.ۋ بارتولد «قىرغىزلار» (تارىخي ئوچېرك)،فرۇنزې، 1927.

㉞ س.ي. مالوۋ «تۈركلەرنىڭ يېنسەي يېزىقى»؛ *C. Brockelmann* «*Zu den alttürkischen Inschriften aus dem Jenissei gebiet*» (UJ. Bd. XXIV, 1952).

㉟ *E. Chavannes* «*Documents sur les Tou-Kiue* (*Turc*) *occidentau*»; ۋ.ۋ. بارتولد «موڭغۇل ئىستىلاسى دەۋرىدىكى تۈركىستان»، 2 ـ قىسىم، СПБ، 1900.

㊱ *G. Ramstedt* «*Zwei uigurische Runneninschrift in der Nord-Mongolei*» (JSFO, XXX, 1913); گ رامستېدت «سېلېنگا تېشى يېزىغىنىڭ تەرجىمىسى» («روسىيە جۇغراپىيە جەمىيىتى ئامۇر بۆلۈمى ترويىتسكو ـ كياختىن ئىشخانىسىنىڭ ئەسەرلىرى»، XV توم، СПБ، 1914)؛ ئۇيغۇر «رۇنىك» يېزىغىنىڭ بىر كىچىك يادىكارلىقى ھەققىدىكى مۇنۇ ئەسەرنىمۇ كۆرۈڭ: *V. Thomsen* «*Ein Blatt in türkischer Runnenschrift aus Turfan*», 1910.

㊲ *A. Le Coq* «*Türkische Manichaica aus Chotscho*»

(APAW, 1922); *W, Radloff «Chuastuanit»* СПБ, 1909; *W·Radloff «Tisastwustik»*, СПБ, 1910; ۋ.رادلوۋ، س.مالوۋ «ئالتۇن يارۇق سۇتراسى» («بۇددا نوملرى»، 1917)؛ *S·Cagatay «Altin yaruk-tan iki parca»*, *Ankara*, 1925; *F·Müller «Uigurica»* (APAW, 1931); *W·Bang und A·von Gabain «Türkische Türfantexte»* (SPAW, 1931).

㊳ *W, Radloff «Uigurische Sprachdenkmaler»*, 1928 (بۇنڭغا س.مالوۋ تۈزگەن ئۇيغۇرچە ـ رۇسچە لۇغەت قوشۇمچە قلنغان).

㊴ XIII ـ XIV ئەسرلەردكى چاغاتاي ئۇلۇسننڭ ئەدبي تلى.

㊵ ئۇيغۇر (مانى) يېزىغىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا تۆۋەندىكى ئەسەرلەرنى كۆرۈڭ: *R·Gauthiot «De l'alphabet sogdien* (JA, 1911); *A·Le Coq «Kurze Einführung in die uigurische Schriftkunde»* (MSOSw, *Bd*. XXII, 1919); *M·Lidzbarski «Die Herkunft der manichaischen Schrift»* (SPAW, 1916).

㊶ ۋ.بارتولد «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى»، ئىستامبۇل، 1927.

㊷ ۋ.بارتولد «تۈرك ـ موڭغۇل خەلقلىرىنىڭ تارىخى»، تاشكەنت، 1928.

㊸ *J·Marquart «Über das Volkstum der Komanen»* (*«Abhandlungen d. Kgl Gesellschaft d. Wissenschaften zu Göttingen»*. *Berlin* .1914); د.ئا.راسوۋسكىي «پولوۋلار» (SK، VII ـ VIII توملار، 1935 ـ 1936).

㊹ س.تولستوۋ «غۇزلارنىڭ شەھەرلىرى» («سوۋېت ئېتنوگرافىيىسى»، 1947، 3 ـ سان).

㊺ ئا.گاركاۋى «يەھۇدى يازغۇچىلىرىنىڭ رىۋايەتلىرى»، СПБ، 1874؛ پ.كوكوۋسېۋ «X ئەسىردىكى يەھۇدىلار بىلەن خازارلارنىڭ خەت ـ چەك

ئالماشتۇرۇشلىرى»، لېنىنگراد، 1932؛ *A·Vasiliev «The Khazars, A Bibliography» («Bulletin of the New York Public Library», Sept· 1938)*; *A·Zajaczkowski «Ze studiow nad zagadnieniem chazarskim· Etudes sur le probleme des Khazars» Krakow*, 1947; *D·M· Dunlop «Aspects of the Khazar problem» («Transactions of Glasgow university Oriental society»*, 1951)؛ А·Кримский «Пролегомена до історії казарів, звідкі вони взялися і яка їх мова» («Мовознавство», Київ, 1941

㊻ ئا.گاركاۋى «مۇسۇلمان يازغۇچىلىرىنىڭ سلاۋيانـلار ۋە رۇسلار ھەققىدىكى رىۋايەتلىرى»، СПБ، 1870؛ د.خۋولسون «ئىبنى دەستـىنىڭ خازار، بۇرتاس، بولغار، ماجار، سـلاۋيان ۋە رۇسـلار ھەققىدىـكى مەلۇماتـلىرى»، СПБ، 1869.

㊼ ئا.كۇنىـك «خاغان ـ بۇلـغارلار بىلەن چۇۋاشـلارنىڭ تۇقـقانلىـغى توغرىسىدا («ئىمپېرىيىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسـىنىڭ خاتىرىلـىرى»، 1879، XXXII توم).

㊽ ب.گرېكوۋ «IX ـ X ئەسىرلەردىكى ۋولگا بۇلغارلىـرى» («تارىـخىي خاتىرىلەر»، 14 ـ توم، موسكۋا، 1945)؛ س.ي،مالوۋ «بۇلغارلارنىڭ تۈركچە خەت يېزىلـغان ئالتۇن قاچىـسى» («قازان مۇزېيىنىڭ خەۋەرلىرى» 1921، 2 ـ سان).

㊾ *J· Nemeth «Zur Kenntnis der Petschenegen» (KCsA,* 1922); *J· Nemeth «Die Inschriften des Schatzes von Nagy-Szent-Miklos· Anhang I· Die Sprache der petschenegen und Komanen» («Bibliotheca Orientalis Hungarica»,* II, *Budapest,* 1932);

گ.ئىلىنسكىي «ئاتتىلا خەزىنىسى مەسىلىسىگە دائىر» («تاتارشۇناسلىق ئىلمى جەمىيىتىنىڭ خەۋەرلىرى»، قازان، 1928، 8 ـ سان).

(50) *G. Feher «Die Petschenegen und die ungarischen, Hunnensagen» (KCsA, 1921).*

(51) س.مالوۋنىڭ مۇنۇ ئەسەرلىرىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈڭ: قەدىمقى تۈركى يېزىق يادىكارلىقلىرى»، «قەدىمقى ۋە يېڭى تۈركى تىللار» (ОЛЯ ИАН، XI توم، 1952).

(52) *y>n* نۆۋەللىششنى مەھمۇت قەشقەرىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتكەن ئىدى. ئۇنىڭ لۇغىتىدە بۇ هال تۈركلەرنىڭ ئارغۇ قەبىلىسىنىڭ تىلىدىن ئېلىنىپ، ئۇيغۇر (تۈرك) تىلى بىلەن سېلىشتۇرۇلدۇ. ئۇنىڭ مىساللىرى: *ķoy>ķon*؛ *qïoqay>qïoqan*؛ *ķanu nərŋ>ķoyn nəy* ۋە باشقىلار. بۇنداق نۆۋەتلىشىش مانى يادىكارلىقلىرىدىكى ئۇيغۇر يېزىغىدا كۆرۈلىدۇ.

(53) *V. Thomsen «Dr. A. Stein's manuscripts in Turkish «Runic» scrift from Miran and Tun-Huang» («Journal of the Royal Asiatic society», London, 1912);* س.ي.مالوۋ «قەدىمقى تۈركى يېزىق يادىكارلىقلىرى»، 414 ـ بەت.

(54) ۋ.رادلوۋ، س.مالوۋ «ئالتۇن يارۇق سۇتراسى»؛ س.مالوۋ «قەدىمقى تۈركى يېزىق يادىكارلىقلىرى»، 411 ـ بەت.

(55) س.مالوۋ «قەدىمقى تۈركى يېزىق يادىكارلىقلىرى»، 384 ـ بەت.

(56) مەزكۇر كىتابنىڭ XX ـ بېتىدىكى 5 ـ ئىزاھقا قارالسۇن.

(57) ۋ.رادلوۋ «قۇتادغۇ بىلىك»، СПБ، 1891 — 1910؛ ئۈچىنچى نۇسخىسى توغرىسىدىكى مەلۇماتلارنىمۇ سېلىشتۇرۇپ كۆرۈڭ: «مائارىپ ۋە ئوقۇتقۇچى» ژورنىلىغا بېسىلغان بىر پارچە ماقالا، تاشكەنت، 1925، 2 ـ سان ۋە «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ نامانگەن نۇسخىسىدىن ئېلىنىپ، «ئۆزبەك ئەدەبىياتى نەمۇنەلەرى» توپلىمىنىڭ بىرىنچى تومىغا كىرگۈزۈلگەن ئۈزۈندىلەر (سەمەر-

قەنت-تاشكەنت، 1928)؛ شۇنداقلا، س.مالوۋ «قۇتادغۇبىلىك ئۈچىنچى نۇسخىسىدىن» ИАН ئىجتىمائىي پەنلەر بۆلۈمى، 1929، 9-سان)؛ ئاخىرقى نەشرى: *«Kutadgu Bilig. Tipkibasim»*; I–III, *Istanbul*, 1942—1943; *Tercüme*, *Ankara*, 1959.

㊿58 «دىۋانى ھىكمەت» قازاندا، تاشكەنتتە ۋە ئىستامبۇلدا نەشر قىلىنغان. بۇ يادىكارلىقنىڭ ئەدەبىي تەھلىلىنى «مائارىپ ۋە ئوقۇتقۇچى» ژورنىلىنىڭ 1927-يىللىق 6-سانىدىن كۆرۈڭ. *Th. Menzel «Die ältesten türkischen Mystiker»* (*ZDMG*, *Bd.* IV, 1925); ئا.بوروۋكوۋ «ئۆزبەك تىلى تارىخىغا دائىر مەلۇماتلار» («سوۋېت شەرقشۇناسلىغى»، 1948، 5-توم).

59 عيبه الحقايق: *Nesib Asim «Yüknakli Edip Ahmet Aybet ül-Hakayik»*, *Istanbul*, 1915; *Reşid Rahmati Arat «Edib Ahmed Yükneki, Atebet-ül-Hakayik»*, *Istanbul*, 1951.

60 «قىسسەئى رابغۇزى» ئىلمىنسكىي تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان، قازان 1895؛ تېكىستىنىڭ ئۈزۈندىلىرى ۋە تەرجىمىسى: پ.مېلىورانسكىي «پەيغەمبەر سالىغ ھەققىدە رىۋايەت» («پىروفېسسور بارون روزېننىڭ ئوقۇغۇچىلىرى يازغان ماقالىلار توپلىمى»، СПБ، 1897)؛ س.مالوۋ «پەيغەمبەرلەر ھەققىدىكى مۇسۇلمان رىۋايەتلىرى» (ЗКВ، 1930) *K. Grönbech «Monumenta Linguarum Asiae Maioris.* IV. *Rabghuzi»*, *Kopenhagen*, 1948.

61 *Th. Houtsma «Ein alttürkisches Gediht»* (*ZDMG*, 1889, *Bd. XL*III, 43); *C. Brockelmann «Ali's Qissa-i Jusuf, der älteste Vorlaufer der osmanischen Literatur»* (*ABAW*, *Jahrgang* 1916).

⑥② ۋ.بارتولد «تۈركىستان تارىخى»، تاشكەنت، 1922، 20 ـ بەت.

⑥③ ۋ.گوردلېۋسكىي «كىچىك ئاسىيادىكى سالچۇقىلار دۆلىتى»، موسكۋا، 1941.

⑥④ ۋ.بارتولد «كىتابى قورقۇد» ЗВОРАО، 8 ـ توم، 1893 ـ 1894؛ ئەزەربەيجانچە تەرجىمىسى: «كىتابى دەدە قورقۇد»، باكۇ، 1939؛ ئە.مارغۇلان «قورقىت كۈيشى» («سوۋېت پەنلەر ئاكادېمىيىسى قازاقىستان شۆبىسىنىڭ خەۋەرلىرى»، تىل ۋە ئەدەبىيات قىسمى، ئالمۇتا، 1944)؛ *E· Rossi «Kitab-i Dede Qorqut»*, *Racconti epico-cavallereschi dei Turchi Oghuz· Tradotti e annotati con «facsimile» del ms· Vat· Turco* 102· *Studie Testi* 159 (*«Citta del Vaticano»*, *Roma*, 1952); *H· Eren «Kitab-i Dede Korkut'un yeni yazmasi»* (*«Türk dili»*, 1952); *H· Orkun «Kitab-i Dede Korkut»*, 1952; *Dr· Muharrem Ergin «Dede Korkut Kitabi»*, *Ankara*, 1958 (*Türk dil kurumu yayimlarindan*)·

⑥⑤ *W· Bang und G·Rachmati «Die Legende von Oghuz Qaghan»* (*SBAW*, 1932); ئا.بېرنشتام «ئوغۇز قاغان رىۋايىتىدىكى تارىخىي ھەقىقەت» («سوۋېت ئېتنوگرافىيىسى»، 1935، 6 ـ سان.

⑥⑥ *M· Wickerhauser «Seldschukische Verse»* (*ZDMG* 1866); *W·Behrnauer und H· Fleischer «Über die* 156 *seldschukischen Distichen aus Sultan Weled's Rebabname»* (*ZDMG*, 1869); *C· Salemann «Noch einmal die seldschukischen Verse»* (*Mel·-As*, X, 1892); ن.مارتىنوۋىچ «جالالىدىن رۇمى ۋە سۇلتان ۋەلەد شېئىرلىرىنىڭ يېڭى توپلىمى» (ЗВОРАО 1917).

(67) *C. Brockelmann «Altosmanische Studien, I, Die Sprache Ašuq-paša's und Ahmedi's»* (*ZDMG*, 1919).

(68) ۋ.سمىرنوۋ «XIV ئەسىردىكى قەدىمقى تۈرك قولىيازمىسى» (ЗВОРАО، 1914).

(69) پ.مېلىورانسكىي «بۇرھانىدىن سىۋاسىنىڭ دىۋانى» («شەرق خاتىرىلىرى»، پېتېربۇرگ ئۇنىۋېرسىتېتى، شەرق تىللىرى فاكۇلتېتىنىڭ توپلىمى، 1895).

(70) *H. Vambery «Altosmanische Sprachstudien», Leiden*, 1901.

(71) ۋ.گوردلېۋسكىي «ئىبنى ببى قوشاقلىرى دەپ ئاتالغان كىچىك ئاسىيادىكى سالجۇقى ئېغىز ئەدىبىياتىنىڭ كونا ئوسمان تىلىدىكى تەرجىمىسىگە بېرىلگەن ئىزاھات» («قەدىمقى شەرق»، IV توم، موسكۋا، 1913).

(72) قىپچاقلار ۋە ئۇلارنىڭ تىلى توغرىسىدىكى ئەسەرلەرنىڭ رويىختى مۇنۇ ماقالىدا كەلتۈرۈلگەن: د. راسوۋسكىي «پولوۋلار» (SK، 1936)؛ پولوۋلارنىڭ قەبىلە ناملىرى توغرىسىدا: ئا.پونومارېۋ «كۇمان-پولوۋلار» (ВДИ، 1940).

(73) *C. Brockelmann «Mahmud al-Kašgari über die Sprachen und die Stämme der Türken in* XI *Jahrh»* (*KCsA*, 1921).

(74) «رۇس يىلنامىلىرىنىڭ تولۇق توپلىمى»، 1-توم، СПБ، 1846؛ ئى.بېرىيوزىن «موڭغۇللارنىڭ روسىيىنى بىرىنچى قېتىملىق ئىستىلا قىلىشى»، 1853.

(75) *Z. Gombocz «Arpadkori török szemelyneveink»* (*«Magyar nyelv», Budapest*, 1915); *R. Nagy Laszlo*

*«Török eredetü magyar tulajdonnevek»* (*KCsA*, 1922).
ئۇنڭدىن باشقا، د.راسوۋسكىينىڭ مەلۇم قىلىشچە، ۋېنگىرىيەلىك تۈركولوگ
د. راشونىنىڭ تېخى نەشردىن چىقمىغان «ئونوماستىكون تۈركىكۇم» ناملىق
ئەسىرىدە پولوۋلارنىڭ ۋە مىسىر قىپچاقلىرىنىڭ ئادەم ئىسىملىرى مەخسۇس
تەتقىق قىلىنغان.

(76) *G. Kunn «Codex Cumanicus», Budapest*, 1880.

(77) پ.مېلىورانسكىي «'ئىگور پولكى ھەققىدە قوشاق'نىڭ تىلىدىكى
تۈركچە ئالامەتلەر» (ИОРЯСАН، 1902)؛ ف. كورش «'ئىگور پولكى
ھەققىدە قوشاق'نىڭ تىلىدىكى تۈركچە ئالامەتلەر» (ИОРЯСАН، 1903)؛
پ. مېلىورانسكىي «'ئىگور پولكى ھەققىدە قوشاق'نىڭ تىلىدىكى
تۈركچە ئالامەتلەر توغرىسىدا» (ف. كورشقا جاۋاپ) (ИОРЯСАН،
1905)؛ ف. كورش «پىروفېسسور پ.مېلىورانسكىينىڭ ئىككىنچى
ماقالىسىنىڭ ئېلان قىلىنىش مۇناسىۋىتى بىلەن» ИОРЯСАН، 1906)؛
س. مالوۋ «'ئىگور پولكى ھەققىدە قوشاق'نىڭ تىلىدىكى تۈركچە ئالامەتلەر»
ИАН، 1946)؛ ۋ.گوردلېۋسكىي «"يالىڭاياق بۆرە" دىگەن نىمە؟»
(ИАН، 1947)؛ *le* 'Слово о полкуИгореве'» (*SK*, VIII,
1936). *L. Rasonyi «Les noms de tribus dans*

(78) ۋ.بارتولد «قىرغىزلار» (تارىخىي ئوچېرك).

(79) ۋ.بارتولد «تۈرك ـ موڭغۇل خەلقلىرىنىڭ تارىخى»، 17 ـ بەت.

(80) ۋ.بارتولد «قىرغىزلار»، 46 ـ بەت.

(81) ن.ئارىستوۋ «...ئېتنىك تەركىۋى توغرىسىدا خاتىرىلەر»، 445 ـ 446 ـ
بەتلەر.

(82) ل.پوتاپوۋ «ئالتايلىقلارنىڭ تارىخىغا دائىر ئوچېركلار»، نوۋوسىبىر-
سك، 1948.

(83) ۋ.بارتولد «تۈرك ـ موڭغۇل خەلقلىرىنىڭ تارىخى»، 26 ـ بەت؛
ن.ئارىستوۋ «...ئېتنىك تەركىۋى توغرىسىدا خاتىرىلەر»، 319 ـ بەت.

(84) ئا.بوروۋكوۋ «ئەلىشىر ناۋايى ئۆزبەك ئەدەبىي تىلىنىڭ ئاساسىنى

سالغۇچىدۇر» («ئەلىشىر ناۋايى»، توپلام،موسكۋا، 1946)؛ چاغاتاي تىلىغا بېغىشلانغان مەخسۇس تەتقىقاتلار: *H·Vambery «Abuška», Pest*, 1868; *H· Vambery «Cagataische Sprachstudien», Leipzig*, 1867; *V·de Veliaminoff-Zernoff «Dictionnaire djaghutai-turc»*, СПБ, 1869; *Pavet de Courteille «Dictionnaireturc oriental», Paris*, 1870; *Ali-šir Navai, Muhakamat-ul lugatain*، تاشكەنت، 1940.

(85) *A· Beveridge «The Babur-nama (facsimile)», Leiden*, 1905; *A· Beveridge «The Babur-nama in English», London*, 1922.

(86) ۋ.بارتولد «تۈرك ـ موڭغۇل خەلقلىرىنىڭ تارىخى»، 17 ـ بەت.

(87) *H· Howorth «History of the Mongols, from the gth to the lgth century», London*, 1927, *p*. 1056.

(88) پ.رادلوۋ «توختامىش ۋە تۆمۈر قۇتلۇغلارنىڭ يارلىقلىرى» (ЗВОРАО، 1888).

(89) مۇشۇ كىتابنىڭ 162 ـ بېتىدىكى 10 ـ ئىزاھقا قارالسۇن.

(90) پ.مېلىورانسكىي «ئەرەپ تىلشۇناسى تۈرك تىلى توغرىسىدا»، СПБ، 1900.

(91) س.مالوۋ «ئىبنى مۇھەننا تۈرك تىلى توغرىسىدا» (ЗКВ، 1928).

(92) ئا.ساموئيلوۋىچ «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك ئەدەبىي تىلىنىڭ تارىخىغا دائىر» («مىرئەلىشىر»، توپلام، لېنىنگراد، 1928)؛ *A· Zajaczkowski «Zabytek jezykowy ze Zlotej Ordy,'Husrew u širin' Qutba (RO, XIX*, 1954, *Warszawa)*; ئا.زاياچكوۋسكىي «قۇتبەنىڭ "خۇسراۋ ۋە شىرىن" داستانىنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى تۈركچە قولىيازمىسى»، پراگا، 1956؛ *A·Zajaczkowski «Najstarsza wersja*

*turecka 'Husrav u širin' Qutba»* (*RO*, VI, 1958).

(93) *Fr. v. Kraelitz-Greifenhorst «Sprach-probe eines armenisch-tatarischen Dialecten in Polen»* (*WZKM*, 1912); ژ.دېنىنىڭ 1921 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنىدىكى ئاسىيا جەمىيىتى يىغىنىدا سۆزلىگەن نۇتقى» (*JA*، 1921)؛ ت.گرۇنىن «XVI ئەسىردىكى پولوۋ تىلىنىڭ يادىكارلىقلىرى»، موسكۋا، 1954؛ *J. Deny «L'Armeno-coman et les 'Ephemerides' de Kamienies* (1604—1613)», *Wiesbaden*, 1957.

(94) *Th. Houtsma «Ein türkisch-arabisches Glossar»*, *Leiden*, 1894.

(95) م.ئوبولېنسكىي «پولوۋچە سۆزلەر» («موسكۋالىق»، 1850، 5 ـ سان).

(96) *W. Bang «Zu der Moskauer polowzischen Wörterliste»* (*«Bulletin de l'Academie de Belgique»*, *Classe des lettres*, №4, *Bruxelles*, 1911).

(97) *«Codex Cumanicus»*نىڭ ئەسلى نۇسخىسى ك.گرىيونبېك تەرىپىدىن *«Monumental Linguarum Asiae Maioris»*دا ئېلان قىلىنغان، كوپېنھاگېن، 1936؛ *K. Grönbech «Komanisches Wörterbuch»*, *Kopenhagen*, 1942; *G. Kunn «Codex Cumanicus»*, *Budapest*, 1880; د.راسوۋسكىي «'كودېكس كۇمانىكۇس'نىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە» (*SK*، 1929)؛ س.مالوۋ «"كودېكس كۇمانىكۇس"نىڭ تارىخى ۋە باھاسىغا دائىر»، لېنىنگراد، 1930؛ *J. Nemeth «Zu den Rätseln des Codex Cumanicus»* (*KCsA*, 1930).

(98) *W. Bang «Ueber die Herkunft des Codex*

*Cumanicus*» (*SBAW*، 1913).

(99) د.راسوۋسكىي «'كودېكس كۇمانىكۇس'نىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە»؛ *G. Györffy* «*Autour du Codex Cumanicus*» («*Analecta Orientalia*»، *Budapest*، 1942 — 1947).

(100) مۇشۇ كىتاپنىڭ 161 ـ بېتىدىكى 9 ـ ئىزاھقا قارالسۇن.

(101) مۇشۇ كىتاپنىڭ162 ـ بېتىدىكى 12 ـ ئىزاھقا قارالسۇن؛ شۇنىداقلا: «ژ.دېنىنىڭ 1921 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈندىكى ئاسىيا جەمىيىتى يىغىنىدا سۆزلىگەن نۇتقى».

(102) مۇشۇ كىتاپنىڭ 162 ـ بېتىدىكى 13 ـ ئىزاھقا قارالسۇن.

(103) پ. سىمونى «XIII ـ XVII ئەسىرلەردىكى رۇس قولىيازمىلىرىدىكى كونا رۇس سۆز شۇناسلىق يادىكارلىقلىرى، 3 ـ نەشرى، پولوۋچە ۋە تاتارچە سۆزلۈكلەر»، СПБ، 1908.

(104) ف.كورش «پ.مېلىورانسكىينىڭ 'ئىگور پولكى ھەققىدە قوشاق'نىڭ تىلىدىكى تۈركچە ئالامەتلەر ناملىق ئىككىنچى ماقالىسى توغرىسىدا»، НОРЯСАН، 1906).

(105) ۋ.ۋىنوگرادوۋ «ئى.ۋ.ستالىنىنىڭ «ماركسىزىم ۋە تىلشۇناسلىق مەسىلىلىرى» ناملىق ئەسىرى ۋە «سوۋېت تىلشۇناسلىق ئىلمىنىڭ تەرەققىياتى»، موسكۋا، 1951، 11 ـ بەت.

(106) شۇ ئەسەر، 15 ـ بەت.

(107) خ.ماخمۇدوۋ «قازاق مەكتەپلىرىدە رۇس تىلىدىن دەرس ئۆتۈش خاتىرىلىرى» («قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى خەۋەرلىرى»، 1951، 9 ـ سان)، 108 ـ بەت.

(108) م.ئاننا گۇردوۋ «تۈركمەن دىلىنىڭ تېرمىنولوگىياسى ۋە ئۇنى ئوڭاتلاندىرماق ۋەزىپەلەرى»، ئاشخاباد، 1951، 12 — 13بەتلەر.

(109) ل.خارىتونوۋ «ھازىرقى زامان ياقۇت تىلى»، ياكۇتسك، 1948.

(110) م.ئاننا گۇردوۋ «تۈركمەن دىلىنىڭ تېرمىنولوگىياسى ۋە ئۇنى ئوڭاتلاندىرماق ۋەزىپەلەرى»، 8 ـ بەت.

⑪ بۇ يەردە بوغۇم تۈرلىرى شەرتلىك بەلگىلەر بىلەن ئىسخېمىلىق كۆرسىتىلدى. بۇنىڭدا: $a$ — سوزۇق تاۋۇشقا، $b$ — جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇشقا، $r$ — ئاھاڭدار ئۈزۈك تاۋۇشقا ۋەكىللىك قىلىدۇ.

# تۈركىي تىللارنىڭ تەرەققىياتى ۋە شەكىللىنىشىنىڭ تارىخىي دەۋرلەرگە بۆلۈنۈشى بويىچە تۈرگە ئايرىلىشى

تۈركىي تىللارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى ۋە ئۇلارنىڭ تۈرگە ئايرىلىش مەسىلىسى تۈركولوگ تىلشۇناسلار ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى تارىخچىلار ۋە ئېتنوگرافلار ئۈچۈنمۇ ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

رۇس ئالىملىرىدىن ئى.بېرىوزىن①، ن.ئىلمىنسكىي ②، ۋ.رادلوۋ ③، ن.ئارىستوۋ ④، ن.كاتانوۋ ⑤ ۋە ف.كورشلار ⑥ تۈركىي تىللارنى تۈرگە ئايرىشقا كۆپ قېتىم ھەرىكەت قىلغان ئىدى. ئۇلارنىڭ بۇ ئەمگەكلىرى ئا.ساموئىلوۋىچنىڭ ⑦ ئەڭ ئاخىرقى تۈر ئايرىمىسىدا سىنتېز قىلىندى. بۇ تۈر ئايرىمىسى تىلشۇناسلىقتا كەڭ تونۇلغان بولۇپ، سوۋېت ئالىملىرى ۋە چەتئەل ئالىملىرى تەرىپىدىن پايدىلىنىپ ئىشلىتىلمەكتە.

ۋ.رادلوۋ بىلەن ف.كورشنىڭ تۈر ئايرىمىلىرى ۋە ئا.ساموئىلوۋىچنىڭ ئۇلارنى سىنتېز قىلغان ئاخىرقى تۈر ئايرىمىسى گەرچە بىر-نەچچە فونېتىكىلىق ۋە فونېتىكا-مورفولوگىيىلىك ئالامەتلەرگىلا ئاساسلانغان بولسىمۇ، ھەر ھالدا تىللارنىڭ ئاساسلىق گۇرۇپپىلارغا تەقسىملىنىشىنى بىرقەدەر توغرا ئەكس ئەتتۈرىدۇ. توغرا، بۇ

تۆر ئايرىمىلىرىدا تىللارنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى ۋە بۆلۈنۈشى نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان ئۇششاق تارماق گۇرۇپپىلار ئاجرىتىلمىغان.

بۇ تۆر ئايرىمىلىرىنىڭ ئاساسلىق يېتەرسىزلىكى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، تىللار بىلەن شۇ تىللاردا سۆزلەشكۈچى تۈركىي خەلقلەرنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى ئوتتۇرىسىدىكى بىۋاستە باغلىنىشقا ئانچە ئەھمىيەت بېرىلمەستىن، ئاساسلىق دىققەت-ئېتىبارى ئۇلارنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورۇنلىشىش ئەھۋالىغا مەركەزلەشتۈرۈلگەن. شۇنىڭ نەتىجىسىدە، بۇ تۆر ئايرىمىلىرى تۈركىي خەلقلەر ۋە تۈركىي تىللارنىڭ شەكىللىنىشىدىكى تارىخىي شارائىتلارنى، ئۇلارنىڭ ئۆزئارا باغلىنىشى ۋە ئۆزگە تىللار، ئۆزگە خەلقلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلمىگەن. بۇ تۆر ئايرىمىلىرىدىكى تىللارنىڭ گىرامماتىكىلىق قۇرۇلۇشى ۋە لۇغەت تەركىۋىگە ئائىت مەسىلىلەرنىڭ دائىرىسىمۇ ئىنتايىن چەكلىك.

شۇنداق بولسىمۇ، ۋ.رادلوۋ بىلەن ف.كورشنىڭ تۆر ئايرىمىلىرى ۋە ئا.سامويلوۋىچنىڭ ئورتاق قوبۇل قىلىنغان ئاخىرقى تۆر ئايرىمىسى تۈركولوگىيە تەرەققىياتىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىدى. بۇ تۆر ئايرىمىلىرى گەرچە تولۇق بولمىسىمۇ، ھەر ھالدا خېلى كۆپ دەرىجىدە تارىخىي پرىنسىپلارنى ئىشلەتكەن (ئالايلى، ئا.سامويلوۋىچنىڭ تۆر ئايرىمىسىدا بۇلغار، قىپچاق، ئۇيغۇر تىللىرى ۋە بەزى باشقا تىللار گۇرۇپپىلىرىنىڭ ئاتىلىشلىرىدا تارىخىي ئېلېمېنتلار كۆرۈلىدۇ).

ئا.سامويلوۋىچنىڭ تۆر ئايرىمىسىدا ھازىرقى زامان پەن ساھەسىدە ھەممىدىن كەڭرەك تارقالغان. بۇ تۆر ئايرىمىسىدا بارلىق تۈركىي تىللار 6 ئاساسلىق گۇرۇپپىغا بۆلۈنگەن. بۇ گۇرۇپپىلار 6

خىل ئاساسلىق فونېتىكىلىق ۋە مورفولوگىيىلىك ئالامەتلەر بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. بۇ ئالامەتلەر بولسا، ئۇلگىلىك 6 سۆز بىلەن ئىپادىلەنگەن. بۇ سۆزلەرنىڭ فونېتىكىلىق ۋە مورفولوگىيىلىك تەركىۋى شۇ تىللارنىڭ فونېتىكىلىق ۋە مورفولوگىيىلىك ئالامەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، بارلىق تۈركى تىللار ئاساسلىق 6 گۇرۇپپىغا بۆلۈنگەن.

1. *r*-گۇرۇپپا، بۇلغار ياكى چۇۋاش گۇرۇپپىسى. بۇنىڭ ئالامەتلىرى: 1) تاغار، 2) ئۇرا، 3) پۇل-، 4) تاۋ//تۇ، 5) سارى، 6) قالان//بۇلنا. بۇ گۇرۇپپىغا قەدىمقى بۇلغار تىلى بىلەن هازىرقى زامان چۇۋاش تىلى كىرگۈزۈلگەن.

2. *d*-گۇرۇپپا، ئۇيغۇر ياكى شەرقىي شىمال گۇرۇپپىسى، بۇنىڭ ئالامەتلىرى: 1) توقۇز، 2) ئاداق//ئازاق، 3)پول-، 4) تاغ، 5) سارىغ، 6) قالغان. بۇ گۇرۇپپا ئۈچ تارماق گۇرۇپپىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: a) *d*-تارماق گۇرۇپپىسى: يېنىسەي-ئورخۇن يېزىقىدىكى قەدىمقى تىل، قەدىمقى ئۇيغۇر تىلى ۋە هازىرقى زامان تىللىرىدىن قاراغاس، سالار، تۇۋا تىللىرى؛ b) *z*-تارماق گۇرۇپپىسى: سېرىق ئۇيغۇر، شور ۋە خاكاس تىللىرى (خاكاس تىلىنىڭ قويبال، قىزىل، ساغاي، كاچىن ۋە بەلتىر دىيالېكتلىرى) c) *t*-تارماق گۇرۇپپىسى: ياقۇت تىلى.

3. *tau*-گۇرۇپپا، قىپچاق ياكى غەربىي شىمال گۇرۇپپىسى، بۇنىڭ ئالامەتلىرى: 1) توغۇز، 2) ئاياق، 3) بول-//بۇل-، 4) تاۋ، 5) سارى، 6) قالغان. بۇ گۇرۇپپا ئىككى تارماق گۇرۇپپىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: a) موڭغۇل دەۋرىدىن بۇرۇن شەكىللەنگەن تىللار تارماق گۇرۇپپىسى: ئالتاي تىلى (ئالتاي، تېلەئۇت ۋە

تەلەنغىت دىيالېكتلىرى)، قىرغىز، قۇمىق، قاراچاي-بالقار، قارايىم، تاتار، باشقىرت تىللىرى؛ *b*) موڭغۇل دەۋرىدىن كېيىن شەكىللەنگەن تىللار تارماق گۇرۇپپىسى: قازاق ۋە نوغاي تىللىرى⑧.

4. *taqlik*-گۇرۇپپا، چاغاتاي ياكى شەرقىي جەنۇپ گۇرۇپپىسى، بۇنىڭ ئالامەتلىرى: 1) توقۇز، 2) ئاياق، 3) بول-، 4) تاغ، 5) سارىق، 6) قالغان. بۇ گۇرۇپپىغا قەدىمقى چاغاتاي تىلى⑨، جۇڭگو تۈركىستانى ئاھالىسىنىڭ تىلى⑩، ئۆزبەك ۋە چېرنىۋ تاتار⑪ تىللىرى كىرگۈزۈلگەن.

5. *taqli*-گۇرۇپپا، قىپچاق-تۈركمەن ياكى ئوتتۇرا گۇرۇپپا، بۇنىڭ ئالامەتلىرى: 1) دوقۇز، 2) ئاياق، 3) بول-، 4) تاغ، 5) سارى، 6) قالغان. بۇ گۇرۇپپىغا خارەزىم ئۆزبەكلىرىنىڭ گوۋورلىرى كىرگۈزۈلگەن.

6. *ol*-گۇرۇپپا، تۈركمەن ياكى غەربىي جەنۇپ گۇرۇپپىسى، بۇنىڭ ئالامەتلىرى: 1) دوقۇز، 2) ئاياق، 3) ئول-، 4) داغ، 5) سارى، 6)قالان. بۇ گۇرۇپپىغا تۈركمەن، ئەزەربەيجان، تۈرك تىللىرى، شۇنداقلا گاگائۇزلارنىڭ تىلى كىرگۈزۈلگەن.

ۋ.بوگورودىتسكىي تۈركى تىللارنى يەنە باشقىچەرەك تۈرلەرگە ئايرىغان⑫. ئۇ ھەممە تىللارنى جۇغراپىيىلىك ئالامەتلەر بويىچە، يەنى خەلقلەرنىڭ ھازىرقى ئولتۇراقلاشقان ئورۇنلىرى بويىچە تۈركۈملەرگە ئايرىغان. ئۇنىڭ تۈرگە ئايرىشىدا ھەممە تۈركى تىللار تۆۋەندىكىدەك بۆلۈنگەن: 1) شەرقىي شىمال گۇرۇپپىسى — ياقۇت، تۇۋا ۋە قاراغاس تىللىرى؛ 2)خاكاس (ئاباقان) گۇرۇپپىسى — خاكاس تىلى ۋە ئۇنىڭ بارلىق دىيالېكتلىرى؛ 3) ئالتاي گۇرۇپپىسى — ئالتاي تىلى ۋە ئۇنىڭ ئىككى گۇرۇپپا دىيالېكتى؛

4) غەربىي سىبىر گۇرۇپپىسى — چۇلىم، بارابىن، تۇمىن، توبول قاتارلىق تاتار شېۋىلىرى؛ 5) ۋولگا - ئۇرال گۇرۇپپىسى — تاتار ۋە باشقىرت تىللىرى؛ 6) ئوتتۇرا ئاسىيا تىللىرى گۇرۇپپىسى — هازىرقى زامان ئۇيغۇر، ئۆزبەك، قاراقالپاق، قازاق ۋە قىرغىز تىللىرى؛ 7) غەربىي جەنۇپ ياكى تۈرك گۇرۇپپىسى — تۈركمەن، ئەزەربەيجان ۋە تۈرك تىللىرى.

بۇ تۈر ئايرىمىسىنىڭ مىزانى پەقەت تاشقى ئالامەتتىن، يەنى تۈركى خەلقلەرنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورۇنلىشىشىدىن ئىبارەت بولۇپ، تىللارنىڭ ۋە شۇ تىللاردا سۆزلەشكۈچى خەلقلەرنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىدىن تېخىمۇ زور دەرىجىدە ئايرىۋېتىلگەن.

كېيىنكى ۋاقىتلاردا سوۋېت تۈركولوگلىرىدىن س.مالوۋ⑬ بىلەن ئى.باتمانوۋ⑭ تۈركى تىللارنى تۈرگە ئايرىش مەسىلىسىگە دائىر بەزى مۇهىم پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇلار تۈرگە ئايرىشنىڭ يېڭىچە قوشۇمچە ئۆلچەملىرىنى ئورناتتى.

س.مالوۋ ئەمەلدىكى تۈرگە ئايرىشلارغا كىرگۈزگەن قوشۇمچە تولۇقلاشلىرىدا هەممە تۈركى تىللارنى ئارخايىك خۇسۇسىيەتلەرنى ساقلاپ قېلىش ۋە يېڭى خۇسۇسىيەتلەرنىڭ بارلىققا كېلىش دەرىجىسى بويىچە مۇنداق تۆت گۇرۇپپىغا بۆلىدۇ: ئەڭ قەدىمقى، قەدىمقى، يېڭىنقى ۋە هازىرقى زامان تىللىرى.

ئاپتور قەدىمقى تىللار بىلەن هازىرقى زامان تىللىرىنى پەرقلەندۈرىدىغان فونېتىكىلىق هادىسىلەرنى ئۆزىنىڭ تۈرگە ئايرىشىغا ئاساس قىلغان. بۇ فونېتىكىلىق بەلگىلەر تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

*a*) تىل ئارقا ئۈزۈك تاۋۇشلار g ۋە ɣ نىڭ بىرقەدەر تىل ئالدى بولغان سوزۇق، يېرىم سوزۇق ۋە سوزۇلما سوزۇقلارغا كۆچۈشى

(تاۋۇشلارنىڭ تىل ئالدىغا كۆچۈشى)؛ b) سۆز بېشىدا سوزۇلما سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ بولۇش-بولماسلىقى؛ c) يېقىنقى زامان تىللىرىدا جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ۋە قەدىمقى تىللاردا جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ كۆپ بولۇشى؛ قەدىمقى تىللاردىكى بۆلۈنگۈچى يىلتىزلاردا رت، لت، نت قاتارلىق بىرىكمىلەرنىڭ بولۇشى، مەسىلەن: ئالتى، ھازىرقى زامان تىللىرىدا بۇ بىرىكمىلەرنىڭ جاراڭلىقلىشىپ قېلىشى، مەسىلەن: ئالدى.

بۇ ماھىيەت جەھەتتىن تارىخىي تۈركچە ئايرىش بولۇپ، بۇنىڭغا تۈركىي تىللارغا خاس يېڭى ئۆلچەملەر كىرگۈزۈلگەن.

ئى.باتمانوۋنىڭ تۈركچە ئايرىشقا دائىر بەزى كۆزقاراشلىرىمۇ ئىنتايىن مۇھىم. بىراق، ئۇ قىرغىز تىلىنىڭ تۈركىي تىللار گۇرۇپپىسىدىكى ئورنىنى بەلگىلەيدىغان بىرنەچچە قوشۇمچە ئۆلچەملەرنى كەلتۈرۈش بىلەنلا چەكلىنىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن، چەتئەل ئالىملىرىنىڭ تۈركىي تىللارنى تۈركچە ئايرىشقا قوشقان زور ئەمگەكلىرىنىمۇ تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك. بىراق، چەتئەل ئالىملىرى ئۆزلىرىنىڭ تۈركچە ئايرىش سىستېمىسىنى ياراتمىدى. ھازىر ئۇلار ئۆز تەتقىقات ئىشلىرىدا رۇس ئالىملىرى ئىلان قىلغان تۈركچە ئايرىشلاردىن پايدىلانماقتا.

ئا.بالبى⑮، ئا.رېمىۇز⑯، ئا.پالمبلاد⑰ ۋە ئا.ۋامبېرىلارنىڭ⑱ تۈركچە ئايرىشلىرى تاسادىپىي ئۇچراپ قالغان، ئۇ يەر-بۇ يەردىن يۇلۇپ ئېلىنغان تىلشۇناسلىق ۋە ئېتنوگرافىك مەلۇماتلارغا ئاساسلانغان. كېيىنكى دەۋرلەردىكى تۈركچە ئايرىشلار رۇس ئالىملىرىنىڭ تۈركچە ئايرىلغان ئىسخېمىلىرى ۋە تەتقىقاتلىرىغا تايانغان. بۇ ساھەدىكى ئەسەرلەردىن تۆۋەندىكىلەرنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

خ.ۋىنكـلېر[19] ۋە ك.فويـلارنىڭ[20] ئەسەرلىرى، گ.رەھـمەتىنىڭ[21] ۋ.رادلوۋ ۋە ف.كورشىنىڭ سىنتېزلىق تۇرگە ئايرىشىنى شەرھىلىگەن ماقالىسى، ۋېنگېرىيە ئالىمى ل.لىگېتىنىڭ[22] تۈرگە ئايرىشى ۋە فىنلاندىيە تۈركولوگـى م.رەسەنېنـىنىڭ[23] ئاخىرقـى ئەسـىرى. ئاپتور بۇ ئەسەردە گ.رامستېدتىنىڭ تۈرگە ئايرىشىنى تولۇقـلىغان ۋە ئالـتاي تىللىرىنىڭ ئومۇمى تۈرگە ئايرىلىشىنى كۆرسەتكەن.

XI ئەسىردىكى شەرق تىلشۇناسى مەھمۇت قەشقەرىنىڭ مەشھۇر دىۋانىدا تۈركى تىللارنىڭ تۈرگە ئايرىلىشىغا دائىر ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك مەلۇماتلار ئۇچرايدۇ. بۇ دىۋانـدا تىلـلار ئوغۇز، قىپـچاق، تۈرك (ئۇيغۇر) دىگەن ئاساسلىق گۇرۇپپىلارغا ئايرىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ تۈرگە ئايـرىلـىشىنىڭ ئاسـاسلىق ئۆلـچەمـلىرىمۇ بەلگىلەنگەن.

تۈركى تىللارنى تۈرگە ئايرىشتىكى ئۇرۇنۇشـلارنى كۆزىتىشـتىن شۇنداق ئومۇمـى خۇلاسە چىقىرىـشقا بولـىدۇكى، تۈرگە ئايـرىلغان ھەممە ئىسخېمىلارنىڭ بىر ئورتاق ۋە ئاساسلىق يېتەرسىزلـىكى بار. ئۇ بولسىمۇ، تىللار ئۆزلىرىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىن ۋە شۇ تىللاردا سۆزلەشكۈچى خەلقلەرنىڭ تەرەققىيات تارىخـىدىن ئايرىۋېتىلـگەن. تۈرگە ئايرىغۇچى ئاپتورلار بىر بولسا جۇغراپىيىـلىك ئالامەتلەرگە، يەنە بىر بولسا ئايرىم تىل ئالامەتلىرىگە (ئايرىم فونېتىكىلىق ھادىسىلەر ۋە گىراماتىكىلىق پاكىتلارغا) ئاساسلىنىپ، ھەرقايسى تىللارنىڭ تۈركى تىللار گۇرۇپپىلىرىنىڭ ئىچىدىكى ئورنىنى بەلگىلەيدىغان ئاساسلىق ئۆلچەملەرنى ھساپقا ئالمـىغان. بۇ ئاسـاسلىق ئۆلچەملەر تىللارنىڭ تەرەققىياتى ۋە تارىخـى، شۇنداقـلا، بىر تىلـنىڭ ئۆزىگە خوشنا بولغان تۇققان قەبىلە، خەلق ۋە مىللەتلەرنىڭ تىللىرى بىلەن

ۋە باشقا تىل گۇرۇپپىلىرىدىكى قەبىلە، خەلق مىللەتلەرنىڭ تىللىرى بىلەن بولغان باغلىنىشىدىن ئىبارەت.

تىللارنىڭ ھازىرقى پەن تەلەپلىرىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان تۈر ئايرىمىسى تىللارنىڭ تارىخىي تەرەققىيات جەريانىنى تۈركى خەلقلەر تارىخى بىلەن باغلاپ، تۈركى تىللارنىڭ پۈتكۈل گىراماتىكىلىق قۇرۇلۇشى ۋە لۇغەت تەركىۋىنى ھېساپقا ئالغان ئاساستا تۈزۈلۈشى لازىم.

تۈر ئايرىمىسىدا تۈركى خەلقلەر دائىرىسىدە بارلىققا كەلگەن بارلىق ئۇرۇق-قەبىلە تۈركۈملىرى (شۇنىڭغا ئاساسەن تىل تۈركۈملىرى) بەلگىلىك تارىخىي مەنبەلەر ۋە مەلۇماتلارنىڭ يار بېرىشچە كۆرسىتىلىشى كېرەك. شۇنداقلا، قەدىمقى تۈركى تىللارنىڭ بارلىق يازما يادىكارلىقلىرى ھېساپقا ئېلىنىشى كېرەك. بۇ يادىكارلىقلار ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ (خەلقلەرنىڭ) قايسى قەبىلە (خەلقلەر) تۈركۈمىگە تەۋە بولىدىغانلىقىنى ۋە ھەرقايسى تىللارنىڭمۇ قايسى تىللار تۈركۈمىگە كىرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ.

شۇنداق قىلىپ، مەلۇم بىر تۈركى تىللار گۇرۇپپىسى ئىچىدىكى تىللارنىڭ تۈر ئايرىمىسىنى تۈزۈشتە ئەڭ ئالدى بىلەن تۈركى خەلقلەرنىڭ تارىخىنى چىقىش قىلىش كېرەك، يەنى ئايرىم تۈركى قەبىلىلەر، قەبىلىلەر ئىتتىپاقلىرى، خەلقلەر ۋە ئۇلارنىڭ تىللىرىنىڭ شەكىللىنىشى ئۈچۈن شەرت-شارائىت ھازىرلاپ، تەدرىجى تەرەققى قىلغان ئۇرۇق، قەبىلە، قەبىلىلەر ئىتتىپاقلىرى ۋە خەلقلەرنى، شۇلارنى دەۋر قىلغان ئىجتىمائى-ئىقتىسادىي قۇرۇلمىلارنى تەتقىق قىلىش لازىم. ئۇنىڭدىن باشقا، تىللارنى تۈرگە ئايرىشتا بۇ تىللارنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە تۇققانلىق مۇناسىۋىتىنىڭ ئورتاقلىقى نەتىجىسىدە،

شۇنداقلا ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ بىر تۈركۈم ياكى بىر ئۇرۇق ۋە قەبىلە ئىتتىپاقىدا بولۇشى نەتىجىسىدە پەيدا بولغان گۇرۇپپا ياكى تارماق گۇرۇپپا ئىچىدىكى تىللارنىڭ ئوخشاشلىقىنى ھېساپقا ئېلىش بىلەنلا چەكلەنمەي، بەلكى ھەرقايسى تۈركۈملەرنىڭ يىمىرىلىشى نەتىجىسىدە، نەسەب تەرەققىياتى جەريانىدىكى كېلىپ چىقىشى ئوخشاشمىغان قەبىلە ۋە خەلقلەر تىللىرىنىڭ ئايرىم تىللارغا تەسىر كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە ۋە تىللارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئىچكى قانۇنىيەتلىرى بويىچە مۇستەقىل تەرەققىي قىلىشى نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن پەرقلەرنىمۇ ھېساپقا ئېلىش لازىم.

يۇقۇرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، تۈركىي تىللار تارىخىي جەھەتتىن ئېيتقاندا بىر پۈتۈن تۈركۈمدىن ئىبارەت بولۇپ، ئىپتىدائىي جامائە ئۇرۇق بىرلەشمىلىرىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى تۈركۈملىرىنىڭ گىرامماتىكىلىق قۇرۇلۇشى ۋە لۇغەت تەركىۋى ئوخشاش بولغان تىللىرىدىن تەرەققىي قىلىپ يېتىلگەن. بۇ تۈركۈم تەرەققىيات جەريانىدا ئۆزىنىڭ بىرلىكىنى، يەنى تىللارنىڭ بىر پۈتۈن گۇرۇپپىسىنى ساقلاپ كەلدى. لېكىن، بۇ تىللارنىڭ ئەڭ قەدىمقى تارىخىي ھادىسىلەردىن ئىبارەت ئوخشاشلىقى بولۇشى بىلەن بىللە، يەنە قەبىلىلەر ۋە قەبىلىلەر ئىتتىپاقلىرىنىڭ بىرلىشىش ۋە پارچىلىنىشىنىڭ بەلگىلىك دەۋرلىرىدە پەيدا بولغان ئوخشىماسلىقلىرىمۇ بار. بۇنداق ئوخشاشلىق ۋە ئوخشىماسلىقلار بۇ تىللارنىڭ تۈرلۈك باغلىنىشلىرى ۋە ئۆزگە تىللار بىلەن ئارىلىششى نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان.

شۇنداق قىلىپ، تۈركىي تىللارنىڭ تۈر ئايرىمىسى دېگىنىمىز تۈركىي خەلقلەر ۋە تۈركىي تىللارنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى دەۋرلەرگە بۆلۈشتىن ئىبارەتتۇر. دەسلەپتە ئىپتىدائىي ئۇرۇق جامائە

تۇزۇمىدىكى ئۇششاق ئۇرۇق بىرلەشمىلىرى، كېيىن يىرىك قەبىلە بىرلەشمىلىرى تەدرىجى ھالدا بارلىققا كەلگەن ۋە يىمىرىلگەن. بۇ بىرلەشمىلەرنىڭ تارىخىي كېلىپ چىقىشى ئورتاق بولۇپ، قەبىلىلەر تەرەققىياتىنىڭ بەلگىلىك دەۋرلىرىدە تۈرلۈك قەبىلىلەردىن تەركىپ تاپقان تۈركۈملەر بارلىققا كەلگەن. دېمەك، قەبىلە تىللىرىنىڭ تۈرلۈك تۈركۈملىرىمۇ شۇ تەرىقىدە بارلىققا كەلگەن. قەبىلىلەرنىڭ بىرلىشىشلىرى ۋە پارچىلىنىشلىرى نەتىجىسىدە خەلقلەرنىڭ كاتتا بىرلەشمىلىرى پەيدا بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، تۈركى تىللارنىڭ ئىچكى قىسمىدا كاتتا تىل گۇرۇپپىلىرى پەيدا بولدى. بۇ تىل گۇرۇپپىلىرى كېلىپ چىقىشى ۋە تىپولوگىيىسى جەھەتتىن ئورتاق مەنبەگە ئىگە بولغان تىللاردىن شەكىللەنگەن. لېكىن، تىللارنىڭ ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىشى ۋە بۆلۈنۈشىنىڭ مۇرەككەپ تارىخىي جەريانلىرى نەتىجىسىدە بۇ تىللار ھازىر بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدىغان بولۇپ قالدى.

دېمەك، تۈركى خەلقلەرنىڭ ھازىرقى تەركىۋى شەرقىي ياۋروپا، ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا، سىبىرىيە تېرىتورىيىسىدە بارلىققا كېلىپ ۋە پارچىلىنىپ تۇرغان ئۇرۇق-قەبىلە ۋە قەبىلە ئىتتىپاقلىرى، خەلقلەر، بىرلەشمىلەر ۋە دۆلەتلەرنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ نەتىجىسىدۇر. بۇ ئۇرۇق-قەبىلە ئىتتىپاقلىرى، قەبىلىلەر ۋە خەلقلەر بىرلەشمىلىرى ئۇزاق قەدىمقى زامانلاردىن تارتىپ ھازىرقى زاماندىكى مىللەتلەر بولۇپ ئۇيۇش-قانغا قەدەر تېخى مىللەت بولۇپ يېتىلمىگەنلىرى ئايرىم ساندا بولۇپ، بۇ مىللەتلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئۆز تەرەققىياتىنىڭ ئۇلۇغ ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلاۋىدىن كېيىنكى دەۋرىدىكى

سوتسىيالىزىم شارائىتىدا بارلىققا كەلگەن. تارىخىي جەھەتتىن ئېيىتـ
قاندا، تىل قۇرۇلۇشى ۋە لۇغەت تەركىۋى تۈركى تىللار بىلەن
ئورتاق بولغان تىللاردا سۆزلەشكۈچى ئىپتىدائى ئۇرۇق جامائە بىرلەشـ
مىلىرىدىنلا تەركىپ تاپقان بولۇپ قالماستىن، بەلكى يەنە كۆپلىـ
گەن فىن ـ ئۇگور، ئىران (ئاساسەن تاجىكلار بىلەن خارەزىملار)،
موڭغۇل، تۇنگۇس ـ مانجۇ، تىبەتتىن ۋە باشقا ھەر خىل ئۇششاق
قەبىلىلەرنى تەدرىجى ھالدا ئۆز تەركىۋىگە قوبۇل قىلغان. بۇ قەبىـ
لىلەر تۈركى قەبىلىلەرنىڭ ئۇ ياكى بۇ تۈركۈمىنىڭ تەركىۋىگە
كىرىپ ئۆز تىلىنى يوقاتقان.

تۈركى خەلقلەرنىڭ تەركىۋىگە قوشۇلغان بۇ ھەر خىل ئېتنىك
ئېلېمېنتلار بەزى تۈركى تىللارنىڭ شەكىللىنىشىگىمۇ مەلۇم دەرىجىدە
تەسىر كۆرسەتتى. بۇ تۈركى تىللار ئۆزگە تىللار بىلەن ئارىلاشقاندا
ئۆزىنىڭ گىراماتىكىلىق قۇرۇلۇشى ۋە ئاساسلىق لۇغەت فوندىنى
ساقلاپ قالدى. مەسىلەن: ھازىرقى زامان ئۆزبەك تىلى ۋە يېڭى
ئۇيغۇر تىلى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئالدىنقى ئەۋلات تىللىرى بولغان
كونا ئۆزبەك تىلى بىلەن كلاسسىك يېڭى ئۇيغۇر تىلى دەپ ئاتالغان
تىلنى (XVII — XIX ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر تىلى) ئالساق، بۇ تىللار
ئۆز ۋاقتىدا چاغاتاي ئەدەبىي تىلى دېگەن ئورتاق ئاتالغۇ بىلەن
ئاتالغان بولۇپ، ئەسلىدە تىللارنىڭ ئۆزئارا چېتىلىشى نەتىجىسىدە
بارلىققا كەلگەن. تىللارنىڭ ئاشۇنداق چېتىلىشىدا غالىپ چىققانلىرى
ئۆزبەك تىلى بىلەن يېڭى ئۇيغۇر تىلى، يېڭىلگەنلىرى سوغد، ساك
ۋە باشقىلارنىڭ قەدىمقى ئىران شىۋىلىرىدىن ئىبارەت بولدى.

شۇنىڭدەك، باشقا تىللار ۋە شۇ تىللاردا سۆزلەشكۈچى خەلقلەرمۇ،
مەسىلەن: قىرغىز تىلى ۋە قىرغىزلار، ئۇنىڭدىنمۇ تولاراق سىبىرىـ

يىدىكى تۈركى تىللار ۋە خەلقلەر، مەسىلەن: ياقۇت تىلى ۋە ياقۇت-
لارمۇ يالغۇز تۈركى قەبىلىلەر بىلەنلا ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرىگە
خوشنا بولغان ئۆزگە قەبىلىلەر ۋە ئۆزگە تىللار بىلەنمۇ ئۆزئارا
تەسىر كۆرسىتىش ۋە چىپىلىش نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن، يەنى
موڭغۇل (زور كۆپچىلىك تۈركى خەلقلەر ئوخشىمىغان دەرىجىدە
ئارىلاشقان)، تۇنگۇس - مانجو (ياقۇتلار ۋە ياقۇت تىلى ئارىلاشقان)،
ساموييد (تۇۋا ياكى چېرنىۋ تاتارلىرى ئارىلاشقان) قاتارلىق قەبىلە
ھەم تىللار بىلەن چىپىلىشتا بولغان. بۇ چىپىلىشلاردىمۇ يەنىلا تۈركى
تىللار غالىپ بولۇپ چىققان.

تەبىئىكى، تۈركى تىللارنىڭ ئوخشاشلىقى بولۇش بىلەنلا قالماي،
يەنە خېلى كۆپ ئوخشىماسلىقلىرىمۇ بار. بۇنداق ئوخشىماسلىقلار
ئۇلارنىڭ تۈرلۈك تارىخىي مۇناسىۋەتلىرىدىن كېلىپ چىققان.

تۈركى خەلقلەر ھەققىدىكى تارىخىي مەلۇماتلارغا ھەمدە قەدىمقى
ۋە ھازىرقى زاماندىكى تۈركى تىللارنىڭ ماتېرىياللىرىغا قارىغاندا،
تۈركى خەلقلەرنىڭ ئىنتايىن قەدىمقى زامانلاردا شەرقىي ۋە غەر-
بىي تۈرك قەبىلىلىرىگە ئايرىلغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. بۇنداق
ئايرىلىش ئىككى باسقۇچقا بۆلۈنگەن. بىرىنچى باسقۇچ مىلادىنىڭ
دەسلەپكى يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ. بۇ چاغدا بىر تۈركۈم قەبىلىلەر
غەربىي ھونلارغا، يەنە بىر تۈركۈم قەبىلىلەر شەرقىي ھونلارغا
قوشۇلغان. ئىككىنچى باسقۇچ VII — VIII ئەسىرلەرگە توغرا
كېلىدۇ. بۇ چاغدا، دەسلەپتە تۈرك دۆلىتىنىڭ، كېيىن ئۇيغۇر دۆلە-
تىنىڭ گۇمران بولۇشى بىلەن تۈركى قەبىلىلەر غەربىي ۋە شەرقىي
تۈركىلەرگە بۆلۈنۈپ كەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن غەرپتىكى ئوغۇزلار،
تۈركەشلەر، قارلۇقلار ۋە ياغما قاتارلىقلار بىر تەرەپكە، شەرقتە

قالغان ئۇيغۇرلار يەنە بىر تەرەپكە بۆلۈنۈپ كەتتى.

تۈرك گۇرۇپپىسىدىكى بارلىق هازىرقى زامان خەلقلىرى ۋە تىللىرى تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ كېيىنكى دەۋرلەردىكى غەربىي ياكى شەرقىي قەبىلىلەر ئىتتىپاقلىرىنىڭ تەركىۋىدە تۇرۇپ، نىسبەتەن يېقىنقى زاماندا شەكىللەنگەن. لېكىن، تارىخىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، ھەر بىر خەلق ۋە ھەر بىر تىل تېخىمۇ قەدىمقى شەرقىي قەبىلىلەر ئىتتىپاقلىرى بىلەن نەسەبلىك باغلىنىشتا بولغان.

ئالايلى، تۈركمەن تىلى غەربىي ئوغۇز قەبىلىلىرى دائىرىسىدە شەكىللەنگەن. غەربىي ئوغۇز قەبىلىلىرى ئىچىدە كېيىنكى ۋاقىتلاردا سالچۇقى قەبىلىلەر ئىتتىپاقىغا كىرگەن خەلقلەرمۇ بار ئىدى. شۇنداق قىلىپ، تۈركمەن تىلىنىڭ خرونولوگىيىلىك شەكىللىنىشى XI — VIII ئەسىرلەرگە توغرا كېلىدۇ. لېكىن، تۈركمەن تىلى ئوغۇزلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئۇنىڭدىن خېلى قەدىمقى تىل بولغان VIII — VI ئەسىرلەردە ئۆتكەن تۈرك دۆلىتىنىڭ ئورخۇن يېزىقلىرى تىلىغا، شۇنداقلا قەدىمقى خارەزىمنىڭ يەرلىك ئاھالىسىنىڭ تىلىغا باغلىنىدۇ.

شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش لازىمكى، ھەرقانداق بىر ھازىرقى زامان تىلىنىڭ بەلگىلىك مۇقىم تۈركۈمگە تەئەللۇق بولغان تىل ئاساسى شۇ خەلقنىڭ ئاساسىي نەسەبلىك يادروسىنى تەخمىن قىلىشقا ئىمكان بېرىدۇ. تۈركمەن تىلىنىڭ ئاساسى ئوغۇز تىلى ئىكەن، دېمەك، تۈركمەن خەلقنىڭ شەكىللىنىشىدىكى ھەل قىلغۇچ ئامىل ئوغۇزلاردىن ئىبارەت بولغان.

قاراقالپاق تىلى ۋە قىسمەن قازاق تىلى نىسبەتەن كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى چوڭ نوغاي ئوردىسىنىڭ تەركىۋىدە شەكىللەنگەن.

ئۇنىڭدىن ئىلگىرى بۇ تىللار نەسەب جەھەتتىن قىپچاقلارغا، ئۇنىڭ-دىنمۇ بۇرۇنقى دەۋردە، بىر تەرەپتىن، ئۇز-پەچەنەكلەر ۋە قىسمەن بۇلغارلارغا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يەرلىك ئاھالىسى بولغان ئوغۇزلارغا، شۇنداقلا قەدىمقى خارەزىملىقلار ۋە تاجىكلارغا چىتىلاتتى. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ خەلق-لەر ۋە ئۇلارنىڭ تىللىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى غەربىتكى تۈركى قەبىلىلەر ئىتتىپاقلىرىغا باغلىنىدۇ. ئەمما، نەسەپ جەھەتتىن بۇ خەلق-لەر قىپچاقلار ۋە پەچەنەكلەرنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق شەرقتىكى تۈركى قەبىلىلەر ئىتتىپاقلىرى بىلەنمۇ باغلىنىدۇ. بۇ تىللارنىڭ شەكىللىنىشىگە بىر تەرەپتىن، بۇلغار، خازار ۋە پەچەنەكلەر ئارقىلىق سلاۋيان ۋە فىن-ئۇگور قەبىلىلىرى، يەنە بىر تەرەپتىن، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خارەزىم ۋە تاجىك قەبىلىلىرى تەسىر كۆرسەتكەنلىكى مۇقەررەر.

قىرغىز تىلى، ئۇنىڭ ھازىرقى تەركىۋىدىن ئېيتقاندا، نىسبەتەن يېڭى تىل بولۇپ، قىپچاقلار ئارىسىدا شەكىللەنگەن. ئەمما، قىرغىز تىلىنىڭ ئومۇمى ئاساسى يېنىسەي قىرغىزلىرىنىڭ قەدىمقى قىرغىز دىيالېكتلىرىدىن ئىبارەت. يېنىسەي قىرغىزلىرى ئېتنىك تەركىۋى جەھەتتىن ئارىلاش خەلق ئىدى. ئۇلار قەدىمقى يېنىسەي تاش پۈتۈكلىرىدەك تىل يادىكارلىقلىرىنى قالدۇرغان. تۈركى تىللاردا سۆزلەشكۈچى بەزى خەلقلەرگە ئوخشاش، مەسلەن، سىبىرىيىدىكى تۈركى خەلقلەردىن ئالتاي، خاكاس، شور، تۇۋا قاتارلىقلارغا ئوخ-شاش قىرغىزلارنىڭمۇ ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە شەرقتە تۇرغانلىقى، بولۇپمۇ موڭغۇل قەبىلىلىرى (موڭغۇل تىلى خېلى يېڭى فورماتسىيە بولۇپ سانىلىدۇ) بىلەن بولغان بىۋاستە خوشنىدارچىلىقى قىرغىز

تىلىنىڭ ۋە شەرقتىكى باشقا تۈركى قەبىلىلەر تىللىرىنىڭ لېكسىكى-سىدا، شۇنداقلا فونېتىكا ۋە مورفولوگىيە جەھەتلىرىدە ئەكس ئەتتى (مەسىلەن: يېپىق بوغۇملاردىكى تەكرارلانغۇچى سوزۇلما سوزۇق تاۋۇشلار. بۇ، غەربتىكى تۈركى تىللاردا كۆرۈلمەيدۇ).

ئۆزبەك تىلى بىلەن يېڭى ئۇيغۇر تىلىمۇ، يۇقۇرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، «ساپ تۈركى تىللار» بولماستىن، بەلكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەسلىدىكى يەرلىك ئاھالىسى بولغان خارەزىملار، سوغدى-لار، تاجىكلار ۋە باشقا ئىران قەبىلىلىرىنىڭ تىللىرى بىلەن چېتىلىش نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان تىللاردىن ئىبارەت. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇ تىللار قەدىمقى تۈركى تىللار بىلەن، يەنى ئەڭ ئاۋال كونا ئۆز-بەك تىلى بىلەن، ئۇنىڭدىن قالسا، قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ تىلى بىلەن بولغان بىۋاستە باغلىنىشىنى ساقلاپ قالدى. قاراخانىلار تىلى بولسا، قارلۇق دىيالېكتلىرى ئاساسىغا ۋە ئۇنىڭدىنمۇ قەدىمقى بولغان تۈر-كەش ھەم ياغما دىيالېكتلىرى ئاساسىغا قۇرۇلغان. بۇ دىيالېكتلاردا سۆزلەشكۈچىلەر نەسەپ جەھەتتىن قەدىمقى ئۇيغۇرلار ۋە تۈركلەر (ئوغۇزلار) بىلەن باغلانغان.

ھەر بىر كونكرېت خەلقنىڭ باشقا تۈركى خەلقلەر بىلەن بولغان مۇرەككەپ تارىخىي باغلىنىشلىرىنىڭ ھەمدە قەبىلىلەر ئىتتىپاقلىرى ۋە خەلقلەرنىڭ شەكىللىنىش جەريانىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆرسى-تىش يۇزىسىدىن قاراقالپاق خەلقىنىڭ ئۇرۇق-قەبىلىلىرى تەركىۋى-نىڭ ماتېرىيالى ئاساسىدا مىسال كەلتۈرۈشكە بولىدۇ㉔.

قاراقالپاق خەلقىنىڭ تارىخى غەربتىكى قەبىلە ئىتتىپاقلىرى ۋە دۆلەتلەردىن — خازار، پەچەنەك، ئالتۇن ئوردا، نوغاي ۋە ئۆزبەك-لەرنىڭ تارىخى بىلەن، كېيىنكى ۋاقىتلاردا قازاقلارنىڭ قەبىلە ئىتتى-

ﭘﺎقلىرى بىلەن زىچ باغلانغان. تارىخىي مەنبەلەردىن قارىغاندا، بۇ قەبىلىلەر ئىتتىپاقلىرى ۋە دۆلەتلەرنىڭ بىر تەرەپتىن، غەربىي هونلار بىلەن، يەنە بىر تەرەپتىن، ئوغۇز ئىتتىپاقى، غەربىي تۈركلەر ۋە شەرقىي هونلار بىلەن نەسەبلىك ۋە ئۇرۇق-قەبىلىۋى باغلىنىشلىرى زىچ بولغان. دېمەك، قاراقالپاق خەلقى، خۇددى باشقا تۈركىي خەلقلەرگە ئوخشاشلا، ئۇرۇق ۋە قەبىلىلەرنىڭ مۇرەككەپ ئارىلاشمىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلار باشتا نوغايلار ۋە ئالتۇن ئوردا بىلەن، ئۇنىڭدىنمۇ بۇرۇنقى تارىخىي دەۋرلەردە دەشتى قىپچاقتىكى خەلقلەرنىڭ قىپچاق تۈركۈمىگە تەۋە بولغان قىپچاقلار ۋە پەچەنەكلەر بىلەن، ئەڭ قەدىمقى دەۋردە خازارلار ۋە بۇلغارلار بىلەن، يەنى غەربىي هونلار بىلەن يېقىن تارىخىي ۋە نەسەپلىك باغلىنىشتا بولغان. شۇڭا، قاراقالپاق خەلقىنى قەبىلە ئىتتىپاقلىرى تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي تارىخىي زەنجىرىدىن ئۈزۈپ ئېلىنغان قانداقتۇر بىرەر قەبىلە ياكى خەلقتىن كېلىپ چىققان دەپ قاراش تارىخىي جەھەتتىن توغرا بولمايدۇ.

قاراقالپاقلار بىلەن غەربىي تۈركلەرنىڭ قەبىلە ئىتتىپاقلىرىغا تەۋە بولغان خەلقلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى ئورتاقلىقنى بۇ خەلقلەرنىڭ ئۇرۇقلىرى تەركىبىدىكى ئورتاقلىقتىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بىراق، ئورتاق ئۇرۇق ۋە قەبىلە ناملىرىنىڭ سانى بۇ ئۇرۇق-قەبىلە باغلىنىشلىرىنىڭ ئۇزاقلىقىغا تەتۈر تاناسىپ. ئالايلى، هازىرقى قاراقالپاقلارنىڭ ئۇرۇق ۋە قەبىلە ناملىرىدىن خازارلارنىڭ ئۇرۇق ۋە قەبىلە ناملىرى بىلەن ئورتاق بولغىنى پەقەت بىرلا، يەنى «ئاۋاز» (ئاباس)㉕. بۇ، قاراقالپاقلارنىڭ هازىرقى «قىيئات» قەبىلىسىنىڭ بىر ئۇرۇق نامى. لېكىن، قاراقالپاقلارنىڭ خازارلار ۋە ئۇلارغا تارد-

خىي جەھەتتىن يېقىن بولغان پەچەنەكلەرنىڭ ئۇرۇق ناملىرى بىلەن ئورتاق بولغىنى ئۈچ: 1) پاتسىناق [26] — بۇ، پەچەنەكلەرنىڭ قەبىلە نامى بىلەن ئورتاق بولغان ئۇرۇق نامى؛ 2) خازارچە «تىلماتس»[27] دىگەن نام پەچەنەكچە «بۆرۈتولماچ[28]»؛ 3) خازارچە «ئاۋاز»[29]، پەچەنەكچە «ئاباس»[30].

پەچەنەكلەر بىلەن قاراقالپاقلارنىڭ ئورتاق قەبىلە ناملىرى مۇنۇ تۆرلۈك نامدىن ئىبارەت: 1) پەچەنەكچە قابۇقشىن (*Jula*)[31]. قاراقالپاقچە قاباسان. بۇ، قونغىرات قەبىلىسىنىڭ ئاشامايلى ئۇرۇق بىرلەشمىسىنىڭ تەركىۋىدىكى ئۇرۇق؛ 2) پەچەنەكچە ئاۋا، ئاۋاز[32]، قاراقالپاقچە ئاباس. بۇ، توقاي ئۇرۇغى بىلەن بىرلىكتە قىيئات قەبىلىسىنىڭ تاراقلى قىيئات ئۇرۇق بىرلەشمىسگە تەۋە، شۇنداقلا، ئارانشا كېنگېس[33] ئۇرۇق بىرلەشمىسگىمۇ تەۋە.

قىپچاقلار[34] بىلەن قاراقالپاقلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇق-قەبىلە باغلىنىشلىرى تېخىمۇ كۆپ: 1) قىپچاقچە نام — توقسابا، قىپشاق ئۇرۇغىنىڭ قاراقالپاقچە ئۇرانى ياكى چاقىرىغى «توقسابا»؛ 2) قىپچاقچە قاڭۇ ئوغلى، قاراقالپاقچە «قاڭلى» قىپشاق قەبىلىسىنىڭ تەركىۋىدىكى ئۇرۇق بىرلەشمىسىنىڭ نامى؛ 3) قىپچاقچە «قارا بىركلى» (قارا بۆركلى) قاراقالپاقچە قارا-قالپاق يەنى «قارا قالپاق»، «قارا بۆك» دىگەنگە توغرا كېلىدۇ؛ 4) قىپچاقچە «جۇز پان»، قاراقالپاقچە «پاڭ قارا». بۇ، قونغىرات قەبىلىسىنىڭ ئاشامايلى ئۇرۇق بىرلەشمىسىگە كىرىدىغان بىر ئۇرۇقنىڭ نامى؛ 5) قىپچاق «بۇرجۇغلى، ئانجۇغلى». سېلىشتۇرۇڭ: ئىككىنچى بوغۇمى قىپچاقچە ناملار بىلەن ئورتاق بولغان قاراقالپاقچە ئۇرۇق ناملىرى: بۇغۇجەيلى، شوۋجەيلى، مانجۇلى // مانجۇيلى.

قاراقالپاقلار بىلەن نوغايلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇق-قەبىلە باغلىنىشلىرى ئەڭ زور دەرىجىدە زىچ ئورنىتىلغان[35]. تۆۋەندە ئورتاق ئۇرۇق ناملىرى كەلتۈرۈلدى:

| قاراقالپاقچە | نوغايچە |
| --- | --- |
| خان تەكلى // قاندەكلى | خان ئۇرۇۋۇ |
| قىتاي | قىتاي |
| قاڭلى | قاڭلى |
| ئىرغاقلى | ئىرغاقلى |
| قوڭغىرات | قوڭغىرات |
| قازا ياقلى | قازا ياقلى |
| قوستامغالى | قوستامغالى |
| ئاشامايلى | ئاشامايلى |
| قىپشاق | قىپشاق // قۇپشاق |
| نۆكىس | نۆكىس |
| مانغىت | مانغىت |
| كېنېگېس | كېنېگېس |
| ئۇيغىر | ئۇيغىر |
| تېلىپ، تېلەۋبەردى، تېلېس // تۆلۆس | تېلىۋ |
| تاراقلى | تاراقلى |

قاراقالپاق خەلقىنىڭ غەرپتىكى ئومۇمى قەبىلەر ئىتتىپاقلىرىنىڭ شەكىللىنىشىدە ئىشتىراك قىلغان باشقا خەلقلەر[36] بىلەنمۇ خېلى يېقىن ئۇرۇقداشلىق باغلىنىشلىرىدا بولغانلىقىنىمۇ كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. مەسىلەن: قازاقلار بىلەن [ئورتاق ئۇرۇق ناملىرى: قاڭلى، شەردىۋشى، بالغالى، ئاشامايلى، قايشىلى، تەرىستامغالى، قارا موين، قان-

جىغالى، باغانالى، تاراقتى (قارا قالپاقچە «تاراقلى»)، قونغىرات، مايلىبالتا، تىلەۋ ۋە باشقىلار]؛ ئۆزبەكلەر بىلەن [ئۇيغۇر، قونغىرات، قىيئات، جالايىر، نۆكۈر، قىتاي، ئۇرۇق ئايرىمىلىرى - قانجىغالى، قوشتامغالى (قاراقالپاقچە «قوستامغالى»)، قاراقلى، بالغالى، قىپچاق (قاراقالپاقچە - قىپشاق)، قاڭلى، كېنىگېس، مانغىش]؛ باشقىرتلار بىلەن (قىپچاق، قىتاي، تاز، تېلېۋ، قاڭلى قاتارلىق)؛ قۇراما خەلقى بىلەن (قارا قىتاي، كېردېرى // كېردېرلى، تېلېۋ، تاراقلى قاتارلىق) ۋاھاكازا.

ئاخىردا، قاراقالپاقلارنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا غەربىي ۋە شەرقىي تۈركلەر بىلەنمۇ ئورتاق ئۇرۇق نامىلىرىنىڭ بار ئىكەنلىگىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش لازىم. مەسىلەن، مۇنۇ ئۇرۇق نامىلىرىنى سېلىشتۇرۇڭ: شۇلجۇغۇت // شۇلجۇۋۇت <شۇلجۇغ+ئۇت // شۇلجۇۋ+ئۇت. بۇلار ئېھتىمال، سالچۇقلارنىڭ ئوغۇز قەبىلە ئىتتىپاقىغا مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك. تۆلۆس // تۆلېس دېگەن ئۇرۇق نامى شەرقتىكى تۆلۆس قەبىلىسىگە مۇناسىۋەتلىك، ئۇيغۇر دېگەن نام قەدىمقى ئۇيغۇر دېگەن قەبىلە نامىغا مۇناسىۋەتلىك ۋاھاكازا.

بۇ جەھەتتە ئالتايلىقلارنىڭ ئۇرۇق - قەبىلە تەركىۋى ناھايىتى ئوبدان ئۆلگە بولالايدۇ. ئالتايلىقلارنىڭ ئۇرۇق - قەبىلە تەركىۋىدىن ئالتايلىقلارنىڭ تۆۋەندىكىدەك قەدىمقى ئۇرۇق ۋە قەبىلىلەر بىلەن بولغان نەسەبلىك باغلىنىشلىرىنى ئېنىقلاشقا بولىدۇ: تېلى (تېلە ئۇت، تېلېڭىت) تۈركەش، تۆلۆس، قىرغىز، ئۇنىڭدىن كېيىنكى بىرلەشمىلەردىن قىپچاق، بۇرۇت قاتارلىقلار بىلەن، موڭغۇل قەبىلىلىرىدىن نايمان (مايمان)، ئويرات، موڭغۇللار بىلەن، شۇنداقلا شىمالىي ئالتاي قەبىلىلىرىدىن تۇبا، قۇماندىلارنىڭ تەركىۋىگە ۋە

تۇۋا، خاكاس خەلقلىرىنىڭ تەركىۋىگە قوشۇلغان نېنېتس ۋە ئوستياك قەبىلىلەر بىرلەشمىلىرى بىلەن.

ئۇرۇق ۋە قەبىلە ناملىرىدا ساقلىنىپ قالغان ئۇرۇق-قەبىلە مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئىزلىرى تامامەن ئوبىكتىپ ئۆلچەم بولۇپ، بۇ ئۆلچەم بىر خەلقنىڭ سىنخرونىزىم (ئىككى ياكى بىرنەچچە ھادىسىنىڭ ماس بولۇشى) كۆرۈنۈشىدىكى قەبىلىۋى تەركىۋىنىلا ئېنىقلاپ قالماستىن، بەلكى قەبىلە ئىتتىپاقلىرى، خەلقلەرنىڭ تەرەققىياتى ۋە شەكىللىنىشىنىڭ دىئاخرونىزمىنى (ھادىسىلەرنىڭ بىر بىرىدىن ئايرىلىپ تۇرغان يەككە ھالىتى)، قايسى قەبىلە تۈركۈمى ۋە قەبىلە ئىتتىپاقىغا تەۋە بولغانلىقىنى ئېنىقلاشقىمۇ ۋە بۇ قەبىلە تۈركۈملىرى بىلەن قەبىلە ئىتتىپاقلىرىنىڭ داۋاملاشقان ۋاقتىنى ھەم مۇقىملىق دەرىجىسىنى ئېنىقلاشقىمۇ ئىمكان بېرىدۇ. بۇ ئارقىلىق، ئاساسلىق ئۆلچەم بولغان تىلنى ئېنىقلاشقىمۇ شارائىت ھازىرلىنىدۇ. چۈنكى، ھەرقايسى تىللارنىڭ ئاساسلىق لۇغەت فوندى ۋە لۇغەت تەركىۋىدە ئۇ ياكى بۇ تۈركۈمنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى روشەن ئىپادىلىنىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، ھازىرقى زاماندىكى بارلىق تۈركى تىللارنى، ئۇلارنىڭ بارلىققا كېلىش تارىخىغا ئاساسەن، ئىككى چوڭ گۇرۇپپىغا ياكى تارماققا، يەنى تۈركى تىللارنىڭ غەربىي ھون تارمىقى ۋە شەرقىي ھون تارمىقى دەپ ئىككىگە بۆلۈشكە بولىدۇ. بۇنداق بۆلۈنۈش، شۇ تىللاردا سۆزلەشكۈچى خەلقلەرنىڭ ياۋروپا ۋە ئاسىيا تېررىتورىيىسىدە ئولتۇراقلاشقان ھازىرقى جۇغراپىيىلىك چېگرىلىرىغىمۇ ماس كېلىدۇ. ئەمما، بۇنداق بۆلۈنۈش مەلۇم دەرىجىدە شەرتلىك بولىدۇ. چۈنكى شەرقىي ۋە غەربىي قەبىلە ئىتتىپاقلىرىنىڭ ئۆزئارا

باغلىنىشلىرى تاكى ئەڭ يېقىنقى تۈركۈملەر پەيدا بولغانغا قەدەر ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىپ كەلگەن.

تۈركى تىللارنىڭ مەيلى غەربىي هون تارمىقى بولسۇن ياكى شەرقىي هون تارمىقى بولسۇن، هەر ئىككىسى كونكرېت تىللارنى بىرلەشتۈرىدىغان ئۆزىنىڭ گۇرۇپپىلىرى ۋە تارماق گۇرۇپپىلىرىغا ئىگە. بۇ كونكرېت تىللارنىڭ ئۆزئارا يېقىنلىقى يەنىمۇ زىچراق بولغان تارىخىي باغلىنىشلار بىلەن، شۇنداقلا، بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك هالدا تىل جەھەتتىكى باغلىنىشلار بىلەن بەلگىلىنىدۇ. هەر بىر تارماق، گۇرۇپپا ۋە تارماق گۇرۇپپا ئۆزىنىڭ ئالامەتلىرى ۋە ئالاهىدىلىكلىرىگە ئىگە. تىل جەھەتتىكى بۇنداق ئالامەتلەر ۋە ئالاهىدىلىكلەر بۇ تىللارنىڭ تۈرلۈك تىل تۈركۈملىرىگە قوشۇلۇشى نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان ئوخشاشلىقلار ۋە پەرقلەرنى خاراكتېرلايدۇ. هەر بىر تىل ئۆزىنىڭ خاسلىقى ۋە كونكرېت تىل ئالاهىدىلىكلىرىگە ئىگە. بۇنداق خاسلىق ۋە ئالاهىدىلىكلەر شۇ تىلنىڭ بىر گۇرۇپپا ياكى تارماق گۇرۇپپا ئىچىدىكى ئۆز ئالدىغا ئايرىم تىل ئىكەنلىكىنى بەلگىلەيدۇ. تەبىئىكى، تىل بىرلەشمىلىرى قانچە يىرىك بولسا، بۇ تىللارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئورتاقلىقمۇ شۇنچە كونا ۋە شۇنچە قەدىمى بولىدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئۇنىڭ تەركىۋىدىكى تىللارنىڭ ئوخشاشلىق ئالامەتلىرى ئاز، پەرقلىق ئالامەتلىرى كۆپ بولىدۇ. تىل بىرلەشمىلىرى قانچە كىچىك ۋە ئۇششاق بولسا، ئۇلارنىڭ تەركىۋىدىكى تىللار شۇنچە يېڭى ۋە يېقىنقى تىللاردىن ئىبارەت بولىدۇ. بۇنداق گۇرۇپپىلارغا تەۋە بولغان تىللارنىڭ ئوخشاشلىق ئالامەتلىرى كۆپ، پەرقلىق ئالامەتلىرى ئاز بولىدۇ.

تۈركى تىللىق خەلقلەر ۋە قەبىلىلەر قاتناشقان ئەڭ قەدىمقى

بىرلەشمىلەر ۋە قەبىلىلەر ئىتتىپاقلىرىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىن مەلۇمكى، بۇ بىرلەشمىلەر ئىچىدىكى ئەڭ قەدىمقىلىرى غەربىي هونـ-لار بىرلەشمىسىگە قاتناشقان غەرپتىكى تۈركى قەبىلىلەر (بۇلغار، خازار، ئوغۇز ياكى ئۇز ۋە قىسمەن پەچەنەك، كېيىنكى ۋاقىتلاردا قىپچاق قاتارلىقلار) دىن تۈزۈلگەن. شەرقتە بولسا، شەرقىي هون بىرلەشمىسىگە قاتناشقان تۈركى قەبىلىلەر (تۈرك، ئۇيغۇر، قىرغىز قاتارلىقلار) دىن تۈزۈلگەن. شۇنداق قىلىپ، هازىرقى زاماندىكى تۈركى خەلقلەر ۋە تۈركى تىللارنىڭ شەكىللىنىشى ئوخشىمىغان دەرىـ-جىدە، بىر بولسا غەربىي قەبىلىلەر بىرلەشمىسىگە، يەنە بىر بولسا شەرقىي قەبىلىلەر بىرلەشمىسىگە باغلانغان. شۇنىڭغا ئاساسەن، تۈركى خەلقلەر ۋە تىللارنىڭ غەربىي هون ۋە شەرقىي هون تارماقلىرىدىن ئىبارەت ئىككى تۈرى هاسىل قىلىنغان.

## A. تۈركى تىللارنىڭ غەربىي هون تارمىقى[37]

تۈركى خەلقلەرنىڭ غەربىي هون تارمىقى تارىخىي جەھەتتىن ئەڭ قەدىمقى زامانلاردا غەرپكە ئىچكىرىلەپ كېلىپ، تەدرىجىي هالدا غەربىي هون قەبىلىلەر ئىتتىپاقىغا، ئۇنىڭدىن كېيىنكى تارىخىي دەۋلەردە قىسمەن هالدا غەربىي تۈرك قەبىلىلەر ئىتتىپاقىغا قاتناشـ-قان تۈركى قەبىلىلەردىن هاسىل بولغان. بۇنىڭدىن مۇنداق يىرىك ئۇرۇق-قەبىلە بىرلەشمىلىرىنىڭ تىللىرى بارلىققا كەلگەن: 1) بۇلغارلار ۋە بۇلغار تىللىرى گۇرۇپپىسى؛ 2) ئوغۇزلار ۋە ئوغۇز تىللىرى گۇرۇپپىسى؛ 3) قىپچاقلار ۋە قىپچاق تىللىرى گۇرۇپپىسى؛ 4) قارلۇقلار ۋە قارلۇق تىللىرى گۇرۇپپىسى. غەربىي هون تارمىقىـ-

دىكى تۈركى تىللارنىڭ بۇ تىللارنى شەرقىي ھون تارمىغىدىكى تىللاردىن ئايرىپ تۇرىدىغان خاراكتېرلىق ئالاھىدىلىكى مۇنۇلاردىن ئىبارەت:

1) فونېتىكا تۈزۈلمىسىدە: a) مۇنۇ قەدىمقى تاۋۇشلارنىڭ ئال-ماشقانلىغى: ز، د، ت>ي، مەسىلەن: ئاياق // ئازاق // ئاتاخ ئەمەس؛ b) جاراڭلىق ۋە جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلارغا بۆلۈنۈشىنىڭ كۆپلۈكى: ب-پ، ك-گ، س-ز، د-ت؛ c) دىففېرېنسىيىلىك ئۈزۈك تاۋۇش فونېمىلىرى «خ، ۋ، ھ» لارنىڭ بار بولغانلىغى ۋاھاكازا؛

2) ئاساسلىق لۇغەت فوندىدا: ئەرەپ ۋە پارس تىللىرىدىن قوبۇل قىلىنغان لېكسىكىنىڭ كۆپ بولۇشى ۋە موڭغۇل تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان لېكسىكىنىڭ نىسبەتەن ئاز بولۇشى؛

3) گىراماتىكىلىق قۇرۇلۇشتا: a) قوشما جۈملە تۈزۈلمىسىنىڭ بىرقەدەر راۋاج تاپقانلىغى ۋە باغلىغۇچىلارنىڭ، جۈملىدىن يات تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان باغلىغۇچىلارنىڭ كۆپ بولۇشى؛ b) ئىسىم بىرىكمىلىرى ۋە پېئىل شەكىللىرى بىرىكمىلىرى بولۇپ كېلىدىغان قىسقارتىلما سۆزلەر بىرىكمىلىرىنىڭ ئاز بولۇشى ۋاھاكازا.

يۇقۇرىدا كۆرسىتىلگەن ئاساسلىق بەلگىلەر غەربىي ھون تارمىغىدىكى تۈركى تىللارنى شەرقىي ھون تارمىغىدىكى تۈركى تىللاردىن ئايرىپ تۇرىدۇ. بۇ ئومۇمى بەلگىلەردىن سىرت، غەربىي ھون تارمىغىدىكى ھەر بىر تىل گۇرۇپپىسى ئۆزىنىڭ يەنىمۇ كونكرېت، خاس بەلگىلىرىگە ئىگە. بۇ بەلگىلەر مەزكۇر تىل تارمىغىدىكى گۇرۇپپىلارنى بىر بىرىدىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدۇ.

# 1. بۇلغار گۇرۇپپىسى

بۇلغارلار ۋە بۇلغار تىلى هازىرقى زاماندىكى چۇۋاشلار ۋە چۇۋاش تىلىدىن ئىبارەت يىپقىن ۋارىسلىرىنى قالدۇرۇپ كېتىش بىلەنلا قالماي، بەلكى يەنە باشقا قەبىلىلەر بىلەن، يەنى سلاۋيانلار، فىن-ئۇگورلار ۋە ياۋروپا تېررىتورىيىسىگە كېيىن كەلگەن تۈركى قەبىلىلەر (ئوغۇزلار ياكى ئۇزلار، قىپچاقلار ياكى پولوۋلار قاتارلىقلار) بىلەن ئارىلىشىپ، باشقا تىللارنىڭ شەكىللىنىشىگىمۇ ئۆز هەسسىسىنى قوشقان.

تىللارنىڭ ئارىلىششى ۋە چېتىلىشى بولۇپمۇ تۆۋەندىكى تىللاردا روشەن ئىپادىلىنىدۇ. چۇۋاش تىلىدا: بۇ تىل تۈركى تىللارنىڭ گىرامماتىكىلىق قۇرۇلۇشى ۋە لۇغەت تەركىۋىنى ساقلاپ قالغان، لېكىن ئۇنىڭدا سلاۋيان، فىن-ئۇگور تىللىرىنىڭ ئېلېمېنتلىرى ۋە نەسەب جەھەتتىن ئۆزى بىلەن ئورتاق بولغان تاتار تىلىنىڭ كېيىنكى دەۋرلەردىكى ئېلېمېنتلىرىمۇ خېلى كۆپ. ۋېنگېر تىلىدا: بۇ تىل فىن-ئۇگور تىللىرىنىڭ گىرامماتىكىلىق قۇرۇلۇشىنى ساقلاپ قالغان بولسىمۇ، بۇلغارچە سۆزلەرنىڭ خېلى سالماقلىق قاتلىمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. شۇنداقلا تاتار ۋە باشقىرت تىللىرىدا: بۇ تىللار ئۆزلىرىنىڭ قىپچاقچە ئاساسىنى ساقلاپ قالغان. لېكىن بۇ تىللاردا قىپچاق تۈركۈمگە نىسبەتەن تارىخي جەھەتتىن خېلى قەدىمقى بولغان بولغار تىلىنىڭ ئىزلىرى بار.

بۇلغار تىللىرى گۇرۇپپىسى قەدىمقى تىللاردىن بۇلغار، خازار تىللىرىنى ۋە هازىرقى زامان چۇۋاش تىلىنى ئۆزئىچىگە ئالىدۇ. بۇ گۇرۇپپا ۋولگا ئەتراپىدىكى جايلارنىڭ ئەڭ قەدىمقى ئاھالىسى بولغان بولغارلار ياكى بۇلغارلارنىڭ (V ـ XIV ئەسىرلەر)، شۇنداقلا، غەربىي هونلارنىڭ تەركىۋىدىكى قەبىلىلەرنىڭ ئەۋلاتلىرى بولغان كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى دوناي بۇلغارلىرى ۋە خازارلارنىڭ ئارىسىدا بارلىققا كەلگەن. بۇلارنىڭ هازىرقى زاماندىكى ئەۋلاتلىرى قەدىمقى تىل قۇرۇلۇشىنى ساقلاپ قالغان چۇۋاشلاردىن ئىبارەت بۇلغار گۇرۇپپىسىدىكى بۇلغار ۋە خازار تىللىرىدىن ئىبارەت. قەدىمقى تىللارغا دائىر مەلۇماتلار ئىنتايىن ئاز بولۇپ، ئاساسىي جەھەتتىن جۇغراپىيىۋى ناملار ۋە خاس ئىسىملارغا مەركەزلىشىدۇ. بۇلار ۋىزانتىيە، ياۋروپا، ئەرمەن ۋە ئەرەپ ئاپتورلىرىنىڭ تارىخىي ئەسەرلىرىدە كۆرسىتىلگەن ناملار ۋە ئىسىملار، شۇنداقلا قەبرە تاشلىرىغا ئويۇلغان خەتلەردىن ئىبارەت.

هازىرقى زامان چۇۋاش تىلىغا يېقىن بولغان بۇلغار تىلىنىڭ خۇسۇسىيىتىنى ساقلىنىپ قالغان قەۋرە تاشلىرىدىكى ئايرىم سۆزلەردىن، شۇنداقلا ۋېنگىر ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە سلاۋيانچە ـ بۇلغارچە ئادەم ئىسىملىكلىرىدىن پەرەز قىلىشقا بولىدۇ[38].

خازار تىلى هەققىدىكى مەلۇماتلارمۇ ناهايىتى ئاز. خازارلارنىڭ تىلىنى ئىتىل، سەمەندەر، بەلەنجەر، ساركەل دىگەن شەھەر ناملىرىدىن سىرت، يەنە قەبىلە ناملىرى هەمدە ياۋروپا ۋە ئەرەپ مەنبەلىرىدىكى ۋاستىلىك ئالامەتلەردىن پەرەز قىلىشقا بولىدۇ[39].

هازىرقى زامان تىللىرىدىن بۇلغارچە خۇسۇسىيەتلەرنى ئەڭ ياخشى ساقلاپ قالغىنى چۇۋاش تىلىدۇر. شۇنداقلا، ئوغۇز گۇرۇپپە-

سىغا كىرىدىغان گاگائۇز تىلى ھەم تۈركى تىللارنىڭ قىپچاق گۇرۇپپىسىغا كىرىدىغان قارايىم، تاتار، باشقىرت تىللىرىدىمۇ بۇلغار تىلىنىڭ بەزى خۇسۇسىيەتلىرى كۆرۈلىدۇ.

بۇلغار گۇرۇپپىسىنىڭ غەربىي ھون تارمىقىغا كىرىدىغان باشقا تىللار گۇرۇپپىلىرىدىن پەرقلىنىدىغان خاراكتېرلىق بەلگىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1) فونېتىكىلىق تۈزۈلمىسىدە: $a$) سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئالاھىدە بىر سىستېمىسىنىڭ بولۇشى، جۈملىدىن ئىككى لەۋلەشكەن ۋە ئىككى لەۋلەشمىگەن تولۇقسىز سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ بولۇشى؛ $b$) باشقا گۇرۇپپىلاردىكى تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان بىر قىسىم سۆزلەردە سۆز بېشىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ دىفتونگلارغا ۋە دىفتونگسىمان بىرىكمىلەرگە ئالماشتۇرۇلۇشى، مەسىلەن: يىرت ـ (ئېرت ـ دېگەندىن ئېلىنغان) «ھايدىماق»، يېكېۋ (ئېكېۋ) «ئىككى»، يىر (ئىز) «ئىز»، ۋۇت (ئوت) «ئوت»، ۋىرىن (ئورىن) «ئورۇن» ۋاھاكازا؛ $c$) باشقا تىللاردىكى سۆز ئاخىرىدا كېلىدىغان ئۈزۈك تاۋۇش $Z$ نىڭ $r$ ئۈزۈك تاۋۇشىغا ئالمىشىشى، مەسىلەن: جەۋار (ئاغىز // ئاۋىز)، پەر (بۇز) «مۇز»، خىر (قىز)، كىر (كۇر) ۋاھاكازا؛ $d$) باشقا تىللاردىكى ي ~ژ~ج ~د~چ فونېمىلىرىنىڭ ئورنىغا ئالاھىدە بىر خىل تەلەپپۇز قىلىنىدىغان ئۈزۈك تاۋۇش فونېمىسى $c$ نىڭ بولغانلىقى؛ $e$) باشقا تىللاردىكى جاراڭلىق ۋە جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئورۇننى ئىگەللىگەن ئالاھىدە بىر خىل ئۈزۈك تاۋۇش فونېمىلىرىنىڭ، شۇنداقلا يۇمشاقلاشقان جۈپ ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ بولۇشى؛ $f$) ھەر قايسى تىللاردا نۆۋەتلىشىدىغان د~ت، ر~ي ئۈزۈك تاۋۇشلىرىنىڭ $r$ ئۈزۈك تاۋۇشىغا ئالمىشىشى، مەسىلەن: ئۇرا (ئاداق // ئازاق // ئاياق)

ۋاھاكازا؛ g)باشقا تىللاردىكى ش~س ئۈزۈك تاۋۇشىنىڭ ل ئۈزۈك تاۋۇشىغا ئالمىشىشى، مەسىلەن: خىل (قىش، قىس)؛ تېلىك(تۆش~تۆس) «چۆش»، ئالاك(ئىشىك~ئېسىك) ۋاھاكازا.

2) لۇغەت تەركىۋىدە پەقەت مۇشۇ گۇرۇپپىغىلا خاس بولۇپ، باشقا تۈركى تىللاردا مەۋجۇت بولمىغان سۆزلەرنىڭ خېلى كۆپ بولۇشى. مەسىلەن: جىن(ئادەم)، سەمسا(بۇرۇن)، جامكا(ماڭلاي)، جۇرام، قاجان (دۈمبە)، ئارەم(ئايال)، جاتما(ساپلىق)، كۇركا(كوزا)، جىجې(پۇت)، تۇلە(بۇغداي)، مەيەر(ياڭاق) ۋاھاكازا. شۇنداقلا، كېلىپ چىقىشى سلاۋيان تىللىرى بىلەن ئورتاق بولغان سۆزلەرنىڭ ۋە كېلىپ چىقىشى فىن-ئۇگور تىللىرى بىلەن ئورتاق بولغان لېكسىكىنىڭ خېلى كۆپ بولۇشى؛

3) گىراماتىكىلىق قۇرۇلۇشى جەھەتتە، باشقا گۇرۇپپىلاردىكى تىللارنىڭ مورفولوگىيىسى ۋە سىنتاكسىسىدىن خېلى زور دەرىجىدە پەرقلىنىدىغان، ئۆزىگە خاس مورفولوگىيە ۋە سىنتاكسىسنىڭ بولغانلىقى.

## قەدىمقى تىللار

### بۇلغار تىلى⑩

بۇلغار تىلى VI-VII ئەسىرلەردە ۋولگا ۋە كاما دەريالىرىنىڭ ئەتراپىدىكى جايلاردا پەيدا بولغان بۇلغار دۆلىتى ئاھالىسىنىڭ قەدىمقى تىلىدۇر. بۇ دۆلەت ئەينى زاماندىكى تارقاق ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركى ھەم غەيرى تۈركى ئۇرۇق ۋە قەبىلىلەردىن — ئۇتۇرغۇر، قۇتۇرغۇر، ئوغۇر، ساراغۇر، ئونوغۇرلار، شۇنداغلا سايىرلار⑪

(سوۋارلار)، پەرەز قىلىشىمىزچە ئاۋارلار[42] ۋە باشقىلارنىڭ بىرلىشىشى نەتىجىسىدە ۋۇجۇتقا كەلگەن. بۇ ئۇرۇق ۋە قەبىلىلەر ئۇنىڭدىن بۇرۇن كەڭ هون تۈركۈمىنىڭ تەركىۋىدە ئىدى.

يۇقۇرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، بۇلغار تىلىنىڭ رىيال يادىكارلىقلىرى سۆزلەر، بولۇپمۇ خاس ئىسىملاردىن ئىبارەت. بۇلغار ئىتتىپاقىنى تەشكىل قىلغان ئايرىم قەبىلىلەر تىللىرى ھەققىدىكى مەلۇماتلار تېخىمۇ ئاز. ئالايلى، ھازىرقى چۇۋاشلارنىڭ بىۋاستە ئەجداتلىرى بولغان سابىرلار (سوۋارلار) نىڭ تىلىدىن پەقەت بىرنەچچە سۆزلا ساقلىنىپ قالغان: سابىر (قەبىلە نامى)؛ ئىلىگبىر (ئىلىگ«بەگ»، «بەگزادە» + ئېر«ئادەم»)؛ ياكى بىلاخ بالاخ =تۈركچە مالاق «قوتاز» ۋە بولماخ، كۇنۇلسىز دىگەن بەگلەرنىڭ ئىسىملىرى. ئاۋارلارنىڭ تىلىدىن بولسا، شۇ قەبىلىنىڭ ئاۋار دىگەن نامىدىن باشقا ھېچقانداق مەلۇمات ساقلىنىپ قالمىغان. بۇ قەبىلە نامىنىڭ سۆز ئاخىرى سۇۋار، خازار، تاتار دىگەن قەبىلە ناملىرىنىڭ سۆز ئاخىرى بىلەن ئوخشاش.

بۇ تىلنىڭ تۈركى تىللار گۇرۇپپىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، شۇنداقلا ئۇنىڭ فونېتىكىلىق تۈزۈلمىسىنىڭ خۇسۇسىيىتى ۋە قىسمەن گىراماتىكىلىق قۇرۇلۇشى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈشكە ئىمكان بېرىدىغان سۆزلەر ۋولگا بۇلغارلىرىدا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋردىكى دۇناي بۇلغارلىرىدا كۆپرەك ساقلىنىپ قالغان. مەنبەلەردىن قارىغاندا، ۋولگا بۇلغارلىرى بىلەن دۇناي بۇلغارلىرىنىڭ تىلى بىر بولۇپ، ھازىرقى زامان تىللىرىدىن چۇۋاش تىلىغا ئەڭ يېقىن.

تۆۋەندە بىرگە مەلۇم بولغان بۇلغارچە سۆزلەرنىڭ تىزىملىكى بېرىلدى.

قەبرە تاشلىرىغا پۈتۈلگەن ۋە باشقا يادىكارلىقلاردىن ئېلىنغان بۇلغارچە سۆزلەرنىڭ (ۋولگا بۇلغارلىرى) تىزىملىكى[43]:

| ئەسلىدىكى يېزىلىشى | ترانسكرىپسىيە | چۇۋاش يېزىقىدىكى تەڭداشلىرى (تىرناق ئىچىدە هازىرقى يېزىلىشى) | تەرجىمىسى |
|---|---|---|---|
| جال | *jal* | Çул (Çул) | يىل |
| جور | *jür* | ÇЎр(Çĕр) | يۈز |
| جيرم | *jir(i)m* | Çирӗм(Çирĕм) | يىگىرمە |
| جيات | *j(i)yəṫ* | Çиччӗ(Çиччĕ) | يەتتە |
| جيارمنش | *j(i)yərm (i)nx* | Çирîммîщ (Çирĕммĕщ) | يىگىرمىنچى |
| تمراج | *ṫ(i)m(i)rəq* | тимирч (мимĕрч) | تۆمۈرچى |
| بيالم | *b(i)yəl(i)m* | пилликимнщ (пиллĕкĕмĕш) | بەشىنچى |
| بلوك | *b(i)lük* | пал ык (палăк) | هەيكەل، بەلگە |
| هير | *hir* | хîр(хĕр) | قىز |
| ايح | *ay(Ï)h* | уиых(уйăх) | ئاي |
| طحر | *ṫ(Ï)h(Ï)r* // *ṫ(u)h(u)r* | тухур // мўххур | توققۇز |
| تواتم | *ṫ(u)waṫ(Ï)m* | тувашым (тăвашăм) | توتىنچى[44] |

ئۇنىڭدىن باشقا، تۈرلۈك مەنبەلەردىن تۆۋەندىكى بۇلغارچە سۆزلەر خاتىرىلەنگەن[45]:

1. مەرتىۋە دەرىجىلىرى، ئۇنۋانلار، مەنسەپناملىرى قاتارلىقلار: قاغان، خان، باغاتۇر، ئەرمىيور، مالامىر، جەپا، بويىلا // بۇيىلا، تاگرى، قاۋخان، تارقان، تۇدۇن (رۇسچە مۇنۇ سۆز بىلەن سىلىشتۇ- رۇڭ: تۇرۇنوۋى)[46].

2. ئۇرۇق ناملىرى: چاقار، قۇۋيار، يۇپان، ئۇخسۇن، قۇرىگىر، بۇلغار.

3. خاس ئىسىملار (ئاساسىي جەھەتتىن خانلارنىڭ ئىسىملىرى): يابغۇخان، ئىسبۇل، ئىچىرگۇبويلا، قورمىشوس، قۇبرات (مىلادى 583 ـ 642 ـ يىللىرى)، ئەسپىرىخ // ئاسپەرۇخ (مىلادى 679 ـ 701 ـ يىللىرى)، قرۇم // قورۇم (مىلادى 803 ـ 814 ـ يىللىرى)، ئومۇرتاغ (مىلادى 814 ـ 831 ـ يىللىرى)، تەكتەم، سەۋاز، سوۋىنەخ، تەلەس، تەرۋەل، ئۇمور، بايان (قارالسۇن: «ئىگور پولكى ھەققىدە قوشاق» تىكى: بويان)[47].

4. مۇچەل يىللىرىنىڭ ناملىرى[48]: دۋانش (<تاۋشقان) «چاشقان يىلى»، تۆتىنچى يىلىنىڭ نامى؛ دىلوم [<دىلان، چۇۋاشچە بىلەن (جىلىن)] «ئىلان يىلى»، ئالتىنچى يىلىنىڭ نامى؛ مور (<موگغۇلچە- مورىن) «ئات يىلى»، يەتتىنچى يىلىنىڭ نامى؛ توخ (<تونۇخ) «توخۇ يىلى»، ئونىنچى يىلىنىڭ نامى؛ قۇچى «قوي يىلى»، ئون بىرىنچى يىلىنىڭ نامى؛ دوخس (<توڭۇز) «چوشقا يىلى»، ئون ئىككىنچى يىلىنىڭ نامى.

5. ئايلارنىڭ ناملىرى[49]:

1) ئالەم (<ئىلكى ئەم) «بىرىنچى ئاي»؛

2) شەگور ئالەم «ئىككىنچى ئاي»؛

3) ۋەچەم [قارالسۇن: چۇۋاشچە ـ ۋىچچى (ۋىججى)] «ئۈچىنچى

ئاي»؛

4 ) تۇتوم ［قارالسۇن: چۇۋاشـچە ـ تۇۋاتىم ( تاۋاتام)］ «تۆتىنـچى ئاي»؛

5 ) بەختى［<بەش］ «بەشىنچى ئاي»؛

6 ) ئالتوم ［چۇۋاشچە ئۇلتتى (ئۇلتما)］ «ئالتىنچى ئاي»؛

7 ) ......

8 ) شەختەم ［چۇۋاشچە ـ ساككىر (ساككار)］ «سەككىزىنچى ئاي»؛

9 ) تۇىرەم ［چۇۋاشـچە ـ تۇخخۇر (تاخخار)］ «توققۇزىنچى ئاي»؛

10 ) ئەنى ئالەم ［چۇۋاشچە ـ ۋۇنى (ۋۇنا)］ «ئونىنچى ئاي»؛

11 ) ۋەر ئەنى ئالەم ［چـۇۋاشـچە ـ ۋۇن پىـر (ۋۇن پىـر)］ «ئون بىرىنچى ئاي»؛

12 ) ......

بۇلغار تىلـىنىڭ مەلۇم بولغان ئالامەتلىرىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇ تىلنى فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى جەھەتتىن $x$~$z$ لىق تىللارغا ئەمەس، بەلـكى $l$~$r$ لىق تىـللارغا تەۋە قىلىشقا بولىدۇ. سېلىـشتۇرۇڭ: ھىر «قىز» (باشـقا تىلـلاردا قىز // قىس) ۋە بـىيەلىم «بەشىنچى» (باشقا تىللاردا بەشىنچى // بېسىنچى). شۇنداقلا، بىر قاتار مورفولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكلىرى جەھەتتىن بۇلغار تـىلى ھازىرقى زامان چۇۋاش تىلـىغا يېـقىن تىل بولۇش بىلەن خاراكـتېرلـىنىدۇ (سېلىـشتۇرۇڭ: دەرىجە سانـلارنىڭ ئوخشاشمـىغان ئىكـكى تۈرلۈك شەكلىنىڭ بولۇشى، مەسىلەن: جىيەرمىنىش «يىگىرمىنچى» ۋە بىيەلىم «بەشـىنچى»، تۇۋاتىم «تۆتىنـچى»، ۋەچىم «ئۈچىنـچى» ۋاھاكازا)؛ قەدىمقى سۆز ياساش قوشۇمچىسى ـ ئىق / ـ ئۇق ~ ـ ئىك / ـ ئۈك نىڭ بولغانلىـقى، مەسـىلەن: بىلۈك «ھەيـكەل»، «بەلگە»؛ ـ غان / ـ گەن

بىلەن كېلىدىغان شەكىللەرنىڭ ئورنىغا $mix/-mIx$ - بىلەن كېلە-
دىغان سۇپەتداشلىق شەكىللەرنىڭ ئىشلىتىلىشى. مەسىلەن: بېرىلمىش
(بېرىلگەن ئەمەس) ھەمدە -غاي/-گەي نىڭ ئورنىغا $-sün/-sun$ -
بىلەن كېلىدىغان شەكىللەرنىڭ ئىشلىتىلىشى. مەسىلەن: كىلسۇن
«كەلسۇن» (كىلگەي ئەمەس) ۋاھاكازا.

ماتېرىياللار ئىنتايىن كەمچىل بولسىمۇ، شۇنداق بىر پاكىتنى
مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، بۇلغار تىلى بىر خىل ئەمەس ئىدى
ھەمدە فونېتىكىلىق ۋە گىراماتىكىلىق پەرقلىرى بىلەن خاراكتېر-
لىنىدىغان دىيالېكتلىق ئالاھىدىلىكلىرى خېلى گەۋدىلىك ئىدى.
بۇنداق پەرقلەر ماكان جەھەتتىلا ئەمەس (ۋولگا بۇلغارلىرى ۋە
دۇناي بۇلغارلىرى)، بەلكى ۋاقىت جەھەتتىمۇ (VIII-XII ئەسىرلەر-
دىكى بۇلغارلار ۋە XII-XVI ئەسىرلەردىكى بۇلغارلار) كۆرۈلىدۇ.

فونېتىكا جەھەتتىكى پەرقلەردىن تۆۋەندىكىلەرنى كۆرسىتىپ
ئۆتەيلى:

1) $a\sim u$ سوزۇق تاۋۇشلىرىنىڭ نۆۋەتلىشىشى، مەسىلەن: جال
(چۇۋاشچە - جۇل) «يىل»؛

2) $i\sim a$ نۆۋەتلىشىشى، مەسىلەن: بىلۇك [چۇۋاشچە - پالىك
(پالاك)] «ھەيكەل»، «بەلگە»؛

3) $r\sim d$ ئۈزۈك تاۋۇشلىرىنىڭ نۆۋەتلىشىشى. مەسىلەن: تۇدۇن
ۋە تۇرۇنوۋى؛

4) $j\sim d\sim y$ نۆۋەتلىشىشى، مەسىلەن: جۇر «يۈز» (چۇۋاشچە-
جۇر)~دىلوم «ئىلان» (<دىلان، چۇۋاشچە - جېلېن)~يۇپان (خاس
ئىسىم)؛

5) $x\sim s$ نۆۋەتلىشىشى، مەسىلەن: شەختەم «سەككىزىنچى»

[چۇۋاشچە ـ ساككىر (ساككار)]؛

6) سۆز تەركىۋىدىكى تولۇق ۋە قىسقارغان تاۋۇش بىرىكمە-لىرىنىڭ ئۆزگىرىشى، مەسىلەن: قاغان~خان؛ تۇۋاتىم~تۇتوم «تۇتىمەن»، تىزىم~تىمىز «توققۇزىنچى» ۋەھاكازا.

## خازار تىلى⑩

خازار تىلى ۋولگا ۋە دون بويلىرىدا بولغان خازار دۆلىتى ئاھالىسىنىڭ قەدىمقى تىلىدۇر، خازار دۆلىتىنىڭ پەيدا بولغان ۋاقتى مىلادى IV ئەسىردىن كېيىن ئەمەس. بۇ دۆلەت VII ـ VIII ئەسىر-لەردە ئەڭ گۈللەنگەن دەۋرگە كىرىپ، X ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرى-مىدا يوقالغان. خازارلار خۇددى ئۇلارنىڭ يېقىن خوشنىلىرى بولغان بۇلغارلارغا ئوخشاش، تارقاق تۈركى، شۇنىڭدەك غەيرى تۈركى قەبىلە ۋە ئۇرۇقلارنىڭ ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت ئىدى. بۇ قەبىلە ۋە ئۇرۇقلار ئۇنىڭدىن ئىلگىرى هونلار ئىتتىپاقىنىڭ تەركىۋىدە ئىدى. هونلار ئىتتىپاقى مىلادىدىن بۇرۇنقى IIIئەسىردىن ئېتىۋارەن ئۇلۇغ ئوكيانىدىن شەرقىي ياۋروپاغىچە تارقالغان تۈرلۈك قەبىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

تۈرلۈك تارىخچىلار (ۋىزانتىيە، ئەرەپ، يەھۇدى ۋە باشقىلارنىڭ تارىخچىلىرى) Xئەسىرگە قەدەم قويغان دەۋردىكى خازار قەبىلىلەر ئىتتىپاقى تەركىۋىدە بولغان تۈرلۈك قەبىلە ناملىرى ئىچىدىن تۆۋەندىكى قەبىلە ۋە ئۇرۇقلارنى تىلغا ئالىدۇ:

خازار // كوزار، ئاۋىر // ئاۋار، ئاۋاز // ئاباز، بۇلغار، ساۋىر // سابىر، ئۇغۇز (<ئوغۇز)، تارنا، تىلماتىس // تالمىس، تاۋرىس، يانۇر، بىزال، پاتسىناك، ئاكاتسىر، ئالتسىئاگىر.

ئۇرۇق نامىلىرىنىڭ تەھلىلىدىن خازارلارنىڭ تەركىبى ئارىلاش بولغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. خازار ئۇرۇقلىرى ئىچىدە ھون ئىتتىپاقىنىڭ تەركىبىدە بولغان قەدىمقى ئۇرۇق نامىلىرىمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: بىر تەرەپتىن، خازار // كوزار، ئاۋىر // ئاۋار، ئاۋاز // ئاباز، بۇلغار، ساۋىر // سابىر ~ سۇۋار ۋە يەنە بىر تەرەپتىن، ئاكاتىسىر، ئالتىسئاگىر[51] ۋە پەچەنەكلەر (پاتسىناكلار) بىلەن ئۇزلارنىڭ (ئوغۇزلارنىڭ) قەبىلىۋى توپلىرى، شۇنداقلا غەيرى تۈركى خەلقلەر ۋە قەبىلىلەرگە ئائىت بولغان ئۇرۇق نامىلىرى.

ئۇرۇق ۋە قەبىلە نامىلىرىدىن سىرت تۆۋەندىكىدەك خازارچە سۆزلەر ساقلىنىپ قالغان. بۇ سۆزلەر جۇغراپىيىلىك ناملار، ياكى خاقانلارنىڭ ئىسىملىرى، ئۇنۋان ۋە مەنسەپ نامىلىرى[52]، يەنى خۇددى بۇلغار تىلىدىكىگە ئوخشاش لېكسىكىلىق ئېلېمېنتلاردىن ئىبارەت.

1. خاس ئىسىملار: بۇلان // بۇلغان (خازار خاقانىنىڭ ئىسمى)، ئىلدۇغان، بۈيۈك، تەكىن خازار، چۇل // چۇلى، چوربان تارخان.

2. جۇغراپىيىلىك ناملار: ئىتىل (پايتەختىنىڭ نامى)، ساركەل [<سارى كەل (سۆزمۇ-سۆز تەرجىمىسى: ئاق // سېرىق ئۆي)]، سەمەندەر (شەھەرنامى)، بەلەنجەر (شەھەرنامى)، بېك تارلۇۋ (جاي ئىسمى).

3. ئۇنۋان ۋە مەنسەپ نامىلىرى: قاغان (خاقان)، كەندىر قاغان (مەنسەپ نامى)، بەخ // بەك (بەگ)، بولىشچى // بولىشتىسى // بۇلىشتىسى (نايىپ) [ئالتاي تىلىدا بولۇشچى (ياردەمچى)]، ئىلىك «بىرىنچى، ئاساسلىق» (ئۇنۋان)، تارخان (ئىنئام قىلىنغان ئۇنۋان)، تۇدۇن (مەنسەپدار، رۇسچە تۇرۇنوۋى)، چائۇئىشگىر // جاۋىشگىر

(مەنسەپدار)، شاد // ئىشاد «خاقان بىلەن تۇققانلىقىنى كۆرسىتىدىغان ئۇنۋان» (يېنىسەي - ئورخونچە: شاد).

4. باشقا سۆزلەر: قارا «قارا» (قارا خازار)، سار (ى) «سېرىق» [سار (ى) كەل]، تىستىساكئون (قەدىمقى تۈركى تىلدا چېچەك) «رەخت نامى».

يۇقۇرىدا كۆرسىتىلگەن خازار تىلىغا دائىر ئازغىنا مەلۇماتلاردىنمۇ مۇنداق يەكۈن چىقىرىشقا بولىدۇ: بىرىنچىدىن، خازار تىلىنىڭ تۈركى تىللار گۇرۇپپىسىغا تەئەللۇق ئىكەنلىكى، ئىككىنچىدىن، بۇتىلدا بىرنەچچە دىيالېكتلارنىڭ، ئاز بولغاندىمۇ $q$ دىيالېكت ۋە $c$ دىيالېكتتىن ئىبارەت ئىككى دىيالېكتنىڭ بولغانلىقى، ئۈچىنچىدىن، خوشنىدارچىلىقتىكى غەيرى تۈركى تىللارنىڭ، بولۇپمۇ فىن - ئۇگور تىللىرىنىڭ تەسىر كۆرسىتىش ئېلېمېنتلىرىنىڭ بولغانلىقى.

يۇقۇرىدا كەلتۈرۈلگەن سۆزلەرنىڭ كۆپ قىسمى خازار تىلىنىڭ خېلى كېيىنكى تەرەققىيات دەۋرىگە تەئەللۇق. بۇ تىل X - 1X ئەسىرلەردە ئۆزىگە تۇققان بولغان باشقا تۈركى تىللار بىلەن، يەنى ئاساسي جەھەتتىن پەچەنەكلەر ۋە ئۇزلار (ئوغۇزلار) نىڭ تىللىرى بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن. ساقلىنىپ قالغان خازارچە سۆزلەردىن ئەڭ قەدىمقىلىرى جۇغراپىيىۋى ناملاردىن ئىبارەت: ئىتىل، ساركەل، سەمەندەر، بەلەنجەر ۋە بەك تارلۇۋ. باشقا سۆزلەرنى ئالساق، قىسمەنلىرىنى ھىساپقا ئالمىغاندا، بۇلار فونېتىكىلىق تۈزۈلمىسى جەھەتتىن شىمالىي ئوغۇزلار (پەچەنەكلەر ۋە ئۇزلار) نىڭ تىلىغا تەئەللۇق.

تارىخي مەنبەلەر، ئاساسي جەھەتتىن، ئەرەپ جۇغراپىيە شۇناسلىرى، تارىخچىلىرى ۋە تىلشۇناسلىرى (ئەل ئىستەھرى، ئەل بەكرى،

مەھـموٗت قەشقەرى قاتارلـىقلار) خازارلارنىڭ تـىلىنى شەرھىلەپ، بوٗتىلـىنىڭ بوٗلغار(ئەل ئىستەھرى)ۋە پەچـەنەكلەرنىڭ (مەھـموٗت قەشـقەرى) تىلـلىرىغا يېقىن ئىكەنلىـگىنى ۋە باشـقا توٗركى تـىللارغا ئوخشـمايدىغانلىـغىنى قەيت قـىلغان ئىـدى. ئاتاقلىق تارىخچى ۋە تىلشوٗناسلاردىن ۋ. گرىگورىيېۋ، ۋ. بارتولد، ئا. كوٗنىك، گ. ۋامبېرى قاتارلـىقلار خازار تىلـىنىڭ ھازىرقـى زامان چوٗۋاش تـىلى بىلەن بولغان نەسەپلىـك باغلىنىـشىنى كۆرسىتىپ (ۋ. بارتولد)، بوٗ تىلنى توٗركى تىللار گوٗرۇپپىسىغا تەئەللۇق دەپ قارايدوٗ.

## ھـازىـرقى تىل

### چوٗۋاش تىلى

چوٗۋاش تـىلى — سوۋېت ئىتـتىپاقىنىڭ تەركىۋىـدىـكى چوٗۋاش ئاپتونوم سوۋېت سوتسـىيالـىستىك جوٗمھوٗرىيىتـىنىڭ دۆلەت تـىلى. بوٗ تىلدا سۆزلىشىدىغانلارنىڭ ئوموٗمى سانى 1470000غا يېقىن.

ھازىرقى زامان چـوٗۋاش تـىلى خەلق ئېـغىز تـىلى ۋە يېزىـق ئەدەبىي تىلغا ئايرىلىدوٗ.

چوٗۋاش خەلق ئېـغىز تـىلى ئاساسلىق ئىككى دىيالېـكتقا بۆلۈ-نىدوٗ: 1) تۆۋەنكى (ئاناترى) ياكى « *u* »لىق دىيالېكت[مەسـلەن: «پوچ» دىـگەنىنىڭ ئورنـىغا «پوٗچ» (باش)]. بوٗ دىيا لېـكىت كاما ۋە ۋولگا دەرياللىرىنىڭ قوشوٗلغان جايىنىڭ جەنوٗبىدىكى تېرىتورىيىلەردىن تارتىپ تاكى ئوٗليانوۋ ۋە كوٗيبىـشېۋ ئوبلاستلىرىغا چېگرىداش جاي-لارغىچە بولغان ئارىلىقتا تارقالغان. 2) يوٗقوٗرىقى (ۋىريال) ياكى « *o* » لىق دىيالېكت [مەسلەن: «پوٗچ»دىگەنىنىڭ ئورنىغا «پوچ» (باش)].

بۇ دىيالېكت كاما دەرياسىغا قوشۇلىدىغان جايلارغا قەدەر بولغان ۋولگا دەرياسىنىڭ تاغلىق قىرغاقلىرىغا تەۋە تېرىتورىيىگە، يەنى تۋىلىسكي، كوزمودېمىيانىسكي، يادرىنىسكي ۋە قىسمەن چېبوكسارى رايونلىرىغا تارقالغان. ئاخىرقىسى لەۋلەشكەن تولۇقسىز سوزۇق a>o ۋە e>ɵ بىلەنمۇ خاراكتېرلىنىدۇ. مەسىلەن: ۋوروم (تۆۋەنكى دىيالېكتتا ۋارام، باشقا تۈركى تىللاردا ئۈزىن // ئۈزۈن؛ تاتار تىلىدا ئوزىن)؛ كومول تۆۋەنكى دىيالېكتتا كېمېل؛ باشقا تۈركى تىللاردا كۆمىش // كۆمۈش؛ تاتار تىلىدا كۆمىش). ھەر بىر دىيالېكت يەنە ئۆز نۆۋىتىدە ئايرىم گوۋورلارغا بۆلۈنىدۇ. يۇقارقى ۋە تۆۋەنكى دىيالېكتلار تارقالغان جايلارنىڭ ئارىلىقىدىكى چېگرىداش جايلاردا ياشىغۇچى ئاھالىلار ئالاھىدە ئارىلاش گوۋوردا سۆزلىشىدۇ.

تىلشۇناسلارنىڭ ئومۇمى يۈزلۈك ئېتىراپ قىلغىنىدەك، چۇۋاش خەلق ئېغىز تىلى ئىنتايىن قەدىمقى دەۋرلەردە شەكىللەنگەن تىللار-نىڭ بىرىدۇر. ھازىرقى زامان چۇۋاش تىلىدا بولسا، رۇس تىلى ۋە قىسمەن تاتار تىلىنىڭ يېقىنقى دەۋرلەردىكى تەسىرىنىڭ ئىزلىرى كۆرۈلىدۇ.

كۆپچىلىك تەتقىقاتچىلار چۇۋاش تىلىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە تەرەققىياتىنى تارىخي جەھەتتىن بۇلغار تىلىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە تەرەققىياتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قارايدۇ. چۈنكى، چۇۋاشلار بۇلغار-لارنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، ۋولگا-كاما بۇلغار دۆلىتىنىڭ تەركىۋىدە بولغان (VI-XIV ئەسىرلەر). چۇۋاش ۋە بۇلغارلارنىڭ تىلى ئۆز ئاساسىنى ساقلاپ قالغان ھالدا، باشقا خوشنا تىللار بىلەن زىچ ئالاقىدا بولۇپ تەرەققى قىلغان، يەنى تەڭ بالدۇرقى دەۋردە سكىف-سارمات، سلاۋيان ۋە فىن-ئۇگور تىللىرى بىلەن، ئۇنىڭدىن كېيىنكى

بىر دەۋردە يەنە باشقا تىللار بىلەن، جۈملىدىن تاتار، باشقىرت ۋە باشقا تۈركى تىللار بىلەن ئۆزئارا تەسىر كۆرسەتكەن بولغان. تىل-لارنىڭ بۇنداق ئۆزئارا باغلىنىشى ۋە تەسىر كۆرسىتىشى بۇ خەلقلەر-نىڭ تەرەققىيات جەريانىدا ئۇلارنىڭ تىللىرىنىڭ لۇغەتتىكى ئورتاق لېكسىكا فوندىنىڭ ئىشلەپ چىقىلىشىغا، شۇنداقلا كۆپلىگەن سۆزلەر-نىڭ ھەم چۇۋاش تىلىغا ھەم خوشنا تىللاردىن سلاۋيان (رۇس، ئۇكرايىن قاتارلىق)، فىن-ئۇگور (قەدىمقى دەۋرلەردە ۋېنگر تىلى، يېقىنقى دەۋرلەردە موردۋا، مارى)، تۈركى (تاتار، باشقىرت) قاتارلىق تىللار بىلەن ئۆزئارا چېتىلىشىغا تۈرتكە بولدى.

چۇۋاش تىلىنىڭ يۇقۇرىدا كۆرسىتىلگەن ئومۇمى خۇسۇسىيەتلىرى بۇلغار تىللىرىنىڭ پۈتۈن تارماق گۇرۇپپىسىغىمۇ خاس. ئۇنىڭدىن سىرت، چۇۋاش تىلى يەنە تۆۋەندىكى ئالامەتلەر بىلەنمۇ خاراكتېر-لىنىدۇ.

1. فونېتىكىلىق تۈزۈلمىسىدە:

a) توققۇز سوزۇق تاۋۇش فونېمىسى بار: 1) a؛ 2) ЬI (يۇقۇرىقى دىيالېكتتا ỹ) ـ ئېلىپبەدە ă؛ 3) ə؛ 4) û (يۇقۇرىقى دىيالېكتتا ỹ) ـ ئېلىپبەدە ĕ؛ 5) ы؛ 6) u؛ 7) y؛ 8) Y ـ ئېلىپبەدە ỹ؛ 9) O (سىرتتىن كەلگەن سۆزلەردە) ۋە ئون ئالتە ئۈزۈك تاۋۇش فونېمىسى بار:

П(П', б, б'), Ф(Ф'), В(В'), М(М'), Т(Т'ə, ə'), С(З, З'), Ç, ш, (Ш', Ж, Ж'), й, Ц, Ч'(Ж'), Н(Ң', Ң, Ң'), Л(Л'), Р(р'), К(К', r, r'), Х(Х', F, F);

b) بەزى سۆزلەرنىڭ تولۇق ئاھاڭلىق شەكىللىرى كاۋاك (< كوك، كۆك)؛ تاۋار (< تۇز، دۇز، توز)، موڭغۇلچە ـ دابۇسۇن؛

*c*) باشقا تۈركى تىللاردىكى سوزۇق تاۋۇش a نىڭ ئورنىغا ы
ياكى у سوزۇق تاۋۇشلىرىنىڭ ئالمىشىشى، مەسىلەن: ыltan(~
*altïn*) «ئالتۇن»، пыл(~*bal*) «هەسەل»، сухал(~*saķal*)،
улма(~*alma*) ۋاهاكازا.

*d*) هەر دائىم يۇمشاق ç,ŭ,ч' ۋە هەردائىم قاتتىق ц ,c دىن
باشقا، لەۋلەشكەن جۇپ ئۈزۈك تاۋۇشلار بار؛

*e*) باشقا تۈركى تىللاردىكى *fv*, تاۋۇشنىڭ ئورنىغا ȁ تاۋۇشى-
نىڭ ئالمىشىپ كېلىشى، مەسىلەن: ыȁал(ئوغۇل)، шаȁар(سۇغار،
سۇغارماق)؛

*f*) باشقا تۈركى تىللاردىكى *cv*, تاۋۇشنىڭ ш تاۋۇشىغا ئالمىشىپ
كېلىشى، مەسىلەن: шыȁ 'шу (سۇۋ، سۇ)؛ шар- (سىپ-، سىيمەك)،
شۇنىڭدەك باشقا سوزۇق ۋە ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئالمىشىشى هەم
نۆۋەتلىشىشى.

2. ئاساسلىق لۇغەت فونىدىدا: *a*) قەدىمقى ئارىلاش تىل لېك-
سىكىسىنىڭ زور بىر قاتلىمى بولۇپ، چۇۋاش تىلى بۇلار بىلەن
چېتىشىش جەريانىدا چۇۋاش تىلى غالىپ تىل بولۇپ چىققان؛ *b*)
فىن-ئۇگور تىللىرى لېكسىكىسىنىڭ زور بىر قاتلىمى بولۇپ، چۇۋاش
تىلى بۇلار بىلەن ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش ۋەزىيىتىدە تۇرماقتا؛
*c*) سلاۋيان تىللىرى، بولۇپمۇ رۇس تىلى ئارقىلىق قوبۇل قىلىنغان
لېكسىكىنىڭ زور بىر قاتلىمى بار.

3. گىراماتىكىلىق قۇرۇلۇشىدا: *a*) باشقا تۈركى تىللاردىكى
كۆپلۈك سان قوشۇمچىسى *lar*- // *lər*- (ۋاريانتلىرى بىلەن)نىڭ
ئورنىغا -sem- قوشۇمچىسىنىڭ كېلىشى؛ *b*) بۇيرۇق رايىنىڭ ئىنكار
شەكلى باشقا تۈركى تىللاردىكىدەك سۆزئارقا *mə* - // *am* - (ۋاريانت-

لىـرى بىلەن) نىڭ ئۇلىنىشى بىلەن ئەمەس، سۆز ئالدى *an* ـ نىڭ ياردىمى بىلەن ياسىلىدۇ؛ c) تۈپ سانـلارنىڭ تولۇق ۋە قىسقارغان شەكىللىرى بار؛ d) ئىملىق سۆزلەرنىڭ مورفولوگىيىلىك ئالاھىدىلىك- لىـرى خىلمۇ-خىل؛ e) ۋاستىلىق كېلىش قوشۇمچىسى بار ۋاھاكازا.

چۇۋاش تىلىدا ئىشلىتىلگەن يېزىق XVIII ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرى- مىدا بارلىققا كەلگەن بولسـمۇ، X1X ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندىلا مەلۇم دەرىجىدە مۇقىملاشتى. بۇ يېزىق 70-يىللاردا چۇۋاش يازغۇ- چىسى ۋە ئالىمى ئى. يا. ياكوۋلېۋ تەرىپىدىن ئىشـلەپ چىقىلـغان. چۇۋاش ئەدەبـىي تـىلى تۆۋەنكى دىيالېـكىت ئاساسـىغا قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇلۇغ ئۆكـتەبىر سوتـسىيالىستىك ئىنقىـلاۋىـدىن بۇرۇنقى تەرەققىياتى ئاستا بولغان، ئىنقىلاپتىن بۇرۇنقى ئەدەبىـيات ئاساسەن تەرجىمىدىن ئىبارەت بولۇپ، دىـنىي مەزمۇنـغا ئىگە ئىدى ۋە دىن تەرغىباتـچىلىرىـنىڭ قورالى بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇلۇغ ئۆكـتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىـلاۋىدىن كېيىنـلا چۇۋاش ئەدەبـىي تىلىـدىن پۈتۈن خەلق بەھرىمەن بولدى. باشلانغۇچ، ئوتتۇرا ۋە ئالى چۇۋاش مەكـتەپـلىرىـدە ھازىرقى زامان چۇۋاش ئەدەبـىي تىلـىدا دەرس ئۆتۈلمەكتە ۋە كەڭ كۆلەمدە بەدىئى، ئىلمىي ئەسەرلەر بېسىلماقتا.

چۇۋاش تىلى رۇس ۋە تاتار تىللىرى بىلەن زىچ ئالاقىدا بولۇپ، نۇرغۇنلىغان كەسـپىي ۋە پەنـنىي ئاتالـغۇلارنى قوبۇل قىلـدى. بۇ ئاتالغۇلار چۇۋاش تىلىنىڭ كېيىنكى تەرەقـقىياتـىغا تۈرتكە بولدى. چۇۋاش تىلـىدا ئىجادىي ئەسەرلەردىن سىرت، رۇس كىـلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە سوۋېت يازغۇچىلىرىنىڭ بەدىئى ئەسەرلىرىـنىڭ كۆپ- لىگەن تەرجىمىلىرى، شۇنداقلا ماركسىزىم-لېنىنىزىم كىلاسسىكلىرى- نىڭ تەرجىمىلىرى نەشر قىلىنماقتا.

شۇنداق قىلىپ، بۇلغار گۇرۇپپىسىنىڭ قەدىمقى تىلـلىرى بۇلغار ۋە خازار تىللىرى ھازىرقى زامان چۇۋاش تىـلى بىلەن قوشۇلۇپ، ئۆزلىرىنىڭ قەدىمقى خۇسۇسىيەتـلىرىنى زور دەرىـجىـدە ساقـلاپ قالغان. بۇ تىلـلار، شۇ خۇسۇسىيەتـلىرى بويىچە $l\sim r$ تىلـلار بولۇپ خاراكتېرلىنىدۇ. بۇ دىگەنلىك، بۇ تىللار نەسەب جەھەتـتىن ئالتاي تۈركۈمىنىڭ ئەڭ قەدىمقى دەۋرىگە، بىر پۈتۈن ئالتاي ھۇل تىـلى دەۋرىگە باغلىنىدۇ، دىگەنلىكتۇر. بۇ ئالتاي ھۇل تىلىدىن بۆلۈنۈش ئارقىلىق تۈركى، موڭغۇل ۋە تۇنگۇس-مانجۇ تىللىرى پەيدا بولغان. بۇلغار، خازار ۋە چۇۋاش تىللىرى تۆركى تىللار گۇرۇپپىسىغا تەئەل-لۇق. شۇنىڭ بىلەن بىللە، موڭغۇل ۋە تۇنگۇس-مانجۇ تىللىرىدىن ئىبارەت نەسەپ جەھەتتىن تۇغقان تىللار بىلەنـمۇ زىچ باغـلىنىشى بار. ئالايلى، ئاساسلىق فونېتىكىلىق نۆۋەتلـىشىش قانۇنـىيەتـلىرى: 1) ش~ل (ل-لىششى) ۋە 2) ز~ر (ر-لىششى). بۇنىڭدىكى ش~ل ئالامىتى بۇ تىللارنى موڭغۇل ۋە تۇنگۇس-مانجۇ تىللىرىغا يېقىنلاش-تۇرىـدۇ. مەسـلەن: ئومۇمى تۈرك تىـلىـدا: تاش، داش، تاس، چۇۋاش تىلىدا: چۇل، موڭـغۇلچە: چىـلاغۇن، ئويراتچە: چىـلون، تۇنگۇس-مانجۇچە: جۇلو (تاش). ز~ر ئالامىتى بۇ تىللارنى موڭغۇل تىلىـغا يېقىنـلاشتۇرىدۇ. مەسـلەن: ئومۇمى تۈرك تىلىدا: بۇزاغۇ، بۇزاغى، بۇزاۋ، پۇزوو، چۇۋاشچە: پرۇ (پارۇ)، موڭغۇلـچە: براغۇ، ئويراتچە: بروو (موزاي).

موڭغۇل ۋە تۇنـگۇس-مانـجۇ تىلـلىرى بىلەن بولغان بۇنـداق باغلىنىشلار بۇلغار، خازار ۋە چـۇۋاش تىلـلىرىـنىڭ فونېتىـكىـلىق تۈزۈلمىسىنىڭ ئەڭ قەدىمقى ھالىتـىنى كۆرسـىتـىدۇ. بۇ ھال ھەم تۈركى تىللارنىڭ، ھەم ئالتاي تىللىرى ئائىلىسىدىكى باشقا تىللارنىڭ

تەرەققىيات جەريانىنى تارىخي سېلىشتۇرما ئۇسۇل بىلەن تەكشۈ-
رۈشكە كەڭ ئىمكانىيەت ئېچىپ بېرىدۇ.

## II. ئوغۇز تىللىرى گۇرۇپپىسى

تۈركى خەلقلەرنىڭ غەرپ تەرەپكە ئىلگىرىلەپ، شەرقىي ياۋروپاغا كىرگەن كېيىنكى بىر كۆچۈش دولقۇنى ئوغۇزلار ياكى ئۇزلار ۋە پەچەنەكلەرنىڭ كۆچۈشىدىن ئىبارەت بولدى. مەلۇمكى، ئوغۇزلار شەرقتىن غەرپكە كۆچۈپ، VIII ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىياغا كەلگەن. X ئەسىردە شىمالىي ئوغۇز قەبىلىلىرىنىڭ بىر قىسمى، شۇ قاتاردا پەچەنەكلەر غەرپكە يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ، ئۇرال ۋە ۋولگا ئارقىلىق شەرقىي ياۋروپاغا كىرگەن. شۇنىڭدىن كېيىن، XI ئەسىردە ئۇلارنىڭ يەنە بىر قىسمى بولغان ئوغۇز-سالچۇقلارمۇ ياۋروپا تەرەپكە يۈرۈش قىلىشقا باشلىدى. لېكىن، بۇلار ئىران ۋە كىچىك ئاسىيادىن ئۆتىدىغان جەنۇبىي يول بىلەن ماڭدى. شۇنداق قىلىپ، تۈركى ئۇرۇق ۋە قەبىلىلەرنىڭ بۇ كۆپ سانلىق بىرلەشمىسى X ئەسىردىن XII ئەسىرگىچە بولغان دەۋردە ئۈچ تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ بىر تۈركۈمى ئارال دېڭىزى ئەتراپىدا تۇرۇپ قېلىپ، هازىرقى تۈركمەنلەرنىڭ ئېتنىك تەركىۋىنىڭ ئاساسى بولۇپ قالدى. شۇنداقلا، هازىرقى خارەزىم ئۆزبەكلىرى ۋە قاراقالپاقلارنىڭ شەكىللىنىشىگە مەلۇم دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتتى. يەنە بىر تۈركۈمدىكى ئوغۇز-سالچۇقلار ياۋروپاغا پېرسىيە ۋە كىچىك

ئاسىيا ئارقىلىق ئۆتۈپ، هازىرقى تۈركلەرنىڭ شەكىللىنىش ئاساسى بولۇپ قالدى. شۇنداقلا، ئۇلارنىڭ ئاز بىر قىسمى شىمالىي ئەزەربەيجان ۋە جەنۇبىي ئەزەربەيجان (ياكى ئىران ئەزەربەيجانى) دىكى تۈركى خەلقلەرنىڭ ئېتنىك تەركىۋىگە قوشۇلدى. ئۈچىنچى تۈركۈمدىكى شىمالىي ئوغۇز قەبىلىلىرى ياۋروپاغا ئۇرال ۋە ۋولگا ئارقىلىق كىرگەن بولۇپ، ئۇزلار ياكى پەچەنەكلەر دەپ ئاتالغان. بىر قىسىم ئوغۇزلار بۇلغارلار بىلەن ئارىلىشىپ، ئوغۇز-بۇلغار ئارىلاشما قەبىلىلەر تۈركۈملىرىنى هاسىل قىلدى. بۇ قەبىلىلەر تۈركۈملىرىدە بۇلغار تىلىنىڭ تەسىرى كۈچلۈك بولدى. مەهمۇت قەشقەرىنىڭ ئېيتىشىچە، غەربىي پەچەنەكلەر مۇشۇ قەبىلىلەر گۇرۇپپىسىغا تەئەللۇق. رۇس يىلنامىلىرىدا ئۇز، تۈرك، بېرېندېي، كوۋۇي دەپ ئاتالغان باشقا ئۇز قەبىلىلىرىنىمۇ ئاشۇنداق ئارىلاش قەبىلىلەر دەپ قاراشقا توغرا كېلىدۇ، چۈنكى ئۇلار ئوغۇز تىلىنى ئاساس قىلغان بولسىمۇ، شۇنداقلا بۇلغار تىلىنىڭمۇ تەسىرى چوڭ بولغان، كېيىن يەنە قىپچاق تىلىنىڭمۇ تەسىرى بولغان. بۇ قەبىلىلەر كېيىنكى ۋاقىتلاردا قىپچاق ئىتتىپاقىغا قوشۇلۇپ كەتتى. ئوغۇز تىلىنى ئاساس قىلغان، لېكىن بۇلغار ئېلېمېنتىنىڭ ئىزلىرىمۇ كۆپ بولغان هازىرقى زامان تىللىرىدىن گاگائۇز تىلىنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ. ئوغۇزلار بىلەن شەرقىي پەچەنەكلەرنىڭ بۇ قوشۇلمىسى، كېيىن مۇتلەق كۆپچىلىكنى تەشكىل قىلغان قىپچاقلارغا قوشۇلۇپ كەتتى. بۇلارنىڭ قوشۇلۇشى نەتىجىسىدە ئوغۇز-قىپچاق ياكى ئۇز-پولوۋلارنىڭ ئارىلاش قەبىلىلىرى پەيدا بولدى. بۇ قەبىلىلەر ئۆزلىرىنى يېڭىپ چىققان قىپچاقلار بىلەن قوشۇلۇپ، قارايىم، قۇمىق، قاراچاي، بالقار قاتارلىق خەلقلەرنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلدى. بۇ خەلقلەرنىڭ

ئېتنىك تەركىۋىدە ھەم تىلىدا قەدىمقى بۇلغار، ئوغۇز ئېلېمېنتلىرى ۋە كېيىنكى ئۇيغۇنلۇقنى ئىگىلىگەن قىپچاق ئېلېمېنتلىرى بار.

بۇلغارلار ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ئوغۇزلار نوغاي ۋە قاراقالپاق خەلقلىرىنىڭمۇ ئېتنىك تەركىۋىگە ھەم تىلىغا مەلۇم دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتتى. بۇ خەلقلەر گەرچە تارىخىي جەھەتتىن ئالتۇن ئوردا يىمىرىلگەندىن كېيىنكى دەۋردە رەسمىي شەكىللەنگەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ تىلىدا بۇلغار تىلىنىڭ ئېلېمېنتلىرى ۋە ئوغۇزچە سۆزلەرنىڭ خېلى زور بىر قاتلىمى ساقلىنىپ قالغان.

قىپچاق تىلىدا ئوغۇز ئېلېمېنتلىرى بولغانلىغىنى «Codex Cumanicus» تەك مەشھۇر قىپچاق يادىكارلىغىنىڭ تىلىدىن ئېنىق كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. مەسىلەن: بۇ يادىكارلىقتا كۆپلىگەن سۆزلەر ھەم ئوغۇزچە، ھەم قىپچاقچە شەكىللەر بىلەن خاتىرىلەنگەن: تاغ // تاۋ (تاغ 17،88؛ تاۋغا 12،189 ۋاھاكازا)، توغ // تۇۋ (توغارمىن // تۇمارمىن 1،40 ۋاھاكازا)، بوغۇن // بۇئۇن (بوغۇن // بۇئۇن 21،9 ۋاھاكازا)[54].

يۇقۇرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، گاگائۇزلار ئۇرال ۋە ۋولگا ئارقىلىق كەلگەن ئوغۇزلارنىڭ (ئۇزلارنىڭ) يېقىن تۇققانلىرىدۇر. گاگائۇزلار ئوغۇزلارنى ئاساس قىلغان مۇرەككەپ ئېتنىك گورۇپپا بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەركىۋىگە قەدىمقى ئوغۇزلار ياكى ئۇزلار، جۈملىدىن، پەچەنەك، بېرىندېي، كوۋۇي، تورك، قاراكلوبۇكلاردىن تارتىپ (ۋ. رادلوۋ ۋە ۋ. موشكوۋلارنىڭ بۇ ھەقتىكى ئەسەرلىرىگە قاراڭ)، كېيىن بۇلغارلار (ك. شكروپىل ۋە ئى. زانېتوۋلارنىڭ گاگائۇزلارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا ئائىت بۇلغار نەزەرىيىسىگە قاراڭ) ۋە ئاخىرى قىپچاقلار، پولوۋلار ياكى كومانلار

(ك. ئېرىچېكنىڭ پىكرى) ۋە باشقا قەبىلىلەر قوشۇلۇپ بارغان. گاگائۇز تىلىنىڭ شەكىللىنىشىگە شۇنداقلا سلاۋيان ۋە رومان تىللىرى ۋە قىسمەن گرېك تىلىمۇ خېلى چوڭ تەسىر كۆرسەتتى. بۇ هال، گاگائۇز تىلىنىڭ لېكسىكىسى ۋە سىنتاكسىسىدا يات ئېلېمېنتلىرىنىڭ كۆپ بولغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. بۇ ئېلېمېنتلار سلاۋيان ۋە رومان تىللىرىنىڭ كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىشى ئارقىسىدا بارلىققا كەلگەن. گاگائۇز تىلىدا ئۈستۈنلۈكنى ئىگەللەپ تۇرغان ئوغۇز-سالچۇقچە خۇسۇسىيەتلەر بولسا، بالقان يېرىم ئارىلىغا تۈركىيە هۆكۈمرانلىق قىلغان كېيىنكى بىر دەۋردە پەيدا بولدى.

شۇنداق قىلىپ، ئوغۇز تىللىرى گۇرۇپپىسى بىرنەچچە تارماق تىللار گۇرۇپپىلىرىغا بۆلۈنىدۇ: 1) ئوغۇز-تۈركمەن تارماق گۇرۇپپىسى، بۇنىڭغا قەدىمقى تىللاردىن، مەهمۇت قەشقەرىنىڭ دىۋانىدا تونۇشتۇرۇلغان ئوغۇز تىلى ۋە هازىرقى زامان تىللىرىدىن تۈركمەن تىلى ۋە شىمالىي كاپكازدىكى ترۇخمەن تىلى كىرىدۇ؛ 2) ئوغۇز-بۇلغار تارماق گۇرۇپپىسى، بۇ پەچەنەكلەر بىلەن ئۇزلارنىڭ (تۈرك، بېرىندېي، كوۋۇي قاتارلىقلارنىڭ) قەدىمقى تىللىرىنى ۋە هازىرقى زامان تىللىرىدىن گاگائۇز تىلى بىلەن بالقان تۈركلىرىنىڭ تىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ 3) ئوغۇز-سالچۇق تارماق گۇرۇپپىسى، بۇ تارماق گۇرۇپپىنىڭ دائىرىسىگە كىرىدىغان تىللار قەدىمقى سالچۇق، قەدىمقى ئەزەربەيجان، قەدىمقى ئوسمانىيە تىللىرى ۋە هازىرقى زامان تىللىرىدىن ئەزەربەيجان ۋە تۈرك تىللىرى، قىرىم تاتار تىلىنىڭ جەنۇبىي دىيالېكتى، ئۇرۇملار ۋە مارىئوپول گرېكلىرىنىڭ تىللىرى.

ئوغۇز تىللىرى گۇرۇپپىسى ئوغۇزلار (VIII-XIII ئەسىرلەر)

ۋە سالچۇقلار (XI ـ XII ئەسىرلەر) ئارىسىدا بارلىققا كەلگەن. ئوغۇزلار بىلەن سالچۇقلار غەربىي تۈرك ۋە قىسمەن شەرقىي تۈرك قەبىلىلىرىدىن كېلىپ چىققان. ئۇلارنىڭ بىۋاستە ئەۋلاتلىرى تۈرك-مەنلەر ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردىكى ئارىلاش قەبىلىلەردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇلار قەدىمقى ئوغۇز تىلىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ساقلاپ قالغان. بۇ ئارىلاش قەبىلىلەردىن، بىر تەرەپتىن، هازىرقى ئەزەربەيجانلار بىلەن تۈركلەر، يەنە بىر تەرەپتىن، گاگائۇزلار پەيدا بولدى. بۇ خەلقلەرنىڭ تەركىۋىگە تۈرلۈك ئېتنىك ئېلېمېنت-لار قوشۇلغان. دېمەك، ئۇلارنىڭ تىللىرىغىمۇ تۈرلۈك تىللارنىڭ تەسىرى سىڭگەن. مەسىلەن: تۈركمەن تىلىنىڭ ئاساسى ئوغۇزچە بولسىمۇ، شەكىللىنىش جەريانىدا يەنە قىپچاق، قەدىمقى خارەزىم ۋە باشقا تىللارنىڭ ئېلېمېنتلىرىنىمۇ ئۆزلەشتۈرگەن. ئەزەربەيجان تىلىدا ئوغۇزچە خۇسۇسىيەتلەردىن باشقا يەنە قىپچاقچە ئېلېمېنتلارمۇ بار. شۇنداقلا، بەزى ئالىملارنىڭ پەرەز قىلىشىچە، ئەزەربەيجان تىلىنىڭ لېكسىكىسىدا مىدى ۋە قەدىمقى ئالبان تىللىرىنىڭ ئىزلىرىمۇ ساقلى-نىپ قالغان. پەچەنەك ۋە گاگائۇز تىللىرىدا بۇلغار ۋە قىپچاق تىللىرىنىڭ ئېلېمېنتلىرى خېلى زور سالماقنى تەشكىل قىلىدۇ.

ئوغۇز گۇرۇپپىسىدىكى هەممە تىللارنىڭ خاراكتېرلىق خۇسۇسى-يەتلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1. فونېتىكىلىق تۈزۈلمىسىدە: *a*) بۇ گۇرۇپپىدىكى هەممە تىللار-دا سەككىز قىسقا سوزۇق فونېما بار، ۋاهالەنكى، باشقا تىللاردا، مەسىلەن: قىپچاق ياكى قارلۇق تىللىرىدا سوزۇق فونېمىلار ئالتىدىن توققۇزغىچە؛ *b*) قوشۇمچىلاردا تار لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ بولۇشى، مەسىلەن: يازۇق (يارىق ئەمەس)؛ *c*) بەگ ۋە داغ (تاغ)

دىگەندەك سۆزلەردە سۆز ئاخىرىدىكى g ۋە q لارنىڭ ساقلىنىشى ھەمدە بۇ تاۋۇشلارنىڭ بەزى قوشۇمچىلاردىن چۈشۈپ قېلىشى، مەسىلەن: گەلەن (كەلگەن ئەمەس)، ئالان (ئالغان ئەمەس) ۋاھاكازا؛ d) سۆز بېشىدىكى t ۋە ķ/k لارنىڭ جاراڭلىق بولۇپ قېلىشى، مەسىلەن: گۆر (كۆر ئەمەس)، دىل (تىل ئەمەس)؛ e) سۆز بېشىدىكى p/b نىڭ ئول دىگەن يىلتىزدا چۈشۈپ قېلىشى (بول، پول، پۈل دىگەنلەرنىڭ ئورنىغا ئول دىيىلىدۇ)؛ f) بەزى سۆزلەردە تار سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئالدى-كەينىدە y نىڭ چۈشۈپ قېلىشى، مەسىلەن: ئىر (يىر ئەمەس) "ناخشا"، ئىت (يىت ئەمەس «ئىت» ۋاھاكازا.

2. گىراماتىكىلىق قۇرۇلۇشىدا: a) ئىگىلىك كېلىشىنىڭ فونېتىكىلىق قىسقىراش بولغان -Ïn/-in، -Ïŋ/-iŋ-قوشۇمچىسى بىلەن خۇددى شۇنداقلا قىسقارغان چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى i نىڭ تولۇق شەكىلدىكى -nÏ/-ni، -nÏŋ/-niŋ-لار بىلەن ئارىلاش ئىشلىتىلىشى؛ b) يۆنىلىش كېلىش قوشۇمچىسىنىڭ ئۈزۈك تاۋۇشتىن كېيىن كەلگەندە فونېتىكىلىق قىسقىراش ھاسىل قىلىشى، مەسىلەن: ئادەمە (ئادەمگە) قاتارلىقلار؛ c) كۆپلۈك ساندىكى 1-شەخس قوشۇمچىسىنىڭ فونېتىكىلىق قىسقىراش ھاسىل قىلغان شەكلىنىڭ بولۇشى، مەسىلەن: بەرەرىس (بەرەرمىز ئەمەس) ۋاھاكازا؛ d) -qu/-gü-بىلەن كېلىدىغان ئىستەك شەكلىنىڭ ئورنىغا -əsi/-asÏ-بىلەن كېلىدىغان شەكلىنىڭ بولۇشى، مەسىلەن: كەلەسى (كەلگۈ ئەمەس)؛ e) -malÏ/-məli-بىلەن كېلىدىغان مەجبۇر شەكلىنىڭ بولۇشى؛ f) قىپچاقچە -qan/-gən-بىلەن كېلىدىغان سۈپەتداش شەكلىنىڭ ئورنىغا -mÏx/-mix-بىلەن كېلىدىغان شەكلىنىڭ

بولۇشى.

3. لۇغەت تەركىۋىدە:ئاساسلىق لۇغەت فوندىنى قىپچاق تىللىرى-نىڭ ئاساسلىق لۇغەت فوندى بىلەن سېلىشتۇرغاندا كۆرۈلىدىغان ئالاھىدىلىكلەر؛

| ئوغۇز تىللىرى | قىپچاق تىللىرى |
|---|---|
| ئىلگەرى | بۇرۇن |
| قۇرت | بۆرى |
| ئەل | قول |
| ئالىن | ماڭلاي |
| كۆپەك | ئىيت (ئىت) |
| ئۆزگە | باشقا/باسقا |
| ئەۋ | ئۈي (ئۆي) |
| قاپۇ | ئېسىك/ئىشىك |
| ئىيگى، ئېيى | جاقسى/ياخشى |

ھازىرقى زامان تىللىرىدىن، ئۇز تەرەققىياتى جەريانىدا ھەم ئوغۇز، ھەم قىپچاق تۈركولوملىرىگە قاتناشقان تىللاردا يۇقۇرىدىكى سېلىشتۇرۇلغان سۆزلەر تارىخىي جەھەتتىكى مەنىداش سۆزلەر سۈپە-تىدە ساقلىنىپ قالدى. بۇنداق مەنىداش سۆزلەرنىڭ سۆز مەنىسىدە قىسمەن ئۆزگىچىلىكلەر، شۇنداقلا ئىشلىتىش جەھەتتە ئۆزىگە خاس بولغان بەزى ئالاھىدىلىكلىرى بار.

ئوغۇز تىللىرى گۇرۇپپىسىغا كىرىدىغان ھەر بىر تارماق گۇرۇپپىنىڭ شۇ تارماق گۇرۇپپىدىكى تىللارغىلا ئورتاق بولغان ئۆزىگە خاس ئالامەتلىرى بار. بۇ ئالامەتلەر ئۆز نۆۋىتىدە يەنە كونكرېت ئالاھىدىلىكلەر بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. نۆۋەتىدە ھەر بىر

تارماق گۇرۇپپىسىغا ئورتاق بولغان ئەڭ ئاساسلىق ئالامەتلەرنىلا كۆرۈپ چىقىمىز.

## 1. ئوغۇز-تۈركمەن تارماق گۇرۇپپىسى

ئوغۇز-تۈركمەن تىللىرى تارماق گۇرۇپپىسى. غەربىي ئوغۇز قەبىلىلىرى VIII ئەسىردە ئورخۇندىكى تۈرك دۆلىتى يىمىرىلگەندىن كېيىن شەرقتىن كۆچۈپ، ئارال دېڭىزى ئەتراپىدىكى جايلارغا تۇتۇشىدىغان رايونلارغا كەلگەن.

شۇنداق قىلىپ، ئوغۇز-تۈركمەن تىللىرى تارماق گۇرۇپپىسى تارىخىي جەھەتتىن ئەڭ بالدۇرقى تىللار تۈركۈمىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، مەھمۇت قەشقەرىنىڭ دىۋانىدا خاتىرىلەنگەن قەدىمقى ئوغۇز تىلىنى، شۇنداقلا ھازىرقى تىللاردىن تۈركمەن ۋە تۈرۈخمەن تىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ھەمدە خېلى كېيىنكى قەبىلىلەر بىرلەشمىسىگە تەئەللۇق بولغان ئوغۇز-سالچۇقى تىللىرى تارماق گۇرۇپپىسىنىڭ ئالامەتلىرىگە ئوخشىمايدىغان تۆۋەندىكىدەك ئاساسلىق ئالامەتلىرى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.

1. فونېتىكىلىق تۈزۈلمىسىدە: *a*) ئوغۇز-سالچۇقى تارماق گۇرۇپپىسىغا تەۋە بولغان تۈرك تىلىدىكى ئادەتتىكى *z/s* چىش تاۋۇشلىرىنىڭ ئورنىغا، تۈركمەن تىلىدا دىيالېكتلار چەكلىنىمىسىگە ئۇچرىمايدىغان چىش ئارىسى ẑ/ŝ ئۆزۈك تاۋۇشلىرى بار. مەسىلەن: تۈركمەنچە ŝəẑ (تۈركچە *səz*) ۋاھاكازا؛ *b*) *b* تاۋۇشى ساقلىنىپ قالغان. بۇ تاۋۇش تۈرك تىلىدا سىرلاشقۇلىشىدۇ ھەمدە پارتلىغۇچى *b* تاۋۇشى v غا ئۆزگىرىدۇ. مەسىلەن: تۈركمەنچە *bər* (تۈركچە

*vər*)؛ *c*) بىرلەمچى سوزۇلما سوزۇقلار بار. بۇلار بۇ گۇرۇپپىدىكى
تىللارنىڭ قەدىمقى ھالىتى ۋە ئۇلارنىڭ شەرقتىكى تۈركى تىللار
بىلەن بولغان باغلىنىشىنىڭ ئىنكاسىدۇر (تۇۋا ۋە ياقۇت تىللىرىدى-
كى ئاشۇنداق سوزۇقلارنى سېلىشتۇرۇڭ). تۈرك تىلىدا بىرلەمچى
سوزۇلما سوزۇقلار يوق؛ *d*) كەڭ سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ لەۋلىشىش
ئاھاڭداشلىغى، مەسىلەن: تۈركمەنچە بولۇن~بولغۇن (بۇمۇ مەزكۇر
گۇرۇپپىدىكى تىللارنىڭ شەرقتىكى تۈركى تىللار بىلەن بولغان
نەسەپلىك باغلىنىشىنىڭ ئىنكاسى). تۈرك تىلىدا بۇنداق ئاھاڭداش-
لىق يوق؛ *e*) بول-ۋە ئول-يىلتىزلىرىنىڭ قوش ۋارىيانتلىق
بولۇشى، تۈرك تىلىدا بىرلا ئول-شەكلى بار؛ *f*) تۈرك تىلىدىكى
1-شەخس ئالمىشىنىڭ سۆز بېشىدىكى پارتىلىغۇچى *b* نىڭ ئورنىغا
دىماق تاۋۇشى *m* كېلىدۇ، يەنى تۈركمەنچە *mən*، تۈركچە
*bən*؛ g) ئوغۇز-سالچۇقى تارماق گۇرۇپپىسىغا كىرىدىغان تىللاردى-
كى سۆز بېشى جاراڭسىز k نىڭ ئورنىغا پارتىلىغۇچى جاراڭلىق
تىل ئارقا *g* كېلىدۇ، مەسىلەن: تۈركمەنچە *ğIyz* (تۈركچە
*ķIz* ۋاھاكازا.

2. گىراماتىكىلىق قۇرۇلۇشىدا: *a*) تۈرك تىلىدىكى *-dIķ*/
*-dik* ۋە *-mIx*/*-mix* بىلەن كېلىدىغان سۈپەتداشلارنىڭ ئورنىغا
*-ən*/*-an* (*-gən*/*-gan*)لار بىلەن ياسىلىدىغان ئۆتكەن زامان
سۈپەتداش شەكىللىرى كېلىدۇ؛ *b*) تۈركمەن تىلىدىكى ئىنكار
شەكلىدە كېلىدىغان زامان سۈپەتداشلىرى ئىككى خىل دىيالېكت
بويىچە *-mər*/*-mar* ۋە *-məz*/*-maz*-لەر بىلەن كېلىدۇ. بۇنىڭدا
بىرىنچى خىل شەكىل ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدۇ. ئوغۇز-سالچۇقى
تارماق گۇرۇپپىسىدىكى تۈرك تىلىدا *-mər*/*-mar*-ۋارىيانتى يوق؛

c) تۈرك تىلىدىكى o لاشقان yor ـ نىڭ ئۇرنىغا a لاشقان ھازىرقى زامان شەكلى yar ـ كىلىدۇ، مەسلەن: گەليار (تۈرك تىلىدا گيلـ يور) «كىلىۋاتىدۇ»؛ d) jək/ - jaķ ـ بىلەن ئاياقلىشىدىغان كىلەـ دىغان زامان سۈپەتداشلىرىدا a چۈشۈپ قالغان. تۈرك تىلىدا a ساقلىنىپ قالغان (-ajaķ/-əjək)، مەسلەن: تۈركمەنچە بەرجەك (تۈركچە ۋەرەجەك) «بېرىدۇ»؛ e) سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاياقلەـ شىدىغان پېئىللارنىڭ رەۋىشداشلىق شەكىللىرىدە y تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدۇ، مەسلەن: تۈركمەنچە ئوقۇپ، بەرمەپ (تۈركچە ئوقۇيۇپ، ۋەرمەيىپ) «ئوقۇپ» ۋە «بەرمەي» ۋاھاكازا.

## قەدىمقى تىل

### X ـ XI ئەسىرلەردىكى ئوغۇزلارنىڭ تىلى

X ـ XI ئەسىرلەردىكى ئوغۇزلارنىڭ ئېغىز تىلى يادىكارلىقى مەھمۇت قەشقەرىنىڭ مەشھۇر دىۋانىدىن ئىبارەت[55]. بۇ دىۋاندا شۇ دەۋردىكى ئوغۇز تىلىنىڭ نەمۇنىلىرى ئاساسى جەھەتتىن خاقاـ نىيە تۈركلىرىنىڭ ياكى ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى بىلەن سېلىشتۇرۇلۇپ تونۇشتۇرۇلغان. مەھمۇت قەشقەرى X ـ XI ئەسىرلەردىكى تۈركى تىللارنى تونۇشتۇرۇپ، مۇنداق دەيدۇ: ئۇ چاغدا قىرغىز، قىپچاق، ئوغۇز، تۇخسى، ياغما، چىگىل، ئىغراق ۋە چارۇقلارنىڭ تىلى بىر بىرىگە يېقىن، ئۇلارنىڭ تىللىرىغا يەمەك ۋە باشقىرتلارنىڭ تىللىرىمۇ يېقىن. شۇنداق قىلىپ، X ـ XI ئەسىرلەردىكى ئوغۇز تىلى فونېتىكىلىق، لېكسىكىلىق ۋە گىراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى جەھەتتىن قىپچاق تىلىغا يېقىن بولغان. ئەھۋالدىن قارىغاندا،

ئۇنىڭدىن خېلى بۇرۇنقى بىر دەۋردە قىپچاقلار بىلەن ئوغۇزلارنىڭ بىر ھۆل تىلى بولغان. مەھمۇت قەشقەرىنىڭ تەبىرىچە، X ـ XI ئەسىرلەردىكى ئوغۇز ۋە قىپچاق تىللىرى كۆپ جەھەتتىن بىر بىرىگە ئوخشاش بولۇپ، خاقانىيە تۈركلىرىنىڭ (ئۇيغۇرلارنىڭ) تىلىدىن تۆۋەندىكىدەك فونېتىكىلىق ۋە ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن پەرقلىنىدۇ.

1) ئۇيغۇرچە y < ئوغۇزچە، قىپچاقچە j ياكى پۈتۈنلەي چۈشۈپ قالىدۇ، مەسىلەن: ئۇيغۇرچە *yinjü* < ئوغۇزچە، قىپچاقچە *jinjü* (مەرۋايىت)؛ ئۇيغۇرچە *suq yïlïq* < ئوغۇزچە، قىپچاقچە *suw ïlïq*؛

2) ئۇيغۇرچە سۆز بېشىدا t < ئوغۇزچە ـ قىپچاقچە d، مەسىلەن: ئۇيغۇرچە *təwə* < ئوغۇزچە، قىپچاقچە *dəwə* (تۆگە)؛

3) ئۇيغۇرچە سۆز بېشىدا m < ئوغۇزچە، قىپچاقچە b، مەسىلەن: ئۇيغۇرچە *mən*، ئوغۇزچە، قىپچاقچە *bən*؛ ئۇيغۇرچە *mun* < ئوغۇزچە، قىپچاقچە *bun* (مىڭ)؛

4) ھەركەتنىڭ بىجىرىلىشكە تېگىشلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان ئۇيغۇرچە كېلىدىغان زامان سۈپەتدىشى، مەسىلەن: *barqu yir* < ئوغۇزچە، قىپچاقچە *barasï yir*؛

5) ئۇيغۇرچە ئۆتكەن زامان سۈپەتدىشى، مەسىلەن: *barqan* < ئوغۇزچە، قىپچاقچە *baran*؛

6) ئۇيغۇرچە سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە *-qak/-gək* < ئوغۇزچە، قىپچاقچە *-ak/-ək*، مەسىلەن: ئۇيغۇرچە *tamqak* < ئوغۇزچە، قىپچاقچە *tamak* ۋاھاكازا؛

X ـ XI ئەسىرلەردىكى ئوغۇز تىلى ئوغۇزلارنىڭ كېيىنكى ۋاقىت-

لاردا بارلىققا كەلگەن ئۈچ ئاساسلىق تارمىغىنىڭ ھۆل تىلى بولغان. بۇ ئۈچ ئاساسلىق تارماق مۇنۇلار:

1)ئاساسلىق ياكى شەرقىي تارماق. بۇنىڭغا كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى تۈركمەن ۋە تروخمەن تىللىرى كىرىدۇ؛ 2) شىمالىي تارماق. بۇنىڭدىن قەدىمقى ئۇز ۋە پەچەنەك تىللىرى ھەمدە ئۇنىڭدىن كېيىنكى گاگائۇزلار ۋە بالقان تۈركلىرىنىڭ (سۇرغۇچ، غاجەلەي قاتارلىقلارنىڭ) تىللىرى كېلىپ چىققان؛ 3) جەنۇبىي تارماق. بۇنىڭدىن دەسلەپتە سالچۇقلارنىڭ تىلى، كېيىن قەدىمقى ئەزەربەيجان ۋە كونا ئوسمانىيە تىللىرى، ئۇنىڭدىنمۇ كېيىنكى ۋاقىتتا ئەزەربەيجان، تۈرك تىللىرى ۋە قىرىم تاتار تىلىنىڭ جەنۇبىي دىيالېكتى بارلىققا كەلگەن.

شۇنداق قىلىپ، ھازىرقى زاماندىكى بارلىق ئوغۇز تىللىرى نەسەب جەھەتتىن X-XI ئەسىرلەردىكى ئوغۇز تىلى بىلەن باغلىنىدۇ. X-XI ئەسىرلەردىكى ئوغۇز تىلى ئۆز نۆۋىتىدە نەسەب جەھەتتىن قەدىمقى ئوغۇز تىلىغا، يەنى يېنسەي-ئورخۇن ئابىدىلىرى تىلىغا باغلىنىدۇ.

## ھازىرقى زامان تىللىرى

### تۈركمەن تىلى[56]

تۈركمەن تىلى تۈركمەنىستان س س ر نىڭ دۆلەت تىلىدۇر. بۇ جۇمھۇرىيەتنىڭ يەرلىك ئاھالىسى تۈركمەن تىلىدا سۆزلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ ئادەم سانى بىر مىليون 4 مىڭ. ھازىرقى زامان تۈركمەن تىلى بىر تەرەپتىن، ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلاۋىدىن كېيىن

تولۇق شەكىللەنگەن ئەدەبىي تىلغا، يەنە بىر تەرەپتىن، بىرمۇنچە
دىيالېكتلارغا بۆلۈنىدىغان جانلىق ئېغىز تىلىغا ئايرىلىدۇ. تۈركمەن
تىلىنىڭ دىيالېكتلىرىنى ئۆزئارا باراۋەر بولمىغان ئىككى گۇرۇپپىغا
ئايرىشقا بولىدۇ[57].

بىرىنچى گۇرۇپپىغا مۇنۇ دىيالېكتلار كىرىدۇ: يومۇد دىيالېكتى
(تۈركمەنىستاننىڭ غەربىي رايونلىرى ۋە تاشائۇز ئوبلاستىنىڭ كۆپ
قىسمى)، تەكىن دىيالېكتى (تۈركمەنىستاننىڭ قىزىل ئارۋاتتىن
بايرام ئەلىگىچە بولغان ئوتتۇرا قىسمى)، گۆكلەن دىيالېكتى (قارا-
قالىن رايونى)، سالىر دىيالېكتى (سېراخ رايونى ۋە چارجو ئوبلاس-
تىنىڭ شىمالىي قىسمى)، سارىق دىيالېكتى (يولوتان ۋە تاختا بازار
رايونلىرى) ۋە ئېرسارىن دىيالېكتى (تۈركمەنىستاننىڭ چارجۇ ۋە
كەركىن ئوبلاستلىرىغا تەۋە بولغان شەرقىي رايونلار).

ئىككىنچى گۇرۇپپا ئىران ۋە ئۆزبەكىستانغا چېگرىداش بولغان
نوخۇرلى، ئانائۇلى، خاسارلى، نەرەزىم قاتارلىق تۈركمەن دىيالېك-
تىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇ دىيالېكتلارنى بىرىنچى گۇرۇپپىدى-
كى ئاساسلىق دىيالېكتلاردىن ئايرىتىپ تۇرىدىغان خاراكتېرلىق
خۇسۇسىيەتلەر تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت: *a*) سۆز ئاخىرىدىكى
پارتلىغۇچى ئۈزۈك تاۋۇش $h<k/ķ$ لارنىڭ نۆۋەتلىشىشى؛ b) چىش
ئارىسى ẑ/ş̂ لارنىڭ ئاددىي تىلكى چىش تاۋۇشلىرى $z/s$ بىلەن
نۆۋەتلىشىشى؛ *c*) ئاھاڭداشلىقنىڭ بۇزۇلۇشى ۋاھاكازا. يەنە شۇنىمۇ
كۆرسىتىپ ئۆتۈش لازىمكى، ھەرقايسى دىيالېكتلار گۇرۇپپىلىرىنىڭ
ئىچكى قىسمىدىمۇ شۇ گۇرۇپپىنىڭ تەركىۋىدىكى دىيالېكتلار ئارى-
سىدا خېلى زور فونېتىكىلىق، لېكسىكىلىق ۋە گىراماتىكىلىق پەرق-
لەر بار. بۇ جەھەتتە، بولۇپمۇ ھازىرقى زامان پېئىل شەكلىنىڭ

فونېتىكىلىق تۈزۈلمىسىدىكى پەرقلەر ئالاھىدە گەۋدىلىك.
مەسىلەن: بىرىنچى گۇرۇپپىنىڭ ئاساسلىق دىيالېكتلىرىدىكى ئال-ۋە
گەل-دىگەن پېئىللارنىڭ هازىرقى زامان شەكىللىرىنى سېلىشتۇرۇپ
كۆرەيلى:

ئالىيار // ئاليا ئار | گەليەر // گەليەئەر } يومۇد دىيالېكتىدا؛

ئالىيا // ئالىيائا | گەلئە // گەليەئە } تەكىن ۋە سالىر دىيالېكتلىرىدا؛

ئالنيا // ئالىيائا | گەليە // گەليەئە } گۆكلەن دىيالېكتىدا؛

ئاليۇر // ئاليۇئۇر | گەليۇر // گەليۇئۆر | ئالىيەر // ئاليەئەر | گەليەر // گەليەئەر } ئېرسارىن دىيالېكتىدا؛

ئالۇر // ئالۇئۇر | گەلۇر // گەلۇئۇر } سارىق دىيالېكتىدا

يەنە شۇ هازىرقى زامان شەكىللىرى ئىككىنچى گۇرۇپپىدىكى
دىيالېكتلار ئارىسىدىمۇ شۇنىڭدىن قىلىنىشمىغان دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ، مەسىلەن:

ئالەمەن (خاسار ئاۋۇلىدا)؛
ئالامەن (مانىش ئاۋۇلىدا)؛
ئالامان (نوخۇر ئاۋۇلىدا) ⑱.

تۈركمەن ئېغىز تىلى، بارلىق دىيالېكتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان
هالدا، غەربىي ئوغۇز قەبىلىلىرىنىڭ تىللىرى ئىچىدە شەكىللەنگەن.

بۇ تىل ئوغۇز قەبىلىلىرى دىيالېكىتلىرىنى ئاساس قىلغان بولسىمۇ، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئارال دېڭىزى ئەتراپىدىكى جايلارنىڭ قەدىمقى يەرلىك ئاھالىسى بولغان خارەزىملارنىڭ تىل ئېلېمېنتلىرىدىنى، شۇنداقلا ئۆزگە يېقىن بولغان، ئەمما خېلى كېيىن شەكىللەنگەن ئوغۇز ـ سالچۇقى دىيالېكتلار سىستېمىسىنىڭ ئېلېمېنتلىرىنىمۇ ئۆزگە سىڭدۈرگەن. ئوغۇز ـ سالچۇق دىيالېكتلىرى ئاساسىدا X ـ XII ئەسىرلەر ئىچىدە تۈرك تىلى كېلىپ چىققان. تەخمىنەن X ـ XI ئەسىرلەرگە تەئەللۇق بولغان قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ ئەدەبىي تىلىمۇ تۈركمەن تىلىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن. قاراخانىلار ئەدەبىي تىلى ئۇيغۇر، تۈركەش ۋە قارلۇق دىيالېكتلىرى ئاساسىدا شەكىللەنگەن بولۇپ، كېيىنكى كونا ئۆزبەك تىلىنىڭ ئاساسى بولغان.

XII ـ XV ئەسىرلەردە تۈركمەن تىلى خارەزىم ئۆزبەكلىرىنىڭ ئارىلاش گوۋورلىرى ئارقىلىق قىپچاق تىللىرىنىڭ بەزى خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆزلەشتۈردى. بۇ خارەزىم گوۋورلىرى موڭغۇل ئىستىلاسىدىن بۇرۇنقى XII ئەسىردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىي تىلىنى شەكىللەندۈرگەن قەبىلە دىيالېكتلىرى تەرەققىياتىنىڭ مەھسۇلىدۇر. تۈركمەن تىلىمۇ ئاشۇ ئەدەبىي تىلنىڭ شەكىللىنىشىگە ئۆز ھەسسىسىنى قوشقان. خوجائەخمەت يەسەۋىنىڭ ئەسىرىنى شۇ ئەدەبىي تىلنىڭ يادىكارلىقلىرىدىن بىرى دەپ قاراشقا بولىدۇ.

XV ـ XVI ئەسىرلەردە كونا تۈركمەن يازما ئەدەبىي تىلىنىڭ ۋە قىسمەن ئېغىز تىلىنىڭ شەكىللىنىشىدە، شۇ زاماندىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىي تىلى بولغان كونا ئۆزبەك تىلى ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان. كونا تۈركمەن يېزىق تىلىنىڭ ئاساسلىق يادىكارلىقلىرى قاتارىدا ئابۇلغازى خان (XVII ئەسىر)نىڭ «تۈركمەن شەجەرىسى»[59] ناملىق

ئەسىردىكى بىر قىسىم تۈركمەنچە تېكىستلارنى، شۇنداقلا XVIII ئەسىردىكى تۈركمەن خەلق شائىرلىرىدىن ئازادى، مەھتۇم قۇلى، سەئىدىلەرنىڭ ۋە XVIII ـ XIX ئەسىرلەردىكى شائىرلاردىن زەلىلى، غايىبى قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ. ئابدۇساتتار قازىنىڭ «تەكىنلەر ئېلىپ بارغان جەڭلەر ھەققىدىكى ھىكايىلەر كىتاۋى»[60] ناملىق تارىخىي ئەسىرىمۇ XIX ئەسىرگە تەئەللۇق.

XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ، بولۇپمۇ ئۇلۇغ ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن كېيىن، تۈركمەن تىلىغا رۇس تىلى سالماقلىق ۋە ئىجابىي تەسىر كۆرسەتتى. تۈركمەن خەلقىنىڭ مەدىنىيەت سەۋىيەسىنىڭ يۈكسىلىشى بىلەن بىللە، تۈركمەن يېزىق ئەدەبىي تىلىمۇ ئىنتايىن تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلدى. ھازىر بۇ تىلدا تۈركمەنلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ بەدىئىي ۋە ئىلمىي ئەسەرلىرى يېزىلماقتا ھەمدە بۇ تىلغا جاھان بەدىئىي ئەدەبىياتىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرى، ماركسىزم ـ لېنىنىزم كلاسسىكلىرىنىڭ ئەسەرلىرى ۋە پەننىي ئەسەرلەر تەرجىمە قىلىنماقتا.

تۈركمەن تىلى تۈركىي تىللارنىڭ غەربىي تارمىقىدىكى ئوغۇز گۇرۇپپىسىغا ۋە ئوغۇز تىللىرىنىڭ ئەڭ قەدىمقىسى بولغان ئوغۇز ـ تۈركمەن تارماق گۇرۇپپىسىغا كىرىدۇ. ئوغۇز ـ تۈركمەن تارماق گۇرۇپپىسىدىكى تىللارنىڭ شەكىللىنىشى، شۇنداقلا ئوغۇز تىللىرىنىڭ باشقا تارماق گۇرۇپپىلىرى بىلەن، يەنى ئوغۇز ـ سالچۇقى ۋە ئوغۇز ـ بۇلغار تارماق گۇرۇپپىلىرى بىلەن زىچ باغلانغان.

تۈركمەن تىلىنىڭ بارلىق ئوغۇز تىللىرىغا خاس بولغان ئورتاق ئالامەتلىرىدىن سىرت، ئوغۇز گۇرۇپپىسىدىكى باشقا تۈركىي تىللاردىن ئايرىلىپ تۇرىدىغان ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىمۇ بار: *a*) بىر-

لەمچى سوزۇلما سوزۇقلار بولۇپ، بۇلار تۈركمەن تىلىنىڭ قەدىمقى
تىل ئىكەنلىگىنى ۋە ئۇنىڭ شەرقىتىكى تۈركى تىللار بىلەن بولغان
باغلىنىشىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ؛ b) بولون~بولغۇن دىگەنگە ئوخشاش
سۆزلەردىكى كەڭ سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ لەۋلىشىش ئاھاڭداشلىغى.
بۇمۇ تۈركمەن تىلىنىڭ شەرقىتىكى تۈركى تىللار بىلەن بولغان
نەسەپلىك باغلىنىشىنىڭ ئىنكاسىدۇر؛ c) چىش ئارىسى ẑ/ŝ تاۋۇش-
لىرى بار (باشقىرت تىلىدىكى شۇنداق تاۋۇشلارغا ئوخشاش)؛
d) bol- ۋە ol- دىگەن يىلتىز ۋارىيانتلىرىنىڭ ھەر ئىككىسى بار؛
e) سۆز بېشىدا كېلىدىغان جاراڭلىق، ئارقا تاڭلاي يۇمشاق پارتلى-
غۇچى ġ تاۋۇشى بار، مەسىلەن ġïyz (قىز) دىگەن سۆزدە؛ f)
باشقا ئوغۇز تىللىرىدا -maz/-məz بىلەن ئاياقلىشىدىغان كېلىدى-
غان زامان سۈپەتدىشىنىڭ ئىنكار شەكلىدىن باشقا -mar/-mər
بىلەن ئاياقلىشىدىغان ۋارىيانتى بار؛ g) باشقا ئوغۇز تىللىرىدىكى
-dïķ/-dik ۋە -mïx/-mix بىلەن ئاياقلىشىدىغان شەكىللەرنىڭ
ئورنىغا كۆپىنچە -ən/-an<-gən/-ǫan شەكلى ئىشلىتىلىدۇ
ۋاھاكازا.

ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلاۋىدىن كېيىن، تۈركمەن ئەدە-
بىي يېزىق تىلى دەسلەپتە ئىسلاھ قىلىنغان ئەرەپ يېزىغىنى قول-
لانغان. بۇ يېزىق 1928-يىلى لاتىن يېزىغىغا ئۆزگەرتىلدى. لاتىن
ئېلىپبەسى تۈركمەن ئەدەبىي تىلى تەرەققىياتىنىڭ زۆرۈر يۈكسىلى-
شىنى تەمىن ئېتەلمەسلىك بىلەنلا قالماي، بەلكى يەنە رۇس خەل-
قى ۋە رۇس تىلى بىلەن بولغان ئېھتىياجلىق مۇناسىۋەتلەرگە
توسالغۇ بولۇپ قالدى. شۇڭا، 1940-يىلى رۇسچە ھەرپ شەكىل-
لىرى ئاساسىدىكى يېڭى ئېلىپبە قوبۇل قىلىندى.

### تىرۇخمەن تىلى⑥①

تىرۇخمەن تىلى ستاۋروپول (ياكى شىمالىي كاپكاز) تۈركمەنلىرىنىڭ تىلىدۇر. بۇ تۈركمەنلەر تۈركمەنىستاندىن كۆچۈپ چىققان بولۇپ، ھازىر شىمالىي كاپكازدىكى ستاۋروپول ئوبلاستىدا ياشايدۇ. شىمالىي كاپكاز تۈركمەنلىرىنىڭ كۆپ قىسمى چاۋدۇر، سونچھاجى قەبىلىلىرىدىن ھەمدە ئۇرۇقداشلىق بۆلۈنۈشى يەنىمۇ ئۇششاق بولغان ئىكدىر قەبىلىسىدىن كېلىپ چىققان.

شۇنداق قىلىپ، تىرۇخمەن تىلىنى تۈركمەن تىلىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ساقلاپ قالغان، ئەمما تۈركى تىللارنىڭ قىپچاق گۇرۇپپىسىدىكى ئۆزگىچە خوشنا بولغان نوغاي تىلىنىڭ خېلى كۈچلۈك تەسىرىگە يولۇققان تۈركمەن تىلى دىيالېكتلىرىنىڭ بىرى دەپ قارىغان تۈزۈكرەك بولىدۇ.

نوغاي تىلىنىڭ تەسىرى مۇنۇ جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ:

1. فونېتىكىلىق تۈزۈلمىسىدە: a) سوزۇلما سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ساقلىنىشىنىڭ ئىزچىل بولماسلىغى، مەسىلەن: aq/ax (aaq ئەمەس)، yol (yool ئەمەس)، taxla (daaxla ئەمەس) ۋاھا-كازا؛ b) a ۋە ə دىن ئىبارەت كەڭ سوزۇق تاۋۇشلاردىكى لەۋلەشكەن ئاھاڭداشلىقنىڭ يوقۇلۇپ بېرىشى، مەسىلەن: oturon // oturan، kəpək // kəpək (ئىت) قاتارلىق؛ c) چىش ئارىسى ẑ/ŝ لارنىڭ يوقۇلۇشى، مەسىلەن: səz (ŝəẑ ئەمەس) قاتارلىق؛ d) سۆز بېشىدىكى ۋە سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى t>d نىڭ جاراڭلىقلىششى ئىزچىل ئەمەس، مەسىلەن: tax (daax ئەمەس)، ədip // ətip قاتارلىق؛ e) سوزۇق تاۋۇشلار ئوتتۇرىسىدىكى p ۋە

k لارنىڭ سىرلاڭغۇلىشىشى، مەسىلەن: *tәwa* (*dәpә* ئەمەس)، -*qihar* (*qiķar*- ئەمەس) ۋاھاكازا.

2. گىراماتىكىلىق قۇرۇلۇشىدا: *a*) *m*، *n*، *y* دىماق تاۋۇشلىرىدىن كېيىن كېلىدىغان كۆپلۈك سان قوشۇمچىسىنىڭ -*nәr*/-*nar* ۋارىيانتى بار؛ *b*) كېلىدىغان زامان ئىنكار سۇپەتدىشىنىڭ -*mas*-*mәs*-تىن ئىبارەت بىر قوشۇمچە شەكلى بار، تۈركمەن تىلىدا بولسا، بۇ قوشۇمچىنىڭ -*mәs*/-*mas* ۋە -*mәr*/-*mar*-دىن ئىبارەت ئىككى ۋارىيانتى بار؛ *c*) *baradurin* (تۈركمەنچە *barar* ۋە *baradIran* دېگەندەك تۈركمەن تىلىدا يوق پېئىل شەكىللىرى بار؛ *d*) *barIyatIrIn* دېگەن پېئىل شەكلىنىڭ ياسىلىشىدىكى ئوخشىماسلىق (تۈركمەنچە شەكلى *barʀyarIn*) ۋاھاكازا.

تۈركمەن ۋە ترۇخمەن تىللىرىنىڭ لېكسىكىسىدىمۇ قىسمەن ئوخشىماسلىقلار بارلىققا كەلگەن.

ترۇخمەن تىلىنىڭ بىرنەچچە گوۋۇرلىرى بار. بۇ گوۋۇرلارنىڭ نوغايلار ۋە قۇمىقلار بىلەن بولغان خوشنىدارچىلىققا باغلىق ھالدا كېلىپ چىققان ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى بار. لېكىن بۇ گوۋۇرلار تېخى يېتەرلىك تەكشۈرۈلمىدى.

## 2. ئوغۇز-بۇلغار تارماق گۇرۇپپىسى

ئوغۇز-بۇلغار تارماق گۇرۇپپىسىغا بىر تەرەپتىن، قەدىمقى پەچەنەك ۋە ئۇزلارنىڭ (تۈرك، بېرېندېي، كوۋۇي قاتارلىقلارنىڭ) تىللىرى، يەنە بىر تەرەپتىن، ھازىرقى گاگائۇز تىلى ۋە بالقان تۈركلىرىنىڭ تىلى كىرىدۇ. قەدىمقى پەچەنەك ۋە ئۇز قەبىلىلىرى

ئوغۇزلار بىلەن ئورتاق تىلنى ئاساس قىلغان بولسىمۇ، بۇلغارلارغا ۋە كېيىن قىپچاقلارغا قوشۇلۇش نەتىجىسىدە، ئاۋال بۇلغار تىلىنىڭ، كېيىن قىپچاق تىللىرىنىڭ ئالامەتلىرىنىمۇ ئۆزىگە سىڭدۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئوغۇز تىلى ئاساسىدىكى لۇغەت تەركىۋىنى ۋە گىراماتىكىلىق قورۇلۇشىنى ساقلاپ قالغان. پەچەنەكلەر بىلەن ئۇزلار، شۇنداقلا هازىرقى گاگائۇز خەلقىنىڭ تەركىۋىگىمۇ قوشۇلغان.

پەچەنەك تىلى هەققىدىكى مەلۇماتلار يۇ.نېمېتنىڭ ئەسەرلىرىدە بېرىلگەن[62]، بۇ ئەسەرلەردە پەچەنەكچە ئۇرۇق، ئۇنىۋان، قەبىلە قاتارلىقلارنىڭ ناملىرى گرېك يېزىقى بىلەن بېرىلىپ، تەھلىل قىلىنغان ۋە باشقا تۈركى تىللارنىڭ لېكسىكىسى بىلەن سېلىشتۇرۇلغان. ۋېنگرىيە يىلنامىلىرى ۋە رىۋايەتلىرىدىمۇ خېلى كۆپ پەچەنەكچە سۆزلەر ئۇچرايدۇ[63].

بۇلغار تىلىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى يالغۇز پەچەنەك تىلىدىلا ئىپادىلىنىش بىلەن چەكلەنمىگەن. بۇ مەسىلىنى مەھمۇت قەشقەرىمۇ كۆرسەتكەن، شۇنداقلا يادىكارلىقلارنى، خۇسۇسەن ئالتۇن قاچىلاردىكى يېزىقلارنى تەتقىق قىلغۇچىلارمۇ كۆرسەتكەن. بۇ قاچىلارنىڭ قايسى خەلققە مەنسۇپ ئىكەنلىكى هازىرغا قەدەر تالاش-تارتىشتىكى مەسىلە بولۇپ تۇرماقتا (ئېهتىمال، بۇ تىللارنىڭ بىر بىرىگە يېقىن بولغانلىقىدىن شۇنداق بولۇۋاتسا كېرەك). ۋ. تومسېن ۋەكىللىكىدىكى بىر تۈركولوگ ئالىملار بۇ قاچىلاردىكى يېزىقلارنى بۇلغارلارنىڭ يېزىقى دەپ قارايدۇ. يۇ. نېمېت ۋەكىللىكىدىكى يەنە بىر تۈركولوگ ئالىملار بۇنى پەچەنەكلەرنىڭ يېزىقى دەپ قارايدۇ. بۇلغارچە خۇسۇسىيەتلەر هازىرقى تۈركى تىللارنىڭ قۇرۇلۇشىدىمۇ، جۈملىدىن

قارايىم ۋە گاگائۇز تىللىرىدىمۇ ساقلىنىپ قالغان. بۇ تىللار تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئالدىدىكى ئۆزۈك تاۋۇشلارنىڭ يۇمشاقلىشىشىدەك ئىنتايىن قىزىقارلىق ئالامەتلەر بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. بۇنداق ئالاھىدىلىك ئوغۇز گۇرۇپپىسىغا ئەمەس، بەلكى بۇلغار گۇرۇپپىسىغا تەۋە بولغان چۇۋاش تىلىدىمۇ بار. قارايىم ۋە گاگائۇز تىللىرىدا تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئالدىدىكى ئۆزۈك تاۋۇشلار يۇمشاقلاشقاندىن باشقا، يەنە ئۇنىڭدىن كېيىن كېلىدىغان بوغۇمدىكى تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلار ئۆزگىرىپ يۇمشاقلاشقان ئۆزۈك تاۋۇشنىڭ كەينىدىكى تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇش بولۇپ قالىدۇ، مەسىلەن: əwə دېگەننىڭ ئورنىغا əw'a (ئۆيگە)، kəsmə دېگەننىڭ ئورنىغا kəs'm'a ۋاھاكازا.

## قەدىمقى تىللار

### پەچەنەك ۋە ئوزلارنىڭ تىللىرى(64)

پەچەنەك، ئوز، تورك، بېرېندېي قاتارلىق قەبىلىلەر رۇس يىلنامىلىرىدا «قاراكلوبۇكلار» دېگەن نام بىلەن خاتىرىلەنگەن. ئۇلار شەرقىي ياۋروپادا IX ـ X ئەسىرلەردە، يەنى قىپچاقلار (پولوۋلار) كېلىشتىن ئىلگىرى پەيدا بولغان بولۇپ، ئوغۇزلارنىڭ شىمالىي ۋە غەربىي قانىتىنى تەشكىل قىلغان ئىدى. ئوغۇزلارنىڭ ئاساسلىق قىسمى VIII ئەسىردىن باشلاپ سىر دەريا ۋادىسىدا تۇراتتى.

ئوغۇز ئورۇق ـ قەبىلىلىرىنىڭ شىمالىي ۋە غەربىي گۇرۇپپىلىرى غەرپكە ئىچكىرىلەپ كىرىپ، شەرقىي ياۋروپا تېررىتورىيىسىگە كەلدى. بۇ يەردە ئۇلار بۇلغار ۋە خازار قەبىلىلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ،

خېلى كۆپ قىسمى شۇلارغا ئارىلىشىپ كەتتى. بۇلغار ۋە خازار قەبىلىلىرى يېڭى كەلگەن ئوغۇزلارنىڭ تىلىغىمۇ مەلۇم تەسىر كۆرسەتتى. شۇنىڭ نەتىجىسىدە ئوغۇز تىلى ئارىلاشما تىل بولۇپ قالدى. بۇ تىل ئوغۇزچە خۇسۇسىيەتلەرنى ئاساس قىلغان بولىسىمۇ، فونېتىكىلىق تۈزۈلمىسى، لېكسىكا ۋە گىراماتىكىلىق قۇرۇلۇشىدا بۇلغارچە ئېلېمېنتلار خېلى كۆپ.

مەھمۇت قەشقەرى ئۆزىنىڭ دىۋانىدا تۈركى خەلقلەرنى تونۇشتۇرۇپ، پەچەنەكلەرنىڭ تۇرغان جايى ئەڭ غەرپتە، يەنى ۋىزانتىيە چېگرىسىغا يېقىن جايلاردا بولغانلىغىنى، ئۇلارنىڭ تىلى بولسا، بۇلغار ۋە سۇۋارلارنىڭ تىلىغا يېقىن ئىكەنلىگىنى كۆرسەتكەن. شۇنداق قىلىپ، بۇ چاققا كەلگەندە غەربىي پەچەنەكلەرنىڭ تىلى مەھمۇت قەشقەرىنىڭ دىۋانىدا تونۇشتۇرۇلغان ئوتتۇرا ئاسىيا ئوغۇزلىرىنىڭ تىلىدىن خېلى زور دەرىجىدە پەرقلىنەتتى.

كۆچمەنلەرنىڭ شەرقتىن غەرپكە قاراپ ئىلگىرىلىشىدە، شەرقىي ياۋروپا ئۇلارنىڭ قەدىمى يەتكەن ئەڭ غەربىي تېررىتورىيە بولۇپ قالدى. شۇڭا، شەرقتىن كەلگەن ھەممە قەبىلىلەر تەدرىجى ھالدا مۇشۇ جايدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان. ئالايلى، تارىختا مەلۇم بولغان بىرىنچى دولقۇن ھونلارنىڭ كۆچۈشى بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەركىۋىدە تۈركى قەبىلىلەر كۆپچىلىكنى تەشكىل قىلاتتى. ھونلار يېمىرىلگەندىن كېيىن قالغان قەبىلىلەر سلاۋيانلار ۋە فىنلارنىڭ تەسىرىگە يولۇقتى. كېيىن ئۇلار بۇلغار ۋە خازار قەبىلىلىرى ئىتتىپاقلىرىنى تەشكىل قىلىپ ئۇيۇشتى. ئۇلارنىڭ ۋارىسلىرى ھازىرقى چۇۋاشلاردىن ئىبارەت.

ئىككىنچى دولقۇن شىمالىي ۋە غەربىي ئوغۇز قەبىلىلىرىنى (پەچە-

نەك، ئۇز، تورك، بېربەندىي، كوۋۋي، تۇرپەي، كاسپىچ، بۇئۇت قاتارلىقلار) ئاساس قىلغان بولۇپ، شەرقىي ياۋروپادا بۇلغارلار، سۇۋارلار، خازارلار ۋە باشقا تۈركى قەبىلىلەر بىلەن ئۇچراشتى. بۇ قەبىلىلەر دەسلەپتە هونلارنىڭ تەركىۋىگە، كېيىن بۇلغار ۋە خازار-لارنىڭ تەركىۋىگە كىرگەن. شەرقتىن ياۋروپاغا كۆچۈپ كەلگەن پەچەنەك، ئۇز، تورك قاتارلىق ئوغۇز قەبىلىلىرىنىڭ تىلىمۇ بۇلغار-خازار ئارىلاشمىسى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. بۇ تىل ئوغۇز تىلىنىڭ ئاساسىنى ساقلاپ قالغان هالدا، بۇلغار تىلىنىڭ بەزى خۇسۇسىيەت-لىرىنىمۇ قوبۇل قىلغان (ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ يۇمشاقلىششى). بۇ خىلدىكى ئارىلىشىپ كەتكەن ئوغۇز-بۇلغار قەبىلىلىرىنىڭ ۋارىس-لىرى گاگائۇزلار ۋە بالقان تۈركلىرىنىڭ بەزى گۇرۇپپىلىرىدىن ئىبارەت. ئۇلارنىڭ تىلى ئوغۇز تىلىنىڭ ئاساسىنى ۋە قەدىمقى بۇلغارلار بىلەن سۇۋارلارنىڭ تەسىرىنى ساقلاپ قالغان.

ئاسىيادىن شەرقىي ياۋروپاغا كەلگەن ئۈچىنچى چوڭ دولقۇن قىپچاقلار (پولوۋلار) دىن ئىبارەت بولدى. قىپچاقلار بۇ يەردىكى بۇلغار ۋە خازار قەبىلىلىرىنىڭ بىر قىسمىنى بويسۇندۇرۇپ، يېڭىچە قەبىلىلەر تۈركۈملىرىنى هاسىل قىلدى. بۇ قەبىلىلەر تۈركۈم-لىرىنىڭ ۋارىسلىرى، بىر تەرەپتىن، قىپچاق-بۇلغارلارنىڭ ئۇرۇق ۋە قەبىلە تۈركۈملىرىنى ئۆزىنىڭ ئېتنىك ئاساسى قىلىپ، موڭغۇل ئىستىلاسىدىن كېيىن بارلىققا كەلگەن تاتارلار بىلەن باشقىرتلار، يەنە بىر تەرەپتىن، قىپچاق-ئوغۇز-بۇلغار ئۇرۇق ۋە قەبىلىلىرى ئارىلاشمىسىنى ئۆزىنىڭ ئېتنىك ئاساسى قىلغان قارايىم، قۇمىق، قاراچاي ۋە بالقارلاردىن ئىبارەت.

ئەڭ ئاخىرقى دولقۇن (موڭغۇل ئىستىلاسى) شەرقىي ياۋروپا-

دىكى تۈركى قەبىلىلەر تەركىۋىنىڭ قىپچاق ئېلېمېنتىنى زور دەرىجىدە كۈچەيتىۋەتتى. موڭغۇللارغا قوشۇلۇپ تۈركۈملەپ-تۈركۈملەپ كەلگەن قىپچاقلار تاتارلار ۋە تاتار تىلى، باشقىرتلار ۋە باشقىرت تىلىدەك خەلقلەر ۋە تىللارغا ئىنتايىن كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى.

شۇنداق قىلىپ، شەرقىي ياۋروپا شەرقتىن غەرپكە كۆچۈپ چىققان كۆچمەنلەر ۋە ئۇلارنىڭ تىللىرىنىڭ كۆپلىگەن ئېتنىك قاتلاملىرى ئولتۇراقلاشقان جايغا ئايلىنىپ قالدى. مۇشۇنداق ئولتۇراقلىشىپ كەتكەن قاتلاملارغا ئاساسەن، بىر بىرىگە باغلىشىپ كەتكەن پۈتۈن قەبىلىلەر ئىتتىپاقلىرىنىڭ، يەنى قەدىمقى بۇلغارلار ۋە خازارلار قەبىلە ئىتتىپاقلىرىدىن تارتىپ، ھازىرقى زاماندىكى تۈركى خەلقلەردىن چۇۋاش، تاتار، باشقىرت، قۇمىق، قارايىم، نوغاي قاتارلىقلارنىڭ قەبىلىۋى تىللىرىنىڭ ئاساسلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى ئېنىقلاشقا بولىدۇ.

پەچەنەكلەر بىلەن ئۇزلار نەسەب جەھەتتىن ئوغۇزلارغا مەنسۇپ بولۇپ، غەرپ تەرەپكە كۆچۈش جەريانىدا ئۆزىنىڭ قەبىلە تەركىۋىنى خېلى زور دەرىجىدە ئۆزگەرتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇلارنىڭ تىلمۇ ئۆزگىرىپ، مەلۇم دەرىجىدە بۇلغارچە ئالاھىدىلىكلەرنى ئۆزلەشتۈردى. IX ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، پەچەنەكلەر قارا دېڭىز بويلىرىدىن دون دەرياسىغىچە بولغان كەڭ تېررىتورىيىنى ئىگەللىگەن ئىدى. دون دەرياسىدىن دىنېستېر دەرياسىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇلارغا خوشنا بولغان خازار خاقانلىقى بار ئىدى. X ئەسىردە دون ۋە تۆۋەنكى ۋولگىدىكى خازارلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى گۇمران بولدى، بۇلغار دۆلىتى ئاجىزلاشتى. بۇلغارلارنىڭ ئۆزلىرى بولسا، پەچەنەكلەرنىڭ زەربىسى بىلەن ۋولگا ۋە دۇناي بۇلغار-

لىرى دەپ ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى پەچەنەك ئۇرۇقلىرىنىڭ تەركىۋىگە قوشۇلۇپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن، پەچەنەكلەر ئەڭ قۇدرەت تاپقان دەۋرگە كىردى.

بۇلغار تىلىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان پەچەنەك، ئۇز، تورك، بېرىندېي قاتارلىق ئوغۇز قەبىلىلىرى ۋە ئۇرۇقلىرى (تۇرپېيى، كاسپىچ، كوۋۇي)لارنىڭ تىللىرى كۆپلىگەن دىيالېكتلارغا بۆلۈنگەن ئىدى. بۇ دىيالېكتلار مەھمۇت قەشقەرىنىڭ دىۋانىدا خاتىرلەنگەن X–XI ئەسىرلەردىكى ئوغۇز تىلى بىلەن ئورتاقلىغى كۆپرەك بولغان ئەڭ دەسلەپكى دىيالېكتلاردىن تارتىپ، ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردىكى بۇلغارچە ۋە قىپچاقچە ئېلېمېنتلار ئارىلاشقان دىيالېكتلارغىچە بولغانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، IX–X ئەسىرلەردىكى شەرقىي ياۋروپادا بولغان پەچەنەكلەر، ئۇزلار، توركلار ۋە باشقا ئوغۇز قەبىلىلىرىنىڭ تىللىرىنى تەتقىق قىلغاندا، بىزگە مەلۇم بولغان ئازغىنا قالدۇق ماتېرىياللارنى تارىخىي جەھەتتىن ئايرىپ قاراش لازىم. بۇنىڭدا، ئوغۇزچە ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە سۆزلەر ئەڭ بالدۇرقى، بۇلغارچە ۋە قىپچاقچە ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە سۆزلەر ئۇنىڭدىن خېلى كېيىنكى سۆزلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، پەچەنەكچە ئېلېمېنتلار بىلەن ئۇز ۋە تورك تىللىرىنىڭ ئېلېمېنتلىرىنىمۇ ئايرىپ قاراش كېرەك، چۈنكى ئۇزلار بىلەن توركلار شەرقىي ياۋروپاغا پەچەنەكلەردىن كېيىن كەلگەن.

IX–X ئەسىرلەردە شەرقىي ياۋروپادا بولغان پەچەنەك، ئۇز، تورك، بېرىندېي قاتارلىق ئوغۇز قەبىلىلىرىنىڭ تىلىغا دائىر ئاساسلىق ماتېرىياللار پەقەت ئايرىم سۆزلەردىن ئىبارەت. بۇ سۆزلەر خاس

ئىسىملار، ئۇرۇق ۋە قەبىلە نامىلىرى، ئۇنۋانىلارنىڭ ئاتىلىشىلىرى ۋاھاكازالار بولۇپ، تۈرلۈك تارىخچىلار، بولۇپمۇ ۋىزانتىيە تارىخچىلىرى تەرىپىدىن خاتىرىلەنگەن.

يۇقۇرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ۋىزانتىيە ۋە باشقا مەنبەلەردە ساقلىنىپ قالغان پەچەنەكچە سۆزلەر توغرىسىدا يۇ.نېمېت ئەڭ تولۇق مەلۇمات بەرگەن⑥⑤. بىز تۆۋەندە ئاشۇ مەلۇماتىنى رۇس تىرانسكىرىپسىيىسى بويىچە (تەرجىمىدە لاتىن ھەرپلىرى بىلەن ئالدۇق. — تەرجىمان)، قىسمەن تولۇقلاشلار بىلەن تونۇشتۇرىمىز:

1. ئۇرۇق نامىلىرى

*yabdÏ ərdim*

*Küərqi Qur*

*Ķabuķxİn yula*

*Sura Külbəy*

*Ķara Bay*

*Bora Tolmaq*

*YazÏ Ķopan*

*Bula Qopun (Qaban)* ⑥⑥

2. قەلئە نامىلىرى

*Tuŋ Ķatay*

*Ķaraķ Ķatay*

*Salma Ķatay*

*Saķa Ķatay*

*yayu Ķatay*

3. خانلارنىڭ ئىسىملىرى

*Mayqan*

*Küəl*

*Ķorķut (an)*

*Y(a) pan*

*Ķaydum*

*Ķotan*

*Yazï // Yazay*

*Bota(n) (uul)*

(900 — 920 ـ يىللىرى خاقان بولغان).

يۇ. نېمېت نادىسېن ـ مىكلوش يېزىسىدا تېپىلغان ئالتۇن قاچىلار ـ دىكى يېزىقلارنىمۇ پەچەنەكلەرنىڭ يېزىقى دەپ قارايدۇ. بۇنداق قاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇشتا، ئۇ ئەل بەكرى بىلەن گازدىزىنىڭ پەچەنەكلەرنىڭ ئالتۇندىن ياسالغان بۇيۇملىرى بار ئىدى، دىگەن مەلۇماتلىرىغا ئاساسلانغان. يۇ. نېمېت بۇ يېزىقلارنىڭ ئەڭ كاتتىلىرىنى ترانسكرىپسىيىلىگەن ۋە تەرجىمە قىلغان:

*Buila 3oapan täsi dügätügi Botaul 3oapan tarzuri iäigi täsi «Die Schaie des Boila Caban in seinem Auftrage wurde sie ausgeführt; Botaul Caban hat ihr die Sehnalle machen lassen, seine Trink schale ist sie»*[67].

ۋېنگېرىيە يىلناملىرى ۋە رىۋايەتلىرىدىكى پەچەنەك تىلىدىن ئېلىنغان ئىسىملار ۋە سۆزلەر پەچەنەكلەرنىڭ تىلىغا دائىر ئانچە تولۇق بولمىغان مەلۇماتلار جۇملىسىگە كىرىدۇ.

پەچەنەك تىلىغا ئائىت، شۇنداقلا IX ـ X ئەسىرلەردىكى شەرقىي

پاۋروپادا بولغان باشقا ئۇغۇز قەبىلىلرىنىڭ تىلـلرىغا ئائىت مەلۇ-
ماتلار ئاشۇنداق ئىنتايىن ئاز ۋە پارچە-پۇرات بولسىمۇ، بۇ ئۇغۇز
قەبىلىلرى تىللرىنىڭ بەزى خاراكتېرلىق خۇسۇسىيەتلرىنى ۋە
قانۇنىيەتلرىنى ئېنىقلاشقا ئىمكان بېرىدۇ.

يۇ. نېمېت قاتارلىق تەتقىقاتچىلار پەچەنەكلەرنىڭ تىلىنى قىپچاق
تىللرىنىڭ بىرى دەپ خۇلاسىلاپ، بۇ تىلنىڭ تۆۋەندىكىدەك ئالا-
ھىدىلىكلرىنى كۆرسىتىدۇ:

1) فونېتىكىلىق تۈزۈلمىسىدە: a) سۆز ئاخىرىدا g، y<oq
نۆۋەتلىشىش، مەسىلەن: bəy<bəg (Sürü Külbəy)؛ ķataoq
ķatay< «ئىستىھكام»[68]؛ b) w<g/k نۆۋەتلىشىش، مەسىلەن:
küẘərqi، küwl<kөkərqi، kөkəl «كۆكۈش، سۇس يېشىل»[69]،
سۆز بېشىدا t>d جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ بولۇشى، مەسىلەن:
dügətügü[70]؛ c) سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ لەۋلىشىش ئاھاڭداشلىقى،
مەسىلەن: Bula Qopon ،Yazĭ ķopon ۋاھاكازا؛

2) لۇغەت تەركىۋىدە: مەلۇم بولغان پەچەنەكچە سۆزلەرنىڭ
لېكسىكىسىدا ئۇغۇز-قىپچاق ئېلېمېنتلرىنىڭ كۆپ بولۇشى، مەسە-
لەن: Salma ؛([71]“pfahlburg” Saķa ķatay) Saķa، ķara
؛([72]“der-posten” Salma)

3) گىراماتىكىلىق قۇرۇلۇشىدا. ئۇغۇز ۋە قىپچاق تىللرى
گۇرۇپپىلرىغا ئورتاق بولغان سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار -ma/-mə
(مەسىلەن: salma)؛ -an/-ən (مەسىلەن: Yapan، Ķorķutan
Ķotan)؛ -qĭ/-qi (مەسىلەن: Qur Küərqi…).

شۇنداق قىلىپ، تۈرلۈك تارىخىي مەنبەلەردىن قارىغاندا، پەچە-
نەك تىلى ۋە ئۇنىڭغا يېقىن بولغان باشقا ئۇغۇز قەبىلىلرىنىڭ

تىللىرى ئەسلىدە ئوغۇز تىللىرى ئىدى. بۇ تىللار ئۆز تەرەققىياتى جەريانىدا دەسلەپتە بۇلغار ۋە خازار تىللىرى بىلەن، كېيىن قىپچاق (پولوۋ ياكى كۇمان) تىلى بىلەن زىچ ئالاقىدا بولۇپ، ھەم فونېتىكىلىق تۈزۈلۈشى جەھەتتە (ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ يۇمشاقلىشىشى، تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ يۇمشاقلاشقان ئۇزۇك تاۋۇشلاردىن كېيىنكى ئورۇنغا كۆچۈشى قاتارلىقلار)، ھەم لۇغەت تەركىۋى ۋە گىراماتىكىلىق قۇرۇلۇشى جەھەتتە بۇلغارچە ۋە قىپچاقچە خۇسۇسىيەتلەرنى ئۆزلەشتۈردى. بۇ خۇسۇسىيەتلەر مۇشۇ تىللارنى، شۇنداقلا ھازىرقى زاماندىكى گاگائۇز تىلى ۋە باشقا بالقان تۈركلىرىنىڭ تىللىرىنى تۈركى تىللارنىڭ ئوغۇز گۇرۇپپىسىدىكى ئوغۇز بۇلغار تارماق گۇرۇپپىسىغا بىرلەشتۈرىدۇ.

## ھازىرقى تىللار

### گاگائۇز تىلى[73]

گاگائۇز تىلى سوۋېت ئىتتىپاقى دائىرىسىدە ئۇكرائىنا ۋە مولداۋىيە س س ر نىڭ بېندېروۋ ۋە ئىزمايىل رايونلىرىدا ياشىغۇچى گاگائۇزلارنىڭ (ئومۇمى سانى 124 مىڭ)، شۇنداقلا شەرقىي بولغارىيە ۋە رۇمىنىيەدە ياشىغۇچى گاگائۇزلارنىڭ تىلىدۇر. بۇرۇنقى تۈر ئايرىمىسىدا ھەممە گاگائۇزلار بېسارابىيە گاگائۇزلىرى (ھازىر سوۋېت ئىتتىپاقى تەركىۋىدە) ۋە دۇناي گاگائۇزلىرىغا بۆلۈنگەن. دۇناي گاگائۇزلىرى ئۆز نۆۋىتىدە شەرقىي ياكى بولغارىيە گاگائۇزلىرى ۋە غەربىي ياكى گرېتسىيە گاگائۇزلىرىغا بۆلۈنگەن.

گاگائۇزلارنىڭ باشقا تۈركى خەلقلەردىن ئايرىلىپ تۇرۇشى

ھەمدە ئۇلارنىڭ سىياسى ھەم تېررىتورىيە جەھەتتىن بىرنەچچە يىگانە
گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ كەتكەنلىكى گاگائۇز تىلىنىڭ خاراكتېرىغىمۇ
تەسىر كۆرسەتتى. گاگائۇز تىلى بىرمۇنچە شىۋە ۋە گوۋورلارغا
بۆلۈنسىمۇ، ئورتاق ئوغۇزچە خۇسۇسىيەتلىرى بار. بۇ شىۋە ۋە
گوۋورلارنىڭ بىر بىرى بىلەن بولغان پەرقى ئاساسەن لېكسىكا
تەركىۋىدە كۆرۈلىدۇ.

گاگائۇز تىلىنىڭ دىيالېكتلىرى ئىنتايىن ئاز تەكشۈرۈلگەن.
شۇنداقتىمۇ، گاگائۇز تىلىنىڭ دىيالېكتلىرى ئاساسەن لېكسىكىلىق
ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن پەرقلىنىدىغانلىقى مەلۇم. شەرقىي ياكى
بولغارىيە گاگائۇزلىرىدا سلاۋيان ۋە رومان تىللىرىدىن قوبۇل
قىلىنغان سۆزلەر كۆپ، غەربىي ياكى خاسىل، يەنى «ساپ گاگا-
ئۇزلار» دەپ ئاتالغان گرېتسىيە گاگائۇزلىرىدا گرېك تىلىدىن
قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر كۆپ.

بالقاندىكى تۈركىي قەبىلىلەردىن غاجالى، توزلۇق، گېرلوۋ،
قىزىلباش، يۈرۈك، كارامانلى، سۇرگۈچ قاتارلىقلارمۇ گاگائۇز تىلىنىڭ
شىۋىلىرىدە ياكى گاگائۇز تىلى بىلەن تۈرك تىلىغا ئىنتايىن يېقىن
بولغان شىۋىلەردە سۆزلىشىدۇ.

گاگائۇزلار ۋە بالقاندىكى باشقا تۈركىي خەلقلەر تارىخىي
جەھەتتىن تۈرلۈك قەبىلىلەرنىڭ ئەۋلادلىرى بولۇپ، بۇلغارلار،
ئوغۇزلار (ئۇز، پەچەنەك ياكى «قاراكلوبۇكلار»)، بېرېندېي،
كاسپىچ، تۈرپەي، كوۋۇي، بوئۇت قاتارلىقلار (بۇلار قىپچاقلار بىلەن
قىسمەن ئارىلاش خاراكتېرغا ئىگە) ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى قىپچاق-
لاردەك قەبىلە ئىتتىپاقلىرى ۋە قەبىلىۋى تۈركۈملەرنىڭ تەركىۋىگە
كىرگەن. ئۇلار تۈرك-ئوسمانلارنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئىشغالىيىتى

ئاستىدا تۇرۇپ، ئۆز تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى زور دەرىجىدە ئۆز-گەرتكەن بولسىمۇ، يەنىلا ئۆز تىلىنىڭ بەزى قەدىمقى خۇسۇسىيەت-لىرىنى ساقلاپ قالغان. بۇ خۇسۇسىيەتلەر قىپچاق-ئوغۇز-پولوۋ تىللىرىغا ئورتاق.

شۇنداق قىلىپ، گاگائۇزلار تارىخىي جەھەتتىن جەنۇبىي رۇس دالالىرىدا ماكانلاشقان قەبىلىلەر ئىتتىپاقىغا مەنسۇپ. بۇ دىگەنلىك ئۇلار تۈركلەرنىڭ كىچىك ئاسىياغا كەلگىنىدەك جەنۇبى يول بىلەن ئەمەس، بەلكى شەرقىي ياۋروپاغا كاسپى دېڭىزىنىڭ شىمالىدىكى يول ئارقىلىق كەلگەن ئوغۇزلارنىڭ (ئۇزلارنىڭ) ئەۋلاتلىرى دىگەنلىكتۇر. گاگائۇزلار كىچىك ئاسىياغا تۈركلەر كېلىشتىن بۇرۇن بۇلغار ۋە قىپچاقلارنىڭ خېلى كۈچلۈك تەسىرىگە يولۇققان. كېيىن يەنە ئوغۇز تىلى دائىرىسىگە، لېكىن ئەمدى سۈپەت جەھەتتىن ئۆزگىچە بولغان تۈرك-ئوسمانلارنىڭ ئوغۇز-سالچۇق تىلى دائىرىسىگە كىردى ھەمدە تۈرك-ئوسمانلار تەرىپىدىن پۈتۈنلەي بولمىسىمۇ، زور دەرىجىدە ئاسسىمىلاتسىيە قىلىندى.

دىمەك، گاگائۇز تىلىنى ئوغۇز تىللىرى قاتارىغا كىرىدۇ دىيىش بىلەن بىللە، يەنە بۇ تىلنىڭ بۇلغار تىللىرى بىلەن، بولۇپمۇ قىپچاق تىللىرى بىلەن، خۇسۇسەن ھازىرقى زامان قارايىم تىلى بىلەن بولغان بەزى ئوخشاشلىقلىرى ۋە باغلىنىشلىرىنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەك.

ئۇنىڭدىن باشقا، گاگائۇز تىلىنىڭ شەكىللىنىشىدە رومان تىللىرى (رۇمىن ۋە مولداۋىيان تىللىرى) ۋە بولۇپمۇ سىلاۋيان تىللىرى (رۇس ۋە بولغار تىللىرى) چوڭ رول ئوينىدى. بۇ تىللار گاگائۇز تىلىنىڭ لېكسىكىسىغىلا ئەمەس، بەلكى سىنتاكسىسىغىمۇ تەسىر كۆر-

سەتتى. گاگائۇز تىلىدا جۈملىنىڭ سۆز تەركىۋى رۇس تىلىنىڭ سۆز تەركىۋىگە ئوخشاپ كېتىدۇ.

گاگائۇز تىلى بارلىق ئوغۇز تىللىرىغا ئورتاق بولغان ئالامەتلەر بىلەن، شۇنداقلا بۇ تىلنى ئوغۇز تىللىرىدىن ئايرىپ تۇرىدىغان ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەر بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. ئاخىرقىسى تۆۋەندىكى جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ:

*a*) تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئالدىدىكى ئۈزۈك تاۋۇشلار يۇمشاقلىشىدۇ، بۇ خىل ئالامەت قارايىم ۋە چۇۋاش تىللىرىدىمۇ بار. بۇنىڭدىن چۇۋاش، قارايىم ۋە گاگائۇز تىللىرىدا بۇلغارچە ئېلېمېنت-لارنىڭ بار ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. بۇ دىگەنلىك بۇ خەلقلەرنىڭ تەركىۋىدە ئۇلارغا ئورتاق بولغان بۇلغار ئۇرۇق-قەبىلە تۈركۈملىرى بار دىگەنلىكتۇر. گاگائۇز تىلىدا (قارايىم تىلى-دىمۇ شۇنداق) تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئالدىدىكى ئۈزۈك تاۋۇشلار يۇمشاقلاشقاندا، ئۇنىڭدىن كېيىن كېلىدىغان تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلار ئۆزگىرىدۇ ۋە يۇمشاق ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ ئارقىسىدىكى تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشقا ئايلىنىدۇ، يەنى: ə>a' مەسىلەن: *b'an* (*bən* ئەمەس) «مەن»؛ *əw'a* (*əwə* ئەمەس) «ئۆيگە»؛ *d'armix* (*dərmix* ئەمەس)؛ *kəs'm'a* (*kəsmə* ئەمەس) ۋاھاكازا. ü>u، مەسىلەن: *aaq üst'un'a* (*üstünə* *aoqaq* ئەمەس) «ياغاچ ئۈستىگە» ۋاھاكازا.

*b*) ئىككىلەمچى سوزۇلما سوزۇق فونېملىرى بار. بۇ سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ *oq* ياكى *g* ئۈزۈك تاۋۇشلىرى بىلەن نۆۋەتلىشىپ كىرىشىپ كېتىشىنىڭ نەتىجىسىدۇر. لېكىن، شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش لازىمكى، بۇنداق كىرىشىپ كېتىش گاگائۇز تىلى ۋە باشقا ئوغۇز تىللىرىدا

پەقەت سۆز بېشى ۋە سۆز ئوتتۇرىسىدىلا بولىدۇ. سۆز ئاخىرىدا بولسا، ئۇچۇق بوغۇم بولۇشى شەرت، يېپىق بوغۇملاردىكى *aoɣ>aa*، *uoɣ>uu* دەك كىرىشىپ كېتىشلەر ئوغۇز تىللىرىدا ۋە غەربىي تارماقتىكى باشقا تىللاردا مەۋجۇت ئەمەس، بۇ، شەرقىي تارماقتىكى تىللارنىڭ خاراكتېرلىق ئالامىتىدۇر. شۇنداق قىلىپ، گاگائۇز تىلىدا سوزۇلما سوزۇقلارغا كىرىشىپ كېتىش پەقەت تۆۋەندىكىدەك نۆۋەتلىشىشلەردىلا كۆرۈلىدۇ:

*aa<aoɣa، ïoɣa، aoɣï* مەسىلەن: *aaq<aoɣaq* «ياغاچ»؛ *əgi*، *uoɣa، ooɣa* ؛ *əə<əgə، igə،* مەسىلەن: *əxəə<əxəgə* «ئىشىككە»؛ *oo<ooɣo، ooɣu،* مەسىلەن: *booday<booɣuday* «بۇغداي»؛ *üü<üyü، ügu، ügü* مەسىلەن: *büük<büyük* «بۈيۈك»؛ *igü، əgi* ؛ *ï<ioɣï، ïoɣu* مەسىلەن: *sïr<sïoɣïr* «سىيىر»؛ *ii<igi،* مەسىلەن: *diil<dəgil* «يوق» ۋاھاكازا؛

c) *nl، nd<nn* بىرىكمىلىرىنىڭ نۆۋەتلىشىشى، مەسىلەن: *onnar<onlar* «ئۇلار»، *altïnnaïi<altïnlarï* «ئالتۇنلىرى»، *jannan<jandan* «جاندىن» ۋاھاكازا؛

d) بەلگىلىك شەيئىنىڭ ئايالچە سىيغىسىنى كۆرسىتىدىغان ئارقا قوشۇمچە *-yka، -ka* مەسىلەن: *baldïska* (*baldïs* دىگەن سۆزدىن) «قېينى ھەدە»؛ *koxmuyka* (*koxmu* دىگەن سۆزدىن) «ئايال خوشنا» ۋاھاكازا؛

e) *-mək<-mak* بىلەن كېلىدىغان ھەركەتناملىرىدا سۆز ئاخىرىدىكى *K* نىڭ چۈشۈپ قېلىشى، مەسىلەن: *gitmək<* *g'itm'a* «كەتمەك» ۋاھاكازا؛

f) يۆنىلىش كېلىشىنىڭ ئورنىغا چىقىش كېلىشىنىڭ ئىشلىتىلىشى،

مەسلەن: *orayĭ g'itmix* (*oraya* ئەمەس) «شۇ تەرەپكە كەتتى»، *nərəyĭ gətürərsin* «نەگە ئاپىرسەن» ۋاھاكازا. بۇ ئالاھىدىلىكنى ھەممە گاگائۇزشۇناسلار كۆرسىتىپ ئۆتكەن بولسىمۇ، شۇنداق بىر ئېھتىماللىق باركى، بۇ يۈنىلىش كېلىش قوشۇمچىسىنى چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن ئالماشتۇرۇش بولماستىن، بەلكى سۆز ئاخىرىدىكى كەڭ سوزۇق تاۋۇشنىڭ ئاجىزلىشىپ، تار سوزۇق تاۋۇشقا نۆۋەتلىشىش ھادىسىسىدۇر: $a>ĭ$ ۋە $ə>i$؛

g) گاگائۇز تىلىنىڭ لېكسىكا ۋە سىنتاكسىسىدا گرېك، رومان، سلاۋيان تىللىرىنىڭ، خۇسۇسەن بولغار ۋە رۇس تىللىرىنىڭ تەسىرى كۈچلۈك. بۇ بىرىنچىدىن، قوبۇل قىلىنغان ئايرىم سۆزلەر ۋە ياردەمچى ئېلېمېنتلاردا ئىپادىلىنىدۇ، مەسىلەن: گرېكچە *mortas* (ئۆلۈك)، رومانچە *markidan* (سودىگەر)، رۇسچە *wedra* (چېلەك)، *xuba* (جۇۋا)، *sluqi* (ھادىسە، بەختسىزلىك) دېگەنگە ئوخشاشلار؛ بولغارچە ئېنىقلىغۇچى ۋە رۇسچە يۈكلىمە *da*، مەسىلەن: *da kĭz da bəkləmix bir wakĭda da o da uyumux* «قىز بولسا، بىردەم كۈتتى-دە، ئۇخلاپ قالدى»، ئىككىنچىدىن، جۈملىدىكى سۆز تەرتىۋىدە ئىپادىلىنىدۇ. يۇقۇرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، گاگائۇز تىلىدا جۈملىنىڭ سۆز تەرتىۋى رۇس تىلىدىكى جۈملىنىڭ سۆز تەرتىۋىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. مەسلەن: *yəmix əxək booday, iqmix suyu, əlmüx yikĭlmix, patlamix, əlmux,* «ئېشەك بۇغداي يېدى، سۇ ئىچتى، يىقىلدى، يېرىلىپ كەتتى ۋە ئۆلدى»، ياكى *ona yimə wərdi* «ئۇنىڭغا يېمەكلىك بەردى»، *koydu sofrasina* «سۇپىرىسىغا قويدى» ۋاھاكازا.

مۇشۇنداق ئالامەتلەر ئارقىلىق گاگائۇز تىلى باشقا ئوغۇز تىللىرىدىن پەرقلىنىدۇ.

بېسسارابىيە سوۋېت ئىتتىپاقىغا قوشۇلۇشتىن بۇرۇن گاگائۇزلارنىڭ يېزىق تىلى يوق ئىدى. XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا گاگائۇزلارنىڭ رۇس ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى يېزىقلىرى پەيدا بولغان ئىدى. بۇ يېزىقلارنىڭ پەيدا بولۇشى رۇس دىن تارقاتقۇچىلىرىنىڭ پائالىيەتلىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، گاگائۇز تىلىدا بەزى كىتاپلار نەشىر قىلىنغان. بۇ كىتاپلار ئاساسەن دىنىي مەزمۇندا بولۇپ، ئىستىمال دائىرىسى تار ئىدى. گاگائۇزلار بۇرژۇئا رۇمىنىيىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا بولغان دەۋردە گاگائۇز يېزىق تىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان.

گاگائۇزلار ئۇلۇغ سوۋېت خەلقلىرىنىڭ ئىتتىپاقىدىكى تەڭ ھوقۇقلۇق خەلق سۈپىتىدە مولداۋىيە سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتىنىڭ تەركىۋىگە كىردى. ئەنە شۇنىدىن كېيىنلا، گاگائۇز خەلقى گاگائۇز يېزىق ئەدەبىي تىلىنى يارىتىش مەسىلىسىنى قايتىدىن قوزغاپ چىقتى. بۇ مەسىلە سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى بۇرۇن يېزىقى بولمىغان بىرمۇنچە تىللارنى ئىشلەپ چىقىشنىڭ مول تەجرىبىسى ئاساسىدا مۇۋەپپەقىيەتلىك ھەل قىلىندى.

### بالقان تۈركلىرىنىڭ تىلى(74)

بالقاندىكى تۈركى قەبىلىلەر تارىخىي جەھەتتىن ئوغۇزلارنىڭ مۇنداق ئىككى قەبىلىۋى گۇرۇپپىسىدىن كېلىپ چىققان: بىرىنچىدىن، شەرقىي ياۋروپاغا ئەڭ بالدۇر چىققان پەچەنەك، ئۇز ۋە توركلار بولۇپ، بۇلار شەرقتىن غەرپكە قاراپ قارا دېڭىز ۋە كاسپىي دېڭىز-

نىڭ شىمالىي تەرەپلىرى بىلەن ئىلگىرىلىگەن؛ ئىككىنچىدىن، ياۋروپاغا جەنۇبىي يول بىلەن كېيىنرەك كەلگەن سالچۇق ۋە ئوسمانىلار.

بالقاندا تۈركىيە ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە بالقان تۈركلىرىنىڭ بۇ ھەر ئىككى گۇرۇپپىسى تىل جەھەتتىن خېلى زور ئۆزگىرىش ياسىدى. تۈرك تىلى ھۆكۈمران تىل بولغانلىقى ئۈچۈن، بالقان تۈركلىرىنىڭ دىيالېكتلىرى تەبىئى ھالدا تۈرك تىلىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى. شۇنداقتىمۇ، دىيالېكتلارنىڭ ئۆزگىرىشى تەكشى بولمىدى ۋە تولۇق بولمىدى. دىيالېكتلارنىڭ كۆپچىلىكى ئۆزىنىڭ خاس خۇسۇسىيەتلىرىنى ساقلاپ قالدى. بالقان تۈركلىرىنىڭ تىلى ئەنە شۇ خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن تۈرك تىلىدىن پەرقلىنىپ، گاگائۇز تىلى بىلەن بىرلىكتە ئالاھىدە بىر تارماق گۇرۇپپىنى تەشكىل قىلىدۇ.

ۋ. موشكوۋنىڭ تۆر ئايرىمىسىدا[75] بالقاندىكى ھەممە تۈركى قەبىلىلەر مۇنداق ئىككى تۈركۈمگە بۆلۈنىدۇ: 1) مۇسۇلمان تۈرك-لەر. بۇنىڭغا تەئەللۇق بولغانلار تۈركلەر (ئوسمانىلار)، غاجارلار، توزلۇقلار، گېرلوۋلار، قىزىلباشلار، يۇرۇقلار (كونيارلار)؛ 2) خىرىستىيان تۈركلەر. بۇنىڭغا تەئەللۇق بولغانلار قارامانلىقلار، گاگا-ئۇزلار ۋە سۇرگۇچلەر. ئەمما، دىنىي مۇناسىۋەتلەرگە ئاساسلانغان بۇ تۆر ئايرىمىسى نەسەب جەھەتتىنمۇ، تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىنمۇ ئىسپاتلانمىدى.

تىل خۇسۇسىيەتلىرىدىن قارىغاندا، بالقان تۈركلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى خىلمۇ-خىللىقنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ئەنە شۇنداق ئوبيېكتىپ ئالامەتلەرگە ئاساسەن بالقان تۈركلىرىنى مۇنداق ئىككى تۈركۈمگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

بولغارىيە گاگائۇزلىرىدىن باشقا، بالقانغا شىمالدىن كۆچۈپ كەلگەن ئەڭ ئاۋالقى كۆچمەنلەردىن پەچەنەك، ئۇز ۋە توركلارنىڭ ئەۋلاتلىرى بىرىنچى تۈركۈمنى تەشكىل قىلىدۇ، بۇلار: 1) ئادەم سانى 4 مىڭغا يېقىن بولۇپ، ماكېدونىيىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي قىسمىدا ياشىغۇچى ماكېدونىيە گاگائۇزلىرى؛ 2) سۇرگۈچلەر، بۇلارنىڭ ئادەم سانى 7 مىڭغا يېقىن بولۇپ، ئۆزلىرىنى گاگائۇز دەپ ئاتايدۇ. ۋ. موشكوۋنىڭ قىياس قىلىشىچە، ئۇلار پەچەنەكلەردىن كېلىپ چىققان (سۇر — پەچەنەكلەرنىڭ بىر ئۇرۇق نامى+گۈچ<غۇز<ئوغۇز). ئۇلار ئادرىئانوپول رايونىدا ياشايدۇ. 3) غاجارلار پەچەنەك، ئۇز ۋە توركلارنىڭ ئەۋلاتلىرى بولۇپ (ۋ. موشكوۋ)، دېلىئورمان رايونىدا يەنى رۇشۇك سىلىسترىيە، ۋارنا ۋە شۇملا قەلئەلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى جايلاردا ياشايدۇ.

ئىككىنچى تۈركۈمگە كىرىدىغانلار: كىچىك ئاسىيادىن تۈرلۈك سەۋەپلەر بىلەن بالقانغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان تۈركلەرنىڭ ئۇششاق ۋە يىگانە گۇرۇپپىلىرى، شۇنداقلا تۈركلىشىپ كەتكەن بولغارلار ۋە گرېكلاردىن ئىبارەت. بۇ تۈركۈمگە خۇسۇسەن تۈركلەر (ئوسمانلار) دىن باشقا يەنە مۇنۇلار كىرىدۇ: 1) يۈرۈكلار (ياكى كونيارلار). بۇلار كىچىك ئاسىيادىن سۇلتان بايازىت (1398 — 1402) نىڭ زامانىدا كۆچۈپ چىققان بولۇپ، ھازىر ماكېدونىيىدە ياشايدۇ؛ 2) كارامانلى (بۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىگى تۈركلىشىپ كەتكەن گرېكلار). بۇلار كىچىك ئاسىيادىن چىققان ئايرىم كۆچمەنلەر بولۇپ، ئاساسلىق قىسمى كېسارىيىگە يېقىن جايلاردا ياشايدۇ. بالقان يېرىم ئارىلىدا ياشايدىغانلىرى بىرە-بىرە بولۇپ، ئۆرپ-ئادەتلىرى جەھەتتە گاگائۇزلارغا يېقىن؛ 3) قىزىلباشلار ئاز سانلىق

بىر گۇرۇپپا بولۇپ، گېرلوۋ ۋە دېلىئورمان رايونلىرىدا ياشايدۇ. ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ بىر مەزھىپىگە كىرىدۇ. ئېھتىمال، ئەڭ دەسلەپتە شىيلەر (ئەلى پەرەستلەر) بولغان بولسا كېرەك[76]؛ 4) توزلۇق تۈركلىرى ۋە گېرلوۋلار — تۈركلەر بىلەن تۈركلىشىپ كەتكەن بولغارلارنىڭ ئارىلاشما گۇرۇپپىسى، بۇلار گېرلوۋ ۋە ئوسمان بازار رايونىدا ياشايدۇ.

بىرىنچى تۈركۈمدىكى بالقان تۈركلىرىنىڭ تىلى كۆپ جەھەتتىن گاگائۇز تىلىغا ئوخشايدۇ. ئالايلى، غاجالى تىلىنىڭ تۈرك تىلىدىن پەرقى ئەڭ چوڭ بولۇپ، بېشالمان گاگائۇزلىرىنىڭ تىلىغا ئوخشاش دىگۈدەك. مەسىلەن: غاجالى تىلىدا *ə>’a* نۆۋەتلىشىشى كۆرۈلىدۇ (تۈركچە - *s’an<sən*، تۈركچە - *gitm’a<gitmək* ۋاھاكازا). سۈرگۈچلەرنىڭ تىلى ھەققىدىمۇ خۇددى شۇنداق دىيىشكە بولىدۇ.

ئىككىنچى تۈركۈمنىڭ تىلى تۈرك تىلىغا (كارامانلى، توزلۇق تۈركلىرى) ۋە ئەزەربەيجان تىلىغا (يۈرۈكلار) يېقىنىراق. لېكىن دىيالېكتلىق پەرقلىرىمۇ خېلى زور. كارامانلىلارنىڭ گرېك ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۆز يېزىقى ۋە ئەدەبىياتى بار.

## 3. ئوغۇز - سالچۇق تارماق گۇرۇپپىسى

ئوغۇز - سالچۇق تىللىرى ئالدىنقى ئىككى تارماق گۇرۇپپىغا نىسبەتەن، تارىخىي جەھەتتىن خېلى كېيىنكى تىل تۈركۈمى. بۇ تىللارغا، ئالدى بىلەن، ئۆلۈك سالچۇق تىلى كىرىدۇ. بۇ تىلنىڭ يادىكارلىقلىرىدىن تۆۋەندىكىلەر بار: «قىسسەئى يۈسۈف» داستانى (مىلادى 1233 - يىل)[77]؛ «رەباب نامە» بۇ، سۇلتان ۋەلەدنىڭ

شېئىرلىرى ۋە جالال ـ ئەد ـ دىن رۇمىنىڭ شېئىرلىرى[78]؛ «غەرىپ نامە» (1329 ـ 1330)[79]؛ نەسەفىنىڭ شېئىرلىرى (1332)[80]؛ «تەزكىرە تۇل ئەۋلىيا» (1340)[81]؛ بۇرھانىددىن سىۋاسىنىڭ «دىۋانى» (1345 ـ 1397)[82] قاتارلىقلار. بۇ گۇرۇپپىدىكى تارىخىي جەھەتتىن ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان تىل كونا ئوسمانىيە تىلىدىن ئىبارەت. بۇ تىلنىڭ يادىكارلىقلىرىدىن تۆۋەندىكىلەر بار: «ئىسكەندەرنامە» (1390)[83]؛ «قايغۇدىن كېيىنكى خوشاللىق»نىڭ ئوسمانچە تەرجىمىسى (1415)، بۇنى گ. ۋامبېرى نەشر قىلغان[84]؛ «ئىبىن بىبىنىڭ بايانىنامىسى» (1421 ـ 1415)[85]؛ قۇرئاننىڭ 1499 ـ يىلدىكى تۈركچە تەرجىمىسى[86]، شۇنداقلا بەزى ھاجىلار ۋە تۇتقۇنلارنىڭ ئايرىم خاتىرىلىرى، بۇلارمۇ ئوسمانىيە تىلىنىڭ ئۆلگىلىرى بولالايدۇ[87].

ئاخىرىدا، بۇ گۇرۇپپىغا ھازىرقى زامان ئەزەربەيجان ۋە تۈرك تىللىرى كىرىدۇ.

بۇ تارماق گۇرۇپپىدىكى تىللارنىڭ ئالامەتلىرى يۇقۇرىدىكى ئوغۇز ـ تۈركمەن تارماق گۇرۇپپىسى بىلەن مۇشۇ تىللارنىڭ ئالامەتلىرىنىڭ سېلىشتۇرمىسىدا بېرىلگەن.

## قەدىمقى تىللار

### سالچۇق ۋە كونا ئوسمانىيە تىللىرى[88]

سالچۇق تىلى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى كونا ئوسمانىيە تىلى X ـ XI ئەسىرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سىر دەريا ۋادىسىدىن جەنۇپ ۋە غەرپكە مېڭىپ خارەزىم، ئىران، كىچىك ئاسىيا ۋە كاپكازغا كۆچۈپ كەتكەن ئوغۇزلارنىڭ جەنۇبىي قانىتىدىكى ئۆزئارا يېقىن تىللاردۇر.

سالچۇق ۋە ئوسمانىلارنىڭ نامى ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇنقى قەبىلە سەردار-لىرىنىڭ نامىدىن كېلىپ چىققان. ئۆز ئالدىغا ئايرىم تىل بولۇپ بۆلۈنۈپ چىققان سالچۇق ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى كونا ئوسمانىيە تىللىرى (XI - XIV ۋە XIV - XIX ئەسىرلەردە) ئۆزئارا ئورتاق بولغان ئوغۇزچە خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولۇشتىن سىرت، تەرەققىيات جەريانىدا فونېتىكىلىق تۈزۈلمىسى، لېكسىكا ۋە گىراماتىكىلىق قۇرۇلۇشىدا خاس ئالاھىدىلىكلەرنى شەكىللەندۈردى. بۇ تىللار شۇ ئالاھىدىلىك-لىرى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئالدىنقى ئەۋلات تىلى بولغان، ئوتتۇرا ئاسىيا تېررىتورىيىسىدە قالغان ئوغۇزلارنىڭ تىلىدىنمۇ، ھازىرقى زامان تۈرك تىلىدىنمۇ پەرقلىنىدۇ. بۇ ئالاھىدىلىكلەر تۆۋەندىكى جەھەتلەردە كۆرۈلىدۇ:

1) فونېتىكىلىق تۈزۈلمىسىدە: *a*) «ز»نىڭ ئورنىغا «س» كېلىدۇ: اوسىنكى «ئەقىلىك» ۋە ئۇنىڭغا قارىمۇ-قارشى ھادىسىلەر، مەسىلەن: كىندىزنكا باقمىغىل «ئۆزەڭگە قارىما» ۋاھاكازا. *b*) «ق»نىڭ ئورنىغا «خ» كېلىدۇ، مەسىلەن: بىلدىخ «تاپتۇق»؛ يىپراخ «يوپۇرماق»؛ *c*) «غ» بىلەن «خ»نىڭ تۇراقلىق بولماسلىقى، مەسىلەن: دىخدىن «تاغدىن» ۋاھاكازا[89]؛ *d*) سۆز بېشىدا «د»نىڭ ئورنىغا «ت»نىڭ كېلىشى، مەسىلەن: «دورتنجى»نىڭ ئورنىغا «تورتىنجى» ۋاھاكازا؛ *e*) سۆز بېشىدا «ب»نىڭ ئورنىغا «م»نىڭ كېلىشى، مەسىلەن: «بىنك»نىڭ ئورنىغا «مىنك» (مىڭ) ۋاھاكازا[90]؛

2) گىراماتىكىلىق قۇرۇلۇشىدا: *a*) سۈپەتلەردە -لى قوشۇمچىسىنىڭ ئورنىغا لىق // لىك قوشۇمچىسىنىڭ بولۇشى؛ *b*) -بىن بىلەن كېلىدىغان رەۋىشداش شەكلى، مەسىلەن: قويوبىن، ارايوبىن ۋاھاكا-زا: *c*) غىل // كىل بىلەن كېلىدىغان بۇيرۇق پېئىل شەكلى، مەسىلەن:

قويغل، باقمغل، كلكل ۋاھاكازا؛ $d$) ئارخايىك ئالماشلار: كندز «ئۆزى»، اورى «شۇ»؛ $e$) كۆپلىك سان ساناق سانلارنىڭ بىرىكمىسى بولۇپ كېلىدۇ، مەسىلەن: اوچ يوز اعلى خلعتلر «ئۈچ يۈز ئالى تون»[91]؛ $f$) مەقسەتنى بىلدۈرىدىغان رەۋىشداش $I$، $u$ بىلەن كېلىدۇ، مەسىلەن: ملكه ديليو الچى كلور «مەلىكىنى سوراپ ئەلچى كەلدى»[92].

3) لۇغەت تەركىۋىدە ئارخايىك سۆزلەرنىڭ بولۇشى: يلغز «يالغۇز»، چغر «هاراق»، قمو «ھەممىسى» قاتارلىق[93].

سالچۇق تىلىنىڭ يادىكارلىقلىرى خېلى كېيىنكى تىرانسكرىپ-سىيىلەردە ساقلانغان بولۇپ، تولاراق كونا ئوسمانىيە تىلىنىڭ ئالا-ھىدىلىكلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. كونا ئوسمانىيە تىلى ئاشۇ يادىكارلىقلارنىڭ بىۋاستە ۋارىسىدۇر.

## ھازىرقى تىللار

### ئەزەربەيجان تىلى[94]

ئەزەربەيجان تىلى ئەزەربەيجان س س ر ئاھالىسىنىڭ، يەنى ئەزەربەيجانلارنىڭ (ئېغىز تىلىدا ئادەربىجان، ئازەربەيجان) ياكى ئەزەربەيجان تۈركلىرىنىڭ (ئېغىز تىلىدا ئەزەربەيجان ياكى كاپكاز تاتارلىرى) تىلىدۇر. ئومۇمى نوپۇسى 2 مىليون 929 مىڭ. ئەزەربەيجان تىلى ئوغۇز تىللىرىنىڭ ئوغۇز-سالچۇق تارماق گۇرۇپ-پىسىغا كىرىدۇ.

ئەزەربەيجان تىلىنىڭ كېلىپ چىقىشى X-VIII ئەسىرلەردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئوغۇز قەبىلىلىرىنىڭ تىلىغا باغلىنىدۇ. ئەينى زاماندىكى

ئوتتۇرا ئاسىيا ئوغۇز قەبىلىلىرىنىڭ تىلى ھازىرقى بىرنەچچە تۈركى تىللارنىڭ ئالدىنقى ئەۋلات تىلىدۇر. ئەزەربەيجان تىلىغا تۇققانلىغى ئەڭ يېقىن بولغىنى تۈرك تىلىدىن ئىبارەت. شۇنداقتىمۇ، بۇ تىللار ئۆز تەرەققىياتى جەريانىدا خېلى زور پەرقلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇ پەرقلەر مۇنداق تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ: 1. فونېتىكىلىق تۈزۈلمىسىدە: *a*) توققۇزىنچى سوزۇق تاۋۇش *ə* بار، تۈرك تىلىدا بۇنداق تاۋۇش يوق: *b*) بەزى دىيالېكت ۋە گوۋورلاردا ئارقا تاڭلاي ئۈزۈك تاۋۇشى η ۋە سۆز ئاخىرىدىكى *oq* بار؛ *c*) جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ جاراڭسىزلىنىشى ۋاھاكازا. 2. گىرامماتىكىلىق قۇرۇلۇشىدا: *a*) *ar* – ۋە *Ïr* – قوشۇمچىلىرىنىڭ مەنە جەھەتتىكى پەرقى: ***alÏr*** «ئېلىۋاتىدۇ»، ***alar*** «ئالىدۇ». بۇ قوشۇمچىلارنىڭ تارىخىي خۇسۇسىيەتلىرى ئوخشاشمايدۇ؛ *b*) ئۆتكەن زامان پېئىلىنىڭ ئاھاڭداش بولمايدىغان شەكىللىرى: ***gəldÏh // gəldoh*** «كەلدۇق»؛ 3. لۇغەت تەركىۋىدە پارسچە ئېلېمېنتلار كۆپ.

ئەزەربەيجان ئېغىز تىلى كۆپلىگەن دىيالېكت ۋە گوۋورلارغا بۆلۈنىدۇ. بۇلار يەنە بىرنەچچە دىيالېكت گۇرۇپپىلىرىغا مەركەزلىشىدۇ[95]:

1. شەرقىي دىيالېكتلار گۇرۇپپىسى (كاسپىي دېڭىز بويلىرىدا) كۇبىن، دەربەت، باكۇ، شەماھ، ساليان ۋە لېنقوران دىيالېكتلىرىدىن تەركىپ تاپقان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئاساسلىق ئورتاق ئالامەتلىرى مۇنداق: *a*) دىماق سوزۇق تاۋۇشلىرى ۋە يۇمشاق تاڭلاي η تاۋۇشى يوق؛ *b*) سۆز ئاخىرىدىكى ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ جاراڭلىشىشقا ئىنتىلىشى: كىتاب «كىتاپ»، ئاغاج «ياغاچ» قاتارلىق؛ *c*) كەڭ سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تار سوزۇق تاۋۇشلارغا نۆۋەتلىشىشى ۋاھاكازا.

2. غەربىي دىيالېكتــلار گۇرۇپپىسى (ئەزەربەيــجاننىڭ غەربىي شــمالى قىســمى) قازاخ، بورچالــن ۋە ئايروُم دىيالېكتــلىرىدىن تەركىپ تاپــقان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئاساسـلىق ئورتاق ئالامەتـلىــرى مۇنۇلار: $a$) سۆز بېشىدىكى $y$ نىڭ چۈشۈپ قېلىــشى: مۇردتا<يۇ- مۇردتا «تۇخۇم»؛ $b$) ســۆز ئوتتۇرىدا $w<b$ نىڭ نۆۋەتــلىشــشى: باۋا<بابا «بوۋا»؛ $c$) سۆز ئاخىرىدىكى جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلار- نىڭ سىرىلاڭغۇلىششى: ئالىق<ئالىپ «ئېلىپ»؛ $d$) يۇمشاق تاڭلاي تاۋۇشى $\eta$ نىڭ ساقلىنىپ قېلىشى: ئالدىڭىز «بىر نەرسىنى ئالدىڭىز» قاتارلىق.

3. شىمالىي دىيالېكتلار گۇرۇپپىسى (ئەزەربەيجاننىڭ شــمالىي قىسمى) نۇخا، قاتال ۋە قۇتقاش دىــيالېكتــلىرىدىن تەركىپ تاپــقان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئاساسلىق ئورتاق ئالامەتلىرى مۇنۇلار: $a$) دىماق سوزۇق تاۋۇشلىرى بار؛ $b$) $t<p$ نىڭ ئالمىششى، مەسىلەن: كەلتى- دى<كەلىپتى «كېلىپتۇ» قاتارلىق.

4. جەنۇبىي دىيالېكتلار گۇرۇپپىسى (ئەزەربەيجاننىڭ جەنۇبىي قىسمى) يېرىۋان، ناخچىۋان ۋە ئوردۇباد دىيالېكتلىرىدىن تەركىپ تاپقان.

5. ئوتتۇرا قىسىم دىــيالېكتــلار گۇرۇپپىــسى (ئەزەربەيجانــنىڭ مەركىزىي قىسمى) كىرووۋاباد ۋە قاراباخ دىيالېكتــلىرىدىن تەركىپ تاپقان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئاساسلىق ئورتاق ئالامەتلىرى مۇنۇلار: $a$) $j$ تاۋۇشىنىڭ سۆز ئوتتۇرىدا $z$ غا ۋە سۆز ئاخىرىدا $x$ غا نۆۋەتلى- ششى، مەسىلەن: ھاژى «ھاجى»، ئاغاش «ياغاچ»؛ $b$) سۆز ئاخىـ- دا ۋە ئىككى سوزۇق تاۋۇشنىڭ ئوتتۇرىسىدا $w<b$ نۆۋەتــلىششى: دىۋ<دىب «دىۋە»، غۇرۋان<غۇربان «قۇربان» قاتارلىق.

ئەزەربەيجان دىيالېكتلىرى سىستېمىسىدا قاشقاي (ئىران ئەزەربەيجانى)، تەرەكەمە ۋە قىزىلباشلاردەك ئېتنىك گۇرۇپپىلار ئالاھىدە ئورۇننى ئىگەللەيدۇ. بۇلار تىل جەھەتتە غەربىي دىيالېكتلار گۇرۇپپىسىغا مەنسۇپ بولۇپ، قازاخ (قازاخ تاتارلىرى) دىيالېكتىغا ئەڭ يېقىن. يەنە شۇنداقلا ئالاھىدە بولغانلىرى ئەزەربەيجان ـ تۈرك ئارىلاشما گوۋورىغا تەئەللۇق بولغان قارا پاپاخلار، تىل جەھەتتىن شىمالىي دىيالېكتلار گۇرۇپپىسىغا كىرىدىغان مۇغاللار (قاتال دىيالېكتى) ۋە باشقىلار.

ئەزەربەيجان ئەدەبىي تىلى تەرەققىياتىنى بىرنەچچە دەۋرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. XIV ـ XVI ئەسىرلەردىكى بىرىنچى دەۋردە ئەدەبىي ئەسەرلەر ئاساسەن پارس تىلىدا يېزىلغان بولۇپ، ئەرەپ ۋە پارس سۆزلىرى كۆپ ئارىلاشقان كونا ئەزەربەيجان تىلىنىڭ تەرەققىياتى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. ئىككىنچى دەۋر (XIX ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن XX ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە) ئەزەربەيجان ئەدەبىي تىلىدا مىللىي قائىدىلەرنىڭ تۇرغۇزۇلۇشى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. ئەزەربەيجان ئەدەبىياتىنىڭ كلاسسىكلىرى، بولۇپمۇ مىرزا فاتالى ئاخۇندوۋ بۇ تەرەققىياتنىڭ ئاساسىنى قۇردى. بۇ دەۋردە ئەزەربەيجان ئەدەبىي تىلىنىڭ تارىخىدا تۇنجى قېتىم خەلق ئېغىز تىلى تەرەپكە يۈزلىنىش بولدى. ئەدەبىي تىل ئۇنى بۇزۇپ تۇرغان ئەرەپ ۋە پارس سۆزلىرىدىن تازىلاندى ھەمدە ئۇنىڭ فونېتىكىلىق، گىراماتىكىلىق، لېكسىكىلىق قائىدىلىرى جانلىق خەلق تىلىغا يېقىنلاشتى.

ئاخىرقى، ئۈچىنچى دەۋر، ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلاۋىدىن كېيىنكى دەۋردىن ئىبارەت. بۇ دەۋردە ئەزەربەيجان تىلى ئەزەر-

بەيجان سوتسيالىستىك مىللەتنىڭ تىلى بولۇپ قالدى.
ھازىرقى زامان ئەزەربەيجان تىلى باكۇ ـ شەماھ دىيالېكتىنى ئاساس قىلغان. ھازىر ئەدەبىي تىل ئىجتىمائىي ـ سىياسى ۋە پەننى ئاتالغۇلار بىلەن بېيىتىلغان بولۇپ، بۇ تىلدا گېزىت ـ ژورناللار، پەننى ۋە بەدىئىي ئەسەرلەر نەشر قىلىنماقتا. ئوتتۇرا ۋە ئالى مەكتەپلەردە دەرس ئۆتۈلمەكتە.
ئەزەربەيجان تىلىنىڭ يېزىقى 1923 ـ يىلىدىن بۇرۇن ئەرەپ ئېلىپبەسى ئاساسىدا ئىدى، 1923 ـ يىلىدىن 1939 ـ يىلغىچە لاتىن ئېلىپبەسىدە بولدى، 1939 ـ يىلدىن باشلاپ رۇس يېزىقى ئاساسىدىكى يېڭى ئېلىپبە قوبۇل قىلىندى.

## تۈرك تىلى⑯

تۈرك تىلى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ يەرلىك ئاھالىسىنىڭ (ئادەم سانى 24 مىليون ئەتراپىدا) تىلى بولۇپ، ئوغۇز تىللىرىنىڭ ئوغۇز ـ سالچۇق تارماق گۇرۇپپىسىغا كىرىدۇ. بۇ تىلدا سۆزلەشكۈچى ئاناتولى تۈركلىرى (تۈرك) بۇرۇن «ئوسمانلار» ياكى «ئوسمانىيە تۈركلىرى» (ئوسمانلى) دەپ، ئەدەبىي ئەسەرلەردە يەنە «ئوتومان تۈركلىرى» ياكى «ئوتتومانلار» دەپمۇ ئاتالغان. ئۇلار تارىخىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئاسىيادىن غەرپكە كۆچۈپ چىققان بىر تۈركۈم ئوغۇز قەبىلىلىرىدىن ئىبارەت. سالچۇقلار ۋە باشقا ئوغۇز يىرلەشمىلىرىنىڭ كۆچۈشى X ـ XI ئەسىرلەردە باشلانغان. لېكىن، تۈركلەر پەقەت XIII ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندىلا خەلق بولۇپ شەكىللەندى.
ھازىرقى زامان تۈرك تىلى ئەدەبىي يېزىق تىلى ۋە ئېغىز تىلىدىن ئىبارەت. ئەدەبىي يېزىق تىلى ماھىيەتتە XIX ئەسىرنىڭ

ئوتتۇرىلىرىدا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ھازىرقى قائىدىلىرى 1919، 1923 ـ يىللاردىكى ئىنقىلاپتىن كېيىن تۇرغۇزۇلغان. ئېغىز تىلى ئاساسلىق ئىككى تۈركۈم دىيالېكتلاردىن تەركىپ تاپقان. بۇلار: دۇناي ـ تۈرك دىيالېكتلىرى، يەنى ئادرىئانوپول، ماكېدونىيە، ئادا ـ كالى، بوسنىيە دىيالېكتلىرى ۋە شەرقىي ئاناتولى دىيالېكتلىرى، يەنى كاستامۇن، ئايدىن، كونىيى بىلەن كارامان، سىۋاس، ئەنقەرە، سمىرنا قاتارلىق جايلارنىڭ دىيالېكتلىرى.

تۈرك ئەدەبىي تىلى ئەرەپ ۋە پارس تىللىرىنىڭ كۈچلۈك تەسىرى ئاستىدا تەرەققى قىلدى. كونا يېزىق تىلىنىڭ ئېغىز تىلىغا مۇشۇنداق تەسىر سىڭدۈرۈشى نەتىجىسىدە ئۈچ خىل ئۇسلۇب كېلىپ چىققان. بىرىنچى ئۇسلۇب ئەسلىدىكى خۇسۇسىيەتلىرىنى ساقلاپ قالغان ئېغىز تىلى (سۇلتانلىق دەۋرىدىكى تۈركىيىنىڭ تىلىدىكى ئاتىلىشى بويىچە: كابا تۈركچە «قوپال تۈركچە»). ئىككىنچى ئۇسلۇب سودىگەر، ھۈنەرۋەن، كاسىپلاردىن ئىبارەت بۇرژۇئازىيىنىڭ تىلى (ئورتا تۈركچە «ئوتتۇرا تۈركچە»)، ئۈچىنچى ئۇسلۇب فېئوداللىق دەۋرىدىكى تۈركىيە ئەدەبىي تىلىنىڭ ئالىي ئۇسلۇبى (فەسىخ تۈركچە «ساپ تۈركچە») بولۇپ، بۇنىڭدا ئەرەپ ۋە پارس تىللىرىدىن لېكسىكىلىق ۋە گىراممانىكىلىق قوبۇل قىلىشلار ئەڭ كۆپ بولغان.

ھازىرقى تۈرك ئەدەبىي تىلى ئىستامبۇل ۋە ئەنقەرەنىڭ شەھەر گوۋۇرلىرىنى ئاساس قىلىدۇ. ئەدەبىي تىلنىڭ تەسىرى ئاستىدا باشقا شەھەر گوۋۇرلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىمۇ ئۆزگەرمەكتە ۋە تەدرىجى ھالدا ئەدەبىي تىلنىڭ ئورتاق قائىدىسىگە بويسۇندۇرۇلماقتا. يېزا رايونلىرىدىكى گوۋۇرلار ئۆزلىرىنىڭ كونا دىيالېكتلىق خۇسۇسىيەت ـ لىرىنى ساقلاپ كەلمەكتە.

تۈرك تىلى ئوغۇز تىللىرىدىن بىرى بولۇپ، باشقا ئوغۇز تىللىرى بىلەن ئورتاق فونېتىكىلىق، لېكسىكىلىق ۋە گىراماماتىكىلىق ئالامەتـ لەرگە ئىگە. لېكىن، بۇ تىل باشقا ئوغۇز تىللىرىدىن ئايرىم تەرەققى قىلغان بولغاچقا، يەنە ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلەرنىمۇ كەلتۈرۈپ چىقاردى (فونېتىكىلىق ۋە گىراماماتىكىلىق ئالامەتلەر 225 ـ، 226 ـ بەتلەردىكى باشقا ئوغۇز تىللىرىنىڭ سېلىشتۇرمىسىدا بېرىلدى).

تۈرك تىلىنىڭ لۇغەت تەركىۋى ئەرەپ ۋە پارس تىللىرىدىن، شۇنداقلا غەربىي ياۋروپا تىللىرىدىن (گرېك، ئىتالىيان، فرانسۇز، گوللاندىيە، نېمىس تىللىرى ۋە باشقا تىللاردىن) قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر ھېساۋىغا بېيىپ بارغان.

تۈرك تىلىنىڭ زور ئەدەبىي ئەنئەنىسى بار. 1929 ـ يىلغىچە ئەرەپ ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى يېزىق ئىشلىتىلگەن، 1929 ـ يىلدىن كېيىن لاتىن يېزىغى قوللىنىلدى.

# III. قىپچاق تىللىرى گۇرۇپپىسى

قىپچاق تىللىرى گۇرۇپپىسى بىرنەچچە تارماق گۇرۇپپىدىن تەركىپ تاپقان: 1. قىپچاق ـ بۇلغار تارماق گۇرۇپپىسى، بۇنىڭغا كىرىدىغان تىللار: $a$) قەدىمقى تىل — ئالتۇن ئوردا ئەدەبىي تىلىنىڭ غەربىي ۋارىيانتى (شەرقتىكى خارەزىم ۋارىيانتىدىن پەرق قىلىدۇ). بۇ تىلنىڭ بۇلغار ـ قىپچاقچە ئالاھىدىلىكلىرىگە قارىغاندا، ئوغۇز ـ

قىپچاقچە ئالاھىدىلىكلىرى كۆپرەك؛ b) ھازىرقى تاتار ۋە باشقىرت تىللىرى؛ 2. قىپچاق-پولوۋ تارماق گۇرۇپپىسى، بۇنىڭغا كىرىدىغان تىللار: a) قەدىمقى تىل — پولوۋ ياكى كۇمان تىلى؛ b) ھازىرقى قارايىم، قۇمىق، قاراچاي-بالقار ۋە قىرىم تاتار تىللىرى؛ 3. قىپچاق-نوغاي تارماق گۇرۇپپىسى، بۇنىڭغا ھازىرقى نوغاي، قارا قالپاق، قازاق تىللىرى ۋە ئۆزبەك تىلىنىڭ بەزى دىيالېكتلىرى كىرىدۇ. قىپچاق تىللىرى گۇرۇپپىسى ۋە ئۇنىڭ تەركىۋىدىكى تارىخىي جەھەتتىن تەدرىجى بارلىققا كەلگەن ئۈچ تارماق گۇرۇپپا شەرقىي ياۋروپا ۋە غەربىي ئاسىيادىكى كۆپلىگەن قىپچاق قەبىلىلىرى ئىچىدە شەكىللەنگەن. بۇ قىپچاق قەبىلىلىرى دەسلەپتە پەچەنەكلەر بىلەن (IX–XI ئەسىرلەردە)، كېيىن قىپچاقلار بىلەن (پولوۋ ياكى كۇمانلار) (XI–XIII ئەسىرلەردە) چىقىشقان بولۇپ، ئالتۇن ئوردا (XIII–XV ئەسىرلەر) ئاھالىسىنىڭ ئاساسلىق يادروسىنى تەشكىل قىلغان. كېيىن ئۇلار ئاستىراخان، قازان ۋە قىرىم خانلىقلىرىغا بۆلۈنۈپ كەتتى. ئاز بىر قىسمى ئۆزبەك ۋە چوڭ نوغاي ئوردىلىرىغا قوشۇلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر تۈركۈم قەبىلىلەر بۆلۈنۈپ چىقىپ، ئۆزبەك، قازاق ۋە قارا قالپاق ئىتتىپاقلىرىغا قوشۇلدى. تىل جەھەتتە بۇلغارلارغا قىسمەن ئاسسىمىلاتسىيە بولۇپ، ئالدى بىلەن ئالتۇن ئوردىغا، كېيىن قازان ۋە ئاستىراخان خانلىقلىرىغا قوشۇلغان قىپچاقلارنىڭ تەركىۋىدىن ھازىرقى تاتارلار ۋە باشقىرتلار كېلىپ چىقتى. تاتار ۋە باشقىرت تىللىرى بۇلغار ۋە قىپچاق گۇرۇپپىلىرىدىكى تىللار بىلەن ئورتاق ئېلېمېنتلارغا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئايرىلاش قىپچاق-بۇلغار تارماق گۇرۇپپىسىغا كىرگۈزۈلگەن. قىپچاق-پولوۋ تارماق گۇرۇپپىسى تەشكىل قىلى-

دىغان تىللار بىر تەرەپتىن، قەدىمقى پولوۋ ياكى كۇمان تىلى، يەنە بىر تەرەپتىن، ھازىرقى جانلىق تىللاردىن قارايىم، قۇمىق، قاراچاي - بالقار ۋە قىرىم تاتار تىللىرىدىن ئىبارەت. بۇ جانلىق تىللاردا سۆز - لەشكۈچىلەر ئىپتىمال پولوۋلارنىڭ بىۋاسىتە ئەۋلاتلىرى بولسا كېرەك. قىپچاق تىللىرىنىڭ ئەڭ كېيىنكى گۇرۇپپىسى قىپچاق - نوغاي تىللىرىدىن تەركىپ تاپقان. بۇ تىللار XIV - XVI ئەسىرلەردە شەكىللەنگەن بولۇپ، بۇلار نوغاي، قاراقالپاق تىللىرى ۋە ئۆزبەك، قازاق تىللىرىنىڭ بەزى دىيالېكتلىرىدىن ئىبارەت.

شۇنداق قىلىپ، غەربىي ئاسىيا ۋە شەرقىي ياۋروپا تېررىتورىيە - سىدىكى قىپچاق تىللىرىنىڭ ئەڭ بالدۇرقى دەۋرى دەپ موڭغۇل ئىستىلاسىدىن بۇرۇنقى دەۋرنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ. بۇ دەۋردە بۇ تىللارنىڭ تىپولوگىيىسى ۋە لېكسىكىسىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە بەلگى - لىنىشى تۈركى تىللارنىڭ (بۇلغار، ئوغۇز تىللىرىنىڭ) تەسىر كۆرسىتىشى ئاساسىدىلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى يەنە شۇ چاغلاردا غەربىي ئاسىيا ۋە شەرقىي ياۋروپا تېررىتورىيىسىدە بولغان سلاۋيان، ئىران، فىن - ئۇگور ۋە باشقا قەبىلە تىللىرىنىڭ تەسىرىدىنمۇ بولغان. بۇ دەۋر خۇسۇسەن شۇنىڭ بىلەن خاراكتېرلىنىدۇكى، تۈركى تىللارغا كۆپلىگەن سلاۋيان، فىن - ئۇگور، ئىران تىللىرىنىڭ ۋە باشقا تىللارنىڭ لېكسىكىلىق ئېلېمېنتلىرى سىڭىپ كىردى. خۇددى شۇنداقلا سلاۋيان، فىن - ئۇگور، ئىران تىللىرى ۋە باشقا تىللار شۇچاغلاردا قىپچاق تىللىرىدىن كۆپلىگەن سۆزلەرنى قوبۇل قىلدى، يەنە شۇ دەۋردە شەرقىي ياۋروپا ۋە غەربىي ئاسىيا قىپچاقلىرى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىش بىلەن، ئۇلارنىڭ تىلىغا ئەرەبچە ئېلېمېنتلار كىرىشكە باشلىدى.

موڭغۇل ئىستىلاسىدىن كېيىنكى دەۋر بۇ تىللار تەرەققىياتىنىڭ ئىككىنچى دەۋرى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. بۇ دەۋردە قىپچاق قەبىلىلىرىنىڭ زور كۆپچىلىكى باشتا ئالتۇن ئوردا تەركىۋىگە كىردى. ئالتۇن ئوردا يىمىرىلگەندىن كېيىن، قازان، ئاستىراخان، قىرىم خانلىقلىرىغا، ئاز بىر قىسمى سىبىر خانلىقىغا ھەمدە ئۆزبەك ۋە نوغاي ئوردىلىرىغا قوشۇلدى.

غەربىي ئاسىيا ۋە شەرقىي ياۋروپادىكى قىپچاق تىللىرى تەرەققىياتىنىڭ ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرى رۇس دۆلىتى موڭغۇل ئىستىلاسىدىن ئازات بولۇپ، شەرقىي ياۋروپا بىرلىككە كەلگەندىن كېيىنكى دەۋرنى كۆرسىتىدۇ. بۇ جەرياندا قازان، ئاستىراخان ۋە قىرىم خانلىقلىرى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى گۇمران بولدى. تاكى ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلاۋىغىچە داۋام قىلغان بۇ دەۋردە شەرقىي ياۋروپادىكى تۈركىي خەلقلەر رۇس خەلقى بىلەن دائىمىي ئالاقىدا بولۇش شارائىتىدا ياشىدى. بۇ ھال ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. ئۇلارنىڭ تىللىرى بولسا، شۇ خەلقلەرنىڭ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي تەرەققىياتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان رۇس لېكسىكىسى بىلەن بېيىتىلدى.

يەنە شۇ دەۋردە (بەزى خەلقلەرگە، مەسىلەن: قارايىملارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇنىڭدىن كېيىن) شۇ خەلقلەرنىڭ تۈرلۈك ئىدىيىۋى ھەم دىنىي ئەقىدىلىرىگە باغلىق بولغان لېكسىكىلىق ئېلېمېنتلار تىلدا خېلى راۋاجلاندى ۋە مۇقىملاشتى. ئالايلى، قارايىملار بۇنىڭدىن خېلى بۇرۇنقى دەۋردە، قەدىمقى خازارلارغا ئوخشاش، يەھۇدى دىنىنى (ئۇ دىنىنىڭ مەزھەپلىرىدىن بىرىنى) قوبۇل قىلىش بىلەن قەدىمقى يەھۇدىلارنىڭ سۆزلىرى ۋە ئاتال-

غۇلىرىنى كۆپ قوبۇل قىلدى، شۇنداقلا قەدىمقى يەھۇدى يېزىغىنى ئىشلەتتى. لېكىن، بۇ يېزىق خېلى كېيىنكى بىر دەۋرلەرگە كەلگەندىلا، كەڭرەك دائىرىدە تارقالدى.

تاتارلار بىلەن باشقىرتلار ئاساسلىق دىن سىستېمىسى سۈپىتىدە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان بولغاچقا (كېيىن خرىستىيان دىنىنى قوبۇل قىلىپ، «كرەشون» دەپ ئاتالغان ئاز بىر قىسىم تاتارلار بۇنىڭ سىرتىدا)، كۆپلىگەن ئەرەپچە ۋە پارسچە سۆزلەرنى ۋە ئاتالغۇلارنى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئەرەپ يېزىغىنى قوبۇل قىلدى. بۇ يېزىق تاكى دەسلەپتە لاتىن يېزىغىغا، ئاندىن رۇسچە ھەرپلەر ئاساسىدىكى ھازىرقى ئېلىپبەگە كۆچكەنگە قەدەر مەۋجۇت بولۇپ تۇردى.

قىپچاق گۇرۇپپىسىغا كىرىدىغان تىللارنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

فونېتىكىلىق تۈزۈلمىسىدە: *a*) سەككىز ـ توققۇز سوزۇق تاۋۇش بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ü، u، i، ï لاردىن ئىبارەت تولۇق ياسالمىغان تار سوزۇق تاۋۇشلار ئۆزىگە خاس تاۋۇش ئالاھىدىلىكلىرىگە ئىگە؛ *b*) قوشۇمچىلاردىكى تار سوزۇق تاۋۇشلار لەۋلەشمەيدۇ (مەسىلەن: ئوغۇز، قارلۇق تىللىرىدىكى «يارۇق» دىگەن سۆزگە سېلىشتۇرۇپ كۆرۈڭ)؛ *c*) سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ لەۋلىشىش ئاھاڭداشلىغى ئاجىز بولىدۇ. لەۋلەشكەندىمۇ، پەقەت تار سوزۇق تاۋۇشلارلا لەۋلەشەيدۇ؛ *d*) سوزۇلما سوزۇق تاۋۇشلار يوق؛ *e*) ئاغ>ئاۋ؛ ئېگ>ئىي؛ ئۆگ>ئۈي دىگەنلەردىكى g/ɑ سوزۇق ۋە ئۈزۈك تاۋۇشلىرىنىڭ يېڭىچە نۆۋەتلىشىشى قەدىمقى نۆۋەتلىشىشلەرگە توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن: تاغ>تاۋ؛ تېگ>تىي؛ ئۆگرەن>ئۈيرەن؛ *f*)

سۆز بېشىدا جاراڭلىق *b* كېلىدۇ (باشقا تىللارنىڭ سۆز بېشىدىكى *p* نىڭ ئورنىغا)، لېكىن يەنە سۆز بېشىدا جاراڭسىز *t* ۋە *ⱪ/k* مۇ كېلىدۇ (مەسىلەن: بالتا، لېكىن يەنە تىل ۋە كەل) ۋە 1-شەخس ئالمىشى «مەن»دە بۇنىڭ ئەكسىدىكى ئالامەت كۆرۈلىدۇ (ئوغۇز تىللىرىدىكى «دىل، گەل، بەن»نىڭ ئورنىغا)؛ *g*) سۆز بېشىدا *j~ⱬ~y* لارنىڭ كېلىشى تۇراقلىق ئەمەس؛ *h*) ئىككى سوزۇق تاۋۇشنىڭ ئوتتۇرىسىدا كەلگەندە *b<p*، *g/ƣ<ⱪ/k* لار جاراڭلىقلىشىدۇ ياكى *w<b/p* ۋە *g/ƣ<ⱪ/k* لار سىرلاڭغۇلىشىدۇ، خۇددى شۇنداقلا، پارتىلىغۇچى ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئالدىدا كەلگەندە *h<ⱪ/k* لار سىرلاڭغۇلىشىدۇ.

قىپچاق تىللىرىنىڭ مورفولوگىيە ۋە لېكسىكىسىنىڭ خاراكتېرلىق خۇسۇسىيەتلىرى ئوغۇز ۋە قارلۇق تىللىرىنىڭ ئالامەتلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇشلاردا كۆرسىتىلدى.

قىپچاق تىللىرىنىڭ ھەر بىر تارماق گۇرۇپپىسى يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن ئالامەتلەرگە ئىگە بولۇش بىلەن بىللە، يەنە ئۆزىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىگىمۇ ئىگە. شۇنىڭغا ئاساسەن، مۇناسىۋەتلىك كونكرېت تىللار ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلىدۇ.

## 1. قىپچاق-پولوۋ تارماق گۇرۇپپىسى

قىپچاق-پولوۋ تارماق گۇرۇپپىسى قەدىمقى پولوۋ تىلى (قىپچاق ياكى كۇمانلارنىڭ تىلى) ۋە ھازىرقى قارايىم، قاراچاي-بالقار، قۇمۇق ۋە قىرىم تاتار تىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ تىللار تارىخىي يوسۇندا بۆلۈنۈپ كەتكەن بۇلغارچە، خازارچە، بولۇپمۇ

كېيىنكى دەۋرلەردىكى قىپچاقچە (پولوۋچە) خۇسۇسىيەتلەرنى ئاساس قىلىپ، ئالتۇن ئوردا تېرىتورىيىسىدە ئايرىم بىر ئۆزگىچە-لىكنى شەكىللەندۈردى. مۇشۇنىداق ئۆزگىچىلىك سەۋەبىدىن ۋە بۇ تىللارغا باشقا قەبىلە ۋە خەلقلەر تىللىرىنىڭ تەسىر كۆرسىتىشى-دىن يەنە يېڭى-يېڭى پارچىلىنىش ئالامەتلىرى كېلىپ چىقتى.

قىپچاق تىللىرى گۇرۇپپىسى تارىخىي جەھەتتىن تەدرىجى شەكىللەنگەن ئۈچ تارماق گۇرۇپپىغا بۆلۈنىدۇ. بۇلارنىڭ بىرى قىپچاق-بۇلغار تارماق گۇرۇپپىسى بولۇپ (تاتار ۋە باشقىرت تىل-لىرى)، بۇ تارماق گۇرۇپپىدىكى تىللار بۇلغار ۋە قىپچاق قەبىلىلىرى ۋە تىللىرىنىڭ چېتىشىشى نەتىجىسىدە پەيدا بولغان. يەنە بىرى قىپچاق-نوغاي تارماق گۇرۇپپىسى بولۇپ (نوغاي، قاراقالپاق، قازاق تىللىرى قاتارلىق)، بۇ تارماق گۇرۇپپىدىكى تىللار تاتار-موڭغۇل ئىستىلاسىدىن كېيىن پەيدا بولغان. قىپچاق-پولوۋ تارماق گۇرۇپپىسى بولسا، ۋاقىت تەرتىۋى بويىچە مۇشۇ ئىككى تارماق گۇرۇپپىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئورۇننى ئىگەللەيدۇ.

پۈتۈن قىپچاق تىللىرى گۇرۇپپىسىغا ئورتاق بولغان ئالاھىدى-لىكلەر ئىچىدىن قىپچاق-پولوۋ تارماق گۇرۇپپىسىنىڭ ئۆزگىچىلى-گىنى ئىپادىلەيدىغان ئالامەتلەر تۆۋەندىكىچە: *a*) قىپچاق-نوغاي تارماق گۇرۇپپىسىدىكى ئىسقىرتما *S* نىڭ ئورنىغا ۋىشىلدىما x كېلى-دۇ، مەسىلەن: تاش (تاس ئەمەس)، يەنە شۇ تارماق گۇرۇپپىدىكى سىرلاڭغۇ x نىڭ ئورنىغا پارتىلىغۇچى-سىرلاڭغۇ *q* كېلىدۇ، مەسىلەن: قاچ (قاش ئەمەس)؛ *b*) باشقا تارماق گۇرۇپپىلاردا سۆز بېشىدا كېلىدىغان *ʒ/j* نىڭ ئورنىغا كۆپ ھاللاردا *y* كېلىدۇ، مەسىلەن: يول؛ *c*) سوزۇق تاۋۇشلار سىستېمىسى قىپچاق-نوغاي تارماق

گۇرۇپپىسىدىكىگە ئوخشايدۇ، ئەمما قىپچاق-بۇلغار تارماق گۇرۇپپىسى-
دىكىگە ئوخشىمايدۇ؛ d) *p/b/m* تاۋۇشلىرىنىڭ ئاسسىمىلاتسىيىسى
قىپچاق-نوغاي تارماق گۇرۇپپىسىدىكىگە قارىغاندا ئانچە ئېنىق
ئىپادىلەنمەيدۇ؛ e) *t/d/n* ئاسسىمىلاتسىيىسى مەۋجۇت ئەمەس،
لېكىن يىلتىزدىكى ئاخىرقى ئۆزۈك تاۋۇشنىڭ قانداق بولۇشىغا
قاراپ، قوشۇمچىلاردا *t/d* نۆۋەتلىشىشى ساقلىنىدۇ؛ f) ئىگىلىك كې-
لىش قوشۇمچىسى *niŋ/nIŋ // nIn/nin* ۋە چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى
*nI/ni* نىڭ فونېتىكىلىق مۇقىملىقى، باشقا قىپچاق تىللىرىدا بۇلارنىڭ
*t/d/n* ۋارىيانتلىرى بار.

بۇ گۇرۇپپىغا كىرىدىغان ھەرقايسى تىللار يۇقۇرىدا كۆرسىتىلگەن
ئالامەتلەردىن باشقا، يەنە ئۆزلىرىنىڭ خاس ئالاھىدىلىكلىرىگە
ئىگە. مۇنداق ئالاھىدىلىكلەر قىپچاق-پولوۋ تارماق گۇرۇپپىسىدىكى
تىللارنى مۇستەقىل تىل بىرلىكى قىلىپ ئاجرىتىپ تۇرىدۇ.

## قەدىمقى تىل

### قىپچاق (كۇمان ياكى پولوۋ) تىلى[97]

قىپچاق (كۇمان ياكى پولوۋ) تىلى شەرقىي ياۋروپادا XI ئەسىر-
لەردە پەيدا بولغان يىرىك قەبىلە ئىتتىپاقىنىڭ ئاساسلىق يادروسىنى
تەشكىل قىلغان كۇمانلار ياكى پولوۋلارنىڭ (خارداشلار، پىلاۋلار-
نىڭ) تىلىدۇر. بۇ قەبىلە ئىتتىپاقى ئۇ دەۋردە، شەرقتە ئوتتۇرا
ئاسىيانىڭ دەشتى قىپچاق داللىرىنى، غەرپتە قارا دېڭىز بويلىرى-
دىكى داللارنى، كېيىنچە قىرىم ۋە بالقان يېرىم ئاراللىرىنىڭ بىر
قىسمىدىن ئىبارەت غايەت زور تېررىتورىيىنى ئىگەللىگەن. پولوۋلار

ياكى كۇمانلار شۇ جايلاردا ياشىغان تۈركى قەبىلىلەردىن ئۆزلارنى (<ئوغۇزلارنى)، پەچەنەكلەرنى ۋە ئۆلارنىڭ ئۇششاق تارماقلىرى بولغان تورك، كوۋۇي، بېرەندېيلارنى ۋە باشقا ئوغۇز قەبىلىلىرىنى ئۆز تەركىۋىگە قوشتى. شۇنىڭ بىلەن، پولوۋلار ياكى كۇمانلار تىل جەھەتتە ئۆزلىرىنىڭ قىپچاقچە ئاساسىنى ساقلاپ قالغان بولسىمۇ، يەنە ئوغۇز تىللىرىنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرىنىمۇ ئۆزلەشتۈردى. ساقلىنىپ قالغان يادىكارلىقلاردىن پولوۋ ياكى كۇمان تىلىدا بىرنەچچە دىيالېكتلارنىڭ بولغانلىقىنى كۆرۈشكە بولىدۇ. بۇ دىيالېكتلار ھەم قىپچاقچە (مەسىلەن: تاۋ «تاغ»، تۇۋ «تۇغماق»، بۇۋۇن «بوغۇن»)، ھەم ئوغۇزچە (تاغ، تۇغ // توغ، بوغۇن) ئالاھىدىلىكلەر بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.

موڭغۇل ئىستىلاسىدىن بۇرۇنقى قىپچاق تىلى ھەققىدىكى بىزگە مەلۇم بولغان مەلۇماتلار ھازىرغىچە ناھايىتى ئاز. مەلۇم بولغانلىرى، ئاساسىي جەھەتتىن، مەھمۇت قەشقەرىنىڭ دىۋانىدىكى ماتېرىياللار، ۋاستىلىق مەنبەلەردە، جۈملىدىن XIII ئەسىرنىڭ يېرىمىغىچە بولغان رۇس يىلنامىلىرى[98] ۋە ۋېنگرىيە بايانناملىرى ھەم شېئىرىي رىۋايەتلىرىدە[99] ئۇچرايدىغان خاس ئىسىملار بىلەن جۇغراپىيىۋى ناملاردىن ئىبارەت. شۇنداقلا، موڭغۇل ئىستىلاسىدىن بۇرۇنقى قىپچاق تىلىغا دائىر بىر قىسىم ماتېرىياللارنى رۇس ئەدەبىياتىنىڭ قەدىمقى يادىكارلىقلىرىدىن، جۈملىدىن «ئىگور پولكى ھەققىدە قوشاق»تىن تاپقىلى بولىدۇ[100].

قىپچاق تىلىنىڭ سان جەھەتتە كۆپرەك ۋە ھەجىم جەھەتتە چوڭراق بولغان يادىكارلىقلىرى موڭغۇل ئىستىلاسىدىن كېيىنكى دەۋرگە تەئەللۇق. قىپچاق ئېغىز تىلىنىڭ بۇ دەۋرگە تەئەللۇق

بولغان ئەڭ بالدۇرقى يادىكارلىغى مىلادى 1245 - يىلى مىسىردا
تۈزۈلگەن ۋە 'ت. خوئۇتسما تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان تۈركچە-
ئەرەپچە لۇغەتتىن ئىبارەت[101]. 1850 - يىلى م.ئوبولېنسكىي تەرىپە-
دىن نەشر قىلىنغان[102] ۋە كېيىن ۋ.باڭ تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان[103]
پولوۋچە-رۇسچە لۇغەتنىڭ پارچىسىمۇ يەنە شۇ موڭغۇل ئىستىلاسى-
دىن كېيىنكى دەۋرگە تەئەللۇق.

قىپچاق (پولوۋ) تىلىنىڭ ئەڭ كاتتا يادىكارلىغى XIII ئەسىرنىڭ
ئاخىرىدىكى لاتىنچە-پارسچە-قىپچاقچە لۇغەت —
«CodexCumanicus»تىن ئىبارەت[104]. بۇلاردىن باشقا، ئىلىم ساھەسىدە
قىپچاق تىلىنىڭ ئەرەپ تىلىدا يېزىلغان خېلى كۆپ لۇغەتلىرى ۋە
گىراماتىكىلىق ئوچېركلىرى بار. بۇلاردىن ئەبۇ ھەييانىنىڭ لۇغە-
تىنى (مىلادى 1313 - يىل)[105] ۋە XV ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغا
تەئەللۇق بولۇپ، 1928 - يىلى ئىستامبۇلدا نەشر قىلىنغان نامەلۇم
ئاپتورنىڭ گىراماتىكىسىنى[106] كۆرسىتىپ ئۆتىمىز.

پودولىيە ئەرمەنلىرىنىڭ پولوۋچە يېزىلغان ھۆججەتلىرى قىپچاق
ياكى كۇمان تىلىنىڭ خېلى كېيىنكى يادىكارلىقلىرى بولۇپ،
كېيىۋتا ساقلانغان ئىدى. لېكىن، ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشىدا نابۇت
بولدى.

پولوۋ (كۇمان ياكى قىپچاق)تىلى ھازىرقى تىللاردىن قارايىم،
قۇمىق ۋە بەزى باشقا تىللار بىلەن بىرلىكتە، تۈركى تىللار قىپچاق
گۇرۇپپىسىنىڭ قىپچاق-پولوۋ تارماق گۇرۇپپىسىغا كىرىدۇ. بۇ تارماق
گۇرۇپپىدىكى تىللار قىپچاقچە ئالاھىدىلىكلەرنى ساقلاپ قېلىش بىلەن
بىللە، يەنە قىپچاق تىللىرىنىڭ باشقا تۇققان تىللارنى ئۆزىگە
قوشۇشى نەتىجىسىدە، ئوغۇز ۋە قىسمەن بۇلغار تىللىرى بىلەن

ئورتاق ئالاھىدىلىكلەرنىمۇ كەلتۈرۈپ چىقاردى.

قىپچاق (كۇمان ياكى پولوۋ) تىلى پۈتۈن قىپچاق-پولوۋ تىللىرى تارماق گۇرۇپپىسىغا خاس بولغان ئورتاق ئالامەتلەرگە ئىگە بولۇش بىلەن بىللە، باشقا قىپچاق تىللىرىدىن تۆۋەندىكى ئاساسلىق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن پەرقلىنىدۇ:

1) فونېتىكىلىق تۈزۈلۈشىدە-تاس/تاش دىگەندەك سۆزلەردە x/s نىڭ نۆۋەتلىشىشى تۇراقلىق ئەمەس؛ باشقا تىللاردا سۆز بېشىدا كېلىدىغان j/ⱬ نىڭ ئورنىغا كۆپىنچە y ئىشلىتىلىدۇ ۋاھاكازا؛

2) گىراماتىكىلىق قۇرۇلۇشىدا-ür/-ur-ۋە -ər/-ar-بىلەن كېلىدىغان سۈپەتداش شەكىللىرى ئوخشاشلا ئىشلىتىلىدۇ. -üw/-uw-بىلەن كېلىدىغان شەكىللەرنىڭ ئورنىغا -mək/-mak-بىلەن كېلىدىغان ھەركەت ناملىرى ئاكتىپلىشىدۇ. شۇنداقلا لېكسىكىدا ھەم قىپچاقچە، ھەم ئوغۇزچە ئېلېمېنتلارنىڭ بولۇشى.

قىپچاق (ياكى كۇمان) تىلىنى تەكشۈرۈش ساھەسىدىكى ئەڭ كاتتا تەتقىقاتلار تۆۋەندىكىلەر: كۇمان تىلىنىڭ ئاساسلىق يادىكارلىقى «Codex Cumanicus»نىڭ كلاپروت تەرىپىدىن 1828-يىلى چىقىرىلغان بىرىنچى نەشرى؛ گ. كۇننىڭ تەرجىمىسى ۋە ئىزاھاتلىرى بىلەن بېرىلگەن، تولۇقلانغان ئىككىنچى نەشرى ۋە رۇس تۈركولوگلىرىدىن ۋ. رادلوۋ، س. مالوۋ («Codex Cumanicus» ھەققىدە)، پ. مېلىورانسكىي، ۋ. گوردلېۋسكىي ۋە س. مالوۋ («ئىگورپولكى ھەققىدە قوشاق»تىكى پولوۋ تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر ھەققىدە)، ت. گرونىن (پودولسيە ئەرمەنلىرىنىڭ پولوۋچە ھۆججەتلىرى ھەققىدە)[107] لارنىڭ تەتقىقاتلىرى شۇنداقلا چەتئەل ئالىملىرىدىن ۋ. باڭ، ژ. دېنى، بولۇپمۇ دانىيە ئالىمى ك. گرىيونبېك-

نىڭ يېقىنقى ئەمگەكلىرى («*Codex Cumanicus*»نىڭ فاكسىمىل باسمىسى ۋە ئۇنىڭغا بېرىلگەن لۇغەت).

## هازىرقى تىللار

### قارايىم تىلى[108]

قارايىم تىلى قارايىملارنىڭ (قارايلارنىڭ)تىلى بولۇپ، ئۇلار لىتۋا س س ر نىڭ ۋىلنۇس شەھرى رايونىدا، بولۇپمۇ تروكى ۋە پونېۋېژسا شەھەرلىرىدە، شۇنداقلا ئۇكرائىنا س س ر نىڭ لۇتسىك ۋە گالىچ شەھەرلىرىنىڭ ئەتراپلىرىدا ۋە قىرىمدىكى يېۋپاتورىيىگە يېقىن جايلاردا ياشايدۇ. ئومۇمى سانى 5 مىڭ 9 يۈز ئادەم.

هازىرقى زامان قارايىم ئېغىز تىلى قارايىملارنىڭ ئاساسلىق ئاھالىسىنىڭ ئورۇنلاشقان جايىغا قاراپ ئىككى ئاساسلىق دىيالېكتقا بۆلۈنىدۇ: 1) شىمالىي دىيالېكت، بۇ دىيالېكتتا لىتۋا س س ر نىڭ قارايىم ئاھالىسى، ئاساسىي جەھەتتىن ۋىلنۇس ۋە تىروكدىكى قارايىملار (لىتۋالىق قارايىملار) سۆزلىشىدۇ؛ 2) جەنۇبىي دىيالېكت، بۇ دىيالېكتتا لۇتسىك ۋە گالىچ شەھەرلىرىنىڭ قارايىم ئاھالىسى (لۇتسىلىق ۋە گالىچلىق قارايىملار) سۆزلىشىدۇ. قارايىم تىلىنىڭ شىمالىي دىيالېكتى مۇنداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە: *a*) بىرىنچى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى بوغۇملاردىكى تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلار مۇناسىۋەتلىك تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلارغا نۆۋەتلىشىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ ئالدىدىكى ئۈزۈك تاۋۇش يۇمشاقلىشىدۇ، يەنى *ə>'a* مەسىلەن *S'and'an* (جەنۇبىي دىيالېكتتا *S'ənd'ən*) «سەندىن»؛ *ɵ>o* مەسىلەن: *k'ol'ag'a* (جەنۇبىي دىيالېكتتا *kɵləgə<kɵləygə*

«كۆلەگگە» ۋە شۇ قاتارلىق؛ b) n<y ئۇزۇك تاۋۇشلىرى yغا ئالمىشىدۇ، مەسىلەن: maya (جەنۇبىي دىيالېكتتا mana<maya) «ماڭا»، atəy (جەنۇبىي دىيالېكتتا atan<atay) «ئاتاڭ» ۋە شۇ قاتارلىق ئالامەتلەر.

جەنۇبىي دىيالېكت شىمالىي دىيالېكتتىن پەرقلىنىدىغان تۆۋەندىكىدەك ئالامەتلەرگە ئىگە: a) لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلار لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلارغا ئالمىشىدۇ: ə<ɵ، مەسىلەن: əlg'ən (شىمالىي دىيالېكتتا ɵl'g'an) «ئۆلگەن»؛ ü>i، مەسىلەن: ic (شىمالىي دىيالېكتتا üq) «ئۈچ»؛ ilis (شىمالىي دىيالېكتتا ülüx) «ئۈلۈش» ۋاھاكازا؛ b) بارلىق ۋىشىلداشما ئۇزۇك تاۋۇشلار مۇناسىۋەتلىك ئىسقىرتما ئۇزۇك تاۋۇشلارغا ئالمىشىدۇ. بۇ جەھەتتە بالقار تىلىغا ۋە تاتار تىلىنىڭ بارابىن دىيالېكتىغا ئوخشايدۇ: x>s، مەسىلەن: yasirin (شىمالىي دىيالېكتتا yaxirin) «يوشۇرۇن»؛ q>c مەسىلەن: balcik (شىمالىي دىيالېكتتا balqih) («سۇيۇق پاتقاق»؛ j>z، مەسىلەن: acI zanlI (شىمالىي دىيالېكتتا janlI aqi) «ھەسرەتلىك»؛ c) t'i~d'i>k'i~g'i بىرىكمىلەرنىڭ نۆۋەتلىشىشى، مەسىلەن: K'is (شىمالىي دىيالېكتتا tix) «چىش»؛ K'iyərmən (t'iyərmən دىگەننىڭ ئورنىغا) «تۈگمەن» ۋاھاكازا؛ d) ə<ɵ نىڭ ئالدىدىكى l<l' نىڭ نۆۋەتلىشىشى، مەسىلەن: əlg'ən (ɵl'g'an دىگەننىڭ ئورنىغا) «ئۆلگەن» ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار.

بۇنىڭدىن باشقا، شىمالىي ۋە جەنۇبىي دىيالېكتلار لېكسىكىدىمۇ بىر-بىرىدىن خېلى پەرقلىنىدۇ.

قارايىم تىلى موڭغۇل ئىستىلاسىدىن بۇرۇنقى نىسبەتەن قەدىمقى تۈركى تىللار قۇرۇلمىسىغا كىرىدۇ. ۋ. رادلوۋ ۋە ت. كوۋالىسكىينىڭ

پېكرىچە، قارايىم تىلى پولوۋ تىلىغا ئەڭ يېقىن، قارايىملارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى پولوۋلارنىڭ (كوماننلارنىڭ) ئەۋلاتلىرىدۇر.

بىراق، قارايىم تىلىغا دائىر مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، قارايىملار، ئۇنىڭدىنمۇ قەدىمقى ۋە كېلىپ چىقىشى ئوخشاش بولمىغان تۈركى، قەبىلە تۈركۈملىرى بىلەن بولغان چېتىلىشىنىڭ نەتىجىسىدە ۋۇجۇتقا كەلگەن. بۇ قەبىلە تۈركۈملىرى تەدرىجى ھالدا، ئالدى بىلەن بۇلغار، خازار، ئوغۇز ياكى ئۇز-پەچەنەك قەبىلىلەر ئىتتىپاقلىرىغا، كېيىنچە قىپچاق-پولوۋ ئىتتىپاقىغا كىرگەن. دەرۋەقە، قىپچاق-پولوۋ ئىتتىپاقى يىمىرىلىپ، موڭغۇل-تاتار قوشۇنلىرىغا سىڭىشىپ كەتكەندىن كېيىن، پولوۋلارنىڭ بىر قىسمى ئۆزلىرىگە نىسبەتەن قەدىمقى بولغان قارايىملارنىڭ تەركىۋىگە قوشۇلغان بولۇشى مۇمكىن. شەرقىي ياۋروپانىڭ پولوۋلاردىن بۇرۇنقى ئاھالىسى بولغان خازارلارنىڭ قارايىملار بىلەن دىن ۋە ئېتنىك مۇناسىۋەتلىرى جەھەتتە بىرلىكى بار. قارايىم خەلقىنىڭ قەبىلىۋى تەركىۋىدىكى ئوخشاشماسلىق قارايىملارنىڭ بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان گوۋور ۋە شىۋىلىرى بىلەنمۇ خاراكتېرلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ت. كوۋالسكىينىڭ تەتقىقاتلىرىدىن قارىغاندا، قارايىم تىلى بىلەن پولوۋ تىلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىقنىڭ كۆپ بولۇشىدىكى سەۋەپ شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، موڭغۇل-تاتار ئىستىلاسىدىن كېيىن قارايىملارنىڭ تەركىۋىگە قوشۇلغان قىپچاقلارنىڭ (پولوۋلارنىڭ)زور بىر تۈركۈمى ئۆز ئالدىغا يەكلىنىپ قالغان ئىدى، شۇڭا ئۇلار ئۆز تىلىنىڭ پولوۋ تىلى بىلەن بولغان ئورتاق ئالاھىدىلىكلىرىنى ساقلاپ قالالىغان.

دېمەك، قارايىم تىلىنىڭ تۈركى تىللار سىستېمىسىدىكى ئورنىنى بەلگىلەشتە، بۇ تىلنى تۈركى تىللار ۋە تۈركى خەلقلەرنىڭ غەربىي

تارمىغىغا تەئەللۇق بولغان قىپچاق تىللىرىنىڭ قىپچاق-پولوۋ تارماق گۇرۇپپىسىغا كىرگۈزۈلۈشكە توغرا كېلىدۇ[109]

قارايىم تىلى پۈتۈن قىپچاق-پولوۋ تارماق گۇرۇپپىسىغا ئورتاق بولغان ئالامەتلەرگە ئىگە بولۇش بىلەن بىللە، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگىمۇ ئىگە، بۇ ئالاھىدىلىكلەر بۇ تىلنى قىپچاق-پولوۋ تارماق گۇرۇپپىسىنىڭ تەركىۋىدىكى مۇستەقىل تىل بىرلىكى سۈپىتىدە ئاجرىتىپ تۇرىدۇ. قارايىم تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىنى بەلگىلەيدىغان ئالامەتلەر تۆۋەندىكىچە:

a) تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئالدى ۋە كەينىدىكى ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ يۇمشاقلىشىش ئاملىلىرى كۆرۈلىدۇ ھەمدە شۇ ئاساستا تاۋۇشلارنىڭ نۆۋەتلىشىشى كېلىپ چىقىدۇ: ə>'a، ө>'o، ü>'u، مەسىلەن: 'oz'an (өzən ئەمەس)، k'oz'umd'a (kөzümdə ئەمەس) ۋاھاكازا؛ b) سۆز ئوتتۇرىسى ۋە سۆز ئاخىرىدا η>y نۆۋەتلىشىشى، مەسىلەن: bardIy<bardIη، <mana maya<maηa ۋە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ھالدا a>ə نۆۋەتلىشىشى، مەسىلەن: barsəy (barsay<barsaη ئەمەس)؛ c) ll>ηl بىرىكمىلىرىنىڭ نۆۋەتلىشىشى، مەسىلەن: uηlu<ullu «چوڭ» ۋاھاكازا؛ d) yI>yi>i بىرىكمىلىرىدە، شۇنداقلا yü>u بىرىكمىلىرىدە y نىڭ ئاجىزلىشىشى، مەسىلەن: Iηlar<yIllar، igit< yigit، ür'ək<yürək ۋاھاكازا؛ e) n بىلەن ئاياقلىشىدىغان ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى بار، يەنى باشقا تىللاردىكى -nIη/-niη نىڭ ئورنىغا -nIn/-nin كېلىدۇ؛ f) جۈملىدىكى سۆز تەركىۋى ئۆزگىچە بولۇپ، رۇسچە جۈملىلەرنىڭ سۆز تەركىۋىگە ئوخشايدۇ، مەسىلەن: مۇنۇ ئىنىقلىغۇچى بىلەن ئىنىقلانغۇچىنىڭ ئورنىنى

سېلىشتۇرۇڭ: چاچى باشىنى (بېشىنىڭ چېچى) ۋاھاكازا.

شۇنداق قىلىپ، قارايىم ئېغىز تىلى بىر قاتار ئالامەتلىرى بىلەن مۇستەقىل تىل بولۇپ ئايرىلىپ تۇرىدۇ. بۇ تىل مۇشۇ ئالامەتلەرنىڭ خاراكتېرى بويىچە، بىر تەرەپتىن، قەدىمقى قىپچاق (پولوۋ) تىلىغا، يەنە بىر تەرەپتىن، مەزكۇر تارماق گۇرۇپپىدىكى بەزى ھازىرقى زامان تىللىرىغا يېقىنلىشىدۇ.

قارايىملارنىڭ قەدىمقى يەھۇدى ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى يېزىقى يەھۇدى دىنىنى قوبۇل قىلىش بىلەن پەيدا بولغان. لېكىن بۇ يېزىق ئىنتايىن تار دىنىي مەقسەتلەر، يەنى دىنىي كىتاپلارنى چىقىرىش ئۈچۈنلا ئىشلىتىلەتتى. پەقەت XX ئەسىرنىڭ بېشىغا كەلگەندىلا، قەدىمقى يەھۇدى ھەرپلىرى ئاساسىدىكى قارايىم ئېلىپبەسىنى قەرەللىك مەتبۇئاتقا، يەنى گېزىت-ژورناللارغا ھەمدە قارايىم تىلىدىكى بەزى كىتاپلارنى (ئاساسەن تەرجىمە ئەسەرلەرنى) شۇنداقلا قارايىم ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ توپلاملىرىنى ۋە ناھايىتى ئاز ساندىكى قارايىم مۇئەللىپلىرىنىڭ نەسرى ۋە نەزمى ئەسەرلىرىنى نەشر قىلىشقا خىزمەت قىلدۇرۇش جەھەتتىكى ئۇرۇنۇپ كۆرۈشلەر بولدى. لېكىن، قارايىملارنىڭ بۇ يېزىق تىلى كەڭ تارقىلالمىدى. ھازىر لىتۋا س س ر نىڭ تەركىۋىدىكى قارايىملار لىتۋا ۋە رۇس ئەدەبىي تىللىرىدىن پايدىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۆزىنىڭ ئاغزاكى ئانا تىلىنىمۇ ساقلاپ كەلمەكتە.

## قۇمىق تىلى (110)

قۇمىق تىلى داغىستان ئا س س ر دىكى* قۇمىقلارنىڭ تىلى

* ئا س س ر — ئاپتونوم سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتى.

بولۇپ، قۇمىقلارنىڭ ئومۇمىي سانى 135 مىڭ ئادەم. قۇمىق تىلى قىپچاق تىللىرىنىڭ قىپچاق-پولوۋ تارماق گۇرۇپپىسىدىكى تۈركىي تىللاردىن بىرى بولۇپ، ياۋروپاغا موڭغۇللار كېلىشتىن بۇرۇن، قىپچاق ۋە ئوغۇز قەبىلىلىرىنىڭ ئارىلىشىشى نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن، قۇمىق تىلىنى باشقا قىپچاق ۋە قىپچاق-پولوۋ تىللىرىدىن پەرقلەندۈرىدىغان لېكسىكىلىق ئالاھىدىلىكلەردىن سىرت، يەنە مۇنۇلارنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ:

*a*) سۆز بېشىدا جاراڭسىز *k* نىڭ ئورنىغا جاراڭلىق *g* كېلىدۇ، مەسىلەن: كىشى دىگەننىڭ ئورنىغا گىشى؛ *b*) پارتلىغۇچى بوغۇز تاۋۇشلىرى ۋە سوزۇلما سوزۇق تاۋۇشلار بار؛ *c*) قومىق تىلىغا خاس گىراماتىكىلىق شەكىللەر: *aoqan/-əgən*-بىلەن كېلىدىغان سۈپەتداشلار، ئىگىلىك كېلىشىنىڭ *nI/-ni*-دىن ئىبارەت قىسقارغان قوشۇمچىسى، تىلدا كېلىدىغان زامان سۈپەتدىشىنىڭ *ar/-ər*-ۋە *Ir/-ir*-قوشۇمچىلىرى ئوخشاشلا مەۋجۇت بولىدۇ ۋە شۇ قاتارلىقلار.

ھازىرقى مەۋجۇت تۈر ئايرىمىسىغا ئاساسەن، قۇمىق تىلىنى ئۈچ ئاساسلىق دىيالېكتقا بۆلۈشكە بولىدۇ. بۇ دىيالېكتلار لېكسىكىلىق ۋە مورفولوگىيىلىك پەرقلىرىدىن باشقا، يەنە مۇنداق فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە: 1) ھايداق دىيالېكتى، پارتلىغۇچى بوغۇز ئۈزۈك تاۋۇشلىرى $c^h$, $q^h$, $t^h$, $k^h$ قاتارلىقلارنىڭ بولۇشى، سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ دىسسىمىلاتسىيىسى: گەتماخ (گەتمەك ئەمەس) بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ؛ 2) بۇيناق دىيالېكتى ئۆزىگە خاس سوزۇلما ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ بولۇشى ۋە سۆز بېشىدىكى *k* نىڭ جاراڭلىقلىشىشى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ؛ 3) خاساۋيۇرت دىيالېكتى،

ئاساسىي جەھەتتىن تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ كۆپ ئىشلىتىلىشى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.

خاساۋيۇرت دىيالېكتىغا ئاساسلانغان قۇمىق ئەدەبىي تىلى ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلاۋىدىن كېيىن ۋۇجۇتقا كەلگەن بولۇپ، دەسلەپتە ئەرەپ يېزىقى، ئاندىن لاتىن يېزىقى ئىشلەتكەن. 1939-يىلى رۇس ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى يېڭى يېزىق قوبۇل قىلىندى. ھازىر قۇمىق تىلىدا گېزىت-ژورناللار بېسىلىدۇ، كۆپ ساندىكى ئىجتىمائىي-سىياسىي ۋە بەدىئىي ئەسەرلەر، شۇنداقلا باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ دەرسلىكلىرى نەشر قىلىنىدۇ.

كۆپ مىللەتلىك داغىستان ئا س س ر دا قۇمىق تىلى مىللەتلەر ئارا ئالاقىلىشىش تىلى بولۇپ تۇرماقتا.

## قاراچاي-بالقار تىلى⑪

قاراچاي-بالقار تىلى قاراچاي 〔قاراي〕 (81مىڭ ئادەم)ۋە بالقار 〔بالقار // مالقار〕 (42 مىڭ ئادەم)دىن ئىبارەت چوڭ بولمىغان ئېتنىك گۇرۇپپىنىڭ تىلىدۇر. قاراچاي-بالقارلار ھازىر ئاساسىي جەھەتتىن كاپكاز ۋە قىرغىزىستاندا ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ تىلى قىپچاق تىللىرىنىڭ قىپچاق-پولوۋ تارماق گۇرۇپپىسىغا كىرىدۇ.

قاراچاي-بالقار تىلى كېلىپ چىقىشى جەھەتتىن قىپچاق تىلى بىلەن، يەنى قىپچاق قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ تىلى بىلەن زىچ باغلانغان ھەمدە ھازىرقى تىللاردىن قۇمىق ۋە قىسمەن نوغاي تىلى بىلەن، ئۆلگەن تىللاردىن پولوۋ تىلى بىلەن خېلى كۆپ ئوخشاشلىقلارغا ئىگە.

قاراچاي-بالقار تىلى بۇ تارماق گۇرۇپپىدىكى باشقا تىللار

بىلەن ئورتاق ئالامەتلەرگە ئىگە بولۇش بىلەن بىللە، يەنە
تۆۋەندىكىدەك پەرقلەندۈرگۈچى ئالاھىدىلىكلەرگىمۇ ئىگە:

1.فونېتىكىلىق تۈزۈلمىسىدە: a) قاراچاي- بالقار تىلىنىڭ دىيالې-
كتىلىرىدا q>c نۆۋەتلىشىشى بار، مەسىلەن: ķac (ķaq ئەمەس)،
ahcIc (aqķIq>aqhIq>ahqIq ئەمەس)؛ b) قاراچايلارنىڭ تىلىدا
نەپەس تاۋۇشلىرى q, k, ķ, t, n لار، بالقارلارنىڭ تىلىدا چىش
ئارىسى s ۋە z لار بار؛ c) بەزى سۆزلەردە سۆز بېشىدىكى y
چۈشۈپ قالىدۇ، مەسىلەن: ahxi (yahxi ئەمەس)، Ahya, (Yahya
ئەمەس («ئادەم ئىسمى يەھيا»)؛ d) بەزى ئالماش قوشۇمچىلىرىنىڭ
ئاخىرىدىكى n چۈشۈپ قالىدۇ، مەسىلەن: -man/-mən دىگەننىڭ
ئورنىغا -ma/-mə (بىرلىك سان 1-شەخس ئالماش قوشۇمچىسى)،
-san/-sən- دىگەننىڭ ئورنىغا -sa/-sə (2-شەخس ئالماش
قوشۇمچىسى) ۋاھاكازا.

2.گىراماتىكىلىق قۇرۇلۇشىدا: a) ئىگىلىك كېلىشىنىڭ شەكلى
جەھەتتىن چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسىغا قىسقارغان قوشۇمچىسى -ni
/-nI ؛ b) ساناق سانلارنىڭ ئالاھىدە بىر خىل يىگىرمىلەپ سانىلىشى
ۋە باشقىلار.

3.لۇغەت تەركىۋىدە: ئۆزگىچە لېكسىكا ۋە خوشنا بولغان
كاپكاز تىللىرىدىن قوبۇل قىلىنغان ئېلېمېنتلار بار.

قاراچاي-بالقار تىلىنىڭ بىرنەچچە دىيالېكتلىرى بولۇپ، ئىككى
ئاساسلىق گۇرۇپپىغا بۆلۈنىدۇ. بىرىنچى گۇرۇپپا، يەنى بالقار (مالقار)
گۇرۇپپىسى c- دىيالېكتلاردىن تەركىپ تاپقان. كۆپچىلىك بالقارلار
مۇشۇ دىيالېكتلاردا سۆزلىشىدۇ. ئىككىنچى گۇرۇپپا، يەنى قاراچاي
گۇرۇپپىسى q- دىيالېكتلاردىن تەركىپ تاپقان بولۇپ، بۇلاردا

كۆپچىلىك قاراچايلار سۆزلىشىدۇ. بالقار گۇرۇپپىسىدىكى c دىيالېكىت-لارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى مۇنداق:

1. فونېتىكىلىق تۈزۈلمىسىدە: a) q>c نىڭ ئۆزگىرىشى، مەسىلەن: *kücük* (*küqük* ئەمەس)، *bïcak bïqak* (*blqak* ئەمەس) «پىچاق» قاتارلىقلار؛ b) *j*(*ʐ*)>*z* نىڭ ئۆزگىرىشى، مەسىلەن: *züz* (*jüz* ئەمەس) «يۈز»، *zïl* (*jïl* ئەمەس) «يىل» قاتارلىق؛ c) تاۋۇشلارنىڭ سىرلاشقۇلىشىشى *b*/*p*>*f*: *uruf* (*urup* ئەمەس)، *caf*- (*qap*- ئەمەس)؛ *g*/*k*>*h*: *ah cefhen* (*ak qəpkən* ئەمەس) «ئاق رەخت» ۋاھاكازا.

2. گىراماتىكىلىق قۇرۇلۇشىدا: a) شەخس قوشۇمچىلىرىنىڭ ئاخىرىدا n نىڭ پەيدا بولۇشى، مەسىلەن: *kələmən* (*kələmə* ئەمەس) «كېلىمەن»؛ b) ئىستەك پېئىل رايى قوشۇمچىسى -*ayïn* (-*ayïm* ئەمەس)، مەسىلەن: *mən buzdïrayïn* (*mən buzdïrayïm* ئەمەس) ۋە باشقىلار. لۇغەت تەركىبىدە، ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلاۋىدىن بۇرۇن قوبۇل قىلىنغان رۇسچە سۆزلەر كۆپ.

قاراچاي گۇرۇپپىسىدىكى دىيالېكىتلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى يۇقۇرىدا سۆزلەنگەن ئالامەتلەرنىڭ ئەكسىچە. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئارىلاشما گوۋورلارمۇ بولۇپ، بۇلاردا تۈرلۈك ئالامەتلەرنىڭ ئارىلىشىپ كەتكەنلىكى كۆرۈلىدۇ.

ھازىر قاراچايلار بىلەن بالقارلارنىڭ ئەدەبىي تىلى بىر بولۇپ، رۇس ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى يېزىق ئىشلىتىلىدۇ.

## قىرىم تاتار تىلى[13]

قىرىم تاتار تىلى ھازىر ئاساسىي جەھەتتىن ئۆزبەكىستاندا

ياشاۋاتقان بىر كىچىك ئېتنىك گۇرۇپپىنىڭ تىلىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئاساسلىق دىيالېكتلىرىغا ئاساسلانغاندا، قىپچاق تىللىرىنىڭ قىپچاق-پولوۋ تارماق گۇرۇپپىسىغا تەئەللۇق.

قىرىم تاتارلىرى (خەلق ئېغىز تىلىدا تاۋرىچ تاتارلىرى) ئوتتۇرا ئاسىياغا كۆچۈپ كېلىشتىن ئىلگىرى تىل جەھەتتىن ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنەتتى: *a*) قىرىم تاتارلىرى، يەنى شىمالىي ياكى دالا تاتارلىرى (نوغاي) ۋە *b*) جەنۇپتىكى دېڭىز ياقىسى تاتارلىرى. ئالدىنقىلىرىنىڭ تىلى ئۆزىنىڭ ئاساسلىق ئالامەتلىرى بويىچە قىپچاق تىللىرىنىڭ قىپچاق-پولوۋ تارماق گۇرۇپپىسىغا، كېيىنكىلىرىنىڭ تىلى ئوغۇز تىللىرىنىڭ ئوغۇز-سالچۇق تارماق گۇرۇپپىسىغا كىرەتتى. شىمالىي ياكى دالا قىرىم تاتارلىرىنىڭ تىلى ئومۇمى قىپچاقچە ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇش بىلەن بىللە، يەنە قىسمەن ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلەرگىمۇ ئىگە. بۇ ئالاھىدىلىكلەر شىمالىي قىرىم تىلىنى قىپچاق-پولوۋ تىللىرىنىڭ تەركىۋىگە كىرگۈزىدۇ، يەنى:

1. فونېتىكىلىق تۈزۈلمىسىدە: *a*) سۆز بېشى ۋە سۆز ئاخىرىدا *ḩ* چۈشۈپ قالىدۇ، مەسىلەن: *awa* (*ḩawa* ئەمەس)، *saba* (*sabaḩ* ئەمەس) «سەھەر»؛ *b*) بۇ تىلدا باشقا تۈركى تىللاردىكىگە قارىغاندا، قىپچاق-نوغاي تىللىرىدىكىگە ئوخشاش تىل ئارقا *k* (تىل ئارقا تاڭلاي ئەمەس) بار. شۇنداق بولغاچقا، مۇناسىۋەتلىك سوزۇق تاۋۇشلارمۇ خېلى تىل ئارقا بولۇپ ئېيتىلىدۇ. مەسىلەن: *kün* (*k'ün* ئەمەس)؛ *c*) تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن كېلىدىغان سۆزلەردە بەزى سۆز ئاخىرىدىكى ئۈزۈك تاۋۇشلار يۇمشاقلىشىدۇ، مەسىلەن: *soz'* (*søz* ئەمەس)؛ *d*) ئالدىدا *y* كەلگەندە، ئۇنىڭ تەسىرى بىلەن كېيىنكى ئۈزۈك تاۋۇش يۇمشاقلىشىدۇ، مەسىلەن:

*bayl'anmak*، *saylamak>sayl'amak* قاتارلىق.

2. گىراماتىكىلىق قۇرۇلۇشىدا: a) *mənim*، *bizim* (*mənin*، *bizin* ئەمەس) دىگەنگە ئوخشاش. بىرلىك ۋە كۆپلۈك ساندىكى 1-شەخس ئالمىشىنىڭ ئىگىلىك كېلىش شەكىللىرى بار؛ b) *-maz/-məz*- بىلەن كېلىدىغان سۇپەتداشلاردىن 1-شەخس كېلىدىغان زامانىنىڭ قىسقارغان ئىنكار شەكلى ياسىلىدۇ، مەسىلەن: *mən yazmam* (*mən yazmazİm>*) «مەن يازمايمەن»، *mən kəlməm* (*mən kəlməzim>*) «مەن كەلمەيمەن» ۋاھاكازا.

3. لۇغەت تەركىۋىدە: پەقەت قىرىم تاتار تىلىغىلا خاس بولغان لېكسىكا قاتلىمى بار. مەسىلەن: بالابان «چوڭ»، قورانتا «ئائىلە» قاتارلىقلار.

يۇقۇرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، قىرىم تاتار تىلى شىمالىي ۋە جەنۇبىي دىيالېكتلاردىن ئىبارەت ئىككى دىيالېكىت گۇرۇپپىسىغا بۆلۈنىدۇ. بۇنىڭدىن تاشقىرى، ئۆز ۋاقتىدا قىرىم خاندانلىغىدىن چىققان بېلوروسىيە ۋە لىتۋا تاتارلىرىنىڭ تىلىدىكى دىيالېكتلارمۇ نەسەپ جەھەتتىن قىرىم تاتار تىلى دىيالېكتلىرىغا باغلىنىدۇ. شۇنداقلا سېمىتلاردىن كېلىپ چىققان قىرىمچاقلار ياكى قىرىم يەھۇدىلىرىنىڭ ئېتنىك گۇرۇپپىسمۇ قىرىم تاتار تىلىدا سۆزلەشكەن.

ئىنقىلاپتىن بۇرۇنقى قىرىم تاتار ئەدەبىي تىلى ئالتۇن ئوردا ئەدەبىي تىلىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، قىرىم خانلىرىنىڭ يارلىقلىرى ۋە ھۆججەتلىرىدىن ئىبارەت خېلى كۆپ ساندىكى يادىكارلىقلارنى ساقلاپ قالغان[113].

كېيىنچە، ئەدەبىي تىل بىرنەچچە قېتىم ئىسلاھ قىلىنىپ، ئېغىز تىلى قائىدىلىرىگە بارغانسىرى يېقىنلاشتى. دەسلەپتە قىرىم تاتارلىرى

ئەرەپ ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى يېزىقنى قوللانغان، ئاندىن لاتىن ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى يېزىققا ئۆزگەرتىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، رۇس ھەرپلىرىنى ئاساس قىلغان يېزىق يارىتىلدى.

## 2. قىپچاق-بۇلغار تارماق گۇرۇپپىسى

قىپچاق-بۇلغار تىللىرى تارماق گۇرۇپپىسى غەربىي ئالتۇن ئوردا ئەدەبىي تىلى[114] ۋە ھازىرقى زاماندىكى ئىككى تۈركىي تىلدىن، يەنى تاتار ۋە باشقىرت تىللىرىدىن تەركىب تاپىدۇ.

تاتار ۋە باشقىرت ئېغىز تىللىرى بۇلغار ۋە قىپچاق قەبىلە تىللىرىنىڭ چېتىشىشى نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان بولۇپ، بۇ تىللارنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتى ئالتۇن ئوردا خەلقلىرىنىڭ تەركىۋىدە بولدى.

شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش لازىمكى، ئالتۇن ئوردا تەركىۋىگە كىرگەن ھەممە خەلقلەر تاتار دىگەن ئومۇمىي نام بىلەن ئاتالغان بولسىمۇ، ھازىرقى تېرىتورىيە چېگرىلىرى ئىچىدىكى تاتار تىلى بۇ تېرىتورىيىنىڭ ئورتاق تىلى بولمىغان، بەلكى ئوتتۇرا ۋولگا دائىرىسىدە چەكلەنگەن. چۈنكى، ئالتۇن ئوردا دەۋرىدىكى تىلغا ئائىت بەزى يادىكارلىقلار، ئالايلى، قىپچاقچە گىراماتىكىلار ۋە مىسىرنىڭ ئەرەپ تىلشۇناسلىرى تۈزگەن لۇغەتلەر، ئالتۇن ئوردىنىڭ باشقا رايونلىرىدا باشقا تۈركىي تىللارنىڭ بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ تىللار باشقىچىرەك ئالامەتلەرگە ئىگە بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى قىپچاق تىللىرىنىڭ قىپچاق-پولوۋ تارماق گۇرۇپپىسىغا، يەنە بىر قىسمىنى قىپچاق-نوغاي تارماق گۇرۇپپىسىغا كىرگۈزۈشكە

بولىدۇ.

تاتار ۋە باشقىرت ئېغىز تىللىرى ئالتۇن ئوردا يىمىرىلگەنىدىن كېيىنكى قازان، ئاستىراخان ۋە سىبىرخانلىقلىرى دەۋرىدە ۋە بۇ خانلىقلار روسىيىگە قوشۇلغاندىن كېيىنكى چاغلاردا تولۇق شەكىللەندى.

تاتار ۋە باشقىرت تىللىرى قەبىلە تىللىرىنىڭ مۇرەككەپ ئارىلىشىشىنىڭ نەتىجىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەركىبىدە كۆپلىگەن دىيالېكتلار ساقلىنىپ قالدى. بۇ جەھەتتە بولۇپمۇ باشقىرت تىلى ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدۇ. باشقىرتلار مەركەزدىن يىراق جايلاردا ۋە قىسمەن تاغلاردا تۇرغانلىقى ئۈچۈن باشقا تۈركى قەبىلىلەردىن خېلىلا ئايرىلىپ قالغان ئىدى. بۇ ھال، بىر تەرەپتىن، باشقىرت تىلىنىڭ ئەڭ ئارخايىك خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ ساقلىنىپ قېلىشىغا ئىمكان بەردى. بۇ خۇسۇسىيەتلەر باشقىرت تىلىنى شەرقىي ھون تارمىقىدىكى خاكاس، تۇۋا، ياقۇت تىللىرى قاتارلىق بەزى ھازىرقى تۈركى تىللارغا يېقىنلاشتۇرىدۇ. شەرقىي ھون تارمىقىدىكى بۇ خەلقلەر تارىخىي جەھەتتىن باشقىرتلار بىلەن ئورتاق ئېتنىك ئېلېمېنتلارغا ئىگە ئىدى (مەسىلەن: قەدىمقى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى بولغار قاتارلىق غەربىي تۈركى خەلقلەر تەركىۋىگىمۇ كىرگەن، شۇنداقلا كېيىنكى ۋاقىتلاردا، ھازىرقى خاكاس، تۇۋا قاتارلىقلار كېلىپ چىققان شەرقىي ھون تارمىقىدىكى بەزى تۈركى خەلقلەرنىڭ تەركىۋىگىمۇ كىرگەن). يەنە بىر تەرەپتىن، باشقىرتلارنىڭ تاغلارغا تارقىلىشىدەك، تەبىئى شارائىتى ئايرىم قەبىلە گۇرۇپپىلىرىنىڭ ۋە دىيالېكتلارنىڭ بىر بىرىدىن ئايرىلىپ قېلىشىغا ئېلىپ كەلدى. شۇ سەۋەپتىن ھازىرقى زامان باشقىرت

تىلىدا كۆپ ساندىكى تۇرلۇك دىيالېكت ۋە گوۋورلار ساقلىنىپ قالغان.

شۇنداق قىلىپ، تاتار ۋە باشقىرت تىللىرىنىڭ تۈركى تىللار سىستېمىسىدىكى ئورنىنى بەلگىلەشتە، بۇ تىللارنى ھەم تارىخىي جەھەتتىن، ھەم نەسەپلىك مۇناسىۋەتلىرى جەھەتتىن، تۈركى تىللارنىڭ غەربىي ھون تارمىقىدىكى قىپچاق گۇرۇپپىسىنىڭ قىپچاق-بۇلغار تارماق گۇرۇپپىسىغا تەۋە قىلىش لازىم.

قىپچاق-بۇلغار تارماق گۇرۇپپىسىدىكى تىللار قىپچاق ۋە بۇلغار تىللىرىنىڭ ئارىلىشىشىدىن كېلىپ چىققان بولغانلىقى ئۈچۈن، پۈتۈن تارماق گۇرۇپپىغا ئورتاق بولغان تۆۋەندىكى ئالامەتلەر بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ:

1. بۇ تارماق گۇرۇپپىدىكى تىللارغا خاس بولغان توققۇز سوزۇق تاۋۇشتىن ئىبارەت سوزۇق تاۋۇشلار سىستېمىسى بار بولۇپ، بۇلار خاراكتېرى جەھەتتىن بۇلغار گۇرۇپپىسىدىكى تىللارغا، مەسىلەن، چۇۋاش تىلىنىڭ سوزۇق تاۋۇشلار سىستېمىسىغا يېقىنلىشىدۇ ھەمدە ئۇنىڭدىن، ئانا تىلىدىكى سۆزلەردە رۇس تىلىدىكى ə(e) تاۋۇشىغا توغرا كېلىدىغان تاۋۇشنىڭ بولماسلىقى، ئۇنىڭ ئورنىغا ə تاۋۇشىنىڭ ئىشلىتىلىشى بىلەن، شۇنداقلا تاتارچە ۋە باشقىرتچە تولۇق چىقىرىلمايدىغان ü، û، î، î سوزۇق تاۋۇشلىرىنىڭ (ھازىرقى تاتار ئېلىپبەسىدە ɵ، o، e، î) باشقىچىرەك ئېيتىلىشى بىلەن پەرقلىنىدۇ. بۇ تاۋۇشلار، ئېيتىلىشى جەھەتتىن، چۇۋاشچە تولۇق چىقىرىلمايدىغان لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلار û، î (ھەرپلىك شەكلى ă) î ۋە ü (ھەرپلىك شەكلى ĕ) لارغا يېقىن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، تاتار ۋە باشقىرت تىللىرىنىڭ سوزۇق تاۋۇشلار سىستېمىسى قىپچاق گۇرۇپپى-

سىدىكى باشقا تىللارنىڭ سوزۇق تاۋۇش سىستېمىسىدىن خېلى زور دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ. بۇ پەرقلەر مۇنداق: 1) قىپچاق گۇرۇپپىسىغا كىرىدىغان باشقا تىللاردىكى ɵ، o، ə سوزۇق تاۋۇشلىرىنىڭ ئورنىغا قىپچاق-بۇلغار تىللىرىدا i، u، ü تاۋۇشلىرى ئىشلىتىلىدۇ، مەسىلەن: تاتارچە، باشقىرتچە *kil* (نوغاي تىلىدا ۋە باشقا تىللاردا *kəl*)؛ تاتارچە، باشقىرتچە *k̦ul* (نوغايچە *k̦ol*)؛ تاتارچە، باشقىرتچە *kül* (نوغايچە *kɵl*) ۋاھاكازا (بۇ مىساللاردا، قىپچاق-بۇلغار تىللىرىدا تولۇق ئېيتىلىدىغان ə، o، ɵ تاۋۇشلىرى يوق، قىپچاق گۇرۇپپىسىدىكى باشقا تىللاردا i، u، ü تاۋۇشلىرى يوق)؛ 2) قىپچاق-بۇلغار تىللىرىدىكى نىسبەتەن قىلىنراق Ĭ، î، ẑ، û تاۋۇشلىرى (ھازىرقى تاتار ئېلىپبەسىدە Ĭ، e، o، ɵ بىلەن)، قىپچاق گۇرۇپپىسىغا كىرىدىغان باشقا تىللاردىكى شۇلارغا فونېما جەھەتتىن ئوخشاش بولغان نىسبەتەن تار î، î، ž، û تاۋۇشلىرىنىڭ ئېيتىلىشىدا قىسمەن پەرقلەر بار. مەسىلەن: تاتارچە *kÎz* (نوغايچە *k̦Ĭz*)، تاتارچە *tîl* (نوغايچە *tîl*)، تاتارچە- *tûr* (نوغايچە- *tŭr*)، تاتارچە *kûl* (نوغايچە *kŭl*) ۋاھاكازا؛ 3) ئالاھىدە بىر خىل لەۋلەشكەن å تاۋۇشى بار، مەسىلەن: *k̦åldĬ* دېگەن سۆزدە. بۇنداق تاۋۇش قىپچاق گۇرۇپپىسىدىكى باشقا تىللاردا مەۋجۇت ئەمەس.

2. ئۆز ئارا ماس كېلىدىغان تاۋۇشلاردىن ئېيتقاندا، قىپچاق-بۇلغار تىللىرىنىڭ بۇلغار تىللىرىدىن (چۇۋاش تىلىدىن) ئاساسىي جەھەتتىن مۇنداق پەرقلىرى بار: يەنى قىپچاق-بۇلغار تىللىرىدا ئۈزۈك تاۋۇش فونېمىلىرىنىڭ چۇۋاش تىلىدا بار بولغان يۇمشاقلاشقان ۋارىيانتلىرى (*p*، *p'*؛ *b*، *b'*؛ *t*، *t'*؛ *d*، *d'* قاتارلىقلار) يوق؛ Ç ئۈزۈك تاۋۇش فونېمىسى يوق بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا *y*، *z* ياكى *j*

ئىشلىتىلىدۇ؛ شۇنداقلا $w$ فونېمىسىمۇ قىپچاق-بۇلغار تىللىرىدا تېخى يېقىنقى ۋاقىتلارغىچە يوق ئىدى. بۇ فونېما پەقەت ئەمدىلىكتە، رۇس تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر ئارقىلىق تىلغا سىڭىپ كىرمەكتە. شۇنىڭ بىلەن بىللە، قىپچاق-بۇلغار تىللىرىدىكى تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى قىپچاق گۇرۇپپىسىدىكى باشقا تىللاردىكىدىن مەلۇم دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ. بۇ پەرقلەر بىرىنچىدىن، باشقا قىپچاق تىللىرىدىكى $x/q$ ئۈزۈك تاۋۇش فونېمىسىنىڭ ئورنىغا ئىشلىتىلىدىغان باشقىرتچە $s$ ۋە تاتارچە $q$ تاۋۇشلىرىدا كۆرۈلىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، باشقىرت تىلىدىكى تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى باشقا قىپچاق تىللىرىدىنلا ئەمەس، بەلكى تاتار تىلىدىنمۇ خېلى زور دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، قىپچاق-بۇلغار تارماق گۇرۇپپىسىغا تەۋە تىللاردىكى تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشىنى ئىپادىلەيدىغان ئالامەتلەر يەنە تاتار تىلىنىڭ قىپچاق-بۇلغار تىللىرى گۇرۇپپىسىدىكى ئۆز-گىچىلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ئالامەت بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ، چۈنكى تاتار تىلى باشقىرت تىلىدىن، ئاساسەن، ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان سىستېمىلىرى بىلەن پەرقلىنىدۇ («باشقىرت تىلى» دېگەن قىسمىغا قاراڭ). باشقىرت تىلىنىڭ ئۈزۈك تاۋۇشلار سىستېمىسى ئەھۋالىدىن قارىغاندا ئىنتايىن قەدىمقى خۇسۇسىيەتلەرنى ساقلاپ قالغان بولسا كېرەك. باشقىرت تىلى شۇ خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن شەرقىي ھۇن تارمىقىغا كىرىدىغان بەزى ھازىرقى تۈركى تىللارغا (خاكاس، تۇۋا، ياقۇت تىللىرىغا) يېقىنلىشىدۇ.

# هازىرقى تىللار

## تاتار تىلى[115]

تاتار تىلى تاتارىستان ئا س س ر نىڭ ئاساسلىق ئاھالىسىنىڭ، شۇنداقلا بەزى خوشنا رايونلار ۋە سىبىرىيىنىڭ ئايرىم رايونلىرىدىكى تاتارلارنىڭ (تومسكى، بارابىن، تۇمېن، توبول قاتارلىق جايلاردىكى تاتارلارنىڭ) ئاغزاكى ۋە ئەدىبىي تىلىدىن ئىبارەت. تاتارلارنىڭ ئومۇمى سانى 4 مىليون 969 مىڭ ئادەم.

تاتار خەلق ئېغىز تىلى ئاساسلىق ئۈچ دىيالېكتقا بۆلۈنىدۇ.

1. مەركىزىي ياكى ئوتتۇرا دىيالېكت. بۇ تاتارىستان ئا س س ر ئاھالىسىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىگىنى تەشكىل قىلغان ۋولگا ئەتراپىدىكى تاتارلارنىڭ، يەنى قازان تاتارلىرىنىڭ ياكى قازانلىقلارنىڭ (قازانلى) (ئومۇمى سانى 1.5 مىليون) دىيالېكتىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ دىيالېكتنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى تۆۋەندىكىچە: *a*) باشقا دىيالېكتلاردىكى سۆز بېشى *y* نىڭ ئورنىغا سۆز بېشىدا *j* كېلىدۇ، مەسىلەن: جىر «يەر»، «جاي»؛ *b*) باشقا دىيالېكتلاردىكى ئوتتۇرا تاڭلاي *k* ۋە *g* نىڭ ئورنىغا ئارقا تاڭلاي *ḳ* ۋە *oq* كېلىدۇ؛ *c*) *a* فونېمىسىنىڭ ئىككى ۋارىيانتى بار (رۇس تىلىدىكىدەك *a* ۋە ئۆزبەك تىلىدىكىدەك لەۋلەشكەن å)؛ *d*) تار î ۋە ï نىڭ (ھەرپلىك شەكلى *e*) لەۋلىشىشى، مەسىلەن: *ḳïx* دىگەننىڭ ئورنىغا *ḳux* ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش فونېتىكىلىق ۋە مورفولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكلەر.

2. غەربىي دىيالېكت ياكى مىشەر دىيالېكتى. بۇ ئاز ساندىكىلەرنى ھىساپقا ئالمىغاندا، تاتارىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ سىرتىدىكى

گوركي، تامبوۋ، ۋورونېژ، رەزان، پېنزا، ئۇليانوۋ، كۇيبىشېۋ، ساراتوۋ، ئورېنبۇرگ ئوبلاستلىرىدا، شۇنداقلا، موردوۋا ئا س س ر، باشقىرتىستان ئا س س ر دا ياشىغۇچى تاتارلارنىڭ، يەنى مىشەر تاتارلىرىنىڭ ياكى مىشەرەكلەرنىڭ (سانى 300 مىڭ كىشىگە يېقىن) دىيالېكتىدۇر. بۇ دىيالېكتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى تۆۋەندىكىچە: a) سۆز بېشىدا j نىڭ ئورنىغا y كېلىدۇ، مەسىلەن: يىر (جىر ئەمەس) «يەر»؛ b) ئارقا تاڭلاي q، k نىڭ ئورنىغا ئوتتۇرا تاڭلاي g، k كېلىدۇ، مەسىلەن: كارگا (قارغا ئەمەس) «قاغا»؛ c) لەۋلەشكەن á يوق؛ d) ü، u، ɵ، o سوزۇق تاۋۇشلىرى لەۋلەشمىگەن تاۋۇشلارغا ئالمىشىدۇ، مەسىلەن: kɵn (kün ئەمەس) «كۈن»، bɵgɵn (bügün ئەمەس) «بۈگۈن»؛ e) بۇ دىيالېكتىنىڭ بەزى گوۋورلىرىدا q>c نۆۋەتلىشىشى ۋە شۇ قاتارلىق فونېتىكىلىق، مورفولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكلەر.

3. شەرقىي دىيالېكت ياكى سىبىر تاتارلىرىنىڭ (تۇرىن، بارابىن، تومىسكىي، تۈمېن، ئىشىم يالۇتور، ئېرتىش، توبول، تار قاتارلىق جايلاردىكى تاتارلار) دىيالېكتى. بۇ دىيالېكتتا سۆزلىشىدىغان تاتارلارنىڭ ئومۇمى سانى 100 مىڭ كىشىگە يېقىن. بۇ دىيالېكتىنىڭ تىل قۇرۇلۇشى جەھەتتىكى ئالامەتلىرى مۇنۇلار: a) جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش b>p، d>t، z>s لار جاراڭسىزلىشىدۇ؛ b) سۆز بېشىدا j>y ۋە q لار نۆۋەتلىشىدۇ ۋە شۇ قاتارلىقلار.

ئۈچ ئاساسلىق دىيالېكتتىن تاشقىرى يەنە ئارىلاش شېۋىلەرمۇ بار. بۇلار مۇنۇلار:

1. ۋولگىنىڭ تۆۋەنكى قىسمىدا ئولتۇراقلاشقان ئاستىراخان تاتارلىرىنىڭ (43 مىڭ ئادەم) شېۋىسى. بۇلار بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا

يۇرت ۋە كۇندۇر تاتارلىرى (قاراغاچ قەبىلىسىدىن چىققان نوغايلار) دەپ ئىككىگە ئايرىلغان بولۇپ، ئەسلىدە كاپكازدىن كەلگەن. هازىر ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ۋولگا تاتارلىرى تەرىپىدىن ئاسسىمىلاتسىيە قىلىنىپ بولدى. ئاستراخان تاتارلىرى هازىرقى ۋاقىتتا، تاتار ئەدەبىي تىلىنىڭ ئاساسى قىلىپ ئېلىنغان ۋولگا تاتارلىرى دىيالېكتىدا ياكى مەركىزىي دىيالېكتتا سۆزلىشىدۇ. پەقەت نوغاي-قاراغاچلارلا ئۆز شىۋىسىنىڭ قىسمەن خاس ئالاھىدىلىكلىرىنى ساقلاپ قالغان بولۇپ، ئۇلاردا هازىرغىچە شىمالىي كاپكازدىكى نوغايلارنىڭ تىلىغا ئوخشاش بولغان فونېتىكىلىق، مورفولوگىيىلىك ۋە لېكسىكىلىق ئايرىم ئالاھىدىلىكلەر بار.

2. قاسىمو ۋە سابىق رەزان ۋىلايىتىنىڭ بەزى باشقا جايلىرىدا ياشايدىغان قاسىم تاتارلىرى ياكى قاسىملىقلار (5 مىڭ ئادەم) نىڭ شىۋىسى. بۇ شىۋە تاتار تىلىنىڭ مەركىزىي دىيالېكتى ياكى ۋولگا تاتارلىرىنىڭ دىيالېكتى بىلەن غەربىي دىيالېكتى يەنى مىشەر ياكى مىشەرەك دىيالېكتىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئورۇننى ئىگەللەيدۇ. بۇ شىۋىنىڭ مۇنداق ئالاھىدىلىكلىرى بار: *a*) ئارقا تاڭلاي ئۈزۈك تاۋۇشلىرى *ḳ*، *q*، *h* لار پۈتۈنلەي ئىشلىتىلمەيدۇ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئەرەپچە ع غا يېقىن بولغان بوغۇز جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇشلىرى ئىشلىتىلىدۇ، مەسىلەن: ع ئال (قال-ئەمەس)؛ *b*) سۆز بېشىدا *y* نىڭ ئورنىغا *j* كېلىدۇ، مەسىلەن: جۇل (يۇل ئەمەس) «يول»؛ *c*) باشقا دىيالېكتلاردىكى *a* نىڭ ئورنىغا *i* كېلىدۇ، مەسىلەن: تىرىزى (تەرەزە ئەمەس) «دېرىزە» ۋە شۇ قاتارلىقلار. تۇرمۇشقا دائىر سۆزلەردە رۇسچە سۆزلەر ناھايىتى كۆپ.

3. تېپتەر شىۋىسى. بۇ شىۋىدە سۆزلىشىدىغانلار پېرىم ياكى

گلازوۋ تاتارلىرى ۋە باشقىرتىستاندىكى تاتار ئاھالىلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، نوپۇسى 300 مىڭ كىشىگە يېقىن (1946 ـ يىلى)، بۇ شىۋە ئارىلاش گوۋورلاردىن ئىبارەت بولۇپ، تاتار ۋە باشقىرت تىللىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئورۇننى ئىگىلەيدۇ.

4. ئۇرال تاتارلىرىنىڭ، جۈملىدىن ناغايباكلارنىڭ (سابىق يۇقۇرى ئۇرال ۋىلايىتىدىكى «كىرەشون» دەپ ئاتالغان خىرىستىيان دىنىدىكى تاتارلارنىڭ) شىۋىسى. بۇ شىۋىدە سۆزلەشكۈچىلەرنىڭ سانى 110 مىڭ. بۇ شىۋىنىڭ ئۆزىگە خاس بەلگىلىرى: *a*) سۆز بېشىدىكى *y* نىڭ ئورنىغا *j* كېلىدۇ، مەسىلەن: جىگىت (يىگىت ئەمەس)؛ *b*) بەزى قوشۇمچىلاردا *q/s* نۆۋەتلىشىشى بولىدۇ، مەسىلەن: كىلگىس (كىلگىچ ئەمەس)؛ *c*) دىفتونگلار سوزۇلما سوزۇق ياكى قىسقا سوزۇق تاۋۇشلارغا ئالمىشىدۇ، مەسىلەن: بوزۇ (بۇزاۇ ئەمەس) «موزاي»، شۇلى (شۇلىي ئەمەس) «شۇنداق»، ئەتە (ئەيتە ئەمەس) «ئېيتىدۇ» ۋاھاكازا.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، تاتار تىلىنىڭ بارلىق دىيالېكت ۋە شىۋىلىرى ئورتاق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولۇپ، شۇ ئارقىلىق ئۇلار بىر پۈتۈن تاتار تىلىغا بىرلىشىدۇ. بۇ دىيالېكت ۋە شىۋىلەردە سۆزلەشكۈچىلەر ھازىرقى ۋاقىتتا بىر پۈتۈن تاتار ئەدەبىي تىلىنى ئىشلىتىدۇ. ئەدەبىي تىل فونېتىكا، لېكسىكا ۋە گىراماتىكىدىكى دىيالېكتلىق پەرقلەرنى بارغانسېرى بىرلىككە كەلتۈرۈپ بارماقتا.

تاتار ئېغىز تىلى بۇلغار ۋە قىپچاق قەبىلە تىللىرىنىڭ ئارىلىشىشى نەتىجىسىدە ۋۇجۇتقا كەلگەن. كېيىن بۇ تىل، ئالتۇن ئوردا دەۋرىدە، ئاساسىي جەھەتتىن ئوتتۇرا ۋولگا دائىرىسىدە مەركەزلەشكەن ھالدا تەرەققىي تاپتى. تاتار ئېغىز تىلى ئالتۇن ئوردا

يېمىرىلگەندىن كېيىنكى قازان خاندانلىقى دەۋرىدە ۋە رۇسىيىگە قوشۇلغاندىن كېيىن تولۇق شەكىللەندى.

شۇنداق قىلىپ، تاتار تىلىنىڭ تۈركى تىللار سىستېمىسىدىكى ئورنىنى بەلگىلەشتە، بۇ تىلنى ھەم تارىخى جەھەتتىن، ھەم تىپولوگىيىلىك مۇناسىۋەتلىرى جەھەتتىن تۈركى تىللارنىڭ غەربىي تارمىقىدىكى قىپچاق گۇرۇپپىسىنىڭ قىپچاق-بۇلغار تارماق گۇرۇپپىسىغا كىرگۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ. تاتار تىلى ئۆزىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا ماس ھالدا يۇقۇرىدا كۆرسىتىلگەن قىپچاق-بۇلغار تارماق گۇرۇپپىسىغا ئورتاق بولغان ئالامەتلەر بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.

كونا تاتار ئەدەبىي يېزىق تىلىغا كەلسەك، بۇ تىل تارىخى جەھەتتىن ئالتۇن ئوردىنىڭ يېزىق تىلىغا باغلىنىدۇ. ئالتۇن ئوردا يېزىق تىلى دەسلەپتە قەدىمقى ئۇيغۇر تىلى ۋە قاراخانىلار دۆلىتى تىلىنىڭ كۈچلۈك تەسىرى ئاستىدا تەرەققى قىلغان. قەدىمقى ئۇيغۇر تىلى بىلەن قاراخانىلار تىلىدا سۆزلەشكۈچىلەر موڭغۇل مەھكىمىلىرىنىڭ ئەمەلدارلىرى بولغان ئۇيغۇرلاردىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلار ئۇيغۇر يېزىقىنى ئىشلەتكەن.

غەربىي قىسمىدىكى جۇجى ئۇلۇسىنىڭ ئەدەبىي تىلى، ساقلىنىپ قالغان «خىسراۋ ۋە شىرىن» ناملىق يادىكارلىقنىڭ قۇتبا تەرجىمىسىدىن (XIV ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى)[116]، شۇنداقلا خانلىق يارلىقلىرىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭغا ئۇيغۇرچە ئېلېمېنتلار كۆپ ئارىلاشقان بولۇپ، قىسمەن مەھەللىۋى خاراكتېرغا ئىگە. بۇنداق مەھەللىۋى ئالاھىدىلىكلەر جۇجى ئۇلۇسى ئەدەبىي تىلىنى ئالتۇن ئوردىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى خارەزىمنىڭ ئالتۇن ئوردا تىلىدىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدۇ. لېكىن بۇ شەرقىي ھەم غەربىي تىللار ئۆزئارا زىچ

باغلانغان.

قەدىمقى ئۇيغۇرلاردىن قوبۇل قىلىنغان كونا يېزىق بىلەن بىللە، تىلغا نۇرغۇنلىغان كونا ئۇيغۇرچە سۆزلەرمۇ سىڭىپ كىرگەن. ئۇنىڭدىن كېيىنكى بىر دەۋردە يېزىق ئەدەبىي تىلى، كونا ئۆزبەك تىلىنىڭ ئېلېمېنتلىرى تاتار ئېغىز تىلىغىمۇ خېلى زور دەرىجىدە سىڭىپ كىردى.

ئوتتۇرا ئاسىيا يېزىق تىلى (بۇ تىل خارەزىمدە موڭغۇل ئىستىلاسىدىن بۇرۇنقى دەۋردىلا تەرەققى تاپقان ئىدى) ھەم ئالتۇن ئوردا، ھەم جاغاتاي ئۇلۇسى ئەدەبىي تىللىرىنىڭ ئاساسى بولغان ئىدى. تۆمۈرلەڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، بۇ تىل ئۇلۇغ ئۆزبەك شائىرى ئەلىشىر ناۋايى ۋەكىللىگىدىكى ئۆز زامانىسىنىڭ كاتتا شائىرلىرى تارىپىدىن زور دەرىجىدە تەرەققى قىلدۇرۇلدى. ئوتتۇرا ئاسىيا يېزىق تىلىنىڭ قائىدىلىرى ۋە ئەنئەنىلىرى بىلەن بىللە، ئەرەپ يېزىغىمۇ ئۆزلەشتۈرۈلدى. ئەرەپ يېزىغى مەخسۇس ھۆججەتلەردە ھەم ئىجتىمائى ئەدەبىياتتا مەلۇم مەزگىلگىچە ئۇيغۇر يېزىغى بىلەن بىر قاتاردا ئىشلىتىلدى.

فېئوداللىق يېزىق تىلىنىڭ ئۇيغۇرچە ۋە كونا ئۆزبەكچە ئەنئەنىلىرى كونا تاتار ئەدەبىي تىلىنى ئاممىباپ خەلق ئېغىز تىلىدىن ئايرىپ قويدى. شۇنداقتىمۇ، ئەدەبىي تىلنى ھۆكۈمران ئورۇندىكى ئاز سانلىق كىشىلەرنىڭ ئىشلەتكىنىگە قارىماي، بۇ تىل تاكى XIX ئەسىرگە قەدەر مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. پەقەت XX ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندىلا، خاس ۋولگا تاتار تىلىدا يېزىلغان كىتاپلار پەيدا بولۇشقا باشلىدى. لېكىن تاتار ئەدەبىي تىلى ۋە تاتار ئەدەبىياتى ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن كېيىنكى دەۋردىلا تولۇق گۈللە-

نىشكە ئېرىشتى.

هازىرقى زامان تاتار ئەدەبىي تىلى مەركىزىي ياكى ئوتتۇرا دىيالېكىتقا ئاساسلانغان. ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن بۇرۇن ۋە ئىنقىلاپتىن كېيىنكى دەسلەپكى يىللاردا تاتارلار ئەرەپ يېزىقىنى قوللىناتتى. بۇ يېزىق دەسلەپتە ئەنئەنىۋى ئىملا قائىدىلىرى بىلەن ۋە ئەرەپ ئېلىپبەسىنىڭ ھەممە بەلگىلىرىنى ساقلاپ قالغان ھالدا ئىشلىتىلگەن. كېيىن، 20-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ ئىملا قائىدىلىرى ئىسلاھ قىلىنىدى ھەمدە تاتار تىلىدا بولمىغان خاس ئەرەپچە تاۋۇشلارنى ئىپادىلەشكە ئىشلىتىلىدىغان ھەرپلەر قىسقارتىلدى، شۇنداقلا ئەرەپ ئېلىپبەسىگە سوزۇق تاۋۇشلارنى ئىپادىلەيدىغان بەلگىلەر تولۇقلاپ كىرگۈزۈلدى. 20-يىللارنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئىسلاھ قىلىنغان ئەرەپ ئېلىپبەسىنىڭ ئورنىغا لاتىن ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى يېزىق قوبۇل قىلىندى. بىراق بۇ يېزىقنىڭ قوللىنىلىشى ئۇزاققا بارمىدى.

1938-يىلىدىن باشلاپ تاتارلار رۇسچە ھەرپلەرنى ئاساس قىلغان يېڭى ئېلىپبەنى ئىشلىتىپ كېلىۋاتىدۇ. ھازىر تاتار تىلىدا كەڭ كۆلەملىك گېزىت-ژورنال ۋە بەدىئىي، ئىلمىي ھەم ئىجتىمائىي-سىياسىي ئەسەرلەر بېسىلىدۇ.

## باشقىرت تىلى⑪⑦

باشقىرت تىلى باشقىرتىستان ئا س س رنىڭ دۆلەت تىلى، يەرلىك باشقىرت ئاھالىسىنىڭ تىلى. باشقىرتلارنىڭ سانى 983 مىڭ كىشى.

باشقىرت ئېغىز تىلى كۆپلىگەن دىيالېكت، شىۋە ۋە گوۋورلارغا

بۆلۈنگەن. بۇلار ئاساسلىق ئۈچ دىيالېكت ۋە گوۋور گۇرۇپپىلىرىغا ئايرىلىدۇ: قۇۋاقان ياكى تاغلىق دىيالېكتى، بۇ باشقىرتىستاننىڭ شەرقىي شىمال ۋە شەرقىي جەنۇب رايونلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ يۇرمات، ياكى دالا دىيالېكتى، بۇ غەربىي جەنۇب ۋە قىسمەن مەركىزىي رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ بۇرژان ياكى غەربىي شىمال دىيالېكتى، بۇ باشقىرتىستاننىڭ غەربىي شىمال ۋە غەربىي رايونلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بۇ دىيالېكتلارنىڭ بىر بىرىدىن پەرقلىنىشى، لېكسىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى، شۇنداقلا سۆز رە جۈملىلەرنىڭ ئۇنداق ياكى مۇنداق سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان فونېتىكىلىق، مورفولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.

ئالايلى، فونېتىكا ۋە مورفولوگىيە جەھەتتە قۇۋاقان دىيالېكتى قوشۇمچىلاردا *z/t/d~l/n* نۆۋەتلىشىشى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. مەسىلەن: كۆپلۈك ساندىكى قوشۇمچىلارنىڭ ئەسلىدىكى شەكىللىرى ھەمدە بۇنداق شەكىللەردە *i*، *u*، *ü* دىن باشقا ھەممە سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن ئاياقلىشالايدىغان يىلتىزلارغا ئۇلانغاندا ۋە جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلاردىن كېيىن كەلگەندە، *l/n* بىلەن باشلىنىدىغان بەزى كېلىش قوشۇمچىلىرى ۋە باشقا قوشۇمچىلار *t* بىلەن باشلىنىدىغان شەكىلنى ئالىدۇ؛ جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش *l*، *m*، *n*، *z* لاردىن كېيىن كەلگەندە جاراڭلىق *d* بىلەن باشلىنىدىغان شەكىلنى ئالىدۇ ھەمدە *z* *y*، *r* ئۈزۈك تاۋۇشلىرى ۋە *i*، *u*، *ü* سوزۇق تاۋۇشلىرىدىن كېيىن كەلگەندە *z* بىلەن باشلىنىدىغان شەكىلنى ئالىدۇ. يۇرمات دىيالېكتىدا *l* بىلەن باشلىنىدىغان قوشۇمچىلارنىڭ پەقەت

ئىككى خىل شەكلى بار: دىماق ئاھاڭدار ئۈزۈك تاۋۇشلىرى m، n، y لاردىن كېيىن كەلگەندە، n بىلەن ئاياقلىشىدۇ، باشقا تاۋۇشلاردىن كېيىن كەلگەندە، l بىلەن ئاياقلىشىدۇ. n بىلەن باشلىنىدىغان قوشۇمچىلار بولسا، ئالدىنقى دىيالېكتىنكىگە ئوخشاش تۆت خىل شەكىلنى ئالىدۇ. بۇرژان دىيالېكتىنىڭ پەرقلەندۈرگۈچى ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، بۇنىڭدا ئېگىلىك كېلىش ۋە چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىلىرىنىڭ ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا n بىلەن باشلىنىدىغان ئۆزگەرمەس شەكلى بار.

ئۇنىڭدىن باشقا، باشقىرت دىيالېكتلىرى بەزى ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ تۈرلۈك ئۆۋەتلىشىشلىرى بىلەنمۇ خاراكتېرلىنىدۇ. مەسىلەن: s ياكى ŝ نىڭ ئورنىغا سۆز ۋە قوشۇمچىلار مۇتلەق ḩ بىلەن باشلىنىدىغان گوۋورلار، مەسىلەن: ḩÏw (sÏw ياكى ŝÏw ئەمەس) «سۇ»، ḩÏwḩÏz «سۇسىز»؛ ئەرەپ تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەردىن باشقا ھەممە سۆزلەردە سۆز بېشىدىكى ḩ، ŝ غا ئالمىشىدىغان گوۋورلار، مەسىلەن: ŝÏw (ḩÏw ئەمەس) «سۇ»: ئۈزۈك تاۋۇش ḩ سۆز ۋە بوغۇملارنىڭ باش ۋە ئاخىرىدا كېلىش بىلەن خاراكتېرلىنىدىغان گوۋورلار، مەسىلەن: aķḩaķ «ئاقساق»، ķÏḩ «قىز» (باشقا دىيالېكتلاردا ķÏz/ķÏs/ķÏŝ)؛ ḩ، q، ŝ تاۋۇشلىرى s غا ئالمىشىدىغان گوۋورلار، مەسىلەن: saloqÏ (qaloqÏ ئەمەس) «چالغا»، as (aq ئەمەس) «ئاچ قوساق» ۋاھاكازا.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، باشقىرت تىلىنىڭ ھەممە دىيالېكتلىرى، ئومۇمى يۈزلۈك ئالغاندا، باشقا تىللاردىن، جۈملىدىن تاتار تىلىدىن (تاتار تىلى بىلەن باشقىرت تىلى تۈركىي تىللارنىڭ غەربىي تارمىقىدىكى قىپچاق تىللىرىنىڭ قىپچاق-بۇلغار تارماق گۇرۇپپىسىنى

تەشكىل قىلىدۇ) پەرقلىنىدىغان ئۇرتاق ئالامەتلەرگىمۇ ئىگە. بۇنداق
پەرقلەر پەقەت تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش ئالاھىدىلىكىدىنلا ئىبارەت.
چۈنكى باشقىرت ۋە تاتار تىللىرىنىڭ سوزۇق تاۋۇشلار سىستېمىسى
ئومۇمەن ئالغاندا ئوخشاش (يۇقۇرىدىكى قىپچاق-بۇلغار تارماق
گۇرۇپپىسىنىڭ ئورتاق ئالامەتلىرىگە قارالسۇن). باشقىرت تىلىدىكى
تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش ئالاھىدىلىكلىرى تۆۋەندىكىچە: a) باشقىرت
تىلىدا z تاۋۇشىنىڭ پەقەت چەتتىن كەلگەن سۆزلەردىلا بولۇشى ۋە
بۇ فونېمىنىڭ باشقىرتچە سۆزلەردە ẑ فونېمىسى (چىش ئارىسى
تاۋۇش) بىلەن نۆۋەتلىشىشى؛ مەسىلەن: ķĬẑ (ķĬz ئەمەس)
«قىز»؛ b) q فونېمىسىنىڭمۇ پەقەت چەتتىن كەلگەن سۆزلەردىلا
بولۇشى ۋە بۇ فونېمىنىڭ ئانا تىلدىكى سۆزلەردە s بىلەن ئالمى-
شىشى، مەسىلەن: bĬsaķ (bĬqaķ ئەمەس) «پىچاق»؛ c) تاتار
تىلى ۋە باشقا تۈركى تىللاردىكى مۇناسىۋەتلىك سۆزلەردىكى سۆز
ئاخىرىدا كېلىدىغان s فونېمىسى باشقىرتچە چىش ئارىسى ŝ بىلەن
ئالمىشىدۇ، مەسىلەن: baŝ (bas ئەمەس) «باسماق»؛ d) تاتار
تىلىدىكى ۋە باشقا تۈركى تىللاردىكى مۇناسىۋەتلىك سۆزلەردە
سۆز بېشىدا ۋە قوشۇمچىلارنىڭ بېشىدا كېلىدىغان s فونېمىسى
كۆپىنچە ھاللاردا باشقىرتچە ḩ فونېمىسىغا ئالمىشىدۇ، مەسىلەن:
ḩĬyĬr (sĬyĬr ئەمەس) «كالا»، ḩĬw ḩĬz (sĬw sĬz ئەمەس)
«سۇسىز»؛ باشقىرت تىلىنىڭ ئايرىم گۇۋۇرلىرىدا سۆز ئاخىرىسىدىكى
s ۋە z تاۋۇشلىرى ḩ فونېمىسىغا ئالمىشىدۇ، مەسىلەن: ķĬḩ «قىز»؛
e) سۆز بېشىدا تاتارچە p نىڭ ئورنىغا كۆپىنچە b ئىشلىتىلىدۇ
(بەزى گۇۋۇرلارنى ھىساپقا ئالمىغاندا)، مەسىلەن: bĬsaķ (piqaķ
ئەمەس)؛ f) سۆز بېشىدا تاتارچە j/ʐ/y نىڭ ئورنىغا كۆپىنچە

ۋ ئىشلىتىلىدۇ، مەسىلەن: يىر (جىر ئەمەس) «يەر».

باشقىرت خەلقى ۋە ئۇلارنىڭ تىلى خۇددى تاتار خەلقى ۋە ئۇلارنىڭ تىلىغا ئوخشاشلا كۆپلىگەن قەبىلە ۋە قەبىلە تىللىرىنىڭ ئارىلىشىشىدىن ۋۇجۇتقا كەلگەن، لېكىن باشقىرت تىلىدا خۇددى تاتار تىلىدىكىگە ئوخشاشلا قىپچاقچە ۋە بۇلغارچە ئېلېمېنتلار ئەڭ روشەن ئىپادىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، باشقىرت تىلى قىپچاق-بۇلغار تارماق گۇرۇپپىسىغا تەۋە قىلىنغان.

باشقىرت تىلى، خۇددى تاتار تىلىغا ئوخشاشلا، ئالتۇن ئوردا يىمىرىلگەندىن كېيىن تولۇق شەكىللەنگەن. باشقىرت يېزىق ئەدەبىي تىلى بولسا، ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلاۋىدىن كېيىنلا بارلىققا كەلدى. مۇستەقىل ئەدەبىي تىلىنىڭ بارلىققا كېلىشىدىن ئىلگىرى باشقىرتلار تاتار يېزىق تىلىنى، يەنى دەسلەپتە ئوتتۇرا ئەسىر كونا تاتار تىلىنى، كېيىن، XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ، تاتار ئېغىز تىلىنىڭ مەركىزىي دىيالېكتىغا ئاساسلانغان يېڭى تاتار تىلىنى ئىشلەتكەن. مۇستەقىل باشقىرتىستان ئاپتونوم سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، قۇۋاقان تاغلىق دىيالېكتىنى ئاساس قىلغان ۋە يۇرمات دىيالېكتىنىڭ ئېلېمېنتلىرى ئارىلاشقان باشقىرتچە مىللىي تىل بەرپا قىلىندى. باشقىرتچە مىللىي ئەدەبىي تىلدا دەسلەپتە ئەرەپ يېزىقى، كېيىن لاتىن يېزىقى قوللىنىلغان. ھازىر باشقىرتلار رۇس ھەرپلىرى ئاساسىدا يارىتىلغان ئېلىپبەنى ئىشلىتىدۇ. ھازىرقى زامان باشقىرت ئەدەبىي تىلى يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي تاپقان مىللىي تىل بولۇپ، بۇ تىلدا باشقىرتچە گېزىت-ژۇرناللار ۋە ئىجتىمائىي-سىياسىي، پەننىي، بەدىئىي ئەسەرلەر بېسىلىدۇ.

## 3. قىپچاق-نوغاي تارماق گۇرۇپپىسى

قىپچاق تىللىرىنىڭ قىپچاق-نوغاي تارماق گۇرۇپپىسىغا نوغاي، قاراقالپاق، قازاق تىللىرى ۋە ئۆزبەك تىلىنىڭ قىپچاقچە دىيالېكتلىرى كىرىدۇ. بۇ تارماق گۇرۇپپا ئالتۇن ئوردا دۆلىتىنىڭ يىمىرىلىش دەۋرىدە شەكىللەنگەن بولۇپ، باشقا تىللارنىڭ تەرەققىياتى بىلەن، يەنى بىرىنچىدىن، قىپچاق-بۇلغار تارماق گۇرۇپپىسىدىكى تىللارنىڭ، ئىككىنچىدىن، قىپچاق-پولوۋ تارماق گۇرۇپپىسىدىكى تىللارنىڭ تەرەققىياتى بىلەن باغلانغان. بولۇپمۇ، قىپچاق-پولوۋ تارماق گۇرۇپپىسىدىكى تىللار بىلەن بولغان باغلىنىشى ئالدىنقىسىغا قارىغاندا يەنىمۇ كۆپرەك كۆرۈلىدۇ.

يۇقۇرىدا بىز تۈركىي تىللارنىڭ يىرىك تۈركۈملىرىنى تونۇشتۇرغاندا، قىپچاق تىللىرىغا خاس ئورتاق ئالامەتلەرنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن ئىدۇق. ئەمدى قىپچاق-نوغاي تارماق گۇرۇپپىسىنى باشقا قىپچاق تىللىرى تەركىۋىدىن ئايرىپ تۇرىدىغان ئەڭ خاس ئالاھىدىلىكلەرنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز.

قىپچاق-نوغاي تىللىرى تارماق گۇرۇپپىسى تارىخىي جەھەتتىن بىرقەدەر قەدىمقى بولغان قىپچاق-بۇلغار ۋە قىپچاق-پولوۋ تارماق گۇرۇپپىلىرىدىن تۆۋەندىكىدەك خاس ئالامەتلەر بىلەن پەرقلىنىدۇ: *a*) *q* فونېمىسى مەۋجۇت ئەمەس. بۇ تاۋۇشنىڭ ئورنىغا *x* تاۋۇشى، *x* تاۋۇشنىڭ ئورنىغا *s* تاۋۇشى ئىشلىتىلىدۇ، مەسىلەن: قاش-<قاچ- «قاچماق»، قىس<قىش «قىش»؛ *b*) *p/b/m* لار ئۆزنىڭ يېنىدىكى ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ قانداق بولۇشىغا قاراپ نۆۋەت-

لىشدۇ. قىپچاق-نوغاي تارماق گۇرۇپپىسى ئۆز ئىچىدىن ئىككى
قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. بۇلارنىڭ بىرى قاراقالپاق ۋە نوغاي تىللىرىدىن
ئىبارەت بولۇپ، قازاق تىلىدىن مۇنداق ئالامەتلەر بىلەن پەرقلى-
نىدۇ: a) $t/d/l$ تاۋۇشلىرىنىڭ ئۆز ئالدىدىكى ئۇزۇك تاۋۇشقا
مۇناسىۋەتلىك ھالدا نۆۋەتلىشىشى مەۋجۇت ئەمەس. بۇنداق ئەھ-
ۋال قازاق تىلىغا خاس؛ مەسىلەن: قاراقالپاقچە ۋە نوغايچە تاسلار
(قازاقچە تاستار) «تاشلار»؛ b مورفولوگىيىلىك ئالامەتلىرى، جۈملى-
دىن قازاق تىلىدا مەۋجۇت بولمىغان ئاجاق/ئەجەك بىلەن ئىپادى-
لىنىدىغان كېلىدىغان زامان سۈپەتداش شەكىللىرى بار ۋاھاكازا.

## ھازىرقى تىللار

### نوغاي تىلى[118]

نوغاي تىلى نوغاي خەلقىنىڭ تىلى بولۇپ، نوغايلار (ئومۇمى
سانى 41 مىڭ كىشى) ستاۋروپول ۋىلايىتى تەۋەسىدە ۋە چېركەس
ئاپتونوم رايونىدا ياشايدۇ. نوغاي تىلى تۈركى تىللارنىڭ
قىپچاق گۇرۇپپىسىغا تەئەللۇق بولۇپ، بۇ گۇرۇپپا ئىچىدە نوغاي
تىلى قاراقالپاق ۋە قازاق تىللىرى بىلەن بىرلىكتە قىپچاق-نوغاي
تارماق گۇرۇپپىسىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ تارماق گۇرۇپپىنىڭ ئاساسلىق
ئالاھىدىلىكى $q > x$ ۋە $x/s$ نۆۋەتلىشىشىدىن ئىبارەت. مەسىلەن: شىق
«چىق»، تاس «تاش» (باشقا تىللاردا چىق ۋە تاش). نوغاي تىلى
لۇغەت تەركىۋى ۋە گىراماتىكىلىق قۇرۇلۇشى جەھەتتە قاراقالپاق
تىلى بىلەن ھەممىدىن كۆپرەك تۇققانلىق خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە.
نوغاي تىلى قاراقالپاق تىلى بىلەن بىرلىشىپ $l$ تاۋۇشىنىڭ ئاسسىمى-

لاتسىيىسى مەۋجۇت بولماسلىقتەك ئۆزگىچە خاس فونېتىكىلىق ئالامىتى بىلەن قازاق تىلىدىن پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن، مۇنۇ سۆزلەردە: تاسلار، قىزلار، قىسلاۋ، ئاتلار (قازاق تىلىدا بولسا تاستار، قىزدار، قىستاۋ، ئاتتار).

نوغاي تىلىدا فونېتىكىلىق تۈزۈلمىسى، لۇغەت تەركىۋى ۋە گىراماتىكىلىق قۇرۇلۇشى جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن بىر بىرىدىن ئايرىلىپ تۇرىدىغان ئۈچ ئاساسلىق دىيالېكت بايقىلىدۇ، بۇلار: ئاق نوغاي دىيالېكتى (بۇ دىيالېكتتا سۆزلەشكۈچىلەر ئۆزلىرىنى بۇرۇن شۇنداق دەپ ئاتايتتى)، يەنى چېركەس ئاپتونوم رايونىنىڭ تېررىتورىيىسىدە ياشايدىغان نوغايلارنىڭ دىيالېكتى؛ خاس نوغاي دىيالېكتى، بۇ دىيالېكتنىڭ تارقىلىش چېكى ستاۋروپولنىڭ تەخمىنەن ئاچقۇلاق ۋە قوياسۇل رايونلىرىنىڭ مەمۇرى چېگرىلىرىغا توغرا كېلىدۇ ۋە قارا نوغاي دىيالېكتى (ستاۋروپولنىڭ قارا نوغاي رايونىدا ياشايدىغان مەزكۇر گۇرۇپپىدىكى نوغايلار ئۆزلىرىنى شۇنداق دەپ ئاتايدۇ). تىلغا ئېلىنغان دىيالېكتلاردىن ئاق نوغاي دىيالېكتى ئۆزگىچە.

نوغاي تىلى تارىخىي جەھەتتىن، چوڭ نوغاي ئوردىسى، ئالتۇن ئوردا، قىپچاق قەبىلىلەر ئىتتىپاقى ۋە بىرقەدەر قەدىمقى بولغان باشقا ئىتتىپاق ۋە بىرلەشمىلەردەك قەبىلىۋى ھەم سىياسى بىرلەشمىلەرنىڭ تەرەققىياتى بىلەن باغلانغان.

نوغاي ئەدەبىي تىلى ۋە نوغاي يېزىقى ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلاۋىدىن كېيىنلا راۋاجلاندى. 1938-يىلى نوغاي تىلى ئۈچۈن رۇس ھەرپلىرى ئاساسىدىكى ئېلىپبە قوبۇل قىلىندى. ھازىر نوغاي تىلىدا باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ دەرسلىكلىرى بېسىلىدۇ.

بەدىئى ۋە ئىجتىمائى ـ سىياسى ئەسەرلەر ھەم بىرنەچچە رايونلۇق گېزىتلەر نەشر قىلىنىدۇ. نوغاي تىلىنىڭ تەتقىقاتى چېركەس ئاپتونوم رايونىنىڭ تىل ۋە ئەدەبىيات ئىنىستىتۇتىغا مەركەزلەشكەن.

## قاراقالپاق تىلى ⑩

قاراقالپاق تىلى قاراقالپاقلارنىڭ (173 مىڭ ئادەم) تىلى بولۇپ، ئۆزبەكىستان تەركىبىدىكى قاراقالپاقىستان ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت تىلىدىن ئىبارەت. شۇنداقلا، باشقا جۇمھۇرىيەت ۋە رايونلاردىكى ئاھالىنىڭ يەنى ئۆزبەكىستاننىڭ خارەزىم ئوبلاستى (خارەزىم ياكى خىۋا قاراقالپاقلىرى)، فەرغانە (فەرغانە ياكى قوقان قاراقالپاقلىرى)، ئاستىراخان ئوبلاستى (ئاستىراخان قاراقالپاقلىرى) ۋە چەتئەلدىكى يەنى ئافغانىستاندىكى قاراقالپاقلارنىڭ (ئافغانىستان قاراقالپاقلىرى) تىلىدىن ئىبارەت.

قاراقالپاق ئېغىز تىلى پەچەنەك (X ـ XI ئەسىرلەر) ۋە پولوۋ (XI ـ XIII ئەسىرلەر) قەبىلە ئىتتىپاقلىرىغا، ئالتۇن ئوردا دۆلىتىگە (XIII ـ XIV ئەسىرلەر)، چوڭ نوغاي ئوردىسى (XV ئەسىرگە قەدەر) تەركىبىگە قوشۇلۇپ كەتكەن قىپچاق قەبىلىلىرى ئىچىدە شەكىللەنـ گەن. چوڭ نوغاي ئوردىسى تەركىبىدىن قىسمەن ھالدا قازاق، ئۆزبەك، كېيىنرەك قاراقالپاق ئىتتىپاقلىرى شەكىللىنىپ چىقتى. ھازىرقى زامان قاراقالپاق تىلىنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلغان قەبىلىۋى تىللار ئۆز تارىخىنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدە بىر تەرەپتىن، بۇلغار تىلىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى، بۇ ھال بەزى ئورتاق ئالاھىدىلىكلەردە ئىپادىلەندى (سۆز بېشىدىكى لەۋلەشكەن قېلىن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ دىفتونگلىشىپ كېتىشى، ئۇزۇك تاۋۇش فونېمىسى q نىڭ

مەۋجۇت بولماسلىغى قاتارلىقلار)؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئوغۇز تىل- لىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاندى، بۇ ھال سۆز بېشىدىكى جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش $g$ ۋە $d$ لارنىڭ بولۇشىدا ئىپادىلەندى (مەسىلەن: دۇز «تۇز»، دىزە «تىز»، گۇز «كۇز».) قاراقالپاق تىلى، شۇنداقلا، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قەدىمقى ئاھالىسىنىڭ، بولۇپمۇ خارەزىملارنىڭ تەسىرىگىمۇ كۆپ ئۇچرىدى.

دىمەك، قاراقالپاق تىلىنى باشقا خەلقلەر ۋە تىللار بىلەن بولغان تارىخىي ھەم تىل جەھەتتىكى باغلىنىشلىرىغا ئاساسەن، تۈركى تىل- لارنىڭ غەربىي تارمىغىغا كىرىدىغان قىپچاق تىللىرىنىڭ قىپچاق- نوغاي تارماق گۇرۇپپىسىغا كىرگۈزۈش لازىم. قاراقالپاق تىلى تۈركى تىل- لارنىڭ قىپچاق گۇرۇپپىسىغا ئورتاق بولغان ئالامەتلەرگە ئىگە بولۇش بىلەن بىللە، يەنە قىپچاق گۇرۇپپىسىدىن قىپچاق-نوغاي تارماق گۇرۇپپىسىنى ئايرىپ تۇرىدىغان ئالامەتلەرگىمۇ ئىگە. شۇنداقلا يەنىمۇ ئۆزىگە خاس بولغان ئالامەتلەرگە ئىگە بولۇپ، بۇ ئالامەتلەر قىپچاق- نوغاي تارماق گۇرۇپپىسى ئىچىدىن قاراقالپاق تىلى بىلەن نوغاي تىلىنى قازاق تىلىدىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدۇ. بۇنداق ئالامەتلەر يۇقۇرىدا كۆرسىتىلدى.

قاراقالپاق ئېغىز تىلى ئاساسلىق ئىككى دىيالېكتقا بۆلۈنىدۇ: شەرقىي شىمال دىيالېكتى، بۇ دىيالېكتتا قارائۆزەك، تاختا كۆپىر ۋە دېڭىز بويى (مۇيناق) رايونلىرىنىڭ ئاھالىسى سۆزلىشىدۇ (تاختا كۆپىر رايونىدىكى قازاق ۋە قاراقالپاق تىللىرىنىڭ ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىشىدىن كېلىپ چىققان ئارىلاش گوۋورلارمۇ مۇشۇ دىيالېكتقا تەئەللۇق)؛ غەربىي جەنۇپ دىيالېكتى، بۇ دىيالېكتتا قاراقالپاقىس- تاننىڭ باشقا رايونلىرىدىكى يەنى چىمباي، كەگەيلىن، كۈيبىشېۋ،

قونغىرات، خوجەيلىن، قىپچاق، شاباز ۋە تۆرتكۆل رايونلىرىنىڭ ئاھالىسى سۆزلىشىدۇ. ئاخىرقى دىيالېكت يەنە بىرنەچچە گوۋورلارغا بۆلۈنىدۇ. بۇلار قاراقالپاق تىلى بىلەن تۈركمەن تىلىنىڭ ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىشى ئاساسىدا تەرەققى قىلغان خوجەيلىن گوۋورى ۋە تۆرتكۆلدىكى بەزى ئارىلاش گوۋورلار ھەمدە قاراقالپاق تىلى بىلەن ئۆزبەك تىلىنىڭ ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىشى ئاساسىدا تەرەققى قىلغان قونغىرات، قىپچاق، شاباز ۋە تۆرتكۆل رايونلىرىدىكى ئارىلاش گوۋورلار.

شەرقىي شىمال ۋە غەربىي جەنۇپ دىيالېكتلىرىنىڭ خاراكتېرلىق سېلىشتۇرما ئالامەتلىرى تۆۋەندىكىچە: *a*) شەرقىي شىمال دىيالېكتىدا ə فونېمىسى يوق. بۇ فونېما غەربىي جەنۇپ دىيالېكتىدا بار؛ *b*) شەرقىي شىمال دىيالېكتىدا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ لەۋلىشىش ئاھاڭداشلىقى ئانچە ئېنىق ئىپادىلەنمەيدۇ؛ *c*) شەرقىي شىمال دىيالېكتىدا لەۋلەشمىگەن تار سوزۇق تاۋۇشلار بار. غەربىي جەنۇپ دىيالېكتىدا شۇنىڭغا ماس ھالدىكى لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلار بار. مەسىلەن: بىزاۋ~بۇزاۋ، مىلتىق~مۇلتۇق؛ *d*) شەرقىي شىمال دىيالېكتىدا سۆز بېشىدا ⱬ كەلسە، غەربىي جەنۇپ دىيالېكتىدا *j* كېلىدۇ؛ *e*) شەرقىي شىمال دىيالېكتىدا سۆز بېشىدا كۆپىنچە جاراڭلىق *d* كېلىدۇ، غەربىي جەنۇپ دىيالېكتىدا *p*/*b*، مەسىلەن: بوۋ~بوۋ «ھور»، باقىر~پاقىر «ۋاقىرىماق»؛ *f*) شەرقىي شىمال دىيالېكتىدا سۆز بېشىدا كۆپىنچە جاراڭسىز *t* ۋە *ⱪ*/*k* كەلگەندە، غەربىي جەنۇپ دىيالېكتىدا ئادەتتە جاراڭلىق تاۋۇشلار كېلىدۇ، مەسىلەن: كۆز~گۆز، تۇز~دۇز؛ *g*) شەرقىي شىمال دىيالېكتىدا *ⱨ* فونېمىسى مەۋجۇت ئەمەس، لېكىن غەربىي جەنۇپ دىيالېكتىدا بۇ فونېما ناھا-

يىتى كۆپ ئىشلىتىلىدۇ؛ h) ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئاسسىمىلاتسىيە تۈرلىرىنىڭ قارىمۇ-قارشىلىغى، مەسىلەن: غەربىي جەنۇپ دىيالېكتىدا لل/نل، شەرقىي شىمال دىيالېكتىدا نن/نل، مەسىلەن: كۆللەر~كۆنلەر «كۆنلەر».

قاراقالپاق ئەدەبىي تىلى ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلاۋىدىن كېيىنكى دەۋردە بارلىققا كەلدى. ھازىرقى ۋاقىتتا بۇ تىلدا كۆپ ساندىكى ئەسلى يەرلىك تىلدا يېزىلغان ۋە تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلەر، جۈملىدىن ماركسىزىم-لېنىنىزىم كىلاسسىكلىرى نەشر قىلىندى. باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ دەرسلىكلىرى تۈزۈلدى؛ قاراقالپاق تىلىدا ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ۋە قىسمەن ئوقۇتقۇچىلىق ھەم پىداگوگىكا ئىنستىتۇتلىرىدا دەرس ئۆتۈلىدۇ. مىللى سەنئەت نومۇرلىرى قويۇلىدۇ، رادىيو ئاڭلىتىشلىرى بېرىلىدۇ.

## قازاق تىلى⑫

قازاق تىلى قازاقىستان سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسلىق ئاھالىسى بولغان قازاقلارنىڭ (بۇرۇنقى ناملىرى قىرغىز، قىرغىز-قايساق، كازاك ياكى قايساق) تىلى بولۇپ، ئۇمۇمى نوپۇسى 3 مىليون 581 مىڭ.

قازاق تىلى قاراقالپاق ۋە نوغاي تىللىرى بىلەن بىرلىكتە قىپچاق تىللىرىنىڭ ئالاھىدە قىپچاق-نوغاي تارماق گۇرۇپپىسىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ تارماق گۇرۇپپا ئاساسىي جەھەتتىن بەزى فونېتىكىلىق ئالامەتلىرى بىلەن پەرقلىنىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ خاراكتېرلىق بولغانلىرى دەپ مۇنۇلارنى ھىساپلاشقا بولىدۇ، ئەسلىدىكى سۆزلەردە q فونېمىسى يوق بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۈزۈك تاۋۇش x ئىشلىتى-

لىدۇ. باشقا قىپچاق تىللىرىدىكى *x* تاۋۇشى بولسا، *s* غا ئالماشتۇرۇلىدۇ، مەسىلەن: قاش (قاچ ئەمەس)، ئاش (ئاچ ئەمەس)، قىس (قىش ئەمەس)، تىس (تىش ئەمەس) «چىش».

قازاق تىلىنىڭ، خۇسۇسەن، راۋاج تاپقان چارۋىچىلىق ئاتالغۇلىرى بىلەن خاراكتېرلىنىدىغان لۇغەت تەركىۋىدىكى ئالاھىدىلىكلىرىدىن باشقا، ئۆزىنىڭ تارماق گۇرۇپپىسى ئىچىدە مۇنداق پەرقلەندۈرگۈچى ئالامەتلىرى بار:

1. فونېتىكىلىق تۈزۈلمىسىدە: *a*) *l* تاۋۇشىنىڭ ئاسسىمىلاتسىيىسى بولۇپ، بۇ ئۆزىنىڭ يېنىدىكى ئۈزۈك تاۋۇشقا قاراپ، ***t/d/l*** نىڭ نۆۋەتلىشىشىدە ئەمەللىشىدۇ، مەسىلەن: قىزدار، ئاتتار، تاستار (نوغاي ۋە قاراقالپاق تىللىرىدا قىزلار، ئاتلار، تاشلار)؛ ***b***) نۆۋەتلىشىدىغان ***j/ʐ/y*** لارنىڭ ئىچىدە سۆز بېشىدا كۆپىنچە ***ʐ*** ئىشلىتىلىدۇ، مەسىلەن: ژول (قاراقالپاق ۋە نوغاي تىللىرىدا يول ياكى جول) ۋاھاكازا؛

2. گىراممatikىلىق قۇرۇلۇشىدا: ***a***) ھازىرقى زامان ۋە كېلىدىغان زامان سۈپەتداشلىرىنىڭ ***-atÏn/-ətin/-ÏtÏn/-itin*** -دىن ئىبارەت قوشۇمچىلىرى بار (نوغاي تىلىدا ئاتاغان/ئەتەگەن ۋە قاراقالپاق تىلىدا ئاتۇغۇن/ئەتۇغۇن)؛ ***b***) قاراقالپاق ۋە نوغاي تىللىرىدا بار بولغان -ئاجاق/ئەجاق ياكى ئاياق/ئەياق بىلەن ئاياقلىشىدىغان كېلىدىغان زامان سۈپەتداش شەكىللىرى قازاق تىلىدا يوق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار.

تەتقىقاتچىلار دىيالېكتلىق پەرقلىرى ناھايىتى ئاز بولغان قازاق تىلىنىڭ نىسبەتەن بىر خىللىقىنى قەيت قىلىدۇ. بىراق، قازاق تىلىنىڭ دىيالېكتلىق پەرقلىرى ھازىرغا قەدەر تېخى يېتەرلىك

دەربىجىدە تەكشۈرۈلمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنداق ياكى مۇنداق دىيالېكىت ياكى گوۋورلار سىستېمىسىنىڭ بار ئىكەنلىكىنى تولۇق ئېنىقلاشقا مۇمكىنچىلىك يوق.

قازاق تىلىدىكى دىيالېكتلار ھەققىدە بىر قاتار ئىلمىي پەرەزلەر مەۋجۇت، بۇلارنىڭ ئىچىدىن ئاساسلىق ئىككى خىل پەرەزنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە بولىدۇ. بۇلارنىڭ بىرى، ئىككى دىيالېكتىنىڭ مەۋجۇت ھەققىدىكى پەرەز، يەنە بىرى، ئۈچ دىيالېكتىنىڭ يەنى شەرقىي شىمال، جەنۇپ ۋە غەرپ دىيالېكتلىرىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكى ھەققىدىكى پەرەز.

1. شەرقىي شىمال دىيالېكتى، ھازىرقى زامان قازاق ئەدەبىي تىلىنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلىدۇ. قازاق ئەدەبىي تىلىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن ئاباي قۇنانبايېۋ (1845 — 1904)، ئىبراي ئالتىنسارىن (1843 — 1889) قاتارلىقلار مۇشۇ دىيالېكتتا سۆزلىگەن ھەم يازغان. دىمەك، بۇ دىيالېكت ھازىرقى زامان ئەدەبىي تىلى بىلەن ئورتاق ئالامەتلەرگە ئىگە.

2. جەنۇپ دىيالېكتى، ئۇ لۇغەت تەركىۋىدىكى قىسمەن ئوخشىماسلىقلاردىن تاشقىرى، فونېتىكىلىق تۈزۈلمىسى ۋە گىراماتىكىلىق قۇرۇلۇشى جەھەتتە تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئەدەبىي تىلدىن پەرقلىنىدۇ: *a*) سۆز بېشىدا بەزىدە جاراڭسىز بولىدىغان *k>g* نىڭ نۆۋەتلىشىشى بولىدۇ. مەسىلەن: گۈرىش (كۈرىش ئەمەس) «گۈرۈچ»، گۆك (كۆك ئەمەس) «قىغ»؛ *b*) سۆز بېشىدا *ƶ>y* نىڭ نۆۋەتلىشىشى، مەسىلەن: ياق (ژاق ئەمەس) «ياق، تەرەپ»؛ *c*) *t/d/l* نىڭ ئاسسىمىلاتسىيىسى مەۋجۇت ئەمەس، مەسىلەن: ماڭلاي (ماڭداي ئەمەس)؛ *d*) *x<s* نۆۋەتلىشىشى،

مەسىلەن: مىشىق (مىسىق ئەمەس) «مۈشۈك»؛ e) -ئالى/-ئېلى بىلەن كېلىدىغان 1-شەخس كۆپلۈك ساندىكى بۇيرۇق-ئىستەك پېئىل رايى شەكىللىرى بار، مەسىلەن: بارالى (بارايىق ئەمەس) «بارايلى»؛ f) مىنان (مان ئەمەس) «بىلەن» دىن ئىبارەت ئارقا ياردەمچى سۆزنىڭ بىرقەدەر تولۇق شەكلى بار ۋاھاكازا.

3. غەرپ دىيالېكتى، بۇ ئاساسىي جەھەتتىن جەنۇپ دىيالېكتىدىكىگە ئوخشاش ئالامەتلەر بىلەن خاراكتېرلىنىپ، ئۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك ئايرىم ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن پەرقلىنىدۇ، مەسىلەن، قېلىن $u<o$ نىڭ نۆۋەتلىشىشى، مەسىلەن: قۇل (قول ئەمەس)؛ b) سوراق ئالمىشى قاندا (قايدا ئەمەس) دىگەن سۆزدە $n<y$؛ c) 1-شەخس كۆپلۈك ساندىكى ئىگىلىك ئالماشلىرىنىڭ قىسقارغان شەكلى، مەسىلەن: بىزىڭ (بىزدىڭ ئەمەس)؛ d) ئۆتكەن زامان پېئىلىنىڭ باردى/بارۇۋلى شەكىللىرىنىڭ بىردەك ئىشلىتىلىشى ۋاھاكازا.

قازاق تىلى ئۆزىنىڭ تەرەققىيات ۋە شەكىللىنىش جەريانىدا، تارىخىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، بىر تەرەپتىن، غەرپتىكى تۈركىي قەبىلە ئىتتىپاقلىرىدىن بۇلغار، پەچەنەك، قىپچاقلارنىڭ ۋە ئالتۇن ئوردا دۆلىتى چوڭ نوغاي ئوردىسىنىڭ تىللىرى بىلەن باغلانغان؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە قازاقىستان تېررىتورىيىسىدە بارلىققا كەلگەن غەربىي تۈرك خاقانلىقى، قاراخانىلار دۆلىتى ۋە باشقا قەبىلە ئىتتىپاقلىرى ھەم دۆلەت تۈزۈلمىلىرىنىڭ تىللىرى بىلەن باغلانغان. قازاق تىلى بىر خەلق تىلى سۈپىتىدە XV-XVI ئەسىرلەردە تولۇق شەكىللەندى.

ئەرەپ يېزىقىدىكى قازاق ئەدەبىي تىلى XIX ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا ۋۇجۇتقا كەلدى ھەمدە شۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا

كەلگەندە، يىرىك قازاق ئاقارتقۇچىلىرى ئاباي قۇنانبايېۋ ۋە ئىبراي ئالتىنسارىنلارنىڭ پائالىيەتلىرى بىلەن رەسمىي شەكىللىنىپ چىقتى.

شۇنداقتىمۇ، قازاق مىللىي تىلىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە ئەدەبىي تىلىنىڭ ئۇزۇل-كېسىل شەكىللىنىشى ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقى-
لاۋىدىن كېيىنكى دەۋرگە تەئەللۇق بولۇپ، بۇ دەۋردە قازاق تىلى ۋە قازاق ئەدەبىياتىدىن پۈتۈن خەلق بەھرىمەن بولدى.

قازاق يېزىقى 1938-يىلى رۇس يېزىقىغا ئۆزگەرتىلدى. بۇ يېزىق ئەرەپچە كونا يېزىق ۋە لاتىن ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى يېزىققا قارىغاندا قازاق تىلىنىڭ تاۋۇش تەركىبىگە ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدۇ. ھازىرقى زامان قازاق ئەدەبىي تىلى يېڭى، سوتسىيالىستىك شارا-
ئىتتا پەننىڭ ھەممە تارماقلىرىدىكى ئوبدان راۋاجلانغان ئاتالغۇلارغا ئىگە بولۇپ، بۇ تىلدا كەڭ كۆلەملىك گېزىت-ژورنال ۋە بەدىئىي، پەننىي ھەم ئىجتىمائىي-سىياسىي ئەسەرلەر بېسىلىدۇ.

## IV قارلۇق گۇرۇپپىسى

قارلۇق تىللىرى گۇرۇپپىسى تۈركىي تىللارنىڭ غەربىي ھون ۋە شەرقىي ھون تۈركۈملىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئورنىنى ئىگىلەيدۇ. بۇ گۇرۇپپىدىكى تىللار نىسبەتەن كېيىنكى دەۋرگە، يەنى X-XI ئەسىرلەرگە تەئەللۇق بولۇپ، قاراخانىلار دەۋرىدە، بىر تەرەپتىن، غەربىي ھەم شەرقىي تىللارنىڭ يەنە بىر تەرەپتىن، ئوتتۇرا ئاسى-
يادىكى تاجىك-ئىران تىللىرىنىڭ ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىشى نەتى-

جىسىدە ۋۇجۇتقا كەلگەن.

تۈركىي تىللارنىڭ قارلۇق گۇرۇپپىسىغا ئىككى تارماق گۇرۇپپى-
دىكى تىللار كىرىدۇ: 1) قارلۇق-ئۇيغۇر تارماق گۇرۇپپىسى، بۇ
ئىككى قەدىمقى تىلنى — قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ (X-XI ئەسىرلەر)
تىلى[121] ۋە «پەيغەمبەرلەر ھەققىدە قىسسە» («قىسسەسۇل ئەن-
بىيا») رابغۇزى (XIV ئەسىر) تىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ 2) قار-
لۇق-خارەزىم تارماق گۇرۇپپىسى؛ بۇ قەدىمقى تىللاردىن قارلۇق-
خارەزىم تىلى، ئەخمەت يەسەۋى ئەسەرلىرىنىڭ تىلى، ئالتۇن ئوردا
(شەرقىي)، چاغاتاي، كونا ئۆزبەك تىللىرىنى، ھازىرقى زامان تىل-
لىرىدىن ئۆزبەك ۋە يېڭى ئۇيغۇر تىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ
تىللار گۇرۇپپىسى تەدرىجىي ھالدا ياغما، تۈركەش ۋە قارلۇق قەبىلە
تۈركۈملىرى (بۇلار، تۈرك ۋە ئۇيغۇر قەبىلىلىرى بىلەن زىچ مۇنا-
سىۋەتتە بولغان) ئىچىدە شەكىللەنگەن. ياغما، تۈركەش، قارلۇقلار
كېيىنرەك قاراخانىلار دۆلىتىنى تەشكىل قىلدى، ئاندىن خارەزىم دۆلىتىنى
تەشكىل قىلغان ئوغۇز-قىپچاق ۋە سالچۇقلارنىڭ تەركىۋىگە
قىسمەن ھالدا قوشۇلدى. ئاخىرى چاغاتاي ۋە كېيىن تۆمۈرلەڭ
ئۆزبەك دۆلىتىنىڭ تەركىۋىگە كىردى. بۇلارنىڭ تىللىرىغا ھازىر شۇ
قەبىلە ئىتتىپاقلىرى ۋە دۆلەتلەرگە كىرگەن خەلقلەرنىڭ بىۋاستە
ۋارىسلىرى بولغان تىللار كىرىدۇ، يەنى 1) يېڭى ئۇيغۇر تىلى —
شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسلىق گەۋدىسىنىڭ تىلى؛ 2) ئۆزبەك
تىلى — ئۆزبەكىستان تەركىۋىدىكى، كۆپچىلىك رايونلاردىكى ئاھالى-
نىڭ تىلى. يۇقۇرىدا كۆرسىتىلگەنىدەك، بۇ خەلقلەر ۋە تىللار
ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەسلىدىكى غەيرى قەبىلە ئاھالىلىرىدىن تاجىك،
سوغد، خارەزىملىقلار بىلەن، شۇنداقلا تۈركەش ۋە قارلۇقلار ئارقى-

لىق شەرقىتىكى تۈركى قەبىلىلەر بىلەن ئېتنىكىلىق ۋە تىل باغلىنىش-لىرىغا ئىگە. بۇ گۇرۇپپىدىكى تىللارنىڭ خاراكتېرلىق ئالامەتلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. فونېتىكىلىق تۈزۈلمىسىدە: *a*) ھەرقايسى تىللاردىلا ئەمەس، بەلكى تىللارنىڭ دىيالېكتلىرى ئىچىدىمۇ سوزۇق تاۋۇش فونېمىلىرى ئالتىدىن توققۇزغىچە ۋە ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق فونېما بولۇپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ؛ *b*) ئۈزۈك تاۋۇش *k* نىڭ ھەر خىل دەرىجىدىكى يۇمشاقلى-شىشى؛ c) ئىككى سوزۇق تاۋۇشنىڭ ئوتتۇرىدا كەلگەندە *p*، *t*، *k*/*ḳ* ئۈزۈك تاۋۇشلىرى جاراڭلىقلاشمايدۇ؛ *d*) سۆز ئاخىرىدا *q*، *g* ئۈزۈك تاۋۇشلىرى ساقلىنىدۇ ياكى *k*، *ḳ* غا ئالمىشىدۇ، مەسىلەن: سارىغ // سارىق، تىرىك، ئۆلۈك.

2. لۇغەت تەركىۋىدە: ئوغۇز ۋە قىپچاق تىللىرىغا نىسبەتەن ئۆز-گىچە تۈپ سۆزلەرنىڭ كۆپ بولۇشى، مەسىلەن: تولا (ئوغۇزچە، قىپ-چاقچە كۆپ)، چاپسان (ئوغۇزچە، قىپچاقچە تېز)، ئۆستۈن (ئوغۇزچە ئۆزەرە)، باشقا (ئوغۇزچە ئۆزگە)؛ لۇغەت تەركىۋىگە ئەرەپچە ۋە پارسچە ئېلېمېنتلار كۆپ ئارىلاشقان.

3. گىراماتىكىلىق قۇرۇلۇشىدا: a) -ئاغۇ/ -ئەگۈ بىلەن ئاياق-لىشىدىغان جەملىگۈچى سان شەكىللىرى بار. بۇنداق سانلار ئوغۇز-چىدا -ئىلا/ئىلە، قىپچاقچىدا -ئاۋ/ئەۋ بىلەن ئاياقلىشىدۇ، يەنى: ئىكەگۈ (ئوغۇزچە ئىككىلە، قىپچاقچە ئېكەۋ)؛ *b*) *-unq*/ *-ünq*-بىلەن كېلىدىغان ھەركەت نام شەكلى بار، مەسىلەن: قورقۇنچ؛ c) «ئۇ» دىن ئىبارەت 3-شەخس ئىگىلىك ئالماش شەكلى بار، (باشقا تىل-لاردا ئول)؛ *d*) غان/ -گەن بىلەن كېلىدىغان سۈپەتداش شەكىل-لىرى كەڭ تارقالغان، ئوغۇز تىللىرىنى ئالساق، بۇ قوشۇمچىنىڭ

ئورنىغا بىر بولسا قىسقارغان ـ ئان/ ـ ئەن شەكلى، يەنە بىر بولسا ـ دىق/ ـ دىك شەكلى ئىشلىتىلىدۇ؛ e) ئىگىلىك كېلىشىنىڭ ‎-nÏy/-niy‎ ـ بىلەن كېلىدىغان تولۇق شەكلى بار بولۇپ، بۇنىڭدا ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ ۋارىيانتلىرى مەۋجۇت ئەمەس، شۇنداقلا، چىقىش كېلىش قوشۇمچىسى باشقا تىللاردىكىدەك ـ دان/ ـ دەن ياكى ـ ناڭ/نەڭ بولماستىن، بەلكى ـ دىن.

قارلۇق گۇرۇپپىسى، تارىخىي جەھەتتىن تۆرلۈك دەۋرلەرگە تەئەللۇق بولغان بىرنەچچە تىللاردىن تەركىپ تاپقان بولۇپ، يۇقۇرىدا كۆرسىتىلگەندەك، ئىككى تارماق گۇرۇپپىغا بۆلۈنىدۇ. بۇ تارماق گۇرۇپپىلار ئۆزلىرىگە خاس ئالامەتلىرى بىلەن خاراكتىرلىنىدۇ.

## 1. قارلۇق ـ ئۇيغۇر تارماق گۇرۇپپىسى

قارلۇق ـ ئۇيغۇر تىللىرى تارماق گۇرۇپپىسى، تارىختا قاراخانىلار دۆلىتى دەپ ئاتالغان، X ـ XI ئەسىرلەردىكى قەبىلە ۋە خەلقلەر تۈركۈملىرىگە تەئەللۇق بولۇپ، ئىككى قەدىمقى تىلدىن تەركىپ تاپىدۇ. بۇلارنىڭ بىرى ئۇيغۇر، تۈركەش، ياغما ۋە قارلۇق قەبىلە-لىرى ئىچىدە شەكىللەنگەن قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ ئەدەبىي تىلىدىن ئىبارەت. بۇ قەبىلە تىللىرى ئىران قەبىلىلىرى تىللىرى بىلەن ئۆز-ئارا تەسىر كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە غالىپ تىل بولۇپ چىقتى. شۇن-داقتىمۇ، بۇ تىللار دەسلەپتە ئەرەپ تىلى بىلەن، ئاندىن سامانى دۆلىتىنىڭ پارس ئەدەبىي تىلى بىلەن ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش ۋە ئارىلىشىش نەتىجىسىدە خېلى زور بىر قاتلام ئەرەپ ۋە ئىران

سۆزلىرىنى ئۆزلەشتۈردى. قاراخانىلار تىلىنىڭ يادىكارلىقلىرىدىن ئىككى كاتتا ئەسەر مەلۇم، يەنى يۈسۈپ خاس ھاجىپ بالاساغۇنىنىڭ ئەسىرى «قۇتادغۇبىلىك»[122] ۋە مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «تۈركى تىللار دىۋانى»[123].

بۇ تارماق گۇرۇپپىدىكى يەنە بىر تىل موڭغۇل ئىستىلاسىدىن كېيىنكى XI ـ XIV ئەسىرلەردىكى دەۋرگە تەئەللۇق بولغان نىسبەتەن كېيىنكى دەۋرنىڭ ئەدەبىي تىلىدىن ئىبارەت. بۇ تىل ئاساسىي جەھەتتىن قاراخانىلار تىلىنىڭ ئەنئەنىلىرىنى، يەنى ئۇيغۇرچە ئاساسىنى ساقلاپ قالغان بولسىمۇ، شارائىتقا ھەمدە ئۇ ياكى بۇ ئەدەبىي يادىكارلىقنىڭ تەۋەلىك ئورنىغا مۇناسىۋەتلىك ھالدا، خۇددى كېيىنكى دەۋردىكى كونا ئۆزبەك تىلىغا ئوخشاشلا يەرلىك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ تىلنىڭ ئورتاق قائىدىلىرىمۇ يوق ئىدى. بۇ تىلدا يېزىلغان ئەدەبىي يادىكارلىقلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت: ئەدىپ ئەخمەت يۈكنەكى (XI ـ XII) «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» («ھەقىقەت سوغىسى»)[124] ۋە نەسىرىدىن رابغۇزىنىڭ ئەسىرى (XV) «قىسسەسۇل ئەنبىيا» («پەيغەمبەرلەر ھەققىدە قىسسە»)[125]. بۇ ئەدەبىي تىلنىڭ ئېلېمېنتلىرى ئالتۇن ئوردا خانلىرىنىڭ يارلىقلىرىدىمۇ كۆرۈلىدۇ[126]، چۈنكى بۇ يارلىقلارنى ئالتۇن ئوردىنىڭ خانلىق مەھكىمىلىرىدىكى ئۇيغۇر ئەمەلدارلىرى يازغان ۋە تۈزگەن.

قارلۇق ـ ئۇيغۇر تارماق گۇرۇپپىسىدىكى تىللارنىڭ خاراكتېرلىق ئالاھىدىلىكلىرى مۇنۇلار: a) $ʒ<y$ ياكى d نىڭ نۆۋەتلىشىشى، مەسىلەن: ئەزگۈ~ئەدگۈ (باشقا تىللاردا ئېيگى) «ياخشى»، ئازغىر~ئادغىر (ئايغىر ئەمەس)؛ b) -yü/-yu ـ بىلەن كېلىدىغان رەۋىش-

داشلار، مەسىلەن: ئوتلايۇ؛ c) -غىنچا/-گىنچە بىلەن كېلىدىغان رەۋىشداشلار؛ d) -غۇسى/گۇسى بىلەن كېلىدىغان سۈپەتداشلار ۋە غۇلۇق/-گۈلۈك بىلەن كېلىدىغان ھەركەتناملىرى؛ e) سۆز ئوتتۇر-سىدا كېلىدىغان n بار، مەسىلەن: ئىچىندە. شۇنداقلا، بۇ تىللارنىڭ لۇغەت تەركىۋى ھەم گىراماتىكىلىق قۇرۇلۇشىدىكى ئۆزگىچىلىكلەر.

## قەدىمقى تىللار

### قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇرتىلى ۋە قاراخانىلاردىن كېيىنكى دەۋردىكى ئۇيغۇر تىلى

قاراخانىلار دەۋرىدىكى ۋە قاراخانىلاردىن كېيىنكى (قەشقەر) دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تىلى ھەم فونېتىكىلىق، ھەم لېكسىكىلىق ۋە گىراماتىكىلىق ئالامەتلىرى جەھەتتە قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدىن خېلى زور دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ.

قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ يادىكارلىقلىرىغا كىرىدىغانلار يۈسۈپ خاس ھاجىپ بالاساغۇنىنىڭ XI ئەسىردىكى دىداكتىكىلىق داستانى «قۇتادغۇبىلىك» ۋە مەھمۇت قەشقەرىنىڭ دىۋانىدىكى شۇ دەۋرنىڭ جانلىق ئېغىز تىلىدىن ئېلىنغان خاتىرىلەردىن ئىبارەت. XI ئەسىردە قاراخانىلار دۆلىتى ئىككى دۆلەت بولۇپ بۆلۈنۈپ كەتتى. بۇلارنىڭ بىرى بالاساغۇنىنى، كېيىنچە قەشقەرنى مەركەز قىلغان، يەنە بىرى ئۆز كەنتىنى، كېيىنچە سەمەرقەندنى مەركەز قىلغان. بۇ دەۋردىكى تىلنىڭ يادىكارلىقلىرى ئەدىپ ئەخمەت يۈكنەكىنىڭ XII ئەسىردىكى داستانى «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» (XV

ئەسىردىكى قولىيازمىسى ساقلىنىپ قالغان)، شۇنىداقلا، تىلىنىڭ يەر-لىك ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ ئىزلىرى كۆرۈلىدىغان خېلى كېيىنكى ياد-كارلىق نەسىرىدىن رابغۇزىنىڭ ئەسىرى «قىسسەسۇل ئەنبىيا»، بۇ ئەسەر XIV ئەسىرنىڭ باشلىرىغا (مىلادى 1311 — 1310، ھىجرى 710 - يىل) تەئەللۇق.

قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىك-لىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1. فونېتىكىلىق تۈزۈلمىسىدە: $a$) $y\sim z\sim d$ نۆۋەتلىشىشىدە $d$ ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدۇ، لېكىن ئايرىم سۆزلەردە $z$ ۋە $y$ شەكىللىرىمۇ ئۇچرايدۇ؛ $b$) ئىككى بوغۇملۇق سۆزلەردە $\text{I} - a$ ئەمەس، بەلكى $u - o // u - a$ نۆۋەتلىشىدۇ، مەسىلەن: خاتۇن (خاتىن ئەمەس)، ئالتۇن (ئالتىن ئەمەس)؛ $c$) سۆز ئاخىرىدا $n$ نىڭ ئورنىغا $y$ كې-لىدۇ، مەسىلەن: ئوتۇك (ئوتۇن ئەمەس)؛ $d$) بارغان (باران ئەمەس) دىگەندەك سۆزلەردە «غ» ساقلىنىپ تۇرىدۇ.

2. گىراماتىكىلىق قۇرۇلۇشىدا $a$) چىقىش كېلىشىنىڭ $-d\text{I}n / -din$ شەكلى (- دان/ - دەن ئەمەس)؛ $b$) چۈشۈم كېلىشى-نىڭ - ئىغ/ - ئىگ ۋە $-n\text{I}/-ni$ شەكلى؛ $c$) ئىستەك رايىنىڭ - غا/ - گە (- غاي/ - گەي ئەمەس) دىن ئىبارەت قىسقارغان شەكلى، مەسىلەن: بولغا (بولغاي ئەمەس) بىلمەگە (بىلمەگەي ئەمەس)؛ $d$) شەرت رايى قوشۇمچىسىنىڭ قىسقارغان ۋارىيانتى - سا/ - سە (- سار/ - سەر ئەمەس)، مەسىلەن: تىلەسە، قىلسا.

3. لېكسىكىدا: $a$) پارسچە سۆزلەرنىڭ كۆپ بولۇشى؛ $b$) ئەرەپ لېكسىكىسىنىڭ سىڭىپ كىرىشى.

قاراخانىلاردىن كېيىنكى دەۋردىكى ئۇيغۇر تىلى قاراخانىلار

دەۋرىدىكى تىل بىلەن كۆپ جەھەتتىن ئورتاقلىققا ئىگە، لېكىن يەنە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىمۇ بار. $y\sim z\sim d$ نىڭ نۆۋەتلىشىشىنى ئالساق، بەزى يادىكارلىقلاردا، مەسىلەن: «ئەتەبەتۇل ھەقايىق»تا $d$ بىلەن كېلىدىغان شەكىللەر يەنىلا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدۇ. باشقا يادىكارلىقلاردا، مەسىلەن: «قىسەسۇل ئەنبىيا»دا $z$ لىق شەكىللەر ۋە قىسمەن $y$ لىق شەكىللەر ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدۇ، مەسىلەن: قازغۇ (قايغۇ ئەمەس)، قۇزۇق (قۇيۇ ئەمەس) «قۇدۇق»، قۇزرۇق (قۇيرۇق ئەمەس). كېيىنكى يادىكارلىقنىڭ خاراكتېرلىق ئالامەتلىرىدىن $w/v>f$ نىڭ ئالمىشىشىنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ، مەسىلەن: ئەف (ئەۋ ئەمەس) «ئۆي»، سۇف (سۇۋ ئەمەس) «سۇ»، سۆفمەك (سۆۋمەك ئەمەس) «سۆيمەك». گىراماتىكىلىق قۇرۇلۇشى ۋە لۇغەت تەركىۋىدە ئوغۇزچە ۋە قىسمەن قىپچاقچە ئېلېمېنتلار كۆرۈلىدۇ.

قاراخانىلار دەۋرىدىكى ۋە قاراخانىلاردىن كېيىنكى دەۋردىكى ئۇيغۇر تىلى بىر خىل ئەمەس ئىدى. مەھمۇت قەشقەرىنىڭ يازغانلىرىغا قارىغاندا، دىيالېكتلىق پەرقلىرى بار ئىدى.

مەھمۇت قەشقەرىنىڭ دىۋانىدا كەلتۈرۈلگەن تىل ۋە دىيالېكتلار ئىچىدە مۇنۇلار بار: قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ ئاساسلىق ئاھالىسىنىڭ ئېغىز تىلى، يەنى خاقانىيە تۈركلىرىنىڭ (ئۇيغۇرلارنىڭ) تىلى، ئوغۇز، قىپچاقلارنىڭ تىللىرى، شۇنداقلا يەنىمۇ ئۇششاق دىيالېكتلىق گۇرۇپپىلار — ئارغۇ (ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇرۇق بۆلۈنمىسى بولۇپ، بۇلارنىڭ تىلىدىكى بىر قاتار سۆزلەردە $n<y$ بولىدۇ)، ياغما (قەدىمقى توققۇز ئوغۇزلارنىڭ ئەۋلاتلىرى)، چىگىل (قارلۇق قەبىلىسى بولۇپ، بۇ تىل سۆز بېشىدا $j<y$ نىڭ ئالمىشىشى بىلەن خاراكتېر-

لىنىدۇ)، تۈركمەن (ئوغۇز قەبىلىسى)، قاڭلى قاتارلىقلار.

شۇنى كۆرستىپ ئۆتۈش لازىمكى، ھازىرقى ئۆزبەك ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئېغىز تىللىرى ئۆزلىرىنىڭ دىيالېكتلىق تەركىۋىدە، X – XII ئەسىرلەردىكى قاراخانىلار دۆلىتى خەلقىنىڭ ئېغىز تىلىغا خاس بولغان قىسمەن ئالاھىدىلىكلەرنى ساقلاپ قالغان. ئالايلى، ھازىرقى زامان ئۆزبەك تىلىنىڭ دىيالېكتلىق تۈزۈلمىسى ئوغۇزچە، قارلۇقچە ئۇيغۇرچە ۋە قىپچاقچە دىيالېكت ئالاھىدىلىكلىرى يەنى ھازىر ئوخشاشمىغان تۈرلەردىكى گۇرۇپپىلارغا تەقسىملەنگەن تىللارنىڭ ئېلېمېنتلىرى بولۇشى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. ھازىرقى ئالتاي ۋە خاكاس تىللىرىمۇ خۇددى شۇنداقلا ئارىلاشما دىيالېكت تەركىۋىگە ئىگە بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەركىۋىدە قەدىمقى ئۇيغۇر، ئوغۇز ۋە قىرغىزلاردىن كېلىپ چىققان دىيالېكتلىرى بار.

قاراخانىلار دەۋرىدىكى ۋە قاراخانىلاردىن كېيىنكى دەۋردىكى تىللار خارەزىم ئەدەبىي تىلى، كونا ئۆزبەك تىلى، شۇنداقلا ئالتۇن ئوردا ئەدەبىي تىلىنىڭ شەكىللىنىشىگە زور تەسىر كۆرسەتتى. شۇنى كۆرستىپ ئۆتۈش لازىمكى، تارىخىي جەھەتتىن بىرقەدەر كېيىنكى دەۋرلەردىكى تىللارنىڭ ئاساسىدا تېخى يېقىنقى بىر ۋاقىتلارغىچىلا ماھىيەتتە يەنە شۇ قاراخانىلار ئەدەبىي تىلى ساقلىنىپ كەلگەن ئىدى. شۇنداقتىمۇ، بۇ تىللارنىڭ قىسمەن يەرلىك ھالەتلىرى بولۇپ، بۇلار نەسەب جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئوغۇز، قىپچاق ۋە قىسمەن بۇلغارچە ئېلېمېنتلارنىڭ ئوخشاشمىغان دەرىجىدىكى تەسىر كۆرسىتىشىنىڭ ئىنكاسى ئىدى. شۇنداق قىلىپ تۈركى ئەدەبىي تىللارنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا شەرقىي ئالاھىدىلىكلەرنىڭ (قەدىمقى ئۇيغۇر ۋە قەدىمقى ئوغۇز ئېلېمېنتلىرىنىڭ) ئاستا-ئاستا يوقىلىشى

ۋە غەربىي تىللارغا خاس ئالاھىدىلىكلەرنىڭ (ئوغۇز، قىپچاق ۋە بۇلغار ئېلېمېنتلىرىنىڭ) پەيدا بولۇشى كۆرۈلۈشكە باشلىدى.

## 2. قارلۇق-خارەزم تارماق گۇرۇپپىسى

قارلۇق-خارەزم تىللىرى تارماق گۇرۇپپىسى ۋاقىت تەرتىۋى جەھەتتىن بىرقەدەر كېيىنكى ئەدەبىي ۋە ئېغىز تىللىرىدىن تەركىپ تاپقان. بۇ تىللارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ قەدىمقىسى خوجا ئەخمەت يەسەۋى يازغان «دىۋانى ھىكمەت»[127] ناملىق ئەسەرنىڭ تىلىدىن ئىبارەت. بۇ ئەسەر XII ئەسىرگە تەئەللۇق بولۇپ، زور دەرىجىدە ئوغۇز ۋە قىپچاق تىل ئالاھىدىلىكلىرىنى ئەكس ئەتتۇرىدىغان خەلق تىلى ئاساسىدا يېزىلغان. خوجا ئەخمەت يەسەۋى «دىۋانى»نىڭ تىلى، ساقلىنىپ قالغان خاتىرىلەرگە قارىغاندا، خۇددى خوجا ئەخمەت يەسەۋىنىڭ كېيىنكى شاگىرتلىرىنىڭ، مەسىلەن، خارەزملىق سۇلەيمان باقىرغانى (ھاكىم ئاتا)نىڭ ئەدەبىي تىلىغا ئوخشاش، جانلىق ئوغۇز-قىپچاق شىۋىلىرى ۋە قاراخانىلار ئەدەبىي تىلى ئاساسىدا يارىتىلغان بولۇپ، بۇنى شەرتلىك ھالدا ئوتتۇرا ئەسىر قاراخانى خارەزم تىلى دەپ ئاتاشقىمۇ بولار. مەلۇمكى، بۇ تىل موڭغۇل ئىستىلاسىدىن كېيىن، ۋاقىت تەرتىۋى جەھەتتىن بىرقەدەر كېيىنكى بولغان ۋە ئەينى تارماق گۇرۇپپىغا تەئەللۇق بولغان ئىككى تىلنىڭ ئاساسىنى بەرپا قىلدى، يەنى بۇلارنىڭ بىرى، جۇجى ئۇلۇسىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى ئەدەبىي تىل، يەنى خارەزم تىلى (بۇ تىلنىڭ يادىكارلىقلىرىدىن ئەڭ كاتتىسى، شائىر خارەزمىنىڭ «مۇھەببەتنامە»سىدىن ئىبارەت، مىلادى 1353-يىل)، يەنە بىرى، چاغاتاي ئۇلۇ-

سىنىڭ (XIV ـ XIII) ئەدەبىي تىلى ۋە كونا ئۆزبەك تىلى (XV).
دېمەك، كونا ئۆزبەك تىلى ئۆزىنىڭ ئاساسى بولغان خەلق ئېغىز تىلىدىن باشقا، ئالدىنقى ئەۋلاتلىرىدىن بولغان مۇنۇ ئەدەبىي تىللار-نىڭ ئەنئەنىلىرىنىمۇ ئىستىمال قىلغان: *a*) قاراخانىلار ئەدەبىي تىلى؛ *b*) XII ئەسىردە خارەزمدە بارلىققا كەلگەن قارلۇق-خارەزم ياكى ئوغۇز-قىپچاق ئەدەبىي تىلى؛ *c*) چاغاتاي تىلى (XIII-XIV).
شۇنداق قىلىپ، قارلۇق-خارەزم تارماق گۇرۇپپىسىدىكى تىللار-غا، بىرىنچىدىن، مۇنۇ ئوتتۇرا ئەسىر تىللىرى كىرىدۇ: 1) قارلۇق-خارەزم تىلى (خوجا ئەخمەت يەسەۋى ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرىدىن ھاكىم ئاتا قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ تىلى)؛ 2) جۇجى ئۇلۇسى-نىڭ ئالتۇن ئوردا تىلى (ئۇنىڭ شەرقىي ۋارىيانتى)، بۇ تىل، يەنە شۇ خارەزم ئەدەبىي تىلىنى ئاساس قىلغان؛ 3) چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ چاغاتاي تىلى؛ 4) كونا ئۆزبەك تىلى، بۇ تىل تۆمۈرىلەر سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆز تەرەققىياتىنىڭ يۇكسەك پەللىسىگە چىقتى. ئىككىنچى-دىن، بۇ تارماق گۇرۇپپىغا ھازىرقى زامان تىللىرىدىن يېڭى ئۇيغۇر تىلى (ئۇنىڭ خىلمۇ-خىل دىيالېكىتلىرىنىڭ ھەممىسى شۇنىڭ ئىچىدە) ۋە ئۆزبەك تىلىنىڭ ئاساسلىق دىيالېكىتلىرى كىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يېڭى ئۇيغۇر تىلى قارلۇق تىللىرىنىڭ قارلۇق-ئۇيغۇر تارماق گۇرۇپپىسى بىلەن ئورتاق بولغان بەزى ئالاھىدىلىكلەرگىمۇ ئىگە. ئۆزبەك تىلىدا بولسا، پەقەت قارلۇق-خارەزم تارماق گۇرۇپپىسىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىلا بار.
شۇنداق قىلىپ، ئۆزبەك ۋە يېڭى ئۇيغۇر ئېغىز تىللىرى بىر تەرەپتىن، قەدىمقى ئۇيغۇر، تۈركەش ۋە قارلۇق قەبىلىلىرىنىڭ

تىللىرى ئاساسىدا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئوغۇز ۋە قىپچاق تىللىرى ئاساسىدا شەكىللەنگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۆزبەك تىلىنىڭ شەكىللىنىشىدە، قىسمەن ھالدا، چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ تەركىۋىگە ۋە چوڭ نوغاي ئوردىسىنىڭ تەركىۋىگە كىرگەن قىپچاقلار ئىشتىراك قىلغان. بۇنىڭدىن باشقا، ئۆزبەك ۋە يېڭى ئۇيغۇر ئېغىز ھەم يېزىق تىللىرىنىڭ شەكىللىنىشىدە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قەدىمقى ئاھالىسى بولغان تاجىكلار ۋە خارەزىمدىكى ئىران قەبىلىلىرىمۇ مۇھىم رول ئوينىغان. دېمەك، ئۆزبەك ۋە يېڭى ئۇيغۇر تىلىدا دىيالېكتلارنىڭ كۆپ بولۇشى، دىيالېكتلارنىڭ بىر بىرىدىن كەسكىن پەرقلىنىشى، شۇنداقلا، بىر تەرەپتىن، ئۆزبەك ۋە يېڭى ئۇيغۇر تىللىرىنىڭ بىر بىرىدىن خېلى زور دەرىجىدە پەرقلىنىشى، يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ تىللارنىڭ باشقا تۈركى تىللاردىن پەرقلىنىشى، ئاساسىي جەھەتتىن، ئۆزبەك ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ شەكىللىنىشىگە قاتناشقان ئېتنىك گۇرۇپپىلار تەركىۋىنىڭ خىلمۇ-خىل بولغانلىغىدىن كېلىپ چىققان.

بۇ تارماق گۇرۇپپىدىكى تىللارغا خاس بولغان ئالاھىدىلىكلەر قارلۇق-ئۇيغۇر تارماق گۇرۇپپىسىغا قارىمۇ-قارشى قويۇلىدىغان ئالامەتلەردىن ئىبارەت، يەنى: $y<d\sim z$(a، يەنى: ئايغىر (ئازغىر~ئادغىر ئەمەس)؛ $i<\bar{I}/i$(b پەرقلەندۈرۈلمەيدۇ؛ c) چۈشۈم كېلىشىنىڭ تولۇق شەكلى بار، مەسىلەن: قىزىنى (قىزىن ئەمەس) ۋە ئوتتۇرا ئەسىر تىللىرىنى ھىساپقا ئالمىغاندا، ئىچىدە (ئىچىندە ئەمەس) دىگەندەك كېلىش شەكىللىرىدە ئارىلىقتىكى $n$ يوق؛ d) سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ يۇمشاقلىشىش ئاھاڭداشلىغى ئەمەلدىن قالغان، لەۋلىشىش ئاھاڭداشلىغىنىڭ ئىپادىلىنىشى كۈچلۈك ئەمەس؛ e) بەزى تىللاردا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ئالاھىدە قانۇنىيەت-

لىرىنىڭ بولۇشى؛ f) پېئىل ۋە ئىسىم شەكىللىرىنىڭ ياسىلىشىدىكى مورفولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكلەر، خۇسۇسەن، قارلۇق-چە ۋە ئوغۇزچە شەكىللەرنىڭ ئوخشاشلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، مەسىلەن: غۇ، - غۇلۇق ۋە -ماق، ماقلىق بىلەن كېلىدىغان ھەركەتنامىلىرى؛ — غۇسى بىلەن، ئاجاق بىلەن ۋە -غاي بىلەن كېلىدىغان سۈپەتداشلار؛ g) بۇ گۇرۇپپىدىكى تىللارنىڭ لۇغەت تەركىۋىدىكى ئۆزگىچىلىك.

## قەدىمقى تىللار

### قارلۇق خارەزىم، ئالتۇن ئوردا (شەرقىي) ۋە چاغاتاي تىللىرى

قارلۇق-خارەزىم ئەدەبىي تىلى قاراخانىلاردىن كېيىنكى دەۋردىكى ئەدەبىي تىلنىڭ تۇرلىرىدىن بىرى بولۇپ، موڭغۇل ئىستىلاسىدىن بۇرۇنقى دەۋردە خارەزىمدە بارلىققا كەلدى. كېيىن، موڭغۇل ئىستىلاسى دەۋرىدە بۇ تىل ئۆزئارا ئىنتايىن يېقىن بولغان ئىككى تىلنىڭ تەرەققىياتىغا ئاساس بولدى. بۇ ئىككى تىل مۇنۇلار: خارەزىمنى مەركەز قىلغان جوچى ئۇلۇسىنىڭ ئالتۇن ئوردا ئەدەبىي تىلى ۋە چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ چاغاتاي تىلى بولۇپ، بۇ تىلدىن كېيىنچە ئەلىشىر ناۋائىينىڭ دەۋرىدە كونا ئۆزبەك تىلى شەكىللەندى.

قارلۇق-خارەزىم ئەدەبىي تىلىنىڭ ئاساسلىق يادىكارلىقلىرىدىن بىرى ئەخمەت يەسەۋىنىڭ «دىۋانى ھىكمەت» ناملىق ئەسىرىدىن ئىبارەت. بۇ تىلنىڭ كېيىنكى تارماقلىرىنىڭ يادىكارلىقلىرى ئالتۇن ئوردا ئەدەبىي تىلىنىڭ «نەھجۇل فەرادىس»[128]، «مۇھەببەتنامە»، «خىسراۋ ۋە شىرىن»، «مىراجنامە» قاتارلىقلار؛ چاغاتاي ئۇلۇسى

ئەدەبىي تىلىنىڭ «مۇقەددىمەتۇل ئەدەب»، «يۈسۈف ۋە زۇلەيخا»، «رەۋناقۇل ئىسلام»، «ئوغۇزنامە» قاتارلىقلار.

بۇ يادىكارلىقلارنىڭ ھەممىسى بىرلىككە كەلگەن ئەدەبىي قائىدىگە ئىگە ئەمەس. ئۇلار يېزىلغان ئورنى ۋە ئاپتورىغا قاراپ، فونېتىكىلىق تۈزۈلمىسى، گىرامماتىكىلىق قۇرۇلۇشى ۋە لۇغەت تەركىۋىدىكى قىسمەن ئوخشىماسلىقلار بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.

ئالايلى، ئالتۇن ئوردا يادىكارلىقلىرىدىن «مۇھەببەتنامە» ۋە «نەھجۇل فەرادىس»، ئوغۇزچە ھەم قىپچاقچە ئارىلاش تىل ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. سېلىشتۇرۇڭ: $b>w$: ۋەرمەك (بەرمەك ئەمەس)؛ $t>d$: دۆرتمەك (تۆرتمەك ئەمەس)؛ سۆز ئاخىرىدىكى $t>d$: ئاد<ئات؛ $d/z>y$: ئايىرىلماق؛ $q>x$: ئۇشماق<ئۇچماق، قاشتىلار<قاچتىلار؛ $\gamma>w$: ئاۋىز<ئاغىز؛ $b>m$: مەن<بەن، مىنمەك>بىنمەك. گىرامماتىكىلىق شەكىللەر: $a$) قىسقارغان بېرىش كېلىش سىزە (سىزگە ئەمەس)؛ گۆزلەرە (گۆزلەرگە ئەمەس)؛ $b$) ئىگىلىك قوشۇمچىسى: سۆزلى (سۆزلىك ئەمەس)؛ $c$) ئىستەك رايى شەكلى: باشلاغايىن ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار. شۇنداقلا، ئۆتكەن زاماننىڭ ئۆزگىچە شەكىللىرى: باردى ئەردى، بارىيور ئەردى دېگەندەكلەر. ئاتالمىش چاغاتاي ئەدەبىي تىلىنىڭ يادىكارلىقلىرىغا كەلسەك، بۇلار ئاساسىي جەھەتتىن قاراخانىلار ئەدەبىي تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ساقلاپ قالغان. ئالايلى، «ئوغۇزنامە»، «مۇقەددىمەتۇل ئەدەب»، «رەۋناقۇل ئىسلام» قاتارلىق يادىكارلىقلارنىڭ تىلىدا $z\sim y$ ئۆزۈك تاۋۇشلىرىنىڭ خاراكتېرلىق ئالمىشىش ئىزلىرى ساقلىنىپ قالغان («مۇقەددىمەتۇل ئەدەب»تە: $z$، «ئوغۇزنامە» ۋە «رەۋناقۇل ئىسلام»دا $z>y$) چىقىش كېلىشىنىڭ $-d\breve{\imath}n/-din$ ـ بىلەن

كېلىدىغان كونىچە شەكىلى ساقلانغان («ئوغوزنامە»دە، «رەۋناقۇل ئىسلام»دا).

بەزى يادىكارلىقلاردا تولاراق تىلنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىكلىرى ئەكس ئەتكەن، مەسىلەن: «رەۋناقۇل ئىسلام»نىڭ تىلىدا تۈرك- مەن تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى، «ئوغوزنامە»نىڭ تىلىدا ئۇيغۇر تىلىنىڭ شەرقىي دىيالېكتلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ئەكس ئەتكەن (سۆز بېشىدا q~y: چارۇق~يارۇق، چالغۇز~يالغۇز دېگەنگە ئوخشاشلار).

بۇ ئۈچ تىلدا ھەم قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقى، ھەم ئەرەپ ئېلىپ- بەسى قوللىنىلغان.

## كونا ئۆزبەك تىلى[129]

كونا ئۆزبەك تىلى ئۆزبەك خەلقىنىڭ شەكىللىنىش دەۋرىدە (XV ئەسىر) بارلىققا كەلگەن ئەدەبىي تىل. بۇ تىل ئومۇمى خەلق تىلى ئاساسىدا ۋە بىرقەدەر قەدىمقى ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىي تىللىرى، بولۇپمۇ قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ ئەدەبىي تىلى ئاساسىدا، شۇنداقلا موڭغۇل ئىستىلاسىدىن كېيىن جۇجى ئۇلۇسىنىڭ شەرقىي قىسمى، يەنى خارەزىم ئەدەبىي تىلى ۋە چاغاتاي ئەدەبىي تىلى ئاساسىدا شەكىللەنگەن. كونا ئۆزبەك تىلى چاغاتاي ئەدەبىي تىلىنىڭ بىۋاستە ۋارىسى بولۇپ، پەندە چاغاتاي ياكى چاغاتاي تىلى دەپ ئاتالدى.

كونا ئۆزبەك تىلىنىڭ كۈللىنىشى ۋە ئۇنىڭ شەكىللىنىش جەر- يانىنىڭ تۈگەللىنىشى بىرقەدەر كېيىنكى تۆمۈرىلەر دەۋرىگە، يەنى دانا ئۆزبەك شائىرى ئەلىشىر ناۋايىنىڭ (1441 — 1501) پائالىيەت ۋە ئىجادىيەت دەۋرىگە تەئەللۇق. ئەلىشىر ناۋايى كونا ئۆزبەك تىلى

كىلاسسىك قائىدىلىرىنىڭ ئاساسچىسى بولۇپ، كېيىنكى دەۋرلەرنىڭ ئاپتورلىرىمۇ ئۆز ئەسەرلىرىنى مۇشۇ تىلدا يازغان. زاھىرىددىن مۇھەممەت باتۇر (1483 ــ 1530)نىڭ «باتۇرنامە»سى، مۇھەممەت سالىخ (1535-يىلى ئۆلگەن)نىڭ «شەيبانىنامە»سى قاتارلىقلار. يەنە شۇ تىل تۆمۈرىلەر ھۆكۈمرانلىقى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىنكى بۇخارا، خىۋا ۋە قوقان خانلىقلىرىنىڭ ئەدەبىي تىلى بولغان. شۇنداق قىلىپ، كونا ئۆزبەك تىلى يېزىق ئەدەبىي تىلى بولۇش سۈپىتى بىلەن تاكى ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلاۋىغا قەدەر مەۋجۇت بولۇپ تۇردى.

كونا ئۆزبەك تىلى خوشنا خەلقلەردىن تۈركمەن، قازاق قاراقال-پاق، ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىق تىللىرىنىڭ شەكىللىنىشىدە مۇھىم رول ئوينىدى.

ئۆزبەك مىللىتى پەيدا بولغاندىن كېيىن (ئۆزبەك مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشى XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلىنىپ، ئۆكتەبىر ئىنقى-لاۋىدىن كېيىنلا تۈگەللەنگەن)، كونا ئارخايىك قائىدىلىرى بولغان كونا ئۆزبەك تىلى ئۆزبەك مىللى تىلىغا ئورۇن بەردى. ئۆزبەك مىللى تىلى ھازىرقى جانلىق ئۆزبەك ئېغىز تىلى ئاساسىدا، بولۇپمۇ بۇ تىلنىڭ ئىلغار شەھەر گوۋورلىرى ئاساسىدا ۋۇجۇتقا كەلگەن.

## ھازىرقى تىللار

### ئۆزبەك تىلى[130]

ئۆزبەك تىلى ئۆزبەكلەرنىڭ تىلى بولۇپ، ئۆزبەكىستان سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت تىلىدىن ئىبارەت. ئۆزبەك-

لەرنىڭ ئومۇمى سانى 6 مىليون 4000 كىشى. ھازىرقى تۇر ئايرىمىسىدا ئۆزبەك تىلى يېڭى ئۇيغۇر تىلى بىلەن بىرلىكتە تۈركى تىللارنىڭ قارلۇق گۇرۇپپىسىغا كىرىدۇ.

ھازىرقى ئېغىز تىلى كۆپلىگەن دىيالېكىت ۋە گوۋورلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئا. بورۋكوۋنىڭ تۇر ئايرىمىسىدا بۇ دىيالېكىت ۋە گوۋورلار ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنىدۇ:

1. ئوتتۇرا ئۆزبەك ياكى o لىشىدىغان دىيالېكىتلار گۇرۇپپىسى. بۇ گۇرۇپپىغا شەھەر مەركەزلىرى ۋە شەھەرئەتراپى رايونلىرىدىكى گوۋورلار كىرىدۇ (تاشكەنت، سەمەرقەنت، بۇخارا، كاتتا قورغان، قارشى، جىزەك، ئەنجان، قوقان، مەرغىلان، نامانگەن قاتارلىق)، بۇ گۇرۇپپىدىكى دىيالېكىتلار تۆۋەندىكىدەك ئاساسلىق ئالامەتلىرى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ: a) پەقەت ئالتە سوزۇق تاۋۇش فونېمىسى بار: i، u، e، o، ə، a. باشقا دىيالېكىتلاردا توققۇز سوزۇق؛ b) باشقا دىيالېكىتلاردىكى a نىڭ ئورنىغا لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش å نىڭ بولۇشى؛ c) ئاھاڭداشلىق مەۋجۇت ئەمەس.

2. «a لىشىدىغان» دىيالېكىت ۋە گوۋورلار گۇرۇپپىسى. بۇ گۇرۇپپا، «o لىشىدىغان» گۇرۇپپىغا قارىمۇ-قارشى ئالامەتلەر بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ: a) سوزۇق تاۋۇشلار سەككىزدىن ئونغىچە: b) å نىڭ ئورنىغا سوزۇق تاۋۇش a كېلىدۇ؛ c) ئاھاڭداشلىقى بار. بۇ گۇرۇپپا ئىككى تارماق گۇرۇپپىغا بۆلۈنىدۇ:

a) «o لىشىدىغان» ياكى غەربىي شىمال تارماق گۇرۇپپىسى (جەنۇبىي خارەزىم گوۋورلىرى ۋە جەنۇبىي قازاقىستاندىكى تۈركىستان، چىمكەنت، قارابۇلاق، مانكەنت قاتارلىق جايلارنىڭ گوۋورلىرى). بۇ تارماق گۇرۇپپا ئومۇمى ئالامەتلەردىن تاشقىرى، يەنە سۆز

بېشىدا y نىڭ كېلىشى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ، مەسىلەن: يول، يان؛

b) «j لىشىدىغان» ياكى جەنۇبىي گۇرۇپپا (قاشقا دەريا ۋادىسى، سەمەرقەنت ئوبلاستى ۋە ئۆزبەكىستاننىڭ ئايرىم رايونلىرىدىكى گوۋورلار). بۇ گۇرۇپپا سۆز بېشىدا y نىڭ ئورنىغا j كېلىشى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. مەسىلەن: جول، جان.

قۇراماللىقلار، لوخايلىقلار ۋە خىۋالىق سارتلارنىڭ گوۋورلىرى ئالاھىدە بىر خىل دىيالېكتلىق گۇرۇپپىلارنى تەشكىل قىلىدۇ.

ھازىرقى زامان ئۆزبەك ئېغىز تىلىنىڭ شەكىللىنىشىنى XV ئەسىرگە تەئەللۇق دەپ قاراشقا توغرا كېلىدۇ. كونا ئۆزبەك ئەدەبىي تىلىنىڭ كېلىپ چىقىشىمۇ شۇ دەۋرگە تەئەللۇق بولۇپ، ئۇ مۇنۇ تىللارنى ئاساس قىلغان: a) قاراخانى دۆلىتىنىڭ ئەدەبىي تىلى؛ b) قارلۇق-خارەزىم ياكى XII ئەسىردە سىر دەرىيادا بارلىققا كەلگەن ئوغۇز-قىپچاق ئەدەبىي تىلى، چاغاتاي تىلى. كونا ئۆزبەك ئەدەبىي تىلىنىڭ ئاساسچىسى ئۇلۇغ ئۆزبەك شائىرى ئەلىشىر ناۋايى (1441 — 1501) ئىدى. ئۆزبەك ئېغىز تىلىمۇ، بىر تەرەپتىن، قەدىمقى ئۇيغۇر، تۈركەش ۋە قارلۇق قەبىلىلىرىنىڭ تىللىرى ئاساسىدا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئوغۇز ۋە قىپچاقلارنىڭ تىلى ئاساسىدا، بولۇپمۇ قىسمەن چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ تەركىبىگە ۋە چوڭ نوغاي ئوردىسىنىڭ تەركىبىگە كىرگەن قىپچاقلارنىڭ تىلى ئاساسىدا شەكىللەنگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، ئېغىز تىلىنىڭ، شۇنداقلا يېزىق تىلىنىڭمۇ بارلىققا كېلىشىدە، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قەدىمقى ئاھالىسى بولغان تاجىك ۋە خارەزىمدىكى ئىران قەبىلىلىرىمۇ خېلى زور رول ئوينىدى.

شۇنداق قىلىپ، ئۆزبەك تىلىنىڭ تۈركى تىللار سىستېمىسىدىكى

ئورنىنى بەلگىلەشتە، بىز بۇ تىلنى تۈركى تىللارنىڭ غەربىي ھون تارمىغىدىكى قارلۇق گۇرۇپپىسىنىڭ ئالاھىدە بىر قارلۇق-خارەزىم تارماق گۇرۇپپىسىغا تەۋە قىلىشىمىز كېرەك. قارلۇق-خارەزىم تارماق گۇرۇپپىسى ۋاقىت تەرتىۋى بويىچە بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى پەيدا بولغان تۆت قەدىمقى ئەدەبىي تىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلار X-XI ئەسىرلەرگە تەئەللۇق بولغان قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ تىلى (ئۇيغۇر-قارلۇق)؛ قارلۇق-خارەزىم ياكى ئوغۇز-قىپچاق ئەدەبىي تىلى (خوجا ئەخمەت يەسەۋى ئەسەرلىرىنىڭ تىلى، XII ئەسىر)؛ چاغاتاي تىلى ۋە كونا ئۆزبەك تىلى ھەمدە ھازىرقى زاماندىكى ئىككى جانلىق تىل — ئۆزبەك ۋە يېڭى ئۇيغۇر تىللىرى.

تۈركى تىللارنىڭ قارلۇق گۇرۇپپىسىدىكى قارلۇق-خارەزىم تارماق گۇرۇپپىسىغا كىرىدىغان تىللارغا خاس ئورتاق ئالامەتلەردىن باشقا، ئۆزبەك تىلى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇپ، بۇ ئالاھىدىلىكلەر ئۆزبەك تىلىنى بۇ تارماق گۇرۇپپىنىڭ ئىچىدىن ئايرىپ تۇرىدۇ، يەنى بۇ گۇرۇپپىدىكى يەنە بىر ھازىرقى زامان تىلى بولغان يېڭى ئۇيغۇر تىلىدىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدۇ. بۇ ئالاھىدىلىكلەر: a) ئالتە سوزۇق تاۋۇش فونېمىسى بار، يېڭى ئۇيغۇر تىلىدا بولسا، سەككىز-توققۇز؛ b) يېڭى ئۇيغۇر تىلىدىكى a نىڭ ئورنىغا كۆپىنچە دىيالېكتىلاردا لەۋلەشكەن å نىڭ بولۇشى؛ a) ئۆزبەك تىلىنىڭ كۆپچىلىك شەھەر گوۋورلىرىدا ئاھاڭداشلىق مەۋجۇت ئەمەس، يېڭى ئۇيغۇر تىلىدا بولسا ئاھاڭداشلىق ساقلىنىپ قالغان؛ d) $l/l'>l'$ نىڭ ئوخشاپ كېتىشى ۋە باشقا پەرقلەر («يېڭى ئۇيغۇر تىلى» بۆلۈمىگە قاراڭ).

ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلاۋىدىن كېيىن، ئۆزبەك تىلى

ئاپتونوم سوتسيالىستىك دۆلەتنىڭ يېڭى شارائىتىدا تەرەققىي قىلىپ، بىر مەزگىل ئىسلاھ قىلىنغان ئەرەب يېزىقىنى قوللانغان، كېيىن بۇ يېزىق لاتىن يېزىقىغا ئۆزگەرتىلدى، ئاندىن رۇسچە ھەرپلەر ئاساسىدىكى يېزىق قوبۇل قىلىندى. ئۆزبەك تىلى شەھەر ئاھالىسىنىڭ گوۋورلىرىغا تايىنىپ، يېڭى رۇس يېزىقىدا مۇۋەپپەقىيەتلىك راۋاجلانماقتا. ئۆزبەك ئەدەبىي تىلىدا زور مىقداردىكى بەدىئىي، ئىلمىي ۋە ئىجتىمائىي-سىياسىي ئەسەرلەر نەشر قىلىندى.

## يېڭى ئۇيغۇر تىلى[131]

يېڭى ئۇيغۇر تىلى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئاز سانلىق مىللەت بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى بولۇپ، ئۇلارنىڭ سانى 95 مىڭ ئادەم. بۇ تىل شۇنداقلا، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تەركىۋىدىكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھاكىمىيەت تىلىدىن ئىبارەت.

يېڭى ئۇيغۇر ۋە ئۆزبەك تىللىرى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا ئەسىر ئەدەبىي تىللىرى بىلەن، يەنى قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ تىلى، ئەخمەت يەسەۋى ئەسەرلىرىنىڭ تىلى، چاغاتاي ۋە كونا ئۆزبەك تىللىرى بىلەن قوشۇلۇپ، تۈركىي تىللارنىڭ ئايرىم بىر قارلۇق گۇرۇپپىسىنى تەشكىل قىلىدۇ. قارلۇق گۇرۇپپىسى تۈركىي تىللار سىستېمىسىدىكى غەربىي ۋە شەرقىي تۈركىي تىللارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. بۇ تىللار تۈركۆمى نىسبەتەن كېيىنكى دەۋرگە، يەنى X-XI ئەسىرلەرگە تەئەللۇق بولۇپ، ماھىيەتتە قاراخانىلار دۆلىتى دەۋرىدە، بىر تەرەپتىن، غەربىي ۋە شەرقىي تۈركىي تىللارنىڭ، يەنە بىر تەرەپتىن، تاجىك ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا ئىرانىي تىللارنىڭ ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە

شەكىللەنگەن.

هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئىككى ئەدەبىي تىلغا ئايرىلغان: 1) سوۋېت ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەدەبىي تىلى بولۇپ، بۇ تىل ئۇيغۇر تىلىنىڭ شىمالىي دىيالېكتلىرىنى ئاساس قىلغان (رۇس ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى يېزىق قوللىنىلىدۇ)؛ 2) شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىلى بولۇپ، بۇ تىل گەرچە تولۇق مۇقىملاشمىغان بولسىمۇ، جەنۇبىي دىيالېكتىلارغا ئاساسلانغان (بۇ تىل كونا ئەرەب يېزىقىنى قوللىنىدۇ ھەمدە ئالدىنقىسىدىن ئاساسىي جەھەتتىن لېكسىكىدا پەرقلىنىدۇ). هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئېغىز تىلى ۋە كۆپلىگەن دىيالېكتىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇ دىيالېكتىلار ئاساسىي جەھەتتىن تۆت گۇرۇپپىغا بۆلۈنىدۇ.

بىرىنچى گۇرۇپپا (جەنۇبىي دىيالېكتىلار) مۇنۇلاردىن تەركىب تاپىدۇ: 1) قەشقەر-يەكەن دىيالېكتى بىلەن يېڭى ھىسار (يېڭىسا) گوۋورى، 2) خوتەن-كېرىيە دىيالېكتى بىلەن چەرچەن گوۋورى، 3) ئاقسۇ دىيالېكتى. بۇ دىيالېكتىلار گۇرۇپپىسىنىڭ ئاساسلىق ئورتاق ئالامەتلىرى مۇنۇلار: a) i ۋە ï سوزۇق تاۋۇشلىرى بىر بىرىدىن تولۇق ئايرىلمىغان؛ b) ir>iẓ؛ iyt>ixt بىرىكمىلىرىنىڭ تۆۋەتلىشىشى؛ c) t>q نىڭ يۇمشاقلىشىشى ۋە نۆۋەتلىشىشى، مەسىلەن: چۇش<تۈش، چىش<تىش، يەنى شىپىلدىغۇچى تاۋۇشلارنىڭ ئالدىدا كېلىدىغان تار لەۋلەشكەن ۋە لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئالدىدىكى نۆۋەتلىشىش؛ d) تار سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئالدىدا s>q نۆۋەتلىشىشى (ئىسقىرتما z/s نىڭ ئالدىدا كەلگەندە، مەسىلەن: سىزىق>چىزىق)؛ e) سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ḳ/k نىڭ مۇقىملىقى ۋاھاكازا.

ئىككىنچى گۇرۇپپا (شىمالىي دىيالېكتلار) مۇنۇلاردىن تەركىپ تاپىدۇ؛ 1) كۇچا-تۇرپان دىيالېكتى (قاراشەر، كۇچار، تۇرپان، قۇمۇل) ۋە باشقىلار؛ 2) ئىلى ياكى غۇلجا دىيالېكتى، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۇيغۇرلارمۇ مۇشۇ دىيالېكتتا سۆزلىشىدۇ. بۇ دىيالېكتلار گۇرۇپپىسىنىڭ ئاساسلىق ئورتاق ئالامەتلىرى: *a*) *i* ۋە *Ï* دىن ئىبارەت ئىككى فونېما بار؛ *b*) *k* ۋە *ķ* لار سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا كەلگەندە جاراڭلىق بولىدۇ؛ *c*) بەزى گوۋورلاردا، مەسىلەن: تۇرپان گوۋورىدا *g*<*w* نىڭ ئالمىشىشى، مەسىلەن: ئەگگەل (ئەۋۋەل ئەمەس)؛ *d*) ئىلى گوۋورىدا *r* تاۋۇشى بوغۇز تاۋۇشى قىلىپ ئېيتىلىدۇ.

يېڭى ئۇيغۇر تىلىدىكى دىيالېكتلارنىڭ ئۈچىنچى گۇرۇپپىسى، لوپنۇر دىيالېكتىدىن ئىبارەت. بۇ دىيالېكتنىڭ ئالامەتلىرى: *a*) قوشۇمچە ۋە يىلتىزلاردىكى *z/t /d/ l* نىڭ خوشنا ئۈزۈك تاۋۇشلارغا قاراپ نۆۋەتلىشىشى، مەسىلەن: قىززار<قىزلار، تاشتاپ<تاشلاپ؛ *b*) *p/b/m* نۆۋەتلىشىشى، مەسىلەن: باسپادى<باسمادى؛ *c*) *ts*>*ss* نىڭ تەتۈر ئاسسىمىلاتسىيىسى: ئۈنۈسسا<ئۈنۈتسا ۋاھاكازا.

تۆتىنچى گۇرۇپپا، ئاتالمىش گەنسۇ دىيالېكتلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئىككى دىيالېكتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: سالار ۋە سېرىق ئۇيغۇر دىيالېكتلىرى. بۇ ئىككى دىيالېكت باشقا ئۇيغۇر دىيالېكتلىرىدىن كەسكىن پەرقلىنىدۇ ۋە ماھىيەتتە باشقا تۈردىكى گۇرۇپپىغا، يەنى تۈركىي تىللارنىڭ ئۇيغۇر-ئوغۇز گۇرۇپپىسىغا كىرىدۇ. بۇلارنىڭ ئاساسلىق خاراكتېرلىنىدىغان ئالامەتلىرى: *a*) سۆز بېشىدا جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇشلار كەلمەيدۇ، مەسىلەن: پاس (باش

ئەمەس)؛ b) $s<x$ نۆۋەتلىششى، مەسىلەن: تاس (تاش ئەمەس)؛ c) $x<q$ نۆۋەتلىششى، ئاش (ئاچ ئەمەس)؛ d) سۆز ئوتتۇرىدا $z<y$ نۆۋەتلىششى، مەسىلەن: ئازاق (ئاياق ئەمەس)؛ e) $j<y$ نۆۋەتلىششى، مەسىلەن: جىل (يىل ئەمەس) ۋاھاكازا.

سان جەھەتتە ئاز بولغان تۈركى خەلق — خوتۇنلارنىڭ[137] تىلىنىمۇ ئۇيغۇر دىيالېكتلىرى قاتارىدا ھېساپلاشقا بولىدۇ. خوتۇن تىلىنى تۈرلۈك تەتقىقاتچىلار تۈرلۈك خەلقلەرگە تەۋە دەپ قارىغان، يەنى ئۇيغۇرلارغا (ب. ۋىلادىمىرتسوۋ)، ئۆزبەكلەرگە (گ. ۋامبېرى) ۋە قىرغىزلارغا (گ. پوتانىن). خوتۇنلارنىڭ تىلى ئارىلاش تىل بولۇپ، قىسمەن يېڭى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىگە ئىگە (سۆز ئاخىرىدا oq نىڭ كېلىشى: ئوچاغ «ئوچاق» دېگەنگە ئوخشاشلار)، قىسمەن قىرغىز تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى (تۆئۆي «تۆگە»، ئوئوز «ئاغىز» دېگەنگە ئوخشاشلار) ۋە قىسمەن تۈركمەن تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىگە ئىگە (گول «قول») ۋاھاكازا.

يېڭى ئۇيغۇر تىلىنىڭ شەكىللىنىش جەريانى، ئاساسىي جەھەتتىن، ئۆزبەك تىلىنىڭ تارىخى بىلەن ئوخشاش. شۇنداقتىمۇ، بەزى پەرقلىق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. بۇ پەرقلىق ئالاھىدىلىكلەر ئاساسىي جەھەتتىن، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئېتنىك تەركىۋىدىكى ئۆزگىچىلىكلەردىن، خۇسۇسەن قىپچاق ئېلېمېنتلىرىنىڭ ئاز بولۇشى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشىدا شەرقتىكى قەدىمقى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ئاكتىپ قاتناشقانلىقىدىن بارلىققا كەلگەن.

يېڭى ئۇيغۇر تىلى ئۆزبەك تىلى بىلەن ئورتاق ئالامەتلەرگە ئىگە بولغاچقا، شۇ ئورتاق ئالامەتلەرگە ئاساسەن، بۇ ئىككى تىل تۈركى تىللارنىڭ قارلۇق — خارەزىم تارماق گۇرۇپپىسىغا كىرگۈزۈلگەن (بۇ

ئالامەتلەرنىڭ شەرھى يۇقۇرىدا كۆرسىتىلدى). شۇنىڭ بىلەن بىللە، يېڭى ئۇيغۇر تىلى يەنە ئۆزبەك تىلىدىن پەرقلىنىدىغان ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. بۇ ئالاھىدىلىكلەر تۆۋەندىكىچە: *a*) ئۇرغۇسىز بوغۇملاردا ۋە سۆز ئوتتۇرىسىدا *a*، *ə*، *e* كەڭ سوزۇق تاۋۇشلىرى زور دەرىجىدە ئاجىزلىشىدۇ، مەسىلەن: بالالارى، ئۇيغۇرچە بالىلىرى // باللىرى؛ *b*) ئىككىنچى بوغۇمدىكى تار سوزۇق تاۋۇش بىرىنچى بوغۇمدىكى كەڭ سوزۇق تاۋۇشقا ئەكس تەسىر كۆرسىتىدۇ، مەسىلەن: ئال-ئېلىش (ئالىش ئەمەس)، كەت-كېتىش (كەتىش ئەمەس)؛ *c*) سۆز ئاخىرىدا ۋە ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ ئالدىدا كېلىدىغان *r* نىڭ ۋە بەزىدە *l*، *y* تاۋۇشلىرىنىڭ تەلەپپۇزدا چۈشۈپ قېلىشى، مەسىلەن: قار>قا(ر)، قارغا> قا(ر)غا، بولسا>بو(ل)سا؛ *d*) ئالدى ۋە ئارقا قاتتىق تاڭلاي ئۇزۇك تاۋۇشلىرىنىڭ يۇمشاقلىشىشى (دىيالېكتلاردا)، مەسىلەن: كىم>چىم. بۇنىڭدىن باشقا، مورفولوگىيە ۋە لۇغەت ساھەسىدە يېڭى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزبەك تىلىدىن خېلى كۆپ پەرقلىرى بار. بۇ پەرقلەر يېڭى ئۇيغۇر تىلىدا خەنزۇ تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنىڭ كۆپ بولۇشى نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان.

سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ئەدەبىي تىلى بولۇپ، بۇ تىلدا رۇس ھەرپلىرى ئاساسىدىكى يېزىق بىلەن ئۇيغۇرچە گېزىتلەر، دەرسلىكلەر ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەر نەشر قىلىنىدۇ. شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا ئەرەپ يېزىقى قوللىنىلىدۇ. ئۇ يەردە كۆپ ساندىكى گېزىت ۋە ژورناللار نەشر قىلىنىدۇ ھەمدە ئۇيغۇرچە ئەدەبىي ئەسەرلەر، گەرچە تېخى ناھايىتى ئاز بولسىمۇ، پەيدا بولۇشقا باشلىدى.

شىنجاڭ جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى تەرىپىدىن ئازات قىلىنغاندىن كېيىن، يېڭى ئۇيغۇر تىلى جۇڭگونىڭ چوڭ بىر ئۆلكىسىنىڭ هاكىمىيەت تىلى بولۇشتەك ئالاهىدە ئەهمىيەتكە ئىگە بولدى. هازىر بۇ تىل جۇڭخۇا خەلق جۇمهۇرىيىتىنىڭ تەركىۋىدىكى يېڭىچە شارائىتتا تەرەققى قىلماقتا.

## B. تۈركىي تىللارنىڭ شەرقىي هون تارمىغى

تۈركىي خەلقلەرنىڭ شەرقىي هون تارمىغى تارىخىي جەهەتتىن ئېيتقاندا بويىچە ئاساسەن شەرقىي هون قەبىلىلەر ئىتتىپاقى، شەرقىي تۈرك خاقانلىغى، قەدىمقى ئۇيغۇر دۆلىتى ۋە قىرغىز قەبىلىلەر ئىتتىپاقىغا كىرگەن تۈركىي قەبىلىلەردىن تۈزۈلگەن. شۇنداق قىلىپ، بۇ قەبىلىلەردىن ئاساسلىق ئىككى ئۇرۇق-قەبىلە بىرلەشمىسى كېلىپ چىقتى. بۇ ئىككى بىرلەشمىنىڭ تىل تۈركۈملىرىدىن شەرقىي هون تارمىغىغا كىرىدىغان تىللارنىڭ ئىككى گۇرۇپپىسى شەكىللەندى. بۇلار:

I. ئۇيغۇر-ئوغۇز گۇرۇپپىسى. بۇنىڭغا مۇنداق 3 تارماق گۇرۇپپىغا بۆلۈنگەن تىللار كىرىدۇ:

1) ئۇيغۇر-تۈرك تارماق گۇرۇپپىسى. بۇ يېنىسەي-ئورخۇن يېزىقلىرىنىڭ تىلى (ياكى قەدىمقى ئوغۇز تىلى) ۋە قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدىن ئىبارەت ئىككى قەدىمقى تىلىنى، شۇنداقلا تۇۋا (تۇبا // تۇۋا) تىلى بىلەن قاداغاس (تۇبا // تۇفا // توفا) تىلىدىن ئىبارەت ئىككى هازىرقى تىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاخىرقى ئىككى تىل چېرنىۋ تاتارلىرىنىڭ دىيالېكتى ياكى ئالتاي تىلىنىڭ «يىش كىژى»

(تۇبا// تۇۋا// تۇما) دىيالېكتى بىلەن كۆپ جەھەتتىن ئورتاقلىقا ئىگە. لېكىن چېرنېۋ تاتارلىرىنىڭ ئۇزۇنغىچە ئۆزگە تىللار ئارىسىدا بولغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ سان جەھەتتە ئاز بولغانلىقى بۇ ئورتاقلىقلارنىڭ بۇزۇلۇشىغا ۋە چېرنېۋ تاتار دىيالېكتىنىڭ شور دىيالېكتلىرى بىلەن يېقىنلىشىشىغا سەۋەپ بولدى. گ. پوتانىننىڭ مەلۇماتلىرىغا[133] ئاساسلانساق، بۇ تارماق گۇرۇپپىغا ناھايىتى ئاز تەكشۈرۈلگەن سالار تىلى بىلەن خارا يوغۇر تىلىنىمۇ كىرگۈزۈشكە بولىدۇ. بۇ تىللارنى باشقا تەتقىقاتچىلار تەرىپىدىن يىغىلغان تىل پاكىتلىرىغا[134] ئاساسەن يېڭى ئۇيغۇر تىلىنىڭ دىيالېكتلىرى دەپ ھىساپلاشقا بولىدۇ.

2) ياقۇت تارماق گۇرۇپپىسى. بۇنىڭغا يالغۇز ياقۇت تىلى كىرىدۇ. ياقۇت تىلى نەسەپ جەھەتتىن خاكاس تىلىنىڭ ساغاي ۋە بەلتىر دىيالېكتلىرىغا يېقىنلىشىدۇ (ئۇزۇك تاۋۇش $x$ نىڭ بولماسلىقى).

3) خاكاس تارماق گۇرۇپپىسى. بۇ تۆۋەندىكى تىل ۋە دىيالېكتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: $a$) خاكاس تىلى (ئىسقىرتما دىيالېكتلار گۇرۇپپىلىرى — ساغاي ۋە بەلتىر دىيالېكتلىرى ھەمدە ۋىشلىدىما دىيالېكتلار گۇرۇپپىلىرى — كاچىن، قويبال، قىزىل ۋە شور دىيالېكتلىرى)؛ $b$) كاماسىن تىلى؛ $c$) كۈئەرىك تىلى؛ $d$) شور تىلى؛ $e$) ئالتاي تىلىنىڭ شىمالىي دىيالېكتلىرى، يەنى چېرنېۋ تاتار دىيالېكتى ياكى «يىش كىژى» (تۇبا// تۇۋا// تۇما)، لېبېدىن دىيالېكتى ياكى «قۇۇ كىژى» (شالقاندۇۇ) ۋە كۇماندىن دىيالېكتى. خاكاس تارماق گۇرۇپپىسىغا يەنە مۇشۇ تارماق گۇرۇپپا بىلەن ئۇيغۇر-تۈرك تارماق گۇرۇپپىسىنىڭ ئوتتۇرىدىكى ئورۇنىنى ئىگىلىگەن سېرىق ئۇيغۇر تىلىنى (جۇڭگونىڭ گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى سېرىق

ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىنى) كىرگۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ. سېرىق ئۇيغۇر تىلى، *y~z/s~d~t~r* نىڭ نۆۋەتلىشىش ئالامەتلىرىگە قارىغاندا، *z/s* تىپىدىكى تىللارغا كىرىدۇ. شۇنداقتىمۇ، بەزى مەنبەلەردىن سېرىق ئۇيغۇر تىلىدىكى *y* نىڭ نۆۋەتلىشىشىنىمۇ كۆرگىلى بولىدۇ.

II. قىرغىز — قىپچاق تىللىرى گۇرۇپپىسى. بۇ گۇرۇپپا قەدىمقى قىرغىز تىلى ۋە ئىككى ھازىرقى زامان تىلىنى، يەنى قىرغىز ۋە ئالتاي تىللىرىنى (خۇسۇسەن بۇ تىلنىڭ جەنۇبىي دىيالېكتلىرىنى، يەنى ئالتاي، تەلەنغىت ۋە تېلەئۇت دىيالېكتلىرىنى) ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

تۈركى تىللارنىڭ شەرقىي ھون تارمىقى غەربىي ھون تارمىقىغا قارشى قويۇلغاندا، ئۇنىڭ تۆۋەندىكىدەك ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ:

1. فونېتىكىلىق تۈزۈلمىسىدە: *a*) شەرقىي ھون تارمىقىدىكى قەدىمقى تىللارنى (يەنى، قەدىمقى ئوغۇز ياكى يېنىسەي-ئورخۇن تىلى بىلەن قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىنى) ھىساپقا ئالمىغاندا، كۆپىنچە تىللاردا ئىككىلەمچى سوزۇلما سوزۇق فونېمىلىرى بار (بۇ، ئاغ/ئەگ بىرىكمىلىرىنىڭ كىرىشىپ كېتىشى نەتىجىسىدە ئىپادىلىنىدۇ). بۇنداق ئەھۋال جانلىق موڭغۇل شىۋىلىرىدىمۇ بار؛ *b*) غەربىي تارماق تۈركى تىللىرىدىكى *y* نىڭ ئورنىغا شەرقىي تارماقتىكى ئايرىم تىللاردا *z*، *d*، *t* ئۈزۈك تاۋۇشلىرى نۆۋەتلىشىدۇ، مەسىلەن: ئاداق // ئازاق سۆزىدە («ئاياق» ئەمەس)، (نىسبەتەن يېڭى تىللاردىن بولغان قىرغىز ۋە ئالتاي تىللىرى بۇنىڭ سىرتىدا)؛ *c*) جاراڭسىز ھەم جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇشلار *t/d*، *p/b*، *g/q~k/ķ*، *z/s* لارنىڭ بىر-بىرىدىن ئايرىلىشى ئاجىز ياكى ئايرىلمايدۇ. شەرقىي ھون تارمىقىغا كىرىدىغان تىللاردىكى يۇقۇرىدا كۆرسىتىلگەن

ئۆزلۈك تاۋۇشلارنىڭ ھەر بىر جۈپى بىر فونېمىنىڭ ۋارىيانتلىرى سۈپىتىدە قارىلىدۇ[135]: d) h، w، ḫ ئۆزلۈك تاۋۇش فونېمىلىرى پەرقلەندۇرۇلمەيدۇ. بۇ تاۋۇشلار غەربىي تارماقتىكى تىللاردا مەۋجۇت.

2. ئاساسلىق لۇغەت فوندىدا لۇغەت تەركىۋىنىڭ ئۆزگىچىلىكى، جۈملىدىن موڭغۇل تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنىڭ سان جەھەتتىن كۆپ بولۇشى، ئەكسىچە غەربىي گۇرۇپپىدىكى تىللاردا قوبۇل قىلىنغان ئەرەپچە-پارسچە سۆزلەرنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى ئىگىلەيدىغانلىقى.

3. گراماتىكىلىق قۇرۇلۇشىدا: a) قوشما جۈملىلەر تۈزۈلمىسى ئانچە راۋاج تاپمىغان ھەمدە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ھالدا ياردەمچى سۆزلەرنىڭ سانى كۆپ ئەمەس؛ b) ئىسىم ۋە پېئىللارنىڭ بىرىكمە شەكىللىرى ئىنتايىن تەرەققىي تاپقان. يۇقىرىدا شەرقىي تارماقتىكى تىللارنى غەربىي تارماقتىن ئايرىپ تۇرىدىغان ئاساسلىق پەرقلەرنىلا سۆزلەپ ئۆتتۇق. ھەر بىر گۇرۇپپا يەنە ئۆز نۆۋىتىدە باشقا گۇرۇپپىلاردىن ئايرىلىدىغان ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە.

## I. ئۇيغۇر-ئوغۇز گۇرۇپپىسى

ئۇيغۇر-ئوغۇز گۇرۇپپىسى شەرقىي تارماقتىكى كۆپچىلىك تىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ گۇرۇپپىغا كىرىدىغان ھەممە تىللار مىلادىنىڭ دەسلەپكى ئەسىرلىرىدىن باشلاپ، ھون، شيەنبى،

تۈرك، ئۇيغۇر ۋە باشقىلارنىڭ قەبىلىۋى ئىتتىپاقلىرىدا بولغان ئۇيغۇر قەبىلىلىرى تەرىپىدىن بەرپا قىلىنغان تۇراقلىق ۋە ئۇزاق مۇددەتلىك تۈركۈملىرى ئىچىدە شەكىللەنگەن.

دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، مەزكۇر شەرقىي تارماق تىللىرى ئىچىدىكى قەدىمقى تىللارنىڭ، ئالايلى، قەدىمقى ئوغۇز تىلىنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرى غەربىي تارماقتىكى ئەڭ قەدىمقى تۈركى تىللارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئورتاقلىشىدۇ. بۇنداق ئالاھىدىلىكلەردىن ئورخۇن يېزىقلىرى تىلىدىكى خاراكتېرلىق سوزۇق تاۋۇشلارنى كۆرستىشكە بولىدۇ. باشقا تىللاردىكى e نىڭ ئورنىغا ئورخۇن يېزىقلىرى تىلىدىكى تار i ئالمىشىدۇ. ئۈزۈك تاۋۇشلار سىستېمىسىدىمۇ بەزى ئۆزگىچىلىكلەر بار. مەسىلەن: باشقا تىللاردىكى $x$ نىڭ ئورنىغا s ئالمىشىدۇ: بىس (باشقا تىللاردا «بەش»)، ئىسىد (باشقا تىللاردا «ئېشىد») «ئاڭلىماق»، يىر (باشقا تىللاردا «يەر»).

بۇ ھادىسىلەر، ئالايلى، چۇۋاش تىلىغا، سوزۇق تاۋۇشلار سىستېمىسى جەھەتتە بۇلغار ۋە قىپچاق ـ بۇلغار گۇرۇپپىلىرىدىكى تاتار ۋە باشقىرت تىللىرىغا ئىنتايىن يېقىن. تاتار ۋە باشقىرتلار ئەسلىدە قەدىمقى غەربىي ھون قەبىلىلىرىدىن ساراغۇر، ئون ئوغۇر، قوتىرىغۇر قاتارلىق قەبىلىلەر ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن تۈركۈمدىن ئىبارەت بولۇپ، تارىخىي جەھەتتىن، قەدىمقى شەرقىي ئۇيغۇر ۋە ئوغۇز قەبىلىلىرى بىلەن تۇققاندۇر.

ئاشۇ ئۇيغۇر قەبىلىلىرى كېيىنكى ۋاقىتلاردا بارلىققا كەلگەن جۇڭغار خانلىقى زېمىنىدىكى توققۇز ئوغۇز قەبىلە ئىتتىپاقىنىڭ (IX — XIII ئەسىرلەر)، شۇنداقلا خېلى كېيىنكى قەبىلىۋى بىرلىك-لەردىن ياغما، تۈركەش، قارلۇق ۋە ئوغۇزلارنىڭ شەكىللىنىشىگىمۇ

ئۆز ھەسسىسىنى قوشقان.

ئۇيغۇر-ئوغۇز تىللىرى گۇرۇپپىسىغا خاراكتېرلىق بولغان ھەمدە شەرقىي تارماقتىكى تىللارنىڭ قىرغىز-قىپچاق گۇرۇپپىسىدىن پەرقلىنىدىغان ئورتاق ئالامەتلەر تۆۋەندىكىچە: *a*) سۆز ئوتتۇرىدىكى y نىڭ ئورنىغا *z~d~t* كېلىدۇ. مەسىلەن: ئاتاخ~ئاداق~ئازاق («ئاياق» ئەمەس)؛ *b*) سۆز ئاخىرىدىكى y نىڭ ئورنىغا *s~t* كېلىدۇ. مەسىلەن: قۇت («قۇي» ئەمەس) «قۇيۇش»، پوس («بوي» ئەمەس)، پوزىم («بويىم» ئەمەس) «ئۆزەم»؛ *c*) سۆز ئاخىرىدا جاراڭلىق *q* ۋە *g* ساقلىنىدۇ، مەسىلەن: تاغ.

ئۇيغۇر-ئوغۇز گۇرۇپپىسىدىكى تىللارنىڭ گىراماتىكىلىق قۇرۇلۇشى ۋە لۇغەت تەركىۋىدىمۇ خېلى زور ئۆزگىچىلىكلەر بار. ئۇيغۇر تىللىرى گۇرۇپپىسىغا ئۇيغۇر-تۈرك، ياقۇت ۋە خاكاس تارماق گۇرۇپپىلىرى كىرىدۇ.

## 1. ئۇيغۇر-تۈرك تارماق گۇرۇپپىسى

ئۇيغۇر-تۈرك تارماق گۇرۇپپىسى كېلىپ چىقىشى جەھەتتە ئەڭ قەدىمقى تىللارنىڭ تارماق گۇرۇپپىسىدىن ئىبارەت. بۇ تارماق گۇرۇپپا ئىككى قەدىمقى تىلدىن، يەنى قەدىمقى ئوغۇز ياكى يېنىسەي-ئورخۇن يېزىقلىرىدىكى تۈرك تىلىدىن ۋە قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدىن، شۇنداقلا تۇۋا ۋە قاراغاس تىللىرىدىن ئىبارەت ئىككى ھازىرقى زامان تىلىدىن تەركىب تاپقان.

قەدىمقى تىللار، بولۇپمۇ قەدىمقى ئۇيغۇر تىلى، ئەھۋالىدىن قارىغاندا، بىر خىل بولمىغان. بۇ تىللار قايسى تېررىتورىيە، قايسى

مەدەنىيەتنىڭ يادىكارلىقلىرىغا تەئەللۇق بولۇشىغا قاراپ، ئۆزىنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن پەرقلىنىدۇ. خېلى كېيىنكى تىل بولغان كونا ئۆزبەك تىلىمۇ شۇنداق.

ئاتالمىش يېنسەي-ئورخۇن يېزىق تىلىنىڭ ئاساسلىق يادىكارلىقلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت: مىلادى 731 — 734-يىللىرىغا تەۋە بولغان بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى ۋە كۈل تېگىن مەڭگۈ تېشى[136]؛ تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى[137]؛ ئونگىندىكى قۇتلۇغ قاغان مەڭگۈ تېشى (692 — 693-يىللار)؛[138] ئىشبادا بىلگە كۈلچور مەڭگۈ تېشى[139]، شۇنداقلا ۋ. رادلوۋ ۋە س. مالوۋلار تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان تۈرك يېزىغىنىڭ بىرقەدەر كىچىكرەك يېنسەي يادىكارلىقلىرى.

قەدىمقى ئۇيغۇر يادىكارلىقلىرىغا كەلسەك، بۇلارنى تۈرلۈك مەدەنىيەت ۋە دۇنياقاراشلارنىڭ خرونولوگىيىلىك ھەم تەدرىجى ئالمىشىش تەرتىۋى بويىچە تۆۋەندىكىدەك بىرنەچچە دەۋرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. ئەڭ قەدىمقى بولغان بىرىنچى دەۋر ئاتالمىش رۇنىك يادىكارلىقلىرى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. رۇنىك يادىكالىقلىرى دىگىنىمىز، تاشقا ئويۇلغان خەتلەر بولۇپ، ئۇنىڭ يېزىغى يېنسەي-ئورخۇن يادىكارلىقلىرىنىڭ يېزىغى بىلەن ئوخشاش. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ چوڭى ئانىمىستىك دۇنياقاراشقا (شامان دىنى) ۋەكىللىك قىلىدىغان «سېلېنگا تېشى»دىن ئىبارەت[140]. شۇنداقلا، نېستودىيان مەزھىپىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان يەنە بىر كىچىكرەك يادىكارلىق بولۇپ، ئۇمۇ يۇقۇرقى يېزىق بىلەن يېزىلغان[141]. ئىككىنچى دەۋرگە خاراكتېرلىق بولغانلىرى سوغد-مانى[142] ۋە بۇددا يادىكارلىقلىرى، شۇنداقلا ئۇنىڭدىن كېيىنكى ۋاقىتلارغا تەئەللۇق بولغان سىياسى-قانۇن ھۆججەتلىرى بولۇپ، بۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ سوغدلاردىن قوبۇل

قىلغان ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېزىلغان[142].

بۇ تارماق گۇرۇپپىغا كىرىدىغان ھازىرقى زامان جانلىق تىللىرىدىن تۇۋا ھەم قاراغاس تىللىرىمۇ ھازىرقى زاماندىكى باشقا تۈركىي تىللارغا قارىغاندا، قەدىمقى ئوغۇز ۋە قەدىمقى ئۇيغۇر تىللىرىغا ئەڭ يېقىن بولغان قەدىمقى تۈزۈلۈشىنى ساقلاپ قالغان. تۇۋا ھەم قاراغاس تىللىرى تۇۋالار ۋە قاراغاسلارنىڭ تىللىرى بولۇپ، تۇۋالار بىلەن قاراغاسلار ئۆزلىرىنى توبا // تۇۋا // تۇما // توفا دېگەن ئورتاق نام بىلەن ئاتايدۇ. ئۇلارنىڭ ئۇرۇق ۋە قەبىلىلىرىمۇ شۇ ناملار بىلەن ئاتىلىدۇ. لېكىن، ئۇلار ھازىر خاكاس ۋە ئالتاي خەلقلىرىنىڭ تەركىۋىگە قوشۇلغان. ئەھۋالدىن قارىغاندا، بۇ قەبىلىلەرنىڭ ھەممىسى ئارىلاشما خاراكتېرغا ئىگە. ئۇلار چوڭ توبا قەبىلىلەر ئىتتىپاقىغا قاتناشقان. بۇ قەبىلىلەر تۈرك ۋە قەدىمقى ئۇيغۇر قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ تەركىۋىي قىسمى بولغان دەۋردە قەدىمقى ئوغۇز ۋە قەدىمقى ئۇيغۇر تىللىرىنىڭ تۈزۈلۈشىگە ئىنتايىن يېقىن بولغان تىلنى ئۆزلەشتۈرگەن. بۇ قەبىلىلەر مۇشۇ گۇرۇپپىغا تەۋە بولغان باشقا قەبىلىلەر بىلەن بىرلىكتە تەدرىجىي ھالدا ئورتاق ئىتتىپاقلارغا قوشۇلۇش نەتىجىسىدە شۇ قەبىلىلەرنىڭ تىللىرىمۇ مەلۇم دەرىجىدىكى ئورتاقلىققا ئىگە بولغان.

بۇ تارماق گۇرۇپپىنىڭ خاراكتېرلىق ئالامەتلىرى تۆۋەندىكىدەك:

1. فونېتىكىلىق تۈزۈلمىسىدە: *a*) باشقا تىللاردا سۆز ئوتتۇرىسىدا نۆۋەتلىشىدىغان *y~z~t* نىڭ ئورنىغا ئۈزۈك تاۋۇش d كېلىدۇ. مەسىلەن: ئاداق («ئاتاخ~ئازاق~ئاياق» ئەمەس)، ئادىرىلماز («ئايرىلماز» ئەمەس)، ئەدگۈ («ئېيگى» ئەمەس)، قۇدرۇق («قۇيرۇق~قۇزرۇق» ئەمەس)؛ *b*) سۆز ئاخىرىدا، باشقا تىللاردا

نۆۋەتلىشىدىغان $y{\sim}n$ نىڭ ئورنىغا ئۆزۈك تاۋۇش $t$ كېلىدۇ. مەسىلەن: قۇت («قۇي» ئەمەس)؛ $c$) $lt$، $rt$ ئۆزۈك تاۋۇشلىرىنىڭ دىسسىملاتسىيىسى. مەسىلەن: كۆرتى («كۆردى» ئەمەس)، ئۆلتى («ئۆلدى» ئەمەس؛ $d$) سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ لەۋلىشىش ئاھاڭداشلىقى مەۋجۇت ئەمەس؛ $e$) سۆز ئاخىرىدا $g$، $q$ جاراڭلىق ئۆزۈك تاۋۇشلىرىنىڭ ساقلىنىشى. مەسىلەن: تاغ، بەگ؛ $f$) $y$ دىماق تاۋۇشى بار.

2. گىراماتىكىلىق قۇرۇلۇشىدا: $a$) $-ər/-ar$ بىلەن ياسىلىدىغان كەلگۈسى زامان سۈپەتداشلىرى مەنىسىدە كۆپىنچە $-ur/-ür$ ۋە $-ır/-ir$ بىلەن ياسىلىدىغان شەكىللەر ئىشلىتىلىدۇ ۋە شۇ قاتارلىقلار. قەدىمقى تىللار بولسا، بۇنىڭدىن تاشقىرى يەنە مۇنداق ئالامەتلەر بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ: $b$) چۈشۈم كېلىش شەكىللىرى $-ig/-ıq$ بىلەن ياسىلىدۇ؛ $c$) شەرتلىك مودائللىقنىڭ $-sər/-sar$ بىلەن ياسىلىدىغان شەكلى، مەسىلەن: ساقىنسارسەن «ئويلىساڭ».

بۇنىڭدىن سىرت، بۇ تارماق گۇرۇپپىدىكى تىللار ئارخايىك سۆزلەر بىلەن ھەمدە خەنزۇ، سانسكرىت قاتارلىق تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنىڭ كۆپ بولۇشى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. بۇ تارماق گۇرۇپپىنىڭ لۇغەت تەركىۋىدىكى ئالاھىدىلىكلىرى سۈپىتىدە ئورخۇن يېزىقلىرىدىكى قەدىمقى ئوغۇز تىلىغا خاس بولغان تۆۋەندىكى سۆزلەرنى كەلتۈرۈشكە بولىدۇ: سابىم «سۆزۈم»، بۇدۇن «خەلق»، سۈلە «ئۇرۇشماق»، سۈسى «قوشۇنى»، نەڭ «نەرسە»، ئىدۇق «مۇقەددەس»، بالىق «شەھەر»، بالبال «تاش ھەيكەل». شۇنداقلا، ياردەمچى مودال سۆزلەر: ئەرمىش، ئەرىنچ قاتارلىقلار.

# قەدىمقى تىللار

## قەدىمقى ئوغۇز تىلى ياكى يېنسەي-ئورخۇن يېزىقلىرى تىلى[144]

قەدىمقى ئوغۇز تىلى قەدىمقى ئوغۇزلارغا (كۆك تۈرك) تەئەللۇق بولغان يېنسەي-ئورخۇن مەڭگۈ تاشلىرىنىڭ تىلىدىن ئىبارەت. يۇقۇرىدا كۆرسىتىلگەن ئاساسلىق قەدىمقى ئوغۇز يادىكارلىقلىرىدىن سىرت، يەنە بىرمۇنچە ئۇششاق قەبرە تاشلىرى[145]، شۇنداقلا رۇنىك يېزىغىدا پۈتۈلگەن قەغەز پارچىلىرى تېپىلدى[146].

بۇ يادىكارلىقلار تىل جەھەتتە بىر بىرىگە ناھايىتى يېقىن بولغان تۈرلۈك تۈركى خەلقلەرگە تەئەللۇق. يېنسەي-ئورخۇن يېزىقلىرىنىڭ تىلى d/t تىللار جۈملىسىدىن بولۇپ، سۆز ئاخىرى ۋە سۆز ئوتتۇرىدا $y{\sim}z/s{\sim}d/t{\sim}r$ نىڭ نۆۋەتلىشىشىدىن كېلىپ چىققان $d/t$ ئۆزۈك تاۋۇشلىرى بولىدۇ. مەسىلەن: ئاداق (سېلىشتۇرۇڭ: ئۇرا، ئازاق، ئاياق) «ئاياق».

س. ي. مالوۋ يېنسەي-ئورخۇن يېزىقلىرى تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى دەپ مۇنۇلارنى كۆرسىتىدۇ: *a*) *-oq/-g*، *-Ïoq/-ig*-بىلەن كېلىدىغان چۈشۈم كېلىش شەكلى، مەسىلەن: چىغانىغ «كەمبەغەللەرنى»، كۈيۈنچۈيۈگ «مەلىكىنى»؛ *b*) بېرىش كېلىش قوشۇمچىسىدا كۆپىنچە جاراڭسىز *ḳ/k* كېلىدۇ. مەسىلەن: ئۆدكە «ۋاقىتقا»، تالۇيقا «دېڭىزغا»؛ *c*) بېرىش كېلىش قوشۇمچىسى-غارو/-گەرۈ ھازىرقى زامان تىللىرىدىكىگە قارىغاندا خېلى ئۈنۈملۈك بولغان. مەسىلەن: ئوغۇزغارۇ «ئوغۇزلارغا»، ئول يىرگەرۈ «ئۇ يەرگە»؛ *d*) پېئىل يىلتىزىدىكى بوغۇم ئاخىرى جاراڭلىق

ئۆزۈك تاۋۇشتىن كېيىن كېلىدىغان ئۆتكەن زامان پېئىلى قوشۇمە-چىسىنىڭ جاراڭسىز ۋاريانتى (مەسىلەن: ئولۇرتىم) ۋە يىلتىزدىكى بوغۇم ئاخىرى جاراڭسىز ئۆزۈك تاۋۇشتىن كېيىن كېلىدىغان جاراڭلىق ۋاريانتى، مەسىلەن: ئەتدىم «ئەتتىم»، تىكدىم «تىكتىم». ئورۇن كېلىش قوشۇمچىلىرىدىمۇ خۇددى شۇنداق ھادىسىلەر كۆرۈلىدۇ؛ e) سۆپەتداش شەكىللىرىدىن -تاچى/-تەچى بىلەن كېلىدىغانلىرى، مەسىلەن: ئۆلتەچى «ئۆلگۈچى»؛ -دۇقتا/-دۈكتە بىلەن كېلىدىغانلىرى، مەسىلەن: قوندۇقتا «قونغانىدا»؛ f) -ür/-ur -بىلەن كېلىدىغان ھازىرقى-كەلگۈسى زامان، مەسىلەن: بىرۈر «بېرەر»، بارىر «بارار»؛ g) -سار/-سەر بىلەن كېلىدىغان شەرت پېئىلى شەكلى، مەسىلەن: كەلسەر «كەلسە»؛ h) -mix/-mïx بىلەن كېلىدىغان ئۆتكەن زامان پېئىلى؛ i) -igmə/-ïqma بىلەن كېلىدىغان ھازىرقى زامان شەكلى، مەسىلەن: كۆرىگمە «كۆرۈۋاتقان»؛ j) -i/-ï بىلەن كېلىدىغان رەۋىشداشلار، مەسىلەن: ئىتى «ئېتىپ، قىلىپ»، ئالى «ئېلىپ»؛ k) -ü/-u بىلەن كېلىدىغان رەۋىشداشلار، مەسىلەن: ئۆلۈ «ئۆلۈپ»، يوقادۇ «يوقىتىپ»؛ l) -ti/-tï بىلەن كېلىدىغان رەۋىشداشلار، مەسىلەن: ساقىنماتى «ئويلانماي»؛ m) -پان/پەن بىلەن كېلىدىغان رەۋىشداشلار، مەسىلەن: ئولۇرپان «ئولتۇرۇپ»، سۆلەپەن «جەڭ قىلىپ»؛ n) -تىغ/-تىگ بىلەن كېلىدىغان 2-شەخس بىرلىك ۋە كۆپلۈك ساندىكى ئۆتكەن زامان پېئىلى، مەسىلەن: ياڭىلتىغ «يېڭىلىشتىڭ» ۋە باشقا ئالامەتلەر.

يېنىسەي-ئورخۇن يېزىقلىرى تىلىنىڭ فونېتىكىلىق تۈزۈلمىسىدە ə>i سوزۇق تاۋۇشلىرىنىڭ ئالمىشىش ھادىسىسى ئۇچرايدۇ، مەسى-

لەن: يىر («يەر» ئەمەس) ۋە $s<x$ نىڭ ئالمىشىش ھادىسىسى، مەسىلەن: ئەسىد («ئېشىد» ئەمەس) ۋە شۇ قاتارلىقلار.

ئورخۇن يېزىقلىرى تىلىنىڭ لېكسىكىسى ئەرەپ ۋە ئىران ئېلېمېنتلىرىنىڭ بولماسلىقى بىلەن ۋە ھازىرقى تۈركى تىللاردا يوق بولغان قەدىمقى سۆز قاتلاملىرىنىڭ بولۇشى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.

يېنىسەي-ئورخۇن يېزىقلىرى تىلى يېگانە تىل ئەمەس ئىدى. ھازىرغىچە تېپىلغان يادىكارلىقلاردىن قارىغاندا، بۇ بىرنەچچە تىلنى (قەدىمقى ئوغۇز، قەدىمقى ئۇيغۇر، قەدىمقى قىرغىز تىللىرى ۋە باشقا تىللارنى) ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

## قەدىمقى ئۇيغۇر تىلى[147]

قەدىمقى ئۇيغۇر تىلى ئاتالمىش ئۇيغۇر يادىكارلىقلىرىنىڭ ئەڭ قەدىمقىلىرىغا (V ـ IX ئەسىرلەر) تەئەللۇق. بۇلار — ئورخۇن يېزىقى يادىكارلىقلىرى («سېلېنگا تېشى») ۋە ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئەڭ قەدىمقى يادىكارلىقلىرى بولغان مانى-ئۇيغۇر يادىكارلىقلىرى، شۇنداقلا كونا ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان بىرقەدەر ئاز بولغان بۇددا-ئۇيغۇر قولىيازمىلىرى. ئەرەپ يېزىقىدا يېزىلغان ئۇيغۇر-مۇسۇلمان يادىكارلىقلىرىغا كەلسەك، بۇلار خېلى كېيىنكى دەۋرگە، يەنى قارا-خانىلار دەۋرىدىكى تىلغا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋردىكى تىلغا (X ـ XIII ئەسىرلەر) تەئەللۇق. بۇ ئىككى دەۋرنىڭ يادىكارلىقلىرى ئادەتتە تۈركولوگىيىدە ئۇيغۇر يېزىق يادىكارلىقلىرى دىگەن ئومۇمى نام بىلەن ئاتىلىدۇ.

يۇقۇرىقىدەك بۆلۈنۈش ئەملىيەتتە ئۇيغۇن بولۇپ، ئالدىنقى

دەۋردىكى يادىكارلىقلارنىڭ تىلى ئۆزىنىڭ لېكسىكىلىق ۋە گىراماتىكىلىق قائىدىلىرى جەھەتتىن كېيىنكى دەۋردىكى يادىكارلىقلار تىلىدىن پەرقلىنىدۇ.

قەدىمقى ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تىلىغا يېقىن بولغاندىن كۆرە، تولاراق ئورخۇن تۈركلىرى تىلىغا، يەنى قەدىمقى ئوغۇزلارنىڭ تىلىغا يېقىن ئىدى. س. مالوۋ «مانىخەيلەرنىڭ دۇئا-تىلاۋەتلىرى» ھەققىدە مۇنداق دەپ يازغان ئىدى: «بۇ يادىكارلىقنىڭ پۈتكۈل فونېتىكىسى ۋە گىراماتىكىسى بۇددا-ئۇيغۇر (كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى ئۇيغۇر-مۇسۇلمان) يادىكارلىقلىرىغا يېقىنراق» [148].

ئالايلى، فونېتىكىلىق تۈزۈلۈشى جەھەتتە قەدىمقى ئۇيغۇر تىلى خۇددى قەدىمقى ئوغۇز تىلىغا ئوخشاشلا *t/d* تىللارغا تەئەللۇق بولۇپ، تارىخىي جەھەتتىن كېيىنرەك شەكىللەنگەن *s/z* ۋە *y* تىللارغا ئوخشىمايتتى. قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدا، شۇنداقلا قەدىمقى ئوغۇز تىلىدا، ئېھتىمال دىيالېكتىلار بويىچە *x/s* ئۆزۈك تاۋۇشلىرىنىڭ نۆۋەتلىشىشى كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن: ”مانىخەيلەرنىڭ دۇئا-تىلاۋەتلىرى“ تىلىغا *s* ئۆزۈك تاۋۇشى خاس: ئالقىس (”ئالقىش“ ئەمەس) [149]. باشقا يادىكارلىقلارنىڭ تىلىغا X تاۋۇشى خاس. شۇنداقلا، ئالدىنقى يادىكارلىقنىڭ تىلىدا، خۇددى قەدىمقى ئوغۇز تىلىدىكىگە ئوخشاش *i~ə* سوزۇق تاۋۇشلىرىنىڭ نۆۋەتلىشىشى كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن: بىس («بەش» ئەمەس). قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدىكى بوغۇملارغا ئايرىلىدىغان يىلتىزلاردا *lt*، *rt*، *nt* لاردەك بىرىككەن تاۋۇشلار بار. مەسىلەن: بولتۇمۇز «بولىمىز»، بىلتىمىز «بىلىمىز».

قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىنىڭ گىراماتىكىلىق قۇرۇلۇشىدا *ma*-

بىلەن كېلىدىغان قەدىمقى سۇپەتداشلار، مەسىلەن: يورىغىما «مېڭد-ۋاتقان»، تىگمەكە «سۆزلەۋاتقانغا» ۋە -ماتىن/ — مەتىن/ -مەدىن بىلەن كېلىدىغان بىلمەتىن «بىلمەستىن»، كىرتكۈنمەدىن «ھەقىقەت دەپ ھىساپلىماستىن» دىگەنگە ئوخشاش ئىنكار رەۋىشداشلار كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ.

ئەڭ قەدىمقى يادىكارلىق «مانىخەيلەرنىڭ دۇئا-تىلاۋەتلىرى» نىڭ لېكسىكىسىدا خېلى كۆپ ساندىكى قەدىمقى ئىران ئېلېمېنتلىرى ئۇچرايدۇ.

تەرەققىياتنىڭ كېيىنكى دەۋرلىرىگە كەلگەنسېرى قەدىمقى ئۇيۇغۇر تىلىنىڭ قەدىمقى ئوغۇز تىلى بىلەن بولغان پەرقى چوڭىيىشقا باشلىدى. مەسىلەن: مەھمۇت قەشقەرى ئۆزىنىڭ دىۋانىدا ئۇيغۇر ۋە ئوغۇز تىللىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تۆۋەندىكىدەك ئاساسي فونېتىكىلىق ۋە گىرامماتىكىلىق پەرقلەرنى كۆرسەتكەن: *a*) ئۇيغۇر تىلىدا سۆز بېشىدا *m* كەلسە، ئوغۇز تىلىدا *b* كېلىدۇ. مەسىلەن: ئۇيغۇرچە «مەن»، ئوغۇزچە «بەن»؛ *b*) ئۇيغۇر تىلىدا سۆز بېشىدا جاراڭسىز *t* كەلسە، ئوغۇز تىلىدا جاراڭلىق *d* كېلىدۇ. مەسىلەن: ئۇيغۇرچە «تەۋە»، ئوغۇزچە «دەۋە» (تۆگە)؛ *c*) سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلاردىكى *g/q* ئۇيغۇر تىلىدا ساقلانغان، لېكىن ئوغۇز تىلىدا بۇ تاۋۇشلار چۈشۈپ قالغان. مەسىلەن: ئۇيغۇرچە «بارغان»، ئوغۇزچە «باران»، ئۇيغۇرچە «تامغاق»، ئوغۇزچە «تاماق» (تاماق)؛ *d*) ئىستەك پېئىل رايى: ئۇيغۇرچە «بارغۇ»، ئوغۇزچە «باراسى» («بار» دىن ياسالغان)، ئۇيغۇرچە «تۇراغۇ»، ئوغۇزچە «تۇراسى» («تۇر» پېئىلىدىن ياسالغان) ۋە باشقىلار.

قەدىمقى ئۇيغۇر تىلى، مەيلى ئەڭ قەدىمقى دەۋردە بولسۇن

ياكى كېيىنكى دەۋردە بولسۇن، دىيالېكتلارغا بۆلۈنۈش بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. يۇقۇرىدا قەدىمقى ئۇيغۇر تىلى تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ قەدىمقى دەۋرىدىكى دىيالېكتلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى كۆرسىتىلدى x~s ئۆزۈك تاۋۇشلىرى ۋە ə~i سوزۇق تاۋۇشلىرىنىڭ نۆۋەتلىشىشى قاتارلىقلار). مەھمۇت قەشقەرى ئۆزىنىڭ دىۋانىدا X ـ XI ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىدىمۇ دىيالېكتلارنىڭ بولغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ. ئۇ ئاساسلىق ئۇيغۇر دىيالېكتلىرى قاتارىغا مۇنۇ دىيالېكتلارنى قويىدۇ: ئارغۇ دىيالېكتى. بۇ دىيالېكت y نىڭ ئورنىغا n ئۆزۈك تاۋۇشنىڭ كېلىشى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. بۇ، موڭغۇل تىللىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئوخشايدۇ. مەسىلەن: قون («قوي» ئەمەس) «قوي»، چىغان («چىغاي» ئەمەس) «كەمبەغەل»، قاندا («قايدا» ئەمەس) «قەيەردە»؛ چىگىل دىيالېكتى باشقا تىللار ۋە دىيالېكتلار دىكى d ۋە y نىڭ ئورنىغا z ئۆزۈك تاۋۇشنىڭ كېلىشى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. مەسىلەن: توزتى («تويدۇ» ياكى «دويدۇ» ئەمەس) «تويدى»، ئازاق («ئاياق» ياكى «ئاداق» ئەمەس ۋە باشقا دىيالېكتلار.

قەدىمقى ئۇيغۇر تىلى قەدىمقى يېزىق تىللىرىدىن بىرىدۇر. بۇ تىلدا قوللىنىلغان يېزىق، يۇقۇرىدا كۆرسىتىلگىنىدەك، ئۈچ خىل ئېلىپبە ئاساسىدا بولغان: تاشقا ئويۇلغان «رۇنىك» ئورخۇن ئېلىپبەسى، يۇقۇرىدىن تۆۋەنگە يېزىلىدىغان قەدىمقى سوغد ئېلىپبەسى (سۇرىيىدىن كېلىپ چىققان) ۋە ئەڭ كېيىنكى دەۋردە ئەرەپ ئېلىپبەسى[150].

# هازىرقى تىللار

## تۇۋا تىلى[151]

تۇۋا تىلى روسىيە سوۋېت ئىتتىپاقداش سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىـ
يىتى قارىمىغىدىكى تۇۋا ئاپتونوم رايونى يەرلىك ئاھالىسىـ
نىڭ، يەنى تۇۋا (تۇبا) لارنىڭ تىلى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئومۇمى
سانى 100 مىڭ ئادەم. تۇۋالار (بۇرۇنقى ئاتىلىشى: سويىئوت. سويىـ
ئون، ئۇرەنخاي، تاننۇ ـ تۇۋا) ئۆز تىلىنىڭ قەدىمقى خۇسۇسىيەتـ
لىرىنى ساقلاپ قالغان. مۇشۇ خۇسۇسىيەتلەرگە ئاساسلانغاندا، تۇۋاـ
تىلىنىڭ قەدىمقى ئوغۇز ۋە قەدىمقى ئۇيغۇر تىللىرى بىلەن ۋە
يېڭى تىللاردىن توفالار (قاراغاس) ۋە ياقۇت تىللىرى بىلەن يېقىن
تۇققانلىقى بار.

تۇۋا تىلى تۈركى تىللارنىڭ ئۇيغۇر ـ ئوغۇز گۇرۇپپىسىغا كىرىدۇ
ھەمدە بۇ گۇرۇپپىدىكى قەدىمقى ئوغۇز، قەدىمقى ئۇيغۇر ۋە توفالار
(قاراغاس) تىللىرى بىلەن قوشۇلۇپ، ئايرىم بىر ئۇيغۇر ـ تۈرك
تارماق گۇرۇپپىسىنى تەشكىل قىلىدۇ.

تۇۋا تىلى بىر تەرەپتىن مۇشۇ تىللاردىن تەركىپتاپقان تارماق
گۇرۇپپىنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكلىرىگە ئىگە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆز
ئالدىغا ئايرىم تىل بولغان خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. ئاخىرقى
ئالاھىدىلىكلەر تۆۋەندىكىچە:

1. فونېتىكىلىق تۈزۈلمىسىدە: *a*) نەپەسسىز *p*، *t* لارغا توغرا
كېلىدىغان نەپەسلىك ئۈزۈك تاۋۇشلار بار؛ *b*) تارىخىي جەھەتتىن
ئىككىلەمچى سوزۇلمىلىقتىن كېلىپ چىققان سوزۇلما تاۋۇشلار بار.

مەسىلەن: خائار «ياپىماق» (سېلىشتۇرۇڭ: خار «قار»)، چىمىل «يىغلىماق» (چىل «يىل») ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار؛ *c*) سۆز بېشىدا باشقا تىللاردىكى *ķ* نىڭ ئورنىغا *h* كېلىدۇ؛ *d*) دىماق تاۋۇشى *y* بار.

2. گىراماتىكىلىق قۇرۇلۇشىدا: *a*) شەرت رايىنىڭ ئۆزىگە خاس شەكلى بار: بارىمزا «بارسام». شۇنداقلا، بۇنىڭ دىيالېكتلاردىكى قەدىمقى تەڭداش شەكىللىرى: باردىم ئەرزە «بارسام»؛ *b*) كۆپ خىل رەۋىشداش شەكىللىرى بار ۋاھاكازا.

3. لۇغەت تەركىۋىدە: *a*) موڭغۇل تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر كۆپ؛ *b*) ئۆزىگە خوشنا بولغان قەدىمقى فىن-ئۇگور، سامودى، قەدىمقى ئاسىيا ۋە تۇنگۇس-مانجۇ تىللىرىنىڭ ئېلېمېنتلىرى بار.

تۇۋا تىلى كۆپلىگەن دىيالېكت ۋە گوۋورلاردىن تەركىب تاپقان ئېغىز تىلى (بۇ دىيالېكت ۋە گوۋورلار تېخى يېتەرلىك دەرىجىدە تەكشۈرۈلمىدى) ۋە ئەدەبىي يېزىق تىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 1930-يىلىدىن 1941-يىلىغىچە لاتىن يېزىقى ئىشلىتىلگەن. 1941-يىلىدىن باشلاپ رۇسچە ھەرپلەر ئاساسىدىكى يېزىق ئىشلىتىلمەكتە.

ھازىر تۇۋا تىلىدا پەننى، ئىجتىمائى-سىياسىي ۋە بەدىئى ئەسەرلەر نەشر قىلىنىدۇ، قەرەللىك گېزىت-ژورناللار چىقىدۇ.

## توفالار (قاراغاس) تىلى [152]

قاراغاس (ياكى توفالار) تىلى ئادەم سانى 600 ئەتراپىدا بولغان بىر كىچىك ئېتنىك گورۇپپىنىڭ تىلىدۇر (ئۇلار ئۆزلىرىنى

توفا، توفالار دەپ ئاتايدۇ). توفالار كراسنو يارسك ئۆلكىسىدە ياشايدۇ. ئۇلار بەزى ئالىملارنىڭ تەخمىن قىلىشىچە، نەسەب جەھەتتىن نېنېتس (سامودىي) قەبىلىلەر ئىتتىپاقىغا تەئەللۇق. تۇبا دىگەن ئۇرۇق نامى قاراغاسلاردىن باشقا يەنە تۇۋا (تۇبا)، شور، خاكاس ۋە ئالتايلىقلاردىمۇ (تۇبا، تۇۋا، تۇما) ساقلىنىپ قالغان. توفالار ياكى قاراغاس تىلى تۈركى تىللارنىڭ ئۇيغۇر-ئوغۇز گۇرۇپپىسىغا كىرىدۇ ھەمدە تۇۋا تىلى ۋە قەدىمقى تۈركى تىللار (قەدىمقى ئۇيغۇر ۋە قەدىمقى ئوغۇز) بىلەن بىرلىكتە ئاتالمىش ئۇيغۇر-تۈرك تارماق گۇرۇپپىسىنى تەشكىل قىلىدۇ. توفالار (ياكى قاراغاس) تىلى ئۆزىنىڭ فونېتىكىلىق، گىراماتىكىلىق ۋە لېكسىكىلىق ئالامەتلىرى جەھەتتىن تۇۋا تىلىغا ئەڭ يېقىن بولۇپ، ماھىيەتتە تۇۋا تىلىنىڭ بىر دىيالېكتى دىيىلىسىمۇ بولىدۇ.

توفالار تىلىنىڭ ئۆز يېزىقى يوق. بۇ تىلدا سۆزلەشكۈچىلەر رۇس ئەدەبىي تىلىنى ئىشلىتىدۇ.

## 2. ياقۇت تارماق گۇرۇپپىسى

ياقۇت تارماق گۇرۇپپىسى يالغۇز ياقۇت تىلىدىنلا ئىبارەت. ياقۇتلار ۋە ياقۇت تىلى غەيرى تىللىق قەبىلىلەر ئارىسىدا بولۇپ، باشقا تۈركى خەلقلەر ۋە تۈركى تىللار گەۋدىسىدىن ئايرىلىپ تۇرىدۇ. شۇنداقتىمۇ، ياقۇت خەلقى ۋە ياقۇت تىلىنىڭ باشقا تۈركى خەلقلەر ۋە تۈركى تىللار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قەبىلە ناملىرىدىلا ئەمەس (سېلىشتۇرۇڭ: ياقۇتچە — ساخا ۋە بىر خاكاس قەبىلىسىنىڭ نامى — ساغاي)، ياقۇتلارنىڭ خەلق ئەدەبىياتىدىكى ئۆز

نامى ـــ ئۇرا ئانغاي، تۇۋا خەلقىنىڭ موڭغۇلچە ئاتىلىشى ـــ ئۇرەن-خاي)، بەلكى بەزى ئورتاق تىل ئالاھىدىلىكلىرىدۇر (مەسىلەن: ياقۇت تىلى ئاساسلىق لۇغەت تەركىۋىدىكى تۇپ سۆزلەردە X فونېمە-سىنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىگى، شۇنداقلا خاكاس تىلىنىڭ ساغاي ۋە بەلتىر دىيالېكتلىرىدىكى ياقۇت ۋە تۇۋا تىللىرىغا ئوخشاش بولغان ئالاھىدىلىكلەر) ساقلىنىپ قالغان.

تىللارنىڭ نەسەبىنى ئېنىقلاش نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ياقۇت تىلىنىڭ چۇۋاش ۋە باشقىرت تىللىرى بىلەن ئورتاق بولغان بەزى ئالاھىدىلىكلىرىگىمۇ دىققەت قىلىشقا ئارزىيدۇ (سېلىشتۇرۇڭ: ياقۇتچە ـــ سۇئول ۋە چۇۋاشچە ـــ جۇل «يول»؛ ياقۇت ۋە باشقىرت تىللىرىدا سۆز ئوتتۇرىسىدىكى $h<s$ نىڭ ئالمىشىشى؛ چۇۋاش، ياقۇت ۋە خاكاس تىللىرىدا $s<x/q$ نىڭ ئالمىشىشى ۋە باشقىلار). بۇ ھال، بۇ تىللارنىڭ قەدىمقى باغلىنىشلىرىنى ئىسپاتلايدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، ياقۇت خەلقىنىڭ ئۇزۇن ۋاقىتلارغىچە باشقا تۈركى تىللىق خەلقلەردىن ئايرىلىپ تۇرغانلىغى ياقۇت تىلى-نىڭ شەكىللىنىشىگە ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتتى. ياقۇت تىلى بىلەن باشقا خوشنا خەلقلەر تىللىرىنىڭ ئۆز ئارا تەسىر كۆرسەتكەنلىگى ياقۇت تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس لېكسىكىسىدىلا ئەمەس، بەلكى فونېتى-كىلىق تۈزۈلمىسى ۋە گىراماتىكىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىگىدە ئەكس ئەتتى.

ھازىرقى زامان ياقۇت تىلى ئۇيغۇر ـ ئوغۇز تىللىرىنىڭ قىسمەن ئورتاق ئالاھىدىلىكلىرىگە ئىگە بولۇش بىلەن بىللە، يەنە بۇ تىلنى ئۇيغۇر ـ ئوغۇز تىللىرى گۇرۇپپىسىدىن ئايرىپ تۇرىدىغان تۆۋەندى-كىدەك ئاساسلىق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە: $a$) سۆز ئوتتۇرىسىدا

باشقا تىللار ئارىسىدا نۆۋەتلىشىدىغان z~d~y ئۈزۈك تاۋۇشلىرىنىڭ ئورنىغا t ئۈزۈك تاۋۇشى ئالمىشىدۇ. مەسىلەن: ئاتاخ (ئاياق~ئاداق~ئازاق ئەمەس)؛ b) سۆز بېشىدا باشقا تىللار ئارىسىدا نۆۋەتلىشىدىغان q~d~j~ʐ~y لارنىڭ ئورنىغا s ئۈزۈك تاۋۇشى كېلىدۇ. مەسىلەن: سىد (يىل~ژىل~جىل~دىل~چىل ئەمەس)، سۇئول (يول~ژول~چول ئەمەس)؛ c) بەزى سۆزلەردە سۆز بېشىدىكى s چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن: ئاغىس (باشقا تىللاردا سېگىز «سەككىز»)، ئەن (باشقا تىللاردا «سەن»)؛ d) سۆز ئوتتۇرىدا (q/x>)(>s تاۋۇشى ḥ غا ئالمىشىدۇ. مەسىلەن: بىھاخ (باشقا تىللاردا — بىساق، بىشاق، پىچاق)؛ e) ia، iə، uo، üө شەكلىدىكى كۆچەيتكۈچى دىفتونگلار بار. بۇ باشقا تۈركى تىللاردا يوق. بۇنىڭدىن سىرت، ياقۇت تىلى ئۆزىنىڭ گىراماتىكىلىق قۇرۇلۇشىدىكى، بولۇپمۇ مورفولوگىيە ساھەسىدىكى ۋە يۇقۇرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، باشقا تۈركى تىللاردىن پەرقلىنىدىغان لېكسىكىسىدىكى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەر بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.

## ھازىرقى تىل

### ياقۇت تىلى[153]

ياقۇت تىلى ياقۇتىيە ئا س س رنىڭ يەرلىك ئاھالىسى بولغان ياقۇتلار (ساخالار) ۋە دولغانلارنىڭ تىلىدۇر. ياقۇتلارنىڭ ئومۇمىي سانى 236 مىڭ كىشى، دولغانلارنىڭ سانى 3 مىڭ 500 ئۆپچۆرىسىدە.

ياقۇت تىلى باشقا تۈركى تىللاردىن خېلى زور دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ. بۇ تىل بەزى ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكلەرگە ئاساسەن تۈركى

تىللارنىڭ ئۇيغۇر-ئوغۇز گۇرۇپپىسىغا كىرىدۇ ھەمدە بۇ گۇرۇپپا ئىچىدىكى ئايرىم بىر ياقۇت تارماق گۇرۇپپىسىنى تەشكىل قىلىدۇ. ياقۇت تىلى قەدىمقى تىللاردىن قەدىمقى ئوغۇز ۋە قەدىمقى ئۇيغۇر تىللىرى بىلەن ۋە يېڭى تىللاردىن تۇۋا، خاكاس، باشقىرت تىل-لىرى بىلەن ئورتاق بولغان بەزى خاراكتېرلىق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇش بىلەن بىللە، يەنە كۆپ جەھەتلەردە باشقا تۈركى تىل-لارغا ئوخشىمايدىغان ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. ياقۇت تىلىنى باشقا تۈركى تىللاردىن، جۈملىدىن يەنە شۇ ئۇيغۇر-ئوغۇز گۇرۇپپىسى-دىكى تىللاردىن كەسكىن پەرقلەندۈرىدىغان ئالاھىدىلىكلەر تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1. فونېتىكىلىق تۈزۈلمىسىدە: a) قەدىمقى ۋە يېڭى تۈركى تىللارغا قارىغاندا، ياقۇت تىلىدا y~d/t~z/s~r لارنىڭ نۆۋەتلىشىش سىستېمىسىدىكى d/t ئەڭ ئىزچىل تۈردە ساقلانغان. مەسىلەن: ياقۇت-چە — ئاتاخ (باشقا تىللاردا — ئۇدا، ئازاق، ئاداق، ئاياق)، شەرت رايى قوشۇمچىسى -تار/-دار (قەدىمقى ئوغۇز ۋە قەدىمقى ئۇيغۇر تىللىرىدا -سار/-سەر) ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار؛ b) s~d/t~ʒ~ y~q~j لارنىڭ نۆۋەتلىشىش سىستېمىسىدا سۆز بېشىدا s كېلىدۇ. مەسىلەن: سۇئول (باشقا تىللاردا: تول، دول، ژول، جول، يول)؛ c) تۆپ سۆزلەردە ۋىشىلدىغۇچى X ئۈزۈك تاۋۇشى يوق بولۇپ، بۇ جەھەتتە خاكاس تىلىنىڭ ساغاي دىيالېكتىغا ئوخشايدۇ؛ d) دىماق y تاۋۇشى بولۇپ، بۇ جەھەتتە تۇۋا تىلىغا ئوخشايدۇ؛ e) سۆز ئوتتۇرىسىدا ḩ/s نۆۋەتلىشىدۇ، بۇ جەھەتتە قىسمەن باشقىرت تىلىغا ئوخشايدۇ؛ f) مونو خىلدىكى سوزۇلما سوزۇق تاۋۇشلار بار: سائاس (~ياز)، خائار (~قار)، تىئىس (~تىش) «چىش» ۋە باشقىلار:

*g*) مۇنۇ خىلدىكى دىفتونگلار بار: *ia*، *iə*، *uo*، *üe*؛ *h*) ياقۇت تىلىدىكى تاۋۇشلارنىڭ ئاسسىمىلاتسىيە ۋە دىسسىمىلاتسىيىسىنىڭ كۆپ خىل تۈرلىرى بار.

2. گىراماتىكىلىق قۇرۇلۇشىدا: *a*) ئىگىلىك كېلىش ئىستىمالىدىن قالغان بولۇپ، پەقەت تۈرلەنمەيدىغان سۆز شەكىللىرىدىلا ساقلىنىپ قالغان؛ *b*) پېئىل شەكىللىرىنى ياساشتىكى فونېتىكىلىق ۋە گىراماتىكىلىق پەرقلىرى خېلى زور ۋە باشقا ئالاھىدىلىكلەر.

3). لۇغەت تەركىۋىدە: *a*) ياقۇت تىلى بىلەن باشقا قەدىمقى تىللار ئۆزئارا تەسىر كۆرسەتكەن ئەڭ قەدىمقى دەۋرگە تەئەللۇق بولغان قەدىمقى لېكسىكا قاتلىمى بار؛ *b*) خېلى زور سالماقنى تەشكىل قىلغان تۇنگۇس ـ مانجۇچە ۋە موڭغۇلچە لېكسىكا قاتلىمى بار بولۇپ، بۇ، ياقۇت تىلىنىڭ شۇ تىللار بىلەن ئۆز ئارا تەسىر كۆرسەتىشى نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن.

ياقۇت تىلى يېزىق ئەدىبىي تىلى ۋە جانلىق ئېغىز تىلىغا بۆلۈنىدۇ. ئومۇمى خەلق ئېغىز تىلىدا دولغان دىيالېكتىدىن باشقا دىيالېكتلارمۇ بار. لېكىن، بۇ دىيالېكتلار تېخى تولۇق تەكشۈرۈلمىدى.

ياقۇت ئەدەبىي تىلى پەقەت ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلاۋىدىن كېيىنلا تولۇق شەكىللىنىپ چىقتى. XIX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياقۇت يېزىق تىلىنى بەرپا قىلىشقا دەسلەپكى ئۇرۇنۇشلار بولغان ئىدى. 1819 — 1820 ـ يىللىرى ياقۇت تىلىدا تۇنجى كىتاپلار نەشر قىلىنغان. دەسلەپكى ياقۇتچە كىتاپلاردىن تەرغىباتچىسى گ. پوپوۋ تەرىپىدىن رۇسچە ھەرپلەر بىلەن بېسىلغان ئىدى. ياقۇت تىلى يېزىغىنىڭ باشقا تەجرىبىلىرىدىن يەنە ئۇ. بيوتلىنگنىڭ ترانسكرىپىسىيىلىك ئېلىپبە ئاساسىدىكى يېزىقى ۋە د. خىترووۋنىڭ رۇسچە

ھەرپلەرنى ئاساس قىلغان يېزىقى بار. س. نوۋگورودوۋنىڭ خەلقا-رالىق تىرانسكرىپسىيە ئاساسىدا تۈزگەن ئېلىپبەسى ئەڭ مۇكەممەل ئېلىپبە بولۇپ، ياقۇتىيىدە 1922 - يىلىدىن 1924 - يىلىغىچە قوللىنىلدى. 1924 - يىلىدىن 1939 - يىلغا قەدەر ياقۇتلار لاتىن ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى يېزىقنى ئىشلەتتى. 1939 - يىلىدىن باشلاپ، رۇسچە ھەرپلەر ئاساسىدىكى ھازىرقى زامان ياقۇت ئېلىپبەسى ئىشلىتىلمەكتە.

ھازىر ياقۇت ئەدەبىي تىلى تەرەققىي تاپقان تىل بولۇپ، بۇ تىلدا پەننى، ئىجتىمائىي - سىياسى ۋە بەدىئى ئەسەرلەر نەشر قىلىنىدۇ، گېزىت - ژورناللار چىقىدۇ.

## 3. خاكاس تىللىرى تارماق گۇرۇپپىسى

خاكاس تىللىرى تارماق گۇرۇپپىسى ئىككى قىسىمغا ئايرىلىدۇ. بىرىنچى قىسمى خاكاس تىلىدىن ئىبارەت بولۇپ، ھازىر ئىككى تۈركۈم دىيالېكىتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: a) ئىسقىرتما دىيالېكىتلار تۈركۈمى — ساغاي ۋە بەلتىر دىيالېكىتلىرى؛ b) ۋىشىلدىما دىيالېكىتلار تۈركۈمى — شور تىلىنىڭ مىراس دىيالېكتىدىن، سېرىق ئۇيغۇر، كاماسىن تىللىرىدىن ۋە چۇلىم تاتار تىلىدىن كېلىپ چىققان كاچىن، قويبال، قىزىل ۋە شور دىيالېكىتلىرى. ئىككىنچى قىسمى شور تىلىنىڭ كوندوم دىيالېكتىنى، شۇنداقلا ئالتاي تىلىنىڭ شىمالىي دىيالېكىتلىرىنى*، يەنى چېرنىۋ (يىش كىژى، تۇبا) دىيالېكتى، قۇماندى (قۇماندى // قۇباندى) ۋە لېبېدىن (قۇۋ كىژى، چالقاندۇۋ // شالقاندۇۋ) دىيالېكىتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ خەلقلەرنىڭ تىل تۈزۈ-

لۇشمۇ، ئېھتىمال، ئېتنىك تەركىۋىمۇ ئورتاق (مەسىلەن: مۇنۇ ناملار*-نىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى ئورتاقلىق ئېھتىمالىنى سېلىشتۇرۇڭ: قۇۋۇ كىژى<قۇۋۇ «قۇش»+كىژى «كىشى»، قۇۋباندى<قۇۋبا — ياقۇتچە «ئاققۇ»+ندى — ياسىغۇچى قوشۇمچە، شۇنداقلا قۇمان ۋە لېبېدىيە مەملىكىتىنىڭ نامى. بۇ مەملىكەت IX — X ئەسىرلەردە دون ۋە دۇناي دەريالىرىنىڭ ئارىلىقىدا بولۇپ، ئۇ يەرلەردە بۇرۇن ماجارلار ياشىغان، كېيىن ماجارلار بۇلغار ۋە پەچەنەكلەر تەرىپىدىن سىقىپ چىقىرىلغان) 154.

بۇ قەبىلىلەرنىڭ، شۇنداقلا خاكاس تارماق گۇرۇپپىسىغا كىرىدىغان تىللار ۋە شىۋىلەرنىڭ ئوخشاش بولۇشىدىكى سەۋەپ مۇقەررەر ھالدا شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، بىرىنچىدىن، ئۇلار تەدرىجى ھالدا بىر تەرەپتىن خاكاس قەبىلىلىرىنىڭ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ قەبىلىۋى ئىتتىپاقلىرىغا ۋە بىرلەشمىلىرىگە كىرگەن. خاكاس ۋە ئۇيغۇر قەبىلىلىرى بۇ ئورتاق ئالاھىدىلىكلەرنى مەزكۇر تارماق گۇرۇپپىغىلا ئەمەس، بەلكى بارلىق ئۇيغۇر-ئوغۇز گۇرۇپپىسىدىكى خەلقلەر ۋە تىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يەنىمۇ كەڭرەك دائىرىدىكى خەلقلەر ۋە تىللار بىرلەشمىلىرىگىمۇ سىڭدۈرگەن. ئىككىنچىدىن، ئۇلار خېلى كېيىنكى، يەنى ئۇيغۇرلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىنكى خاكاس بىرلەشمىلىرىگىمۇ كىرگەن.

خاكاس تىللىرى تارماق گۇرۇپپىسى ئۇيغۇر-ئوغۇز گۇرۇپپىسىغا كىرىدىغان باشقا تىللار بىلەن ئورتاق ئالامەتلەر ئارقىلىق بىرلىشىپ تۇرسىمۇ، يەنە تۈركى تىللارنىڭ ئومۇمى ئۇيغۇر-ئوغۇز گۇرۇپپىسىدىن بۇ تارماق گۇرۇپپىنى ئايرىپ تۇرىدىغان ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە.

مەزكۇر تارماق گۇرۇپپىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى تۆۋەندىكىچە: a) سۆز ئوتتۇرىسىدا باشقا تىللار ئارىسىدا نۆۋەتلىشىدىغان $t \sim d \sim y$ ئۆزۈك تاۋۇشلىرىنىڭ ئورنىغا $z$ ئۆزۈك تاۋۇشى كېلىدۇ. مەسىلەن: ئازاخ (باشقا تىللاردا — ئاياق، ئاداق، ئاتاخ). شور تىلىنىڭ كوندوم دىيالېكتى ۋە ئالتاي تىلىنىڭ شىمالىي دىيالېكتلىرى بۇنىڭ سىرتىدا؛ b) سۆز ئاخىرىدا باشقا تىللاردىكى $y$ نىڭ ئورنىغا $s \sim z$ ئۆزۈك تاۋۇشى كېلىدۇ. مەسىلەن: كېس («كىي» ئەمەس) «كىيىمەك» (شور تىلىنىڭ كوندوم دىيالېكتى ۋە ئالتاي تىلىنىڭ شىمالىي دىيالېكتلىرى بۇنىڭ سىرتىدا)؛ c) سۆز بېشىدا باشقا تىللاردا نۆۋەتلىشىدىغان $s \sim d \sim j \sim z \sim y$ لارنىڭ ئورنىغا $q$ ۋە $n \sim n'$ كېلىدۇ. مەسىلەن: چىل (يىل، ژىل، جىل، دىل، سىل ئەمەس)، ناڭمىر // ن' ئامىر // نانبۇر // نانمۇر ياغمىر، يامغىر ئەمەس) «يامغۇر»؛ d) سۆز ئوتتۇرىسىدا $b/m$ ئۆزۈك تاۋۇشلىرىنىڭ نۆۋەتلىشىشى. مەسىلەن: كەبە (كەمە ئەمەس) «كېمە»، تەبىر (تەمىر ئەمەس) «تۆمۈر»؛ e) سۈپەتداشلارنىڭ پىلگەچى // پىلەئەچى دېگەندەك تۈرلىرى بار. بۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر قاتار فونېتىكىلىق ۋە مورفولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكلىرى، شۇنداقلا مەزكۇر تارماق گۇرۇپپىدىكى تىللارغىلا خاس بولغان لۇغەت تەركىۋىنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

## ھازىرقى تىللار

### خاكاس تىلى[155]

خاكاس تىلى خاكاس (بۇرۇنقى ناملىرى ئاباقان، يېنىسەي

تۈركلىرى) خەلقىنىڭ تىلى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئومۇمى سانى 57 مىڭ كىشى. خاكاسلار ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلاۋىدىن كېيىن مۇستەقىل مىللەت بولۇپ شەكىللەندى.

بۇ تۈر ئايرىمىسى ئىسخېمىسىدا خاكاس تىلى تۈركى تىللارنىڭ ئۇيغۇر-ئوغۇز گۇرۇپپىسىغا تەۋە بولۇپ، بۇ گۇرۇپپىدىكى كاماسىن، كۆئەرىك، شور، سېرىق ئۇيغۇر تىللىرى ۋە ئالتاي تىلىنىڭ شىمالىي دىيالېكىتلىرى بىلەن بىرلىكتە ئايرىم خاكاس تارماق گۇرۇپپىسىنى تەشكىل قىلىدۇ.

ھازىرقى زامان خاكاس تىلىنىڭ خاراكتېرلىق خۇسۇسىيەتلىرى (گەرچە بۇ خۇسۇسىيەتلەر ئۇنىڭ ھەممە دىيالېكىتلىرىغا خاس بولمىسىمۇ) تۆۋەندىكىچە: *a*) لەۋلەشمىگەن تار سوزۇق تاۋۇش فونېمىسىدىن ئۈچى بولۇپ، بۇلار: *i*، ĭ، Ĭ دىن ئىبارەت. بۇنىڭدىن باشقا قىسقا ۋە ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلار مەزكۇر خاكاس گۇرۇپپىسىدىكى باشقا تىللاردىكىگە ئوخشاش؛ *b*) ئەسلىدىكى خاكاسچە سۆزلەردە *x*، *ʒ* ئۈزۈك تاۋۇش فونېمىلىرى يوق بولۇپ، بۇ جەھەتتىن ياقۇت تىلىغا ئوخشايدۇ *c*) نۆۋەتلىشىدىغان *r~t/d~s/z~y* ئۈزۈك تاۋۇشلىرىدىن خاكاس تىلىغا خاس بولغىنى *s/z*. مەسىلەن: ئازاخ (باشقا تىللاردا: ئاياق~ئاداق~ئاتاخ~ئۇدا).

نەسەب جەھەتتىن، خاكاس تىلى قەدىمقى قىرغىز تىلىغا، ئۇنىڭدىنمۇ قەدىمقى دەۋردە قەدىمقى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ تىلىغا باغلانغان. خاكاس تىلى تېخى يېقىندىلا بىر نەچچە قەبىلىلەر تىللىرىنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغاچقا، ئۆزىنىڭ دىيالېكىتلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى يېتەرلىك دەرىجىدە ساقلاپ قالغان. شۇنداقتىمۇ، خاكاسچە دىيالېكىتلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدىن قارىغاندا، بۇ دىيالېكىتلارنىڭ

ئۇزاق مۇددەتلىك ئۆزگىرىش جەريانىنى بېسىپ ئۆتكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ. شۇنىڭ نەتىجىسىدە بەزى ئورتاق قانۇنىيەتلەر ۋۇجۇتقا كەلدى. بۇ قانۇنىيەتلەر ھازىر ئومۇمى خەلق خاكاس تىلىغا ئاساس بولدى.

بۇ قانۇنىيەتلەر ۋۇجۇتقا كېلىشتە ساغاي-كاچىن دىيالېكتىغا تايانغان بولۇپ، بۇ دىيالېكت ساغاي ۋە كاچىن دىيالېكتلىرىنىڭ بىرىكىشى نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن.

تارىخىي نۇقتىدىن قارىغاندا، خاكاس تىلى ئىككى ئاساسلىق دىيالېكتلار گۇرۇپپىسىنىڭ تەرەققىياتى نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن. بۇلار: 1) ساغاي-بەلتىر گۇرۇپپىسى ياكى ئىسقىرتما دىيالېكتلار گۇرۇپپىسى بولۇپ، بۇنىڭغا ساغاي دىيالېكتى ۋە شۇنىڭغا ئاسسىمىلاتسىيە بولۇپ كەتكەن بەلتىر دىيالېكتى كىرىدۇ؛ 2) كاچىن-قويبال-قىزىل گۇرۇپپىسى ياكى ۋىشىلدىما دىيالېكتلار گۇرۇپپىسى. بۇنىڭغا كىرىدىغانلىرى كاچىن، قويبال (بۇ دىيالېكت ھازىر كاچىن ۋە ساغاي دىيالېكتلىرى تەرىپىدىن تولۇق ئاسسىمىلاتسىيە قىلىنىپ بولدى) دىيالېكتلىرى ۋە خاراكتىرى جەھەتتىن ئۆزلىرىگە خوشنا بولغان شور تىلىغا ئوخشاپ كېتىدىغان قىزىل ھەم شور دىيالېكتلىرى.

بىرىنچى گۇرۇپپا ھازىر ساغاي دىيالېكتى ۋە بەلتىر گوۋورىدىن تەركىپ تاپقان بولۇپ، بۇلارنىڭ بىر-بىرىدىن پەرقى چوڭ ئەمەس[156]. ساغاي دىيالېكتىدا ئاسكىز رايونىدىكى ۋە تاشتىپ رايونىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى ئۆزلىرىنى ساغاي دەپ ئاتايدىغان ئاھالىلار سۆزلىشىدۇ. بۇ دىيالېكتنىڭ ئىچىدە بەلتىر گوۋورى ئايرىم بىر گۇرۇپپىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ گوۋوردا ئاسكىز رايونىنىڭ

كىچىك مونوك يېزىسىدىكى ۋە تاشتىپ رايونىنىڭ ئاربات يېزىسىدىكى ئاھالىلەر سۆزلىشىدۇ.

ساغاي دىيالېكتى بىلەن بەلتىر گوۋورى ھازىرقى ۋاقىتتا تۆۋەندىكىدەك ئورتاق ئالامەتلىرى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ:

ئۆزۈك تاۋۇشلار جەھەتتە: *a*) ئانا تىلدىكى سۆزلەردە ۋىشىلدىغۇچى *x*/*ç* تاۋۇشلىرى يوق بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا *z*/*s* ئالمىشىدۇ. بۇ ياقۇت تىلىدىكىگە ئوخشايدىغان ھادىسە. مەسىلەن: تاس «تاش»، تازى (باشقا دىيالېكتلاردا: تاشى، تاژى) «تېشى»، پاس «باش»، پازى (باشقا دىيالېكتلاردا: پاشى، پاژى) «بېشى»، سىلتاۋ (باشقا دىيالېكتلاردا: شىلتاق) «سەۋەپ»، سىرەئە (باشقا دىيالېكتلاردا: شىرەئە) «شىرە»؛

*b*) ئەسلى خاكاسچە سۆزلەرنىڭ سۆز ئاخىرىدا *x*/*q* تاۋۇشلىرى يوق بولۇپ، بۇ تاۋۇشلار *z*/*s* تاۋۇشلىرىغا ئالمىشىدۇ (ياقۇت ۋە باشقىرت تىللىرىدىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش ھادىسىلەر كۆرۈلىدۇ). مەسىلەن: ئاس «ئاچ، ئاچماق»، ئازىخ «ئوچۇق» (ئاچ، ئاش، ئاچىغ، ئاشىخ ئەمەس)، ئاغىس «ياغاچ»، ئاغىزى «ياغىچى» (باشقا دىيالېكتلاردا: ئاغاچ، ئاغاچى، ئاغاژى)، ساس «چاچ»، سازى «چېچى» (باشقا دىيالېكتلاردا: چاچ/شاش، چاچى/شاشى)؛

*c*) باشقا تۈركى تىللاردىكى *s*~*d*~*j*~*ç*~*y* بىلەن باشلىنىدىغان سۆزلەردە سۆز بېشىدا *q* كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئەھۋاللاردا *s*<*q* نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن: چايىغى (باشقا تىللاردا: ياي، ژاي) «ياز»، چار (باشقا تىللاردا: يار، ژار، دار) «يار»، چاخسى (باشقا تىللاردا: ياخشى، ژاخشى، جاقسى). لېكىن، يەنە مۇنداق ئەھۋاللارمۇ بار: سورتان (باشقا تىللاردا: چورتان/شورتان) بىر خىل

بېلىقـنىڭ نامـى، سانا (باشـقا تىلـلاردا: چانا/شانا) «چاڭـغا»، سىغ (باشقا تىللاردا: چىق/شىق) «چىق، چىقـماق» ۋەھاكازا.

ساغاي دىيالېكتىدىكى قىسمەن ھاللاردا، $s$ بىلەن $y$ نىڭ ئالمىشىدىغان جايلىرىدا $q$ كېلىدۇ. مەسىلەن: ساغ (باشقا تىللاردا: چاغ، ياغ).

d) سۆز بېشىدا $m<p/b$ نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن: مۇزۇك (پۆزىك ئەمەس) «بۇيۇك».

سوزۇق تاۋۇشلار جەھەتتە:

a) $o>u$ نىڭ نۆۋەتلىشىشى: خۇل (ئەدەبىي تىلدا: خول «قول»، ئۇت (ئەدەبىي تىلدا: ئوت)؛

b) $ө/ü$ نىڭ ئالمىشىشى: ئۈسكى (ئەدەبىي تىلدا: ئۆسكى «ئۆچكە»، ئۈل (ئەدەبىي تىلدا: ئۆل) «ھۆل»؛

c) $oo>uu$ نۆۋەتلىشىشى بار: چۇئۇخ (ئەدەبىي تىلدا: چوئوخ «سۆھبەت»، سۇئۇخ (ئەدەبىي تىلدا: سوئوخ) «سوغۇق»؛

d) $өө>üü$ نىڭ ئالمىشىشى: كۈئۈك (ئەدەبىي تىلدا: كۆئۆك «كاككۇك»، ئۈئۈر (ئەدەبىي تىلدا: ئۆئۆرە) «ئۆرە»؛

e) بەزى سۆزلەردە ئۇرغۇ بىرىنچى بوغۇمغا كۆچىدۇ ۋە شور دىيالېكتىدا $a>ɪ$ ئاجىزلىشىشى بولىدۇ. مەسىلەن: ئاغىس (ئەدەبىي تىلدا: ئاغاس) «ياغاچ»، ئۇسخىس (ئەدەبىي تىلدا: ئۇسخاس) «ئوخشاش»، ئابىم (ئەدەبىي تىلدا: ئابام) «ئاتام»؛

f) تاۋۇشلارنىڭ ئورۇن ئالمىشىش ھادىسىسى: ئاخسىر (ئەدەبىي تىلدا: ئاسخىر) «ئايغىر»، ئۆرگەن (ئەدەبىي تىلدا: ئۆگرەن) «ئۆگەن»، ساخپى (ئەدەبىي تىلدا: ساپخى) «ئۆرۈمە چاچ» ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار.

فونېتىكىلىق پەرقلەردىن سىرت، ساغاي دىيالېكتى يەنە قىسمەن گىراممانىكىلىق ۋە لېكسىكىلىق ئالاھىدىلىكلەرگىمۇ ئىگە. لېكىن، بۇ ئالاھىدىلىكلەر ھازىرقى زامان ئەدەبىي تىلى تەرىپىدىن ئاساسىي جەھەتتىن بويسۇندۇرۇلدى.

ۋىشىلدىما دىيالېكىتلاردىن تەركىپ تاپقان ئىككىنچى تۇركۇمگە كاچىن (ئۇنىڭغا ئاسسىملاتسىيە بولغان قويبال دىيالېكتىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، قىزىل ۋە شوردىيالېكتىلىرى كىرىدۇ.

بۇ ئۈچ دىيالېكت ساغاي دىيالېكتىدىن مۇنداق ئالامەتلەر ئارقىلىق پەرقلىنىدۇ: *a*) *x*/*ⱬ* فونېمىسى بار؛ *b*) سۆز ئاخىرىدا ساغاي دىيالېكتىدا كېلىدىغان *s* نىڭ ئورنىغا *x*/*q* كېلىدۇ. مەسىلەن: ئاچ/ئاش (ئاس ئەمەس) «ئاچىماق».

كاچىن دىيالېكتىنىڭ ئالاھىدىلىگى شۇكى، سۆزنىڭ ھەرقايىسى ئورۇنلىرىدا، مەزكۇر تۇركۇمدىكى باشقا دىيالېكتلاردا كېلىدىغان *x* نىڭ ئورنىغا ۋە ئىسقىرتما دىيالېكتلاردا كېلىدىغان *s* نىڭ ئورنىغا *q* تاۋۇشى ئالمىشىدۇ. مەسىلەن: كاچىنچە: چاچىم، قىزىلچە: شاشىم، شورچە: شاژىم، ساغايچە: سازىم «چېچىم».

قىزىل دىيالېكتى سۆزنىڭ ھەرقايىسى ئورۇنلىرىدا! *x*/*ⱬ* ئۈزۈك تاۋۇشلىرىنىڭ ئورنىغا *q* ئۈزۈك تاۋۇشىنىڭ ئالمىشىشى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. مەسىلەن: شار )باشقا دىيالېكتلاردا: چار) «يار».

شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇ تۇركۇمدىكى ھەر قايىسى دىيالېكتلار يەنە باشقا خاراكتېرلىق ئالامەتلەرگىمۇ ئىگە.

كاچىنلار (خائاس) خاكاس ئاپتونوم رايونىنىڭ ئۈست ئاباقان، ئالتاي ۋە شىرىن رايونلىرىدا ياشايدۇ.

بۇنىڭدىن تاشقىرى، كاچىن دىيالېكتىنىڭ تەركىۋىدە ئىككى

گوۋور، يەنى باراۋۇل ۋە كونا نۇس گوۋورلىرى بار. بۇ گوۋورلار-نىڭ ئۆزىگە خوشنا بولغان قىزىل دىيالېكتى بىلەن قىسمەن ئوخشاشلىقلىرى بار.

كاچىن دىيالېكتى ئەدەبىي تىل بىلەن بولغان قىسمەن لېكسىكىلىق ۋە گىراماتىكىلىق ئوخشىماسلىقلىرىدىن سىرت، ئاساسەن تۆۋەندىكى-دەك فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە.

ئۈزۈك تاۋۇشلار جەھەتتە:

a) *q* تاۋۇشى سۆزنىڭ ھەر قانداق ئورۇنلىرىدا كېلەۋېرىدۇ ۋە *ⱬ/x~z/s* ئۈزۈك تاۋۇشلىرى ئەركىن ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: چاچىن/چازىن (ساغاي دىيالېكتىدا: سازىن) «قەغەز» ئاغاچىم (ساغايچە: ئاغازىم) «ياغىچىم»، چاچىم (ساغايچە: سازىم) «چېچىم»، شوخشا/سوخسا (ئەدەبىي تىلدا: سوسخا) «چوشقا»، تاش/تاس (ئەدەبىي تىلدا: تاس) «تاش»، ئىژىك/ئىزىك (ئەدەبىي تىلدا: ئىزىك) «ئىشىك».

b) ئەدەبىي تىلدىكى *h* نىڭ ئورنىغا كاچىن دىيالېكتىنىڭ بەزى گوۋورلىرىدا ئارقا تاڭلاي پارتىلىغۇچى جاراڭسىز *ⱪ* تاۋۇشى كېلىدۇ. مەسىلەن: قاراق (ئەدەبىي تىلدا: خاراخ) «كۆز»، قارا (ئەدەبىي تىلدا: خارا) «قارا»؛

c) ئەدەبىي تىلدىكى سۆز بېشىدا كېلىدىغان جاراڭسىز *p* نىڭ ئورنىغا كاچىن دىيالېكتىنىڭ بەزى گوۋورلىرىدا جاراڭلىق *b* كېلىدۇ. مەسىلەن: باس (ئەدەبىي تىلدا: پاس) «باش»، بائارساخ (ئەدەبىي تىلدا: پائارساخ) «ئەركە».

سوزۇق تاۋۇشلار جەھەتتە:

a) *h*، *k/g* بىلەن ئاياقلىشىدىغان سۆزلەرگە سوزۇق تاۋۇش

بىلەن باشلىنىدىغان قوشۇمچىلار ئۇلانسا، سوزۇلما سوزۇق تاۋۇش هاسىل بولىدۇ. مەسىلەن: ئازائام (ساغايچە: ئازاغىم) «ئايىغىم»، كۆنەئەم (ساغايچە: كۆنەگىم) «چىپىلىگىم»، خونىئىم (ساغايچە: خونىغىم) «ئۆمرۈم»؟

b) لەۋلىشىش ئاهاڭداشلىقى ساغايچىغا نىسبەتەن ئانچە كۈچلۈك ئەمەس. مەسىلەن: خۇزۇختى (ساغايچە: خۇزۇختۇ) «ياڭاقنى»، چۈستۈكتىك (ساغايچە: چۈستۈكتۈگ) «ئۈزۈكلۈك، ئۈزۈلگەن».

قىزىل دىيالېكتىدا سۆزلىشىدىغانلار سان جەھەتتە ئاز بولغان قىزىللىقلار (خىزىل كىژى)دىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلار كراسنويار ئۆلكىسىنىڭ ئۇرۇر ۋە شارىپ رايونلىرىدا، خاكاس ئاپتونوم رايونىنىڭ قارا ئىيۇس ۋە ئاق ئىيۇس دەريالىرىنىڭ ۋادىلىرىغا جايلاشقان سارالىن ۋە شىدىن رايونلىرىدا ياشايدۇ.

قىزىل دىيالېكتى خاكاس ئەدەبىي تىلىغا گىراماتىكا ۋە لېكسىكا جەھەتلىرىدىكى ئوخشىماسلىقلاردىن تاشقىرى، ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە:

ئۈزۈك تاۋۇشلار جەھەتتە:

a) ئەدەبىي تىلدىكى تۈپ سۆزلەردە كېلىدىغان $z/s$ نىڭ ئورنىغا $ʒ/x$ ۋە xx ئۈزۈك تاۋۇش فونېمىلىرى كېلىدۇ. مەسىلەن: تۆژەك (ئەدەبىي تىلدا: تۆزەك) «تۆشەك»، كىژى (ئەدەبىي تىلدا: كىزى) «كىشى» ,ئىلگىشىش (ئەدەبىي تىلدا: ئىلگىس) «ئىلگۈچ»، تۆششىش (ئەدەبىي تىلدا: تۆس) «تۆش»، شەر (ئەدەبىي تىلدا: چىر) «يەر»، شول (ئەدەبىي تىلدا: چول) «يول»؛

b) سۆز بېشىدا $q$ تاۋۇشى $y$ غا ئالمىشىدۇ، لېكىن سۆز ئوتتۇرىدا ۋە سۆز ئاخىرىدا ساقلىنىدۇ. مەسىلەن: يابال (ئەدەبىي تىلدا:

چابال) «يامان»، ياخسى (ئەدىبىي تىلدا: چاخسى) «ياخشى»، لېكىن-چەچ (ئەدىبىي تىلدا: ساس) «چاچ»، تۆكپەچ (ئەدىبىي تىلدا: تۆكپەس) «تاختاي»؛

c) *oq/g* نىڭ ئالدىدا كېلىدىغان *r*، *l* چۈشۈپ قالىدۇ: پاغان (ئەدىبىي تىلدا: پارغان) «بارغان»، ساغان (ئەدىبىي تىلدا: سالغان) «سالغان».

سوزۇق تاۋۇشلار جەھەتتە:

a) ئەدىبىي تىلدىكى *i* تاۋۇشى *ə* گە ئالمىشىدۇ: مەن (ئەدىبىي تىلدا: مىن) «مەن، كەل (ئەدىبىي تىلدا: كىل) «كەل»، ئەت (ئەدىبىي تىلدا: ئىت) «گۆش»؛

b) *ө<ü* ۋە *өө<üü* نۆۋەتلىشىشى. مەسىلەن: كۆش (ئەدىبىي تىلدا: كۈس) «كۈچ»، كۆمۈش (ئەدىبىي تىلدا: كۈمۈس) «كۈمۈش»، پۆئۆر (ئەدىبىي تىلدا: پۈئۈر) «بۆرە».

خاكاس ئاپتونوم رايونىنىڭ تاشتىپ رايونىدىكى شورلارنىڭ ئاز بىر قىسمى شور دىيالېكتىدا سۆزلىشىدۇ. ئۇلار ئاساسەن يۇقۇرى ماتۇر ۋە تۆۋەن ماتۇر يېزىلىرىدا ئولتۇراقلاشقان. بۇ يېزىلاردا، شوردىيالېكتىدا سۆزلىشىدىغان خاكاسلار بىلەن بىرلىكتە تاغلىق شورىيەدىن كۆچۈپ چىققان شورلارمۇ ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان.

شور دىيالېكتى ئەدىبىي تىلدىن تۆۋەندىكىدەك خاراكتېرلىق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن پەرقلىنىدۇ.

فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى:

a) تۈپ سۆزلەردە *x* ۋە *χ* ئۈزۈك تاۋۇشلىرى كېلىدۇ. مەسىلەن: شىن (ئەدىبىي تىلدا سىن) «چىن»، ئاپشاخ (ئەدىبىي تىلدا: ئاپساخ «بوۋاي»، كۈش (ئەدىبىي تىلدا: كۈس) «كۈچ» خاژىخ

(ئەدىبىي تىلدا: خازىغ) «ئۈستىخان».

b) سوزۇق تاۋۇشلار ئاھاڭداشلىقىنىڭ بۇزۇلۇشى، مەسىلەن: ئابەزى (ئەدەبىي تىلدا: ئابازى) «ئاتىسى»، پالەزى (ئەدەبىي تىلدا: پالازى) «بالىسى».

فونېتىكا-مورفولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكلىرى:

a) بېرىش كېلىش قوشۇمچىسىنىڭ شەكلى تولۇقراق بولۇپ، -زار/-سارنىڭ ئورنىغا-زارى/-سارى كېلىدۇ. مەسىلەن: سىغزارى (ئەدەبىي تىلدا: سۇغزار) «سۇغا»، تايغازارى (ئەدەبىي تىلدا: تايغازار) «تاققا»؛

b) ھازىرقى زامان پېئىلى بىرقەدەر تولۇق فونېتىكىلىق شەكىلگە ئىگە. مەسىلەن: پارچار (ئەدەبىي تىلدا: پارچا) «مېڭىۋاتىدۇ»، ئودىرچار (ئەدەبىي تىلدا: ئودىرچا) «ئولتۇرۇۋاتىدۇ»؛

c) بىلە، پىلە ياردەمچى سۆزلىرىنىڭ تولۇق فونېتىكىلىق شەكلى بار. بۇ ياردەمچى سۆزلەر ئەدەبىي تىلدا قوشۇمچىغا ئايلىنىپ كەتكەن. مەسىلەن: مالتى بىلە (ئەدەبىي تىلدا: پالتىناڭ) «پالتا بىلەن»، مىلتىخ پىلە (مىلتىخناڭ) «مىلتىق بىلەن»؛

d) ئىنكار شەكلىدىكى ھازىرقى زامان پېئىلىنىڭ-پائان/بائان/-مائان قوشۇمچىسى بار (ئەدەبىي تىلدا-پىن/-بىن/-مىن). مەسىلەن: پاربائانچا (ئەدەبىي تىلدا:پاربىنچا) «ماڭمىدى»، توغىنمائانچا (ئەدەبىي تىلدا: توغىنمىنچا) «ئىشلىمىدى»؛

e) پېئىل تومۇرىدا *ir*-نىڭ ئورنىغا *ar*-كېلىدىغان كەلگۈسى زامان سۈپەتداش شەكلى، مەسىلەن: ئاڭنارغا (ئەدەبىي تىلدا: ئاڭنىرغا) «ئوۋ قىلىشقا»، پالىختارغا (ئەدەبىي تىلدا: پالىختىرغا) «بېلىق تۇتۇشقا».

بۇنىڭدىن سىرت، شور دىيالېكتى ئەدەبىي تىلدىن ئۆزىگە خاس لۇغەت تەركىۋى بىلەنمۇ پەقلىنىدۇ (مەسىلەن، مۇنۇ سۆزلەر ئەدەبىي تىلدا ئۇچرىمايدۇ: ئۇتتۇ «تىۋىپ»، ئۇستۇكەن «بېخىل»، خۇتۇخ «قۇدۇق»، خوناخ «پەرۋانە»).

شۇنداق قىلىپ، ھازىرقى زامان خاكاس تىلى بىر نەچچە دىيالېكتلارغا ئايرىلىدۇ. بۇ دىيالېكتلار خاكاس خەلقىنىڭ مىللىلىشىشىگە ئەگىشىپ، ئۆزىنىڭ خاس ئالاھىدىلىكلىرىنى يوقاتماقتا ۋە خاكاس ئەدەبىي تىلىنىڭ تەسىرى ئاستىدا بىرلىككە كەلمەكتە.

خاكاس تىلىنىڭ بىر قىسىم دەسلەپكى يېزىقلىرى گەرچە ئىنقىلاپتىن بۇرۇن باشلانغان بولسىمۇ، خاكاس ئەدەبىي يېزىق تىلى ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن كېيىن بارلىققا كەلدى. خاكاس ئاپتونوم رايونىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن يېزىق، ئىملا ئىشلىرى ۋە خاكاس تىلشۇناسلىغىنىڭ باشقا ئەمەلىي مەسىلىلىرى ئۈستىدىكى ئىشلار باشلىنىپ كەتتى.

خاكاس تىلى ۋە يېزىغى تەرەققىياتىنىڭ بىرىنچى باسقۇچى 1929-يىلدىن بۇرۇنقى دەۋرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. رۇس ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى يېزىق تۇنجى قېتىم 1924-يىلى ئىشلەپ چىقىلغان ئىدى. خاكاس ئېلىپبەسىنى ئىشلەشتە ئىنقىلاپتىن بۇرۇنقى تۇنجى خاكاس ئېلىپبەسىنىڭ تەجرىبىسى قوللىنىلدى.

خاكاس ئەدەبىي تىلى ۋە يېزىغى تەرەققىياتىنىڭ ئىككىنچى باسقۇچى 1929 — 1930-يىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ دەۋردە رۇسچە ھەرپلەر ئاساسىدىكى خاكاس ئېلىپبەسى لاتىن يېزىغىغا ئۆزگەرتىلدى ۋە 1930-يىلدىن باشلاپ خاكاس تىلىدىكى گېزىت-ژورناللار ۋە كىتاپلار لاتىن يېزىغىدا نەشر قىلىندى.

بىراق، ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، لاتىن يېزىقى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆز ئانا تىلىنى ئۆزلەشتۈرۈشىگە ئاسانلىق يارىتىپ بېرەلمەسلىك بىلەنلا قالماي، بەلكى خاكاس تىلىنىڭ تەرەققىياتىغا ۋە بۈيۈك رۇس تىلى بىلەن زىچ مۇناسىۋەت ئورنىتىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلدى.

ئۈچىنچى باسقۇچ (1930-يىلدىن باشلىنىدۇ) خاكاس يېزىقىنىڭ رۇسچە ھەرپ شەكىللىرىگە كۆچۈشى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. مۇشۇ دەۋردىن باشلاپ ئاساسلىق يېزىق مەسىلىلىرىلا ئەمەس، بەلكى ئاتالغۇلار تەتقىقاتى، گىراماتىكا، دىيالېكتولوگىيە ۋە خاكاس تىلىنىڭ تارىخى[157] مەسىلىلىرى ئۈستىدىمۇ جىددى ئىشلار باشلاندى.

## كاماسىن تىلى[158]

كاماسىن تىلى كاماسىنلاردىن ئىبارەت (كانماجى) بىر كىچىك ئېتنىك گۇرۇپپىنىڭ (ئادەم سانى 200 ئۆپچۆرىسىدە) تىلىدۇر. كاماسىنلار ئەسلىدە نېنېتس قەبىلىسىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، تۈركى تىلنى قوبۇل قىلغان. ئۇلار كراسنويار ئۆلكىسىدىكى مانى ۋە كانادەريالىرىنىڭ باشلىنىش قىسمىدىكى جايلاردا ياشايدۇ. كاماسىن تىلىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئايرىم تىل بولۇش سۈپىتىدىكى ئەھمىيىتى يوق. بۇ تىل ئاساسلىق تۈرگە ئايرىلغان ئالامەتلىرىگە قارىغاندا، جۈملىدىن $y \sim z/s \sim t/d \sim r$ تاۋۇشلىرىنىڭ سۆز ئوتتۇرىسىدا ۋە سۆز ئايىغىدا نۆۋەتلىشىشىگە قارىغاندا، خاكاس تىلىنىڭ $z/s$ دىيالېكتلىرى سىستېمىسىغا كىرىدۇ. لېكىن، كاماسىنلار ئۆزلىرى خاكاس ئاپتونوم رايونى ئاھالىسىنىڭ تەركىۋىگە كىرمەيدۇ.

كاماسىن تىلىنىڭ ئۆز يېزىقى يوق. بۇ تىلدا سۆزلەشكۈچىلەر

ئاساسەن رۇس تىلىدىن پايدىلىنىدۇ.

## شور تىلى[159]

شور تىلى شور خەلقىنىڭ تىلى بولۇپ، ئۇلارنىڭ نوپۇسى تەخمىنەن 15 مىڭ كىشى. شورلار شىمالىي ئالتاي ۋە كۇزنېتس، ئالاتاۋدىكى كوندوما، مىراس ۋە تومى دەريالىرىغا تۇتاش جايلاردا، يەنى خاكاس ۋە تاغلىق ئالتاي ئاپتونوم رايونلىرىغا چېگرىداش تېرىتورىيىدە ياشايدۇ. بۇرۇنقى ئېتنوگرافىيە ئەسەرلىرىدە شور خەلقى شورلار، چېرنېۋ تاتارلىرى، مىراس ۋە كوندوم تاتارلىرى، تومى-كۇزنېتس تاتارلىرى، ئابىنلىقلار...دەپ ئاتالغان. شور تىلى تۈركى تىللارنىڭ ئۇيغۇر-ئوغۇز گۇرۇپپىسى خاكاس تارماق گۇرۇپپىسىغا كىرىدۇ.

شور تىلى خاكاس تارماق گۇرۇپپىسىدىكى باشقا تۈركى تىللار بىلەن ئورتاق ئالامەتلەرگە ئىگە بولۇش بىلەن بىللە، يەنە بۇ تىلنى ئايرىم تىل قىلىپ ئايرىپ تۇرىدىغان ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. بۇ ئالاھىدىلىكلەر تۆۋەندىكىچە:

1. فونېتىكىلىق تۈزۈلۈشىدە: $a$) دىيالېكتلار ئارىسىدا مۇنۇ تاۋۇشلار نۆۋەتلىشىدۇ: $u$~$o$، مەسىلەن: ئۇكنا~ئۇكنا «بىلمەك» (<ئاڭلا-)؛ $uu$~$oo$، مەسىلەن: ئۇئول~ئۇئۇل «ئوغۇل»؛ $b$) $iy$~$i$ نۆۋەتلىشىدۇ، مەسىلەن: كىژى~كىيژى «كىشى»؛ c) دىيالېكتلار ئارىسىدا $z$~$y$ تاۋۇشلىرى نۆۋەتلىشىدۇ: قوزان~قويان «توشقان»، پوزۇ~پويۇ «ئۆزى»، $t$~$q$ نۆۋەتلىشىدۇ: چوق~توق «يوق».

2. لۇغەت تەركىۋىدە ئۇۋچىلىق ئاتالغۇلىرى راۋاج تاپقان ۋە

لېكسىكىسى موڭغۇلچە ئېلېمېنتلار بىلەن تولۇپ تاشقان.

3. گىراماتىكىلىق قۇرۇلۇشىدا: *a*) -پائان/-پەئەن، -بائان/-بەئەن، -مائان/-مەئەن (خاكاسچە: -پىئىن/-بىئىن/-مىئىن) بىلەن كېلىدىغان ئىنكار شەكىلدىكى رەۋىشداشلار؛ *b*) -غائاچى/-گەئەچى بىلەن كېلىدىغان سۈپەتداش شەكلى ۋە -ئائاچى/-پەئەچى بىلەن كېلىدىغان ئىنكار شەكلى؛ *c*) -چاڭ/-چەڭ بىلەن كېلىدىغان سۈپەتداش شەكلى؛ *d*) كىرىشىپ كەتكەن پېئىل شەكىللىرى ۋە باشقىلار.

شور ئومۇمى خەلق ئېغىز تىلى ئاساسلىق ئىككى دىيالېكتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: 1) *z* دىيالېكت: بۇ، مىراس ۋە تومى دەريالىرىنىڭ ۋادىلىرىدا ياشىغۇچى شورلارنىڭ دىيالېكتى بولۇپ، بۇنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى خاكاس تىلىغا يېقىن؛ 2) *y* دىيالېكت: بۇ، كوندوما ۋە تۆۋەنكى تومى (مىراسنىڭ قۇيۇلۇشىدىن تۆۋەندىكى) دەريالىرىنىڭ ۋادىلىرىدا ياشىغۇچى شورلارنىڭ دىيالېكتى بولۇپ، بۇنىڭ ئالاھىدىلىگى ئالتاي تىلىنىڭ شىمالىي دىيالېكتلىرىغا يېقىن.

مىراس ياكى z دىيالېكتى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدۇ. بۇ دىيالېكت ئاساسىدا شور ئەدەبىي تىلى يارىتىلغان بولۇپ، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىكلىرى نەشر قىلىنغان ئىدى. مىراس دىيالېكتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. فونېتىكىلىق تۈزۈلمىسىدە: *a*) ھەر قايسى دىيالېكتلار ئارىسىدا نۆۋەتلىشىدىغان $y \sim s/z \sim t/d \sim r$ تاۋۇشلىرى ئىچىدىن مىراس دىيالېكتى $s/z$ گۇرۇپپىسىغا تەئەللۇق. بۇ جەھەتتە، ئۇ، y گۇرۇپپىسىغا كىرىدىغان كوندوما دىيالېكتىدىن پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن: مىراسچە مۆزۈك، كوندومچە پىيىك «بۇيۇك»؛ مىراسچە كېس،

كوندومچه كىي «كىيمەك»؛ b) $i \sim a$ سوزۇق تاۋۇشلىرى نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن: مىراسچە ئائارا، كوندومچه ئائارى «ئۇ ياقىقا»؛ مىراسچە ئالباغا، كوندومچه ئالباغى «سۆسەر»؛ c) $u \sim o$ ۋە $uu \sim oo$ نىڭ نۆۋەتلىششى: مىراسچە قۇزۇرۇق، كوندومچه قويرۇق «قۇيرۇق».

2. گىراممانىكىلىق قۇرۇلۇشىدا: a) ـ چاتقان بىلەن كېلىدىغان تۇرلۇك سۇپەتداش شەكىللىرى، مەسىلەن: مىراسچە پارچاتقان، كوندومچه پارچىئان، پارچىن «كېتىۋاتقان»؛ b) سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچه ـ چاق~ ـ چىق نىڭ تۇرلۇك شەكىللىرى، مەسىلەن: مىراسچە شومالانچاق، كوندومچه شومالانچىق «كەپسىز بالا» قاتارلىق؛ c 1 ـ شەخس كۆپلۈك ساندىكى ئۆتكەن زامان پېئىلىنىڭ تۇرلۇك شەكىللىرى: مىراسچە كەلدىبىس، كوندومچه كەلدىس «كەلدۇق» قاتارلىق.

شور ئەدىبىي تىلى هازىر مەۋجۇت ئەمەس. شور يېزىق ئەدىبىي تىلى سۇپىتىدە ئۆزلىرىگە ئەڭ يېقىن بولغان خاكاس تىلىنى ياكى رۇس تىلىنى ئىشلىتىدۇ.

### چۇلىم تاتارلىرى، كۇئەرىك ۋە كېچىكلەرنىڭ تىلى[160]

چۇلىم تىلى ياكى چۇلىملىقلارنىڭ، چۇلىم تاتارلىرىنىڭ (مېلېت ياكى مېلېتىس) تىلى چۇلىم دەرياسى (ئوب دەرياسىنىڭ تارمىغى) بويىدا ياشىغۇچى بىر ئاز سانلىق خەلقنىڭ تىلىدىن ئىبارەت. كەڭ مەنىدىن ئالغاندا، چۇلىم تاتارلىرىنىڭ تىلىغا خوشنا قەبىلىلەردىن كېتىسك (كەزىك) ۋە كۇئەرىكلەرنىڭ تىللىرىنىمۇ كىرگۈزۈشكە بولىدۇ، شۇنداق بولغاندا، چۇلىم تاتارلىرىنىڭ تىلىنى ئۈچ دىيالېكت

گۈرۈپپىسىغا ئايرىشقا بولىدۇ: 1) كېچىك (ۋ. رادلوۋنىڭ پەرىزىچە، كېچىك نەسەب جەھەتتىن توبول تاتارلىرىغا تەئەللۇق) دىيالېكتى؛ 2) كۈئەرىك (ۋ. رادلوۋ كۈئەرىكلەرنى تېلەئۈتلاردىن كېلىپ چىققان دەپ ھىساپلىغان) دىيالېكتى؛ 3) چۇلىم (چۇلىم تاتارلىرى نەسەب جەھەتتىن تۈركلىشىپ كەتكەن ئۇستياك ياكى كېتلارغا تەئەللۇق) دىيالېكتى.

چۇلىم ياكى مېلېتس تاتارلىرىنىڭ تىلى ئۇيغۇر-ئوغۇز گۇرۇپپىسىنىڭ خاكاس تارماق گۇرۇپپىسىغا كىرىدۇ ھەمدە مەزكۇر تارماق گۇرۇپپىدىكى باشقا تىللار بىلەن ئورتاق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بۇ تىل، ئەڭ ئالدى بىلەن، شور تىلىغا ۋە بولۇپمۇ خاكاس تىلىنىڭ قىزىل دىيالېكتىغا يېقىن.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، چۇلىم تاتارلىرىنىڭ تىلى باشقا تىللاردىن پەرقلىنىدىغان ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگىمۇ ئىگە. بۇ ئالاھىدىلىكلەر تۆۋەندىكىچە:

1. فونېتىكىلىق تۈزۈلمىسىدە: a) تىل بىلەن چىش ئارىلىغىدىن چىقىدىغان جاراڭسىز *c* ۋە جاراڭلىق *ż*(ذ) تاۋۇشلىرى بار، مەسىلەن: *cIķ* «چىق»، *aoqac* «ياغاچ»»، kūe «كۈچ»، /*pużaķ* «پىچاق» *pIzaķ* (چۇلىم تىلى شۇ ئالامىتى بىلەن بارابىن تىلىغا يېقىنلىشىدۇ)؛ *b*) مۇنداق دىفتونگلار بار: *ua*، *uo*، *üө*، *iə*. مەسىلەن: سوئاق «سوغاق»، كۈئۆك «كاككۇك»، سىئەك «كۆكيۈن».

2. گىراماتىكىلىق قۇرۇلۇشىدا: *a*) -غوق/ -گۆك بىلەن ياسىلىدىغان كەلگۈسى زامان پېئىل شەكلى، مەسىلەن: مەن پادغوئوم «مەن بارىمەن» (<پادغوغوم)؛ *b*) -لۇق/ -لۈك، /رۇق/ -رۈك، -شۇق/ -شۈك، -نۇق/نۈك، -يۇق/ -يۈك، / -سۇق/ -سۈك، -

تسۇق/ ـ تسۇك بىلەن ياسىلىدىغان كەلگۈسى زامان پېئىـل شەكلى،
مەسىلەن: ئۇل پائاررۇق «ئۇ بارىدۇ»، ئۇل كەئەللۈك «ئۇ كېلىدۇ»،
تائانـدۇق «تونۇۋالـىدۇ»، قائاپـپۇق «چىـشلىۋالـىدۇ»، ئۆئۆسـسۆك
«ئۆسىدۇ».

3. لۇغەت تەركىۋىـدە: چارۋىچىـلىق، دىخانچىـلىق ۋە ئولتۇراق
تۇرمۇشقا دائىر لېكسىكىسى باي ئەمەس.

چۇلىم تىلىنىڭ تەركىۋىـدە ئىككى دىيالېـكت (تۆۋەنـكى چۇلىم
ۋە يۇقۇرى چۇلـىم) ۋە بىرنەچـچە گوۋور بولۇپ، بۇلار بىر بىرد-
دىن ئاساسەن فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكلـىرى بىلەن پەرقلىنىدۇ.

تۆۋەنكى چۇلىم دىيالېكتى چۇلىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ۋە ئوتتۇرا
قىسمى ئەتراپىدىكى ئاسىنوۋ ۋە زىريان رايونلىرىغا تارقالغان بولۇپ،
خاراكتىرى جەھەتـتىن بارابـىن شۋىسـكە يېقىنـلىشـىدۇ. يۇقۇرى
چۇلىم دىيالېكتى چۇلـىم دەرياسـىنىڭ يۇقۇرىقى قىسـمىغا تارقالغان
بولۇپ، خاكاس تىلىنىڭ قىزىل دىيالېكتىغا ئەڭ يېقىن. بۇ دىيالېكت-
لارنىڭ فونېتىكىلىق تۈزۈلمىسىدە تۆۋەندىكىدەك ئاساسـلىق پەرقلەر
بار: *a*) تۆۋەنكى چۇلىم دىيالېكتىدىكى سۆز بېشىدا كېلىدىغان *y* غا
ئوتتۇرا چۇلىم دىيالېكتىدىكى *q* توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن: ياي~چاي
«ياز»، ياخشى~چاقشى «ياخشى»؛ *b*) تۆۋەنكى چۇلىمـدا سۆز ئاخى-
رىدا كېلىدىغان *c* غا ئوتتۇرا چۇلىمدىكى *q* توغـرا كېلىـدۇ. مەسى-
لەن: *iq~ic* «ئىـچـمەك»؛ *ⱪaq~ⱪac* «قاچـماق»؛ *c*) تـۆۋەنـكى
چۇلىمدا سۆز ئوتتۇرىسى ۋە سۆز ئاخىرىدا كېلىدىـغان *y* غا ئوتتۇرا
چۇلىمدىكى *s/z* توغرا كېلىدۇ. مەسـىلەن: قۇيرۇق~قۇزرۇق «قۇي-
رۇق»، قايىڭ ـ قازىڭ «قېيىن»؛ d) تۆۋەنكى چۇلـىمدا سۆز بېشىدا
كېلىدىغان *c* غا ئوتتۇرا چۇلىمدىكى *x* تاۋۇشى توغرا كېلىدۇ. مەسى-

لەن: *xaŋ~caŋ* «قوڭغىراق»، *xïķ~cïķ* «چىق».

بۇ دىيالېكتلارنىڭ گىرامماتىكىلىق قۇرۇلۇشى ۋە لۇغەت تەركىۋىدىكى پەرقلىرى ئانچە كۆپ ئەمەس.

چۇلىم تىلىنىڭ ھەر بىر دىيالېكتى بىر نەچچە گوۋورنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ گەۋدىلىك بولغانلىرى: تۆۋەنكى چۇلىم دىيالېكتىدا پىرېۋوز كەنتىنىڭ گوۋورى، ئوتتۇرا چۇلىم دىيالېكتىدا تۇتال، يېڭى يېزا، تىزىراچېۋ، پۇشتاكوۋ كەنتلىرىنىڭ گوۋورلىرى ۋە باشقىلار.

چۇلىم تاتارلىرى تىلىنىڭ ئۆز يېزىقى يوق. ئاھالىلار ئاساسىي جەھەتتىن رۇس ئەدەبىي تىلىدىن پايدىلىنىدۇ. خاكاس، كاماسىن، شور ۋە چۇلىم تاتار تىللىرىدىن باشقا يەنە ئالتاي تىلىنىڭ شىمالىي دىيالېكتلىرى، يەنى تۇبا، شالقاندۇ ۋە قۇماندى دىيالېكتلىرى (ئالتاي تىلىنىڭ تونۇشتۇرۇلۇشىغا قارالسۇن) ۋە سېرىق ئۇيغۇر تىلىمۇ («يېڭى ئۇيغۇر تىلى» بۆلۈمىگە قارالسۇن) خاكاس تىللىرى تارماق گۇرۇپپىسىغا كىرىدۇ.

## II قىرغىز-قىپچاق تىللىرى گۇرۇپپىسى

تۈركىي تىللارنىڭ قىرغىز-قىپچاق گۇرۇپپىسى ئالاھىدە بىر مۇستەقىل گۇرۇپپىدىن ئىبارەت بولۇپ، قەدىمقى قىرغىز تىلىنى ۋە ھازىرقى تىللاردىن قىرغىز ۋە ئالتاي تىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ گۇرۇپپىدىكى تىللار قەدىمقى قىرغىز قەبىلىلىرىنىڭ دىيالېكتلىرى ئاساسىدا

شەكىللەنگەن بولۇپ، بۇ قەبىلىلەرنىڭ تىلى بىزنىڭ دەۋرىمىزگە
يېنىسەي يېزىقلىرى ئارقىلىق يېتىپ كەلگەن. لېكىن، قىرغىز ۋە
ئالتاي تىللىرىنىڭ ھازىرقى تەركىۋىدىن قارىغاندا، بۇ تىللارنىڭ
شەكلى خېلى زور دەرىجىدە ئۆزگەرگەنلىكىنى ھەمدە كېيىنكى دەۋر-
لەردە قىپچاق قەبىلىلىرىنىڭ تىللىرى بىلەن ئارىلىشىش نەتىجىسىدە
ۋە مۇڭغۇل قەبىلىلىرىنىڭ تىللىرى بىلەن يېقىن ئالاقىدا بولۇش ھەم
ئۆز ئارا تەسىر كۆرسىتىش نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن تىل قۇرۇل-
مىسىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ ھال بولۇپمۇ
ئالتاي تىلىدا روشەن ئىپادىلىنىدۇ. ئالتاي تىلىدا سۆزلەشكۈچىلەر
(ئالتايلىقلار) ئۇزۇن ۋاقىتلارغىچە ئويرات مۇڭغۇل قەبىلىلىرى ئىتتى-
پاقىنىڭ ۋە جۇڭغار (مۇڭغۇل) دۆلىتىنىڭ تەركىۋىدە بولغان.

بۇ گۇرۇپپىدىكى تىللارنىڭ خاراكتېرلىق ئالاھىدىلىكلىرى تۆۋەن-
دىكىلەردىن ئىبارەت: *a*) تولۇق تەلەپپۇز قىلىنىدىغان سوزۇق
تاۋۇشلار: ئادەتتىكىلىرى سەككىز، ئىككىلەمچى سوزۇلما سوزۇقلار
ئالتە-سەككىز؛ *b*) سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ لەۋلىشىش ئاھاڭداشلىقى
ئەڭ تولۇق ئىپادىلەنگەن؛ *c*) دىيالېكتلار ئارا جاراڭلىق ۋە جاراڭ-
سىز ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ پەرقى چوڭ ئەمەس؛ *d*) *q* ۋە *x* دىن ئىبا-
رەت ۋىشىلدىغۇچى ئۈزۈك تاۋۇشلار بار. بۇ جەھەتتە قىپچاق-نوغاي
گۇرۇپپىسىدىكى تىللاردىن پەرقلىنىدۇ. قىپچاق-نوغاي گۇرۇپپىسى-
دىكى تىللاردا *q* ۋە *x* نىڭ ئورنىغا *x* ۋە *s* كېلىدۇ، يەنى: قاچ ۋە
باش (قاش ۋە باس ئەمەس)؛ *e*) سۆز بېشىدا كۆپىنچە جاراڭسىز
ئۈزۈك تاۋۇشلار كېلىدۇ. بۇ ھال بولۇپمۇ ئالتاي تىلىدا ئېنىق كۆرۈ-
لىدۇ؛ *f*) سوزۇق تاۋۇشلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۈزۈك تاۋۇشلار جاراڭ-
سىزلىشىدۇ (بولۇپمۇ ئالتاي تىلىدا). بۇ ئالامەت قىرغىز تىلىغا خاس

ئەمەس. شۇنداقتىمۇ، بىرمۇنچە دىيالېكتلاردا بۇ ھادىسە ئىزچىل ئىپادىلىنىدۇ؛ *g*) قەدىمقى تۈركىي تىللاردىكىگە ئوخشاش گىراماتىكىلىق شەكىللەر خېلى كۆپ؛ *h*) تولۇق شەخس قوشۇمچىلىرى ئاجىزلىشىپ قىسقارغان قوشۇمچىلارغا ئايلىنىدۇ ھەمدە ئۇلارنىڭ 1-ۋە 2-شەخسلىك شەكىللىرى بىر-بىرىگە ئوخشايدۇ، لېكىن مەنە جەھەتتىن ئىگىلىك قوشۇمچىلىرىغا ئوخشىمايدۇ ۋاھاكازا.

قىرغىز ۋە ئالتاي تىللىرىنى باشقا قىپچاق تىللىرىدىن ئايرىپ تۇرىدىغان خاس ئالاھىدىلىكلەر (مەسىلەن: سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئىككىلەمچى سوزۇلمىلىغى، سۆز ئاخىرى ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ جاراڭسىزلىشىشى، سوزۇق تاۋۇشلار ئوتتۇرىدىكى ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ جاراڭلىق بولۇشى قاتارلىقلار) بۇ ئىككى تىلنى باشقا ئالتاي تىللىرىغا (جۇغراپىيە مەنىسىدىكى ئالتاي تىللىرىغا)، يەنى خاكاس، شور، تۇۋا، ياقۇت تىللىرىغا يېقىنلاشتۇرىدۇ. بۇ تىللار (خاكاس، شور، تۇۋا، ياقۇت تىللىرى) ئالتاي تىلى ۋە قىسمەن قىرغىز تىلى بىلەن بىرلىكتە ئۇزاق بىر دەۋر ئىچىدە مۇڭغۇل تىللىرى بىلەن ۋە قىسمەن مانجۇ-تۇنگۇس، قەدىمقى ئاسىيا تىللىرى بىلەن خوشنا بولۇپ راۋاجلانغان. شۇنداق قىلىپ، يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن تۈركىي تىللار باشقا تۈركىي تىللاردىن پەرقلىنىدىغان ئورتاق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغان.

قىرغىز ۋە ئالتاي تىللىرىنىڭ بىر بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئالامەتلىرى تۆۋەندىكىچە: *a*) قىرغىز تىلىدا ئالتە ۋە ئالتاي تىلىدا سەككىز سوزۇلما (ئىككىلەمچى) سوزۇق تاۋۇش فونېمىسى بار (ئالتە فونېما+سوزۇلما *ii*، ÏÏ)؛ *b*) قىرغىز تىلىدا *j* فونېمىسى بولۇپ، ئالتاي تىلىدا ئۇنىڭ ئورنىغا *t~d* ئالمىشىدۇ؛ *c*) قىرغىز تىلىدا

جاراڭلىق ۋە جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش فونېمىلىرى زور دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ، ئالتاي تىلىدا بۇلارنىڭ پەرقى يوق؛ *d*) قىرغىز تىلىدا ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى: *-nin/-nÏn* ، *-din/-dÏn* ، *-tÏn* /*tin* ۋە چىقىش كېلىش قوشۇمچىسى: -دان/-دەن، -تان/-تەن-نان/-نەن؛ ئالتاي تىلىدا ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى: *-niŋ/-nÏŋ* ، *diŋ/-dÏŋ* ، *tiŋ/-tÏŋ* ۋە چىقىش كېلىش قوشۇمچىسى: -داڭ/-دەڭ، -تاڭ/-تەڭ، -ناڭ-/-نەڭ.

قىرغىز-قىپچاق گۇرۇپپىسىدىكى تىللار شەرقىي خون تارمىقىدىكى تىللاردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ تىللارنىڭ لېكسىكا تەركىۋى موڭغۇلچە سۆزلەرنىڭ كۆپ بولۇشى ۋە ئەرەپ-پارس تىللىرىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنىڭ ئاز بولۇشى بىلەن غەربىي خون تارمىقىدىكى تىللارنىڭ سۆزلىرىدىن پەرقلىنىدۇ.

## قەدىمقى تىل

### قەدىمقى قىرغىز تىلى[161]

قەدىمقى قىرغىز تىلى يېنىسەي ئەتراپلىرىدا ياشىغان قەدىمقى قىرغىزلارنىڭ تىلىدىن ئىبارەت. قەدىمقى قىرغىزلار بىر يېرىك قەبىلىلەر ئىتتىپاقىغا باشچىلىق قىلغان. بۇ ئىتتىپاقتىكى قەبىلىلەر قەبرە تاشلىرىغا ئويۇلغان خەتلەردىن ئىبارەت بولغان ئۆز يېزىقىنىڭ يادىكارلىقلىرىنى قالدۇرۇپ كەتتى. قەدىمقى قىرغىز تىلى قەدىمقى ئوغۇز ۋە قەدىمقى ئۇيغۇر تىللىرى[162] بىلەن ئورتاق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇش بىلەن بىللە، يەنە ئۆزىنىڭ خاراكتېرلىق ئالاھىدىلىكلىرىگىمۇ ئىگە[163].

س. مالوۋ كۆرستىپ ئۆتكەندەك[164]، قىرغىزلار بىلەن يېقىن نەسەبلىك باغلىنىشتا بولغانلار ھازىرقى توفالار (قاراغاس)، تۇۋا (ئۇرەڭخاي، سويئوت)، ياقۇت، خاكاس، شۇنداقلا كىماكلار ۋە قىپچاقلارنىڭ ئەجداتلىرىدىن ئىبارەت. قىرغىز، كىماك ۋە قىپچاقلارنى ھىساپقا ئالمىغاندا، بۇ خەلقلەرنىڭ ھەممىسى بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر ئۆز تىللىرىنىڭ قەدىمقى ئالاھىدىلىكلىرىنى ساقلاپ كەلمەكتە. بۇ تىللار ئاتالمىش $t/d$ ۋە $s/z$ تىللارغا تەئەللۇق. بۇ جەھەتتە بۇ تىللار يەنىمۇ قەدىمقى بولغان $r$ تىللاردىن ۋە نىسبەتەن يېڭى بولغان $y$ تىللاردىن پەرقلىنىدۇ.

قەدىمقى قىرغىز تىلى، خۇددى باشقا قەدىمقى تىللارغا ئوخشاشلا، بىرلىككە كەلگەن ۋە بىر خىل تىل ئەمەس ئىدى. بۇ تىل بىر نەچچە دىيالېكت ۋە شېۋىلەرگە بۆلۈنگەن. بۇنى يېنىسەي يېزىقلىرى يادىكارلىقلىرىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

شۇنى ئەسكەرتىش لازىمكى، بۇ تىلنىڭ يادىكارلىقلىرى خۇددى قەدىمقى ئوغۇز ۋە قەدىمقى ئۇيغۇر تىللىرىنىڭ يادىكارلىقلىرىغا ئوخشاشلا، تېخى يېتەرلىك دەرىجىدە تەكشۈرۈلمىدى. شۇڭا، بۇ تىللارنىڭ ئوتتۇرىدىكى ئېنىق چەك-چېگرىلارنى بەلگىلەشكە ھازىرچە تېخى مۇمكىنچىلىك يوق.

## ھازىرقى تىللار

### قىرغىز تىلى[165]

قىرغىز تىلى قىرغىزلارنىڭ (بۇرۇنقى ناملىرى: بۇرۇت، ياۋايى تاش قىرغىز، قارا قىرغىز) تىلى بولۇپ، قىرغىزىستان س س ر

نىڭ دۆلەت تىلى. قىرغىزلارنىڭ نوپۇسى 974 مىڭ ئادەم. بۇ تىل ئالتاي تىلى بىلەن بىرلىكتە تۈركى تىللارنىڭ غەربىي ھون تارمىقىدىكى قىرغىز-قىپچاق گۇرۇپپىسىغا كىرىدۇ.

قىرغىز تىلىدا يېزىق ئەدەبىي تىلى بىلەن بىر قاتاردا ئىككى تۈركۈم ئېغىز دىيالېكتى بار. بۇلار شىمالىي ۋە جەنۇبىي دىيالېكت تۈركۈملىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، قىرغىز تىلى بىلەن ئۆزبەك تىلىنىڭ ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن. بۇ ئىككى تۈركۈم بىر بىرىگە قارىمۇ-قارشى بولغان مۇنداق ئالامەتلەر بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ: a) شىمالىي دىيالېكتلاردا سۆز بېشىدا *j*، جەنۇبىي دىيالېكتلاردا *j*/*y* كېلىدۇ؛ b) شىمالىي دىيالېكتلاردا سوزۇلما سوزۇق تاۋۇشلار بار، جەنۇبىي دىيالېكتلاردا بۇلارنىڭ ئورنىغا دىفتونگلار ئالمىشىدۇ؛ c) شىمالىي دىيالېكتلاردا *a* سوزۇق تاۋۇشى يوق، جەنۇبىي دىيالېكتلاردا بۇ تاۋۇش بار ۋە شۇ قاتارلىقلار.

قىرغىز تىلىنىڭ ئومۇمىي ئاساسى گەرچە مىلادىنىڭ دەسلەپكى ئەسىرلىرى يېنىسەي ئەتراپىدا ياشىغان قەدىمقى قىرغىز قەبىلىلىرىنىڭ تىلىدىن ئىبارەت بولسىمۇ، ھازىرقى زامان قىرغىز تىلى نىسبەتەن كېيىنكى بىر دەۋردە شەكىللەنگەن. قىرغىز تىلىنىڭ تىپولوگىيىسى ۋە ئاساسلىق ئالاھىدىلىكلىرىدىن قارىغاندا، بۇ تىل كېيىنكى بىر ۋاقىتلاردا قىپچاق تىللىرىنىڭ ئاسسىمىلاتسىيىسىگە ئۇچرىغان.

قىرغىز تىلىنى باشقا قىپچاق تىللىرىدىن ئايرىپ تۇرىدىغان خاس ئالاھىدىلىكلەر (مەسىلەن: سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ دىيالېكتلاردا ئۇچرايدىغان ئىككىلەمچى سوزۇلمىلىقى، سۆز ئاخىرىدا ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ جاراڭسىزلىششى ۋە سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئوتتۇرىدىكى ئۇزۇك

تاۋۇشلارنىڭ جاراڭلىقلىشىش ھادىسىلىرى قاتارلىقلار) بۇ تىلنى ئالتاي تىللىرى (جۇغراپىيە مەنىسىدىكى ئالتاي تىللىرى) تۈركۈمى بىلەن، جۈملىدىن ئالتاي تىلىنىڭ ئۆزى بىلەن يېقىنلاشتۇرىدۇ. ئالتاي تىلى بىلەن قىرغىز تىلى، شۇنداقلا خاكاس، شور، تۇۋا، ياقۇت تىللىرى ۋە بەزى باشقا تىللار موڭغۇل تىللىرى بىلەن ۋە قىسمەن تۇنگۇس-مانجۇ، قەدىمقى ئاسىيا تىللىرى بىلەن ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە خوشنىدارچىلىقتا ئۆتكەن. شۇنىڭ بىلەن، بۇ تۈركى تىللار ئۆزلىرىنى تۈرك گۇرۇپپىسىدىكى باشقا تىللاردىن ئايرىپ تۇرىدىغان ئورتاق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولدى.

قىرغىز تىلىغا ۋە ئۇنىڭغا يېقىن بولغان باشقا تىللارغا، جۈملىدىن ئالتاي تىلىغا خاس بولغان ئالاھىدىلىكلەرگە ئاساسلانغاندا، بۇ تىللارنى تۈركى تىللارنىڭ شەرقىي ھون تارمىقىغا كىرگۈزۈشكە بولىدۇ. شەرقىي ھون تارمىقىدىكى تۈركى تىللار جۇغراپىيىلىك ئورۇنلىشىشى شەرقتە بولغان تۈركى قەبىلىلەر ئىچىدە موڭغۇل، تۇنگۇس-مانجۇ، قەدىمقى ئاسىيا قەبىلىلىرى ۋە باشقا قەبىلىلەر بىلەن بىۋاستە ئالاقىدا بولۇپ تەرەققىي قىلغان. قىرغىز ۋە ئالتاي تىللىرى تۈركى تىللارنىڭ شەرقىي تارمىقى تەركىۋىدىكى ئايرىم قىرغىز-قىپچاق گۇرۇپپىسىنى تەشكىل قىلىدۇ.

تۈركى تىللارنىڭ بارلىق شەرقىي ھون تارمىقى غەربىي ھون تارماقتىكى تىللاردىن پەرقلىنىدىغان مۇنداق بىرنەچچە ئالامەتلىرى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ: ئىككىلەمچى سوزۇلما سوزۇق تاۋۇشلىرى بار، جاراڭلىق ۋە جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ پەرقلىنىشى ئانچە كۈچلۈك ئەمەس، سۆز ئاخىرىدا جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇشلار كەلمەيدۇ، جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلار ئىككى سوزۇق تاۋۇشنىڭ ئوتتۇ-

رىسىدا كەلگەندە جاراڭلىق بولۇپ قالىدۇ ۋاھاكازا. ئەمدى، تۈركى
تىللارنىڭ شەرقىي ھون تارمىقىدىكى قىرغىز-قىپچاق گۇرۇپپىسى
يەنە مۇنداق قوشۇمچە ئالامەتلەر بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ: *a*) چەتتىن
كىرمىگەن سۆزلەرنىڭ تاۋۇش تەركىۋىدە *h* ۋە *w* فونېمىلىرى
يوق؛ *b*) سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ لەۋلىشىش ئاھاڭداشلىقى ئىزچىل
بولىدۇ، بۇنىڭدىن مۇستەسنا بولىدىغىنى لەۋلەشكەن تار سوزۇق
تاۋۇشلار *u* ۋە *ü* لەرنىڭ ئىككىنچى بوغۇمدىكى لەۋلەشمىگەن كەڭ
سوزۇق تاۋۇشلار *a* ۋە *ə* لەرگە تەسىر كۆرسىتىشىدىن ئىبارەت؛
*c*) تولۇق شەخس قوشۇمچىلىرى ئاجىزلىشىپ قىسقارغان قوشۇمچىلارغا
ئايلىنىدۇ، بۇنداق قوشۇمچىلار ئىگىلىك قوشۇمچىلىرىغا شەكىل جەھەت-
تىن ئوخشايدۇ، ئەمما مەنا جەھەتتىن ئوخشىمايدۇ (بۇ قوشۇمچىلار-
نىڭ مەنا جەھەتتىكى ئوخشىماسلىقىنى يەنە شۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا
بولىدۇكى، ئاجىزلاشقان شەخس قوشۇمچىلىرى سىستېمىسىدا 3-
شەخس قوشۇمچىسى يوق، 3-شەخسنىڭ شەخسلىك شەكلىگە تۇرلەن-
گەن سۈپەتداشنىڭ نۆل قوشۇمچىلىق شەكلى توغرا كېلىدۇ، ئەمما
ئىگىلىك قوشۇمچىلار سىستېمىسىدا 3-شەخس ئىگىلىك قوشۇمچىسى-
نىڭ مەخسۇس شەكلى بار).

قىرغىز تىلى بىلەن ئالتاي تىلىنى بىر-بىرىدىن پەرقلەندۈرىدى-
غان ئالامەتلەر مۇنۇلار: *a*) قىرغىز تىلىدا ئالتە، ئالتاي تىلىدا سەك-
كىز سوزۇلما (ئىككىلەمچى) سوزۇق تاۋۇش فونېمىلىرى بار (ئالتە
فونېما+سوزۇلما *ii*، ÏÏ)؛ *b*) قىرغىز تىلىدا *j* فونېمىسى بار، ئال-
تاي تىلىدا ئۇنىڭ ئورنىغا *t~d* ئالمىشىدۇ؛ *c*) قىرغىز تىلىدا جاراڭ-
لىق ۋە جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش فونېمىلىرىنىڭ پەرقلىنىش دەرى-
جىسى چوڭ، ئالتاي تىلىدا بۇلارنىڭ پەرقى يوق؛ *d*) قىرغىز تىلىدا

ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى: *-nin*/*-nÏn* ، *-din*/*-dÏn* ، *-tin*/*-tÏn* ۋە چىقىش كېلىش قوشۇمچىسى: *-dən*/*-dan* ، *-tən*/*-tan* ، *-nən*/*-man* ، ئالتاي تىلىدا ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى: *-niŋ*/*-nÏ*- ، *-diŋ*/*-dÏŋ* ، *-tiŋ*/*-tÏŋ*-ۋە چىقىش كېلىش قوشۇمچىسى: *-dəŋ*/*-daŋ* ، *-təŋ*/*-taŋ* ، *-nəŋ*/*-naŋ*.

قىرغىز تىلىنىڭ لېكسىكىسى تۈركى تىللارنىڭ شەرقىي هون تارمىقىدىكى تىلىنىڭ لېكسىكىسى بولۇپ، ئۆزىنىڭ تەركىۋىدە موڭغۇلچە ئالامەتلەرنىڭ كۆپ بولۇشى ۋە ئەرەپ، پارس تىللىرىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنىڭ ئاز بولۇشى بىلەن غەربىي تارماقتىكى تىللاردىن پەرقلىنىدۇ. شۇنداقتىمۇ، قىرغىز تىلىدا ئەرەپ ۋە پارس تىللىرىدىن كىرگەن سۆزلەر ئالتاي تىلىدىكىگە قارىغاندا كۆپرەك.

هازىرقى ۋاقىتتا قىرغىزلارنىڭ ئېغىز تىلى ۋە بولۇپمۇ ئەدەبىي تىلى ئىلىم-پەننىڭ ھەممە ساھەلىرىدىكى ئوبدان پىششىقلانغان ئاتالغۇلار سىستېمىسىغا ئىگە. قىرغىز تىلىدىكى بۇ ئاتالغۇلار سىستېمىسى ئاساسەن سوۋېت، خەلقارا ۋە رۇس ئاتالغۇلىرى ھىساۋىغا بېيىغان.

هازىر قىرغىزلارنىڭ رۇسچە ھەرپلەر ئاساسىدىكى يېزىغى بولۇپ قىرغىز تىلىدا بەدىئى، پەننى ۋە ئىجتىمائى-سىياسى ئەسەرلەر كەڭ كۆلەمدە نەشر قىلىنىدۇ ھەمدە باشلانغۇچ، ئوتتۇرا ۋە ئالى مەكتەپلەردە دەرس ئۆتۈلىدۇ. قىرغىز تىلىدا ماركسىزم-لېنىنىزم كلاسسىكلىرىنىڭ ۋە رۇس ھەم سوۋېت يازغۇچىلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىنىڭ تەرجىمىلىرى نەشر قىلىنىدۇ.

## ئالتاي تىلى[166]

ئالتاي تىلى ئالتاي ئۆلكىسىدىكى تاغلىق ئالتاي ئاپتونوم رايونىنىڭ ئاساسلىق ئاھالىسى بولغان ئالتاي خەلقىنىڭ ھازىرقى زامان ئەدەبىي تىلىدىن ئىبارەت. ئالتايلىقلارنىڭ ھازىرقى سانى 45 مىڭ كىشى بولۇپ، ئۇلار بىرنەچچە قەبىلىنىڭ بىرىكىشى نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان. بۇ قەبىلىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئېتنىك تەركىۋى ۋە دىيالېكتلىرىغا ئاساسەن، جەنۇبىي ۋە شىمالىي ئالتايلىقلاردىن ئىبارەت ئىككى تۈركۈمگە بۆلۈنىدۇ.

ئالتاي تىلى تۈركىي تىللارنىڭ شەرقىي ھون تارمىقىغا كىرىدۇ ۋە قىرغىز تىلى بىلەن بىرلىكتە ئايرىم بىر تارماق گۇرۇپپىنى تەشكىل قىلىدۇ. شۇنى ئەسكەرتىش لازىمكى، ئالتاي تىلىنىڭ بىر قىسىم دىيالېكتلىرى، يەنى شىمالىي دىيالېكتلار تۈركۈمى ھازىرقى زامان ئەدەبىي تىلىنىڭ قائىدىلىرىدىن خېلى زور دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ. ئەدەبىي تىل ئالتاي تىلىنىڭ جەنۇبىي دىيالېكتلار تۈركۈمىگە كىرىدىغان ئالتاي دىيالېكتىغا ئاساسلانغان.

ئالتاي تىلىنىڭ شىمالىي دىيالېكتلىرى بىر قاتار ئالامەتلىرىدىن قارىغاندا، تۈركىي تىللارنىڭ شەرقىي ھون تارمىقىدىكى ئۇيغۇر-ئوغۇز دەپ ئاتالغان باشقا بىر گۇرۇپپىغا كىرىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئومۇمىي خەلق ئالتاي ئېغىز تىلى بىرلىككە كەلگەن تىل ئەمەس، بۇ تىل بىرنەچچە دىيالېكتلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئىككى دىيالېكت تۈركۈمىنى، يەنى فونېتىكىلىق، لېكسىكىلىق ۋە گىراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن خاراكتېرلىنىدىغان جەنۇبىي ۋە شىمالىي دىيالېكتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

جەنۇبىي گۇرۇپپا 3 ئاساسلىق دىيالېكتتىن تەركىب تاپقان.

1. ئالتاي دىيالېكتى. بۇ دىيالېكتتا سۆزلەشكۈچىلەر قاتۇن، سەما، قۇملۇق، چارىش، ئۇرسۇل ۋە مايما دەريالىرىنىڭ بويلىرىغا جايلاشقان ئونغۇداي، ئۇستقان، ئەلكمانار ۋە شىبالىن ئايماقلىرىدا ياشايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنى ئالتاي كىژى دەپ ئاتايدۇ. ئۇلار شۇنداقلا تارىخىي مەنبەلەردە ۋە مەخسۇس ھۆججەتلەردە «ئالتاي تاغلىقلىرى، ئاق ياكى چېگرىدىكى قالماقلار» دىگەن ناملار بىلەنمۇ ئاتالغان.

بۇ دىيالېكتنىڭ ئىچىدە ئاتالمىش مايما كىژى ياكى مايمالار ئايرىم بىر گۇرۇپپىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇلار تىل جەھەتتىن ئايرىم ۋە بىرقەدەر يىگانە بولغان مايما گوۋورىدا سۆزلىشىدۇ.

تەلەڭىت دىيالېكتى. بۇ دىيالېكتتا ئۇلاغان ۋە قىسمەن قوش ئاغاچ ئايماقلىرىنىڭ ئاھالىسى سۆزلىشىدۇ. بۇ دىيالېكت ئىككى گوۋورغا بۆلۈنىدۇ: *a*) تەلەڭىت-تۆلۆس گوۋورى، بۇ چۇلىشمان، باشقا ئۇز دەريالىرىنىڭ بويلىرىدا ۋە تۆلۆس كۆلىنىڭ جەنۇبىي ساھىلىدە ياشايدىغان تەلەڭىت ۋە تۆلۆسلارنىڭ گوۋورى؛ b) چۇي گوۋورى، بۇ چۇي دەرياسىنىڭ بويىدا ياشايدىغان ۋە ئۆزلىرىنى چۇي كىژى دەپ ئاتايدىغان ئاھالىنىڭ گوۋورى.

3. تەلەڭۇت دىيالېكتى. بۇ دىيالېكت تاغلىق ئالتاي ئاپتونوم رايونىغا قاراشلىق ئايماقلاردىن شىبالىن (مىيتۇ، چېرگا كەنتلىرى)، مايمالار ۋە ئالتاي ئۆلكىسىنىڭ چۇمىش رايونىدىكى، بولۇپمۇ نوۋو-سىبىرسك ئوبلاستىغا قاراشلىق بېلوۋ رايونىدىكى چوڭ باچات ۋە كىچىك باچات دەريالىرىنىڭ بويىدا (چولۇخوي، شاندۇ، چوڭ ئۇلۇس قاتارلىق كەنتلەر) ياشايدىغان ئاز سانلىق ئاھالىنىڭ دىيالېكتى، ئۇلار

ئۆزلىرىنى تەلەپپۇت ياكى تەلەكت دەپ ئاتايدۇ.

شىمالىي گۇرۇپپىمۇ 3 دىيالېكتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1. تۇبا دىيالېكتى. بۇ دىيالېكتتا سۆزلەشكۈچىلەر ئۆزلىرىنى تۇبا // تۇۋا // تۇما كىژى، تۇبالار، دىش // تىش // يىش كىژى دەپ ئاتايدۇ. ئۇلار قاتۇن ۋە بىيا دەريالىرىنىڭ ئارىلىقىدا، ئۇيمەن، پىژا، چوڭ ئىشا، كىچىك ئىشا، سارى كۆكشى ۋە قارا كۆكشى دەريالىرىنىڭ بويلىرىدا، مايما دەرياسىنىڭ يۇقۇرىقى قىسمىدىكى چۇي ئايمىقىدا (سالغاندى، ئىنىرغا، تۇشكەنەك قاتارلىق كەنتلەردە) ۋە تۇراچاق ئايمىقىدا (كىيىزىن، ئاتباش قاتارلىق كەنتلەردە) ياشايدۇ. تۇبا قەبىلىسىنىڭ نوپۇسى 7 مىڭ كىشى ئەتراپىدا.

2. قۇماندى دىيالېكتى. بۇ ئۆزلىرىنى قۇباندى // قۇۋاندى // قۇماندى كىژى دەپ ئاتايدىغان قەبىلىنىڭ دىيالېكتى. ئۇلارنىڭ ئومۇمى سانى 7 مىڭ كىشى ئەتراپىدا بولۇپ، ئۇلار بىيا دەرياسى بويىدا، لېبېد دەرياسىنىڭ قۇيۇلۇش جايىدىن تاغلىق ئالتاي ئاپتونوم رايونىغا قاراشلىق تۇراچاق ئايمىقىدىكى بالىقسۇغا قەدەر بولغان جايلاردىكى شۇ ناراق، سۇرباسىۋو كەنتلىرىدە ۋە لېبېد دەرياسىنىڭ قۇيۇلۇشىدىن يۇقۇرىدىكى جايلاردا، يەنى سانكىت ئاۋۇلىدا ھەم توندۇشكىدا، شۇنداقلا ئالتاي ئۆلكىسىنىڭ سولتون (كوئوبىيا، ئۇرتاي، بەشتەر كەنتلىرى) ۋە كونا باردىن (قوجا باجى، نارلىق، ئاق قۇل، چىگىنىڭ، كۇرلىك كەنتلىرى) رايونلىرىدا ياشايدۇ.

قۇماندى دىيالېكتى يەنە بىر بىرىدىن پەرقلىنىدىغان 3 گوۋورغا ئايرىلىدۇ؛ a) تۇراچاق، b) سولتون، c) كونا باردىن گوۋورلىرى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ خاراكتېرلىق بولغىنى ۋە ئۆز ئالاھىدىلىك-لىرىنى ساقلاپ قالغىنى كونا باردىن گوۋورىدىن ئىبارەت.

3. چالقان دىيالېكتى. بۇ، ئۆزلىرىنى چالقاندۇ// شالقاندۇ كىژى، قۇۇ كىژى دەپ ئاتايدىغان قەبىلىنىڭ دىيالېكتى. بۇ قەبىلىنىڭ ئومۇمى سانى تەخمىنەن 2 مىڭ كىشى بولۇپ، ئۇلار لېبېد دەرياسى بويىدىكى ۋە بۇ دەريانىڭ بايغۇل دىگەن تارمىغىنىڭ بويىدىكى قۇرماچ بايغول، سۇراناش، كىچىك چىبىچىن ۋە ئىتقۇچ كەنتلىرىدە ياشايدۇ. لېبېدىنلىقلار ئۆز نۆۋىتىدە شالقانىغ ۋە شاغشالىق دەپ ئىككى تارماق گۇرۇپپىغا ئايرىلىدۇ، لېكىن بۇلار تىل جەھەتتە پەرقلەنمەيدۇ.

ئالتاي تىلىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي گۇرۇپپىلىرىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكلىرى ۋە پەرقلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت.

1. فونىتىكىلىق تۈزۈلمىسىدە:

a) سوزۇق تاۋۇشلار جەھەتتە:

| | شىمالىي گۇرۇپپا | جەنۇبىي گۇرۇپپا | |
|---|---|---|---|
| *u~o* | ئۇل | ئول | ئۇ |
| | ئۇرا | ئورو | ئۇرا |
| | پۇل- // پول | پول- | بول- |
| | مۇرساق | بورسوق | بارسۇق |
| | ئۇيدا | ئويتو | قايتا |
| *ü~ö* | مۈرۈ | بۆرۈ | بۆرە |
| | پۈرۈك | پۆرۈك | قۇلاقچا |
| | شۈي- | چۆي- | تارت |
| *i~ə* | سىبىس | سەمىس | سېمىز |
| | پىك | بەك | بەك، چىك |
| | پىل // پەل | بەل | بەل |

| | | |
|---|---|---|
| ئىلەك | ئەلەك | ئەگلەك |

بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئالتاي تىلىنىڭ شىمالىي دىيالېكىتلىرىغا خاس بولغان فونېتىكىلىق ھادىسىلەر تاتار ۋە باشقىرت تىللىرىغا ئوخشايدۇ، ə~i نىڭ نۆۋەتلىشىش ئەھۋالىدا بولسا، ئورخۇن يېزىق-لىرىدىكى قەدىمقى ئوغۇز تىلىغا ۋە ھازىرقى زامان خاكاس تىلىغا ئوخشايدۇ.

سوزۇلما سوزۇق تاۋۇشلار جەھەتتە بۇنىڭغا قارىمۇ-قارشى ھادىسىلەر كۆرۈلىدۇ، يەنى:

| | شىمالىي گۇرۇپپا | جەنۇبىي گۇرۇپپا | |
|---|---|---|---|
| oo~uu | ئوئول | ئۇئۇل | ئوغۇل |
| | قوئوق | قۇئۇق | دوۋسۇن |
| aa~uu // oo | ئائار | ئۇئۇر | بىغىر |
| | ئائاس | ئوئوس | ئىغىز |

بۇنداق نۆۋەتلىشىشلەر شىمالىي دىيالېكىتلار گۇرۇپپىسىدىكى قۇماندى ۋە چالقان دىيالېكىتلىرىدا بىرقەدەر تولۇق، تۇبا دىيالېك-تىدا ئازراق ساقلانغان.

شىمالىي دىيالېكىتلار گۇرۇپپىسىنىڭ خاس ئالاھىدىلىگى شۇنىڭ-دىن ئىبارەتكى، *a* ۋە *ə* كەڭ سوزۇق تاۋۇشلىرىغا نىسبەتەن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئىنچىل تۈردىكى لەۋلىشىش ئاھاڭداشلىغى مەۋجۇت ئەمەس. مەسىلەن، شىمالىي دىيالېكىتتا: كۆرگىن، جەنۇبىي دىيا-لېكىتتا، كۆرگۆن «كۆرگەن»، شىمالىي دىيالېكىتتا: بولغان، جەنۇبىي دىيالېكىتتا: بولغون «بولغان».

*b*) ئۈزۈك تاۋۇشلار جەھەتتە:

شىمالىي دىيالېكىتلاردا سۆز ئاخىرىدا جاراڭلىق ئارقا يۇمشاق

